

جۇڭگو - چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش

# ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر

جەلالىددىن رۇمىي [پارس]

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

جۇڭگو - چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش

ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: ئەرشىدىن رىشىت راشىد

جۇڭگو - چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش

ISBN 978-7-5372-4256-1
定价: 36.00元



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جۇڭگو - چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش



◎ جەلالىددىن رۇمىي [پارس]

# ئىچىدىكى ئىچىدىدۇر

تەرجىمە قىلغۇچى: **ھۆرمەتجان فىكرەت**

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

鲁米谚语录：维吾尔文 / (波斯)鲁米编；吾尔买提江·彼克拉提译. —乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2007.5 (2015.1重印)

ISBN 978-7-5372-4256-1

Ⅰ.①鲁… Ⅱ.①鲁… ②吾… Ⅲ.①人生哲学–通俗读物–维吾尔语–(中国少数民族语言) Ⅳ.①B821-49

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第233360号

书　　名：鲁米谚语录
策　　划：艾尔肯·伊布拉音·湃达
译　　者：吾尔买提江·彼克拉提
责任编辑：哈斯亚提·依不拉音
责任校对：乔尔帕·吐尔逊
封面设计：艾克拜尔·沙力
出　　版：新疆人民出版总社
　　　　　新疆人民卫生出版社
地　　址：乌鲁木齐市龙泉街196号
网　　址：http://www.xjpsp.com
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：新疆新华书店
版　　次：2007年5月第1版
印　　次：2015年1月第3次印刷
开　　本：880×1230毫米　1/32开本
印　　张：10.375
书　　号：ISBN　978－7－5372－4256－1
印　　数：11001—16000
定　　价：36.00元

发行科联系电话：(0991)2823055　邮编：830001







## مۇندەرىجە


تەرجىماندىن ........................................................ 1

تەپەككۇر خەزىنىسى ............................................. 1

مەۋلانا جەلالىددىن رۇمىينىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى ........... 1

بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم ...................................... 1




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





## تەرجىماندىن

شەرقنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى مەۋلانا جەلالىددىن رۇمىينىڭ نامى خەلقىمىزگە ياخشى تونۇش. ئەسىرلەردىن بېرى خەلقىمىز ئۇنىڭ «مەسنەۋى مەئنەۋى» ئەسىرىنى بىۋاستە پارسچە ئوقۇپ ۋە ئوقۇتۇپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن. پەقەت كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە شائىرنىڭ نامى بىر ئاز ئۇنتۇلغاندەك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ياش ئوقۇرمەنلىرىمىزمۇ رۇمىينى يەنە قايتىدىن تېپىۋالدى. بولۇپمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى رادى فىشنىڭ «جەلالىددىن رۇمىي» ناملىق بىيوگرافىك رومانىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىشى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ مەۋلانا جەلالىددىن رۇمىي سىيماسى بىلەن قايتا تونۇشۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇرمەنلىرىمىزدە تەپەككۇرىمىزنىڭ ئەسلىي زېمىنى بولغان ھېكمەتكە باي شەرق تەپەككۇر خەزىنىسىنى بىلىش، ئىگىلەشكە بولغان تەشنالىق كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتىدۇ. ئەمما ئەپسۇسلىنارلىقى، بىز كىتاب دۇكانلىرى ۋە كۇتۇپخانىلاردىن غەربنىڭ ھەرقانداق بىر دەۋردىكى پەيلاسوپ ـ ئالىملىرى، يازغۇچى ـ شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىزدەپ تاپالايمىز ۋە ئۇلاردىن بەھرىلىنەلەيمىز. ئەمما ئۆزىمىز نامىنى بىلگەن ياكى ئاڭلىغان شەرقنىڭ بۈيۈك پەيلاسوپلىرى، دانىشمەن ـ



مۇتەپەككۇرلىرى (م: فارابى، ئىبن ئەرەبى، غەززالى ۋە باشقىلار)نىڭ مۇبارەك ئىسىملىرىنى بىلگەندىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىۋاسىتە تونۇشۇپ، تەپەككۇر بۇلىقىدىن سۇ ئىچىشكە ئۈنچە مۇۋەپپەق بولۇپ كېتەلمەيۋاتىمىز. ئەلۋەتتە بۇنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى، بولۇپمۇ ئۇلار ئەسەر يازغان تىللارنى بىلىدىغان ۋە تەرجىمە قىلىپ بىزگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مەنبەشۇناس ۋە تەرجىمان ئالىملارنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، بۇ خىزمەتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى قاتارلىق كۆپلىگەن تارىخىي ـ ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى بار.

شۇنداقتىمۇ مەيلى ئېتىقاد ياكى مەدەنىيەت جەھەتتە بولمىسۇن بىز ئۆزىمىز مەنسۇپ بولغان شەرق مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپىسى ھەققىدە بىر قەدەر كەڭرەك چۈشەنچە ھاسىل قىلىش، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ تەپەككۇر جەۋھەرلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش، شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىكى بۈيۈك سىمالارنىڭ دۇنيا قارىشى، پەلسەپىۋى ـ ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي قاراشلىرى، ئىدىيەۋى ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانلىرىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا بىزگە كۆپلىگەن قولايلىقلارنى يارىتىپلا قالماستىن، يەنە تەپەككۇر تارىخىمىزنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىشىمىزدىمۇ ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مانا شۇنى نەزەردە تۇتۇپ شەرق تەپەككۇرىنىڭ گىگانت سىماسى بۈيۈك مەۋلانا جەلالىددىن رۇمىينىڭ «ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر» («فىھى مافىھى») ئەسىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇق.

مەۋلانا جەلالىددىن رۇمىي (1206 ــ 1273) كېيىنكى ئەۋلادلارغا غەزەللىرى ۋە رۇبائىيلىرىدىن تۈزۈلگەن «دىۋانى شەمس





تەبرىزىي» («دىۋانى كەبىرى شەمس تەبرىزىي»مۇ دېيىلىدۇ)، يەنى «دىۋانى كەبىر»، ئالتە جىلدتىن ئىبارەت بولغان «مەسنەۋى مەئنەۋى»، تۈرلۈك جايلاردا سورالغان سوئاللارغا بەرگەن جاۋابلىرى ۋە بەس ـ مۇنازىرىلىرىدىن تەشكىل تاپقان «فىهى مافىهى» (ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر) ۋە «مەجالىسى سەبئە» (يەتتە مەجلىس)، «مەكتۇبات» قاتارلىق ناھايىتىمۇ قىممەتلىك ۋە بىباھا مىراسلارنى قالدۇرغان بولۇپ، بۇلار ئىچىدە مەۋلانانى جاھانغا تونۇتقان ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى «مەسنەۋى مەئنەۋى»دۇر.

«مەسنەۋى»گە تۈرلۈك دەۋرلەردە ھەر خىل شەرھلەر يېزىلغان بولۇپ، «باتىنىي ئىلىملەر قامۇسى»، «تەسەۋۋۇپ قامۇسى» دەپ ئاتالغان، ھەتتا ئابدۇرەھمان جامىي تەرىپىدىن «پارسچە قۇرئان» دەپ تەرىپلەنگەن. بۇ ئەسەرنىڭ ھەجمى بىرقەدەر چوڭ بولغاچقا، ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلەش خېلى زور كۈچ ۋە ۋاقىت تەلەپ قىلىشى تۇرغان گەپ. شۇڭا بىز ئالدى بىلەن «مەسنەۋى مەئنەۋى» ئەسىرىنىڭ ئاساسىي روھىنى ئۆزىگە قامدىغان نەسرىي تەرزدىكى سۆھبەتلىرىنىڭ مۇجەسسەمى بولغان «فىهى مافىهى»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشنى لايىق تاپتۇق.

«ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر» دېگەن بۇ ئەسەر جەلالىددىن رۇمىينىڭ تۈرلۈك مەجلىسلەردە ئېيتقان سۆزلىرىدىن تەركىب تاپقان. ئۇلارنى ئوغلى سۇلتان ۋەلەد ياكى مۇرىتلىرىدىن بىرى يېزىپ جەملىگەن ۋە كىتاب قىلىپ تۈزگەن.

«ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر» ناملىق بۇ ئەسەر ئاتمىش بىر پەسىلدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار مۇئەييەن بىر مەسىلە ياكى بىرەر مۇرىتنىڭ سوئالىغا مەۋلانانىڭ بەرگەن جاۋابى بىلەن باشلىنىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ سوئاللارنىڭ ھەربىرى باشقا ـ باشقا ماۋزۇلارغا بېغىشلانغان ۋە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىلدۇر. ئۇ مەۋلانا



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

رۇمىينىڭ تەسەۋۋۇپى چۈشەنچىلىرىنى، دۇنيا قارىشىنى، دەۋرىنىڭ بىر قانچە دىنىي پەلسەپىۋى ۋە ئەخلاقىي ماۋزۇلىرى، دۇنيا ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مۇھىم ۋەقەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇ ئەسەر ئىنسانىي پىكىر قىلىشقا، پىكىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزلۈكىنى، ئۆزلۈكى ئارقىلىق ھەقىقەتنى چۈشىنىشكە ئۈندەيدۇ. ئەسەرنى بىرلا ئوقۇپ چۈشىنىۋېلىش ۋە «ھەزىم قىلىش» قا ئالدىراپ كەتمەڭ. ئېھتىمال، ئۇنىڭ مۇتلەق ھەزىم بولمايدىغان تەرەپلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق ئىكەن ئالدىراپ ھۆكۈم چىقىرىشقا ئۇرۇنماڭ. بەلكى بۇ زىددىيەت ئەسلىدە زىددىيەت ئەمەس، بىلمىسىزلىكىمىز ۋە باشقا كۆپلىگەن سەۋەبلەر تۈپەيلى مۇۋاپىقلىقىنى نامۇۋاپىق دەپ قوبۇل قىلغانلىقىمىزدا بولۇشىمۇ مۇمكىن.

شۇنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلىمەكچىمىزكى، بۇ ئەسەر يېزىلغان ۋاقىت بىلەن بىزنىڭ زامانىمىز ئوتتۇرىسىدا سەككىز يۈز يىل ۋاقىت پەرقى بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەردىكى بەزى پىكىر ـ مۇلاھىزىلەر ئارىسىدا ئېيتىلغان سۆز ـ ئىبارىلەر شۇ تارىخىي شارائىتتىكى كونكرېت تارىخي ۋەقەلەر (م: موڭغۇل ئىستىلاسى ۋە باشقىلار) گە نىسبەتەن ئېيتىلغانلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. شۇڭا ئەسەرنى ئوقۇغاندا ئۇنىڭغا تارىخىي نۇقتىدىن قاراپ، تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئاخىرىدا كىتابنى تۈركچىدىن ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلغان ئالىم ئولۇغبېك ئابدۇۋاھىنىڭ مېھنىتىگە ئالاھىدە تەشەككۈر ئېيتىش بىلەن بىرگە بىز ئۇنىڭ ئۆزبېكچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغانلىقىمىزنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشىمىز زۆرۈر. ئەسەردىكى بەزى سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاش ئېھتىياجى بىلەن يېنىغا تىرناق ئىچىدە بېرىلگەن چۈشەندۈرۈش ـ

يەشمىلەر ئاساسەن ئۆزبېكچە تەرجىمىسگە تېگىشلىك. ئۆزبېكچە تەرجىمىسگە فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى، پىروفېسسور نەجمىددىن كامىلوف تەرىپىدىن يېزىلغان كىرىش سۆز ئورنىدىكى ماقالىنى ئۇيغۇرچە نەشرىگىمۇ ئىلاۋە قىلدۇق. ئۈمىدىمىزكى، بۇ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ رۇمىينى تېخىمۇ كەڭرەك چۈشىنىشىگە ياردەم بەرگۈسى.

كىتابنىڭ قايتا نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇستىدىن قايتا كۆرۈپ چىقىپ، بىر قىسىم ئىملا ۋە مەتبە خاتالىرى تۈزىتىلدى. ئوقۇرمەنلەرگە مەۋلانا جەلالىددىن رۇمىينىڭ هاياتى ۋە ئەسەرلىرى هەققىدە كەڭرەك چۈشەنچە بېرىش ئۈچۈن مەرھۇم ئۇستازىم پىروفېسسور نەجمىددىن كامىلوفنىڭ قىسقىچە كىرىش ماقالىسىدىن كېيىن رۇمىينىڭ هاياتى ۋە ئەسەرلىرى هەققىدىكى ماقالە ئىلاۋە قىلىندى.

2012 ـ يىل ئۆكتەبىر ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## تەپەككۇر خەزىنىسى

نەجمىددىن كامىلوف

جەلالىددىن رۇمىي ياكى مەۋلانا رۇمىي (1207 ـــ 1273) نامى بىلەن مەشھۇر بولغان بۇ زات دۇنيادىكى ئۇلۇغ دانىشمەنلەرنىڭ بىرى. تەڭداشسىز شائىر ۋە مۇتەپەككۇر، ئەۋلىيادەك ئىنساندۇر. ئۇنى بەزىلەر كانت، سپىنوزا، گېگېل قاتارلىق پەيلاسوپلارغا تەڭلەشتۇرىدۇ. ئەمما مەۋلانا رۇمىي ھېچكىمگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ مۇكەممەل شەرق تەپەككۇرىنىڭ مۆجىزىلىك بىر ھەيكىلىدۇركى، ئۇنىڭدا تەسەۋۋۇپ تەرەققىياتىمۇ، ئىلمۇ ھېكمەت ۋە پەلسەپەمۇ، شېئىرىيەت ۋە مەنىۋىيەتمۇ بىرلىشىپ ئالىي رەۋىشتە نامايان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالتە دەپتەردىن ئىبارەت «مەسنەۋى مەئنەۋى» ناملىق ئەسىرى «پارس تىلىدىكى قۇرئان» دەپ تەرىپلىنىدۇ. جەلالىددىن رۇمىي ئۆزىدىن كېيىنكى شەرق شېئىرىيىتى، پىكرى ۋە مەنىۋى تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىجادكاردۇر. ئەلىشىر نەۋايى ئۇنى ئىلاھىي ئىشق كۈيچىسى، بۈيۈكلۈكىنىڭ كۆز يەتمەس چوققىسى دەپ شەرەپلىگەن.

جەلالىددىن رۇمىي ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ بەلخ شەھىرىدە، «سۇلتانۇل ئۇلەما» (ئۆلىمالارنىڭ سۇلتانى) لەقىمىنى ئالغان

ئۇلۇغ شەيخ مۇھەممەد بەھاۋىددىن ۋەلەد ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بەھاۋىددىن ۋەلەد مۇھەممەد خارەزمشاھ بىلەن كېلىشەلمەي، ئائىلىسى، مۇرىتلىرىنى ئېلىپ بەلختىن چىقىپ كەتكەن ۋە مەككە سەپىرىدىن كېيىن ئىراق ۋە ئەجەم شەھەرلىرىنى كېزىپ، ئاخىر تۈركىيەنىڭ كونيا شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقان. ئۇ سالجۇق سۇلتانلىرىنىڭ ئىززەت ـ ئىكرامىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. شۇ مەزگىلدە لەنتى مۇغۇل ئىمپېرىيەسى ماۋەرا ئۇننەھر ۋە خۇراساننى ئىشغال قىلىدۇ. بەلخنىڭ تۆت يۈز ئۆلىماسى قەتل قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جەلالىددىن ئۆز يۇرتىغا قايتماي ئۆزىنى ئاناتولىيەلىك دەپ ھېساپلاپ رۇمىي دېگەن تەخەللۇسنى قوبۇل قىلىدۇ. مەۋلانا جەلالىددىن رۇمىينىڭ ئىلمىي ۋە ئەدەبىي مىراسلىرى غايەت چوڭ. غەزەل، مەسنەۋى ۋە رۇبائىيلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «دىۋانى كەبىر» («ئۇلۇغ دىۋان»، ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق شېئىر بار)، پەلسەپىۋى ـ سوفىيانە مۇلاھىزىلەر ئارقىلىق روھىيەت دىيالېكتىكىسىنى كەشىپ قىلىپ، ئىنسان ئەقلى ھەيران قالغۇدەك چوڭقۇرلۇقتا يازغان «مەسنەۋى مەئنەۋى» ئەسىرىمۇ بىرنەچچە مىڭ بېيىتتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا «مەكتۇبات»، «فىھى مافىھى» («ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر») ناملىق ئەسىرىمۇ ناھايىتى مەشھۇر.

رۇمىي ئەسەرلىرى دۇنيادا كۆپ خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. «مەسنەۋى مەئنەۋى» ۋە «فىھى مافىھى»نىڭ ئوسمانلى تۈركچە تەرجىمىلىرى مەۋجۇت. ئىقتىدارلىق ياش ئالىم ئۇلۇغبېك ئابدۇل ۋاھاپنىڭ تەشەببۇسى ۋە غەيرىتى بىلەن «فىھى مافىھى» تۈركچىدىن ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلىندى. بۇ شەرق تەپەككۇرىغا تەشنا ئۆزبېك كىتابخانلىرى ئۈچۈن چوڭ تۆھپىدۇر.

«فىھى مافىھى» جەلالىددىن رۇمىينىڭ ئىلاھىيەت، تەسەۋۋۇپ،

هايات ھەققىدىكى يازمىلىرى، دوستلىرى ۋە سۆھبەتداشلىرى بىلەن بولغان سۆھبەتتىكى پىكىرلىرى، بەس ـ مۇنازىرىلەردە پەيدا بولغان مۇلاھىزە ۋە مۇنازىرىلەردىن تەركىب تاپقان بىر ئەسەردۇر. بۇ كىتابنى «مۇئىنىددىن پەرۋانە» دەپمۇ ئاتايدۇ. سەۋەبى ئۇنىڭدا ئەمىر پەرۋانە نامى كۆپ مەرتە تىلغا ئېلىنغان.

چۈنكى مۇئىنىددىن پەرۋانە مەۋلانا جەلالىددىن رۇمىينىڭ مۇخلىسلىرىدىن بولۇپ، مەۋلانا بىلەن قىلغان سۆھبەتلەرنى يېزىپ جەملىگەن. بۇنىڭدىن باشقا كىتابقا رۇمىينىڭ دوستلىرى ۋە شاگىرتلىرى ھېسامىددىن چەلەبىي، ساھىب فەخرىددىن، ئەمىر بەدرىددىن گۆھەرتاش، ئاتابېك سۇلتان ئالائىددىن، تاجىددىن موئتەز خۇراسانىي، ئوغلى سۇلتان ۋەلەد بىلەن بولغان سۆھبەتلىرى، ئېيتقان گەپلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن.

«فىھى مافىھى» ساددا پارس تىلىدا يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، مۇئەللىپ «مەسنەۋى مەئنەۋى» دىگەن ئەسىرىدە ھەدىس ۋە ئايەتلەر، ھېكايەت ۋە تەمسىللەرگە تولغان ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر پەلسەپەۋى مۇھاكىمىلەر ئاساسىغا قۇرۇلغان پىكىرلىرىنى پارس تىلىدا ئېنىق ۋە ساددا قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. ئەسەرنى ئوقۇسىڭىز ئۇلۇغ ۋە كەم تېپىلىدىغان بىر تەپەككۇر خەزىنىسىگە يولۇققاندەك بولىسىز. تومۇزدا چۆلدە چاڭقىغان ئادەم شارقىراپ ئاققان بۇلاق سۈيىنى كۆرگەندە قانداق خۇرسەن بولسا، سۇزۇك بۇلاق سۈيىدىن ئىچىپ ھۇزۇرلانغاندەك، مەنىۋىيەتكە تەشنا ئادەممۇ رۇمىينىڭ ئەسىرىنى ئوقۇپ، شۇنداق چەكسىز ھۇزۇرلىنىدۇ. بۇنىڭدا ناھايىتى كۆپ مەسىلىلەر ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن: تەجرىد ۋە تەۋھىد، شەكىل ۋە مەنە، تەۋەككۇل ۋە ئىنتىھاد، غايىب سىرلار ۋە لەدۇنىي ئىلىملەر ماھىيىتى ۋە يەنە قانچىلىغان سىرلار يورۇتۇلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

ئەڭ مۇھىمى شۇكى، رۇمىي مۇرەككەپ سوفىيانە مۇلاھىزىلەرنى ئاددىي تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە ئىنسان ئەقلىنىڭ، روھىيىتىنىڭ مۆجىزىلىرىنى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە نامايان قىلغان. رۇمىي مىڭ يىللار داۋامىدا توپلىنىپ كەلگەن شەرق پەلسەپىسى ۋە ھېكمىتى، ئىسلامىي ھەقىقەتكە تەسەۋۋۇپ ۋە پەلسەپىنى قوشۇپ، ئىنسان روھىي دىيالېكتىكىسىنى ئاچقان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇردۇر. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن مۇتەئەسسىپلىك، قارىغۇلارچە ئەقىدىپەرەسلىكنى قىلچە كۆرمەيمىز. ئۇ زېرەك ۋە ھوشيارلىق بىلەن دۇنياغا نەزەر سالىدۇ. ئىنساننى قانداق بولسا، شۇ بويىچە ئۆگىنىدۇ. ئىنسان قەلبىنىڭ تۆرىدىكى ئەڭ نازۇك، ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ يوشۇرۇن سىرلارنى ئاشكارىلىغان. روھىمىز ئىقلىمىدىكى ئۆزىمىز سەزمىگەن قانۇنىيەتلەر، زۆرۈرىيەتلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇ تۈپەيلى «فىھى مافىھى»نى باتىنىي ئىلىملەرنىڭ باياننامىسى، ئۆز - ئۆزىنى، ئۆزلۈكنى ۋە ئىلاھنى تونۇش كىتابى دېيەلەيمىز.

مەۋلانا رۇمىي ئادەمنى تەتقىق قىلىدۇ، ئۇنىڭ تەبىئىتى ۋە ئىنتىلىشلىرىنى كۆزىتىدۇ، باتىي جۇلالار ۋە ئىنتىلىشلەرنى، قەلب غەليانلىرىنى ئىزدەپ تاپىدۇ. ئىنساننىڭ ئىمان گۆھىرى، بۈيۈكلۈكى بىلەن تەڭ نۇقسانلىرى - نەپسى، ھېرىسى ئاقىۋىتىدە كېلىپچىقىدىغان ياۋۇزلۇقلىرىنى تەھلىل قىلىپ، بۇلاردىن قۇتۇلۇش، پاكلىنىش يوللىرىنى، پەزىلىتىنى بايان قىلىدۇ.

شۇ يوسۇندا ئىنساننىڭ مەنىۋى كامالەت يوللىرى، مەرىپەتلىك بولۇش، پەيز ۋە ئىلھام، پەيغەمبەر سۈننىتىگە سادىق بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى، مۇھىملىقى يورۇتۇلىدۇ. رۇمىينىڭ ھەربىر پىكرى — بىر مەشئەل، بىر چىراغ، ئۇدۇل بېرىپ قەلبىگە قويۇلىدىغان زىيا-



دۇر. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئىنسان كامالىتى ئۇچۇن تالماس بىر كۈرەشچى بولۇپ، ئىنسان بالىسىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە تونۇشتۇرىدۇ. يامانلىقتىن نەپرەتلىنىش ۋە ياخشىلىقتىن، ئىلاھىيلىقتىن پەخىرلىنىشكە ئۈگىتىدۇ. جەلالىددىن رۇمىينىڭ ئۇلۇغلۇقى شۇنىڭدىكى، ئۇ ئىسلامنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بارلىق مەزھەبلەر ۋە باشقا دىندارلاردىن ئۈستۈن تۇرالىدى. مۆمىنلەرنى بىرلەشتۇرگۈچى يىگانە ئىلاھىي غايىلەرنى ئالغا سۈرۈپ، كىشىلەرنى بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇرغۇچى ئېتىقاد، ئىمان، ئىشق ۋە سېغىنىش، پاكلىق ۋە تۆۋىدىن سۆز ئاچتى. «يوللار ھەر خىل ئەمما مەقسەت بىر، يەنى ئاللاھ ھۇزۇرى» دېيىش ئارقىلىق ئۇلۇغ تەڭرى ھەقىقتى ئالدىدا ھەممە مەخلۇقنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىسپاتلىدى.

«فىھى مافىھى» (ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر)دا روھ دىيالېكتىكىسى، ئىنسان خاھىشلىرى، چۈشەنچە - تەسەۋۋۇرلىرى، ئېھتىياج ۋە تەلەپلىرى، ئىزتىراپ ۋە قىيىنچىلىقلىرى، زىددىيەتلەر ۋە مۇۋاپىقلىقلار، كۈرەش ۋە غەلىبە، يوقلۇق ۋە بارلىق، رىيا ۋە ھەقىقەت، جىسىم ۋە جان ۋەھاكازالار توغرىسىدا بىلدۈرۈلگەن پىكىرلەر شۇنچىلىك چوڭقۇر ۋە ئېنىقكى، بۇ پىكىرلەرنىڭ بۇنىڭدىن يەتتە يۈز يىل بۇرۇن دېيىلگەنلىكىگە ئىشەنمەي قالىسىز. پەلسەپەنى گېگىل ۋە ماركستىن شوپېنخائۇر ۋە كانتتىن، نىچشې ۋە فروئىدلەردىن ئۆگەنگەن كىشىلەر «فىھى مافىھى»نى ئوقۇپ ھەممىسى ئۆزىمىزدە ئاللىقاچان بار ئىكەندۇققۇ دېيىشى تەبىئىي. رۇمىي بىزدە تېخى كەشىپ قىلىنمىغان، تەپەككۇر خەزىنىسى، بىزگە يېتىپ كەلمىگەن مەنىلەر ئوكيانى ئىدى. «فىھى مافىھى» ئەنە شۇ ئوكياندىن بىر دەريا بولۇپ، بىزگە ئېقىپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ قىممەتلىك مەنبەنى تەرجىمە ۋاستىسى ئارقىلىق كۆڭۈل
مۇلكىمىزگە ئايلاندۇرغان ئۇلۇغبېك ئابدۇۋاھاپ ۋە ئۇنى نەشر قىلد-
غان دوستلارغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتقۇم كېلىدۇ. جەلالىد-
دىن رۇمىي شەرقنىڭ ئىلمۇ دانىشى، ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىنى قانچە
كۆپ ۋە تېخىمۇ ياخشى ئۆزلەشتۇرسەك، پىكرىمىز شۇنچە روشەن،
روھىمىز شۇنچە بەردەم بولغۇسى.





# مەۋلانا جەلالىددىن رۇمىينىڭ
# هاياتى ۋە ئەسەرلىرى

هۆرمەتجان فىكرەت

## 1. جەلالىددىن رۇمىينىڭ هاياتى

نامى شەرقتىلا ئەمەس غەربتىمۇ مەشهۇر بولغان بۈيۈك مۇتەسەۋۋىپ شائىر جەلالىددىن رۇمىي مىلادىيە 1207 ـ يىلى ئەينى زامانىنىڭ مۇهىم قاتناش ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان بەلخ (بۈگۈنكى ئافغانىستان تەۋەسىدە) شەهرىدە زامانىسىنىڭ كاتتا ئۆلىماسى بەهائۇددىن ۋەلەد (1231 ــ 1148) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

شائىرنىڭ دادىسى بەهاۋەددىن ۋەلەد ئۆز زامانىسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئۆلىماسى بولۇپ، ئەل ئارىسىدا «سۇلتانۇل ئۆلەما» (ئالىملارنىڭ سۇلتانى) دېگەن پەخىرلىك نامغا سازاۋەر ئىدى. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىغا سۆزلىگەن دەرسلىرى، مەسچىتلەردە ئېيتقان ۋەزلىرى، تەسەۋۋۇپ ۋە ئىلاهىيەت مەسىلىلىرىگە دائىر قاراشلىرى، سوئاللارغا بەرگەن جاۋابلىرى مۇرىتلىرى تەرىپىدىن جەملىنىپ كىتاب قىلىنغان بولۇپ، «مەئارىف» (بىلىش) دەپ نام

بېرىلگەن. ئاتىسىنىڭ بۇ كىتابى جەلالىددىننىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يېتىلىشى ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

سۇلتانۇل ئۆلەما بالىلىرىغا نىسبەتەن ناھايىتىمۇ قاتتىق قول ھەم تەلەپچان بولۇپ، جەلالىددىننىڭ تەربىيەلىنىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ لاياقەتلىك ۋە تەلەپچان مۇرىتى ۋە خەلىپىسى (ئورۇنباسارى) سەئىد بۇرھانىددىننى جەلالىددىنغا ئۇستاز قىلىپ تەيىنلىگەن بولۇپ، جەلالىددىننى سەئىدنىڭ تەربىيەلىشىگە تاپشۇرغانىدى.

جەلالىددىن 12 ياشلارغا كىرگەن يىلى بولسا كېرەك، مۇھەممەد خارەزمشاھنىڭ ئىستىبدات زۇلمى ۋە ئۆلىما ـ شەيخلەرنى قىرغىن قىلىشىدىن نارازى بولغان سۇلتانۇل ئۆلەما پۈتۈن ئائىلىسىنى ئېلىپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا ماكانى بەلخنى تەرك ئېتىپ باشقا ياقلارغا كېتىشنى قارار قىلىدۇ. چۈنكى، خارەزمشاھنىڭ تەنتەكلەرچە قىلمىشلىرى بەلخ ئاسمىنىغا يېقىنلاپ قېلىۋاتقان بالايىئاپەتنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كېلىۋاتاتتى.

شۇنداق قىلىپ مىلادىيە 1219 ـ يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى سۇلتانۇل ئۆلەما ئون نەچچە تۆگىگە كىتابلارنى ئارتىپ، ئائىلىسىدىكىلەردىن باشقا، يەنە ئىخلاسمەن مۇرىتلىرىدىن 40 تىن ئارتۇق كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا زور بىر كارۋان بولۇپ بەلختىن ئۇزاق سەپەرگە ئاتلىنىدۇ.

سۇلتانۇل ئۆلەما بەلختىن ئايرىلىش سەپىرىدە نىشاپۇردا ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ بېرىپ مەشھۇر مۇتەسەۋۋىپ شائىر شەيخ فەرىدىددىن ئەتتارنى يوقلاپ ئۆتىدۇ. ئەتتار تېخى يېڭىلا تاماملىغان ئەسىرى «ئەسرارنامە»نى گۆدەك جەلالىددىنغا تەقدىم قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭ كەلگۈسىدە يېتىدىغان كامالەت پەللىسى ۋە ئۇلۇغلۇق





مەرتىۋىسىدىن بىشارەت بېرىدۇ. جەلالىددىن ئەتتار تەقدىم قىلغان «ئەسرارنامە»نى بىر ئۆمۈر يېنىدىن ئايرىماي مۇتالىئە قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى سۈپىتىدە ساقلايدۇ ھەم ئەتتارنى ئۆزىنىڭ ئۇستازى ھېسابلايدۇ.

ئەتتار بىلەن خوشلىشىپ، نىشاپۇردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، كارۋان باغدادتا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، مەككەئى مۇكەررەمەگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. مۇقەددەس كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ، ھەج پەرھىزلىرىنى ئورۇنلاپ بولۇپ مەدىنىگە يول ئالىدۇ.

مەككە زىيارىتى جەلالىددىننىڭ گۆدەك قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇش بىلەن بالىلارچە ئوي - پىكىرلىرىدە ئاجايىپ داۋالغۇش پەيدا قىلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭچە بولغاندا، كەئبىنى تاۋاپ قىلىشتىن ئىبارەت ئارزۇلاپ كۈتكەن ھاياجانلىق پەيتلەر، ئۆز - ئۆزىگە ئۇنتۇپ، دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىدىن كەلگەن مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان كىشىلەر بىلەن قوشۇلۇپ، ئارىلىشىپ كېتىدىغان ئاشۇ مۆجىزىلىك دەقىقىلەردىن كېيىن ھەممە نەرسە، جۈملىدىن ئىنسانىنىڭ روھى ئۆزگىرىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئۇنداق بولمىدى. جەلالىددىن كۆرگەن مەغرۇر، مەنمەنچى ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش ياسىمىدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن «بۇنداق ئادەملەر مۇسۇلماندارچىلىق پەرھىزىنى ئۆتەش ياكى گۇناھلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن ھەج قىلىشقا كەلمىگەن، بەلكى ھاجى نامىنى ئېلىپ، شۇ نام بىلەن ئۆز يۇرتلىرىدا يەنە يامان ئىشلارنى، بۇزۇقچىلىقلارنى بىمالال داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن كېلىشكەنكەن» دېگەن ئويلار كەچتى - دە، كاللىسىغا بىردىنلا «ئۇنداقتا ھەجگە بېرىپمۇ ئاسىيلىقچە قېلىش ياكى يۇرتتىن چىقماي تۇرۇپمۇ تەقۋادار بولۇش مۇمكىنكەنغۇ» دېگەنگە ئوخشاش شۇبھىلىك پىكىرلەر كېلىۋالدى. ئەمما،

www.uyghurkitap.com

ئاتىسىنىڭ «ئادەملەر مىسالى ئەينەك، ئۇلارنىڭ گۇناھىدا سىنىڭ گۇناھلىرىڭ ئەكس ئېتىدۇ» دېگەن سۆزلىرى يادىغا چۈشۈپ، بۇ شۈبھىلەرنى كاللىسىدىن ھەيدىدى. بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرىنى بولسا ئۆزى كامالەت ھاسىل قىلىپ، ھەقىقەت سىرلىرىنىڭ كەششافىغا ئايلانغاندىن كېيىن ئاندىن ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ئېي قەۋمى بە ھەج رەفتە كۇجايىد، كۇجايىد،
مەئشۇق دەر ئىنجاست بىيايىد، بىيايىد .
تەرجىمىسى:
ئايا زىيارەتچىلەر، سىزلەر قاياندا!
كېلىڭ سىز ئىزدىگەن مەئشۇق بۇ ياندا!
ئۇنى سىز ئىزدەبان ھەردەم ئاۋارە،
ئۇ سىزگە ئەڭ يېقىن دوست ھەمسايە

بەلىختىن چىققان بۇ كارۋان تالاي يوللار ۋە شەھەرلەرنى كېزىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى سەلجۇقىيلەر سۇلالىسى (1194 — 1038) تەۋەلىكىدىكى لەرىندە شەھىرىگە كېلىپ جايلىشىدۇ. سۇلتانۇل ئۆلەمانىڭ ئۆز دۆلىتىگە كەلگىنىدىن خەۋەر تاپقان سەلجۇقىيلار سۇلتانى ئالائىددىن كەيقۇباد سۇلتانۇل ئۆلەمانى پايتەخت كونيا شەھىرىگە تەكلىپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلتانۇل ئۆلەما ئائىلىسى ۋە مۇرىتلىرىنى ئېلىپ كونياغا كېلىدۇ. كونيادا سۇلتانۇل ئۆلەمانىڭ ئالدىغا قارشى ئالغىلى سالجۇق سۇلتانى ئالائىددىن كەيقۇباد ئۆزى چىقىدۇ ھەم ئۇلارنى ياخشى جايلاشتۇرىدۇ. سۇلتانۇل ئۆلەما بەھاۋىددىن ۋەلەد ئۇچۈن مەخسۇس مەدرىس سالدۇرۇپ بېرىدۇ.

جەلالىددىننىڭ ئۆسمۈرلۈكتىن كېيىنكى پۈتۈن ھاياتى مانا

شۇ كونىيادا ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يۇرتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى جۇغراپىيەلىك نامى ـــ «رۇم» ئۇنىڭغا تەخەللۇس بولۇپ سىڭىپ، «جەلالىددىن رۇمىي» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇلار كونىياغا كېلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى 1231 ـ يىلى جەلالىددىننىڭ ئاتىسى سۇلتانۇل ئۆلەما بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا جەلالىددىن 24 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ ياش بولۇشىغا قارىماي ئىلىمنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە يېتىشكەن ئالىم بولۇپ قالغانىدى. بەلىختىكى چاغلىرىدىلا «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەرنى يادلاپ بولغان، بۇ ھەقتە يېزىلغان تەپسىرلەر، تەھلىل ۋە تەلقىنلەرنى ئوقۇپ، پۇختا ئىگىلىگەن بولۇپ، تەسەۋۋۇپنىڭ يىرىك سىمالىرىدىن بايەزىد بەستامىي، جۇنەيد باغدادى، مەنسۇر ھەللاجىلارنىڭ ئېتىقاد ۋە تەشەببۇسلىرى بىلەن ياخشى تونۇشقان، سوپى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ۋە ئۇلاردا ئىشلىتىلگەن رەمزى ئوبرازلاردىن تولۇق خەۋەردار ئىدى.

جەلالىددىن ياشلىقىدىنلا ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى ۋە مەنىۋى ھۆرلۈكى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلارغا پاتاتتى. ئۇنىڭچە، بۇ ئەقىل ۋە بىلىم، روھىي يۈكسىلىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشاتتى. لېكىن، ھەممىلا يەردە جاھالەت ھۆكۈمران، ئۇلار زوراۋانلىق ۋە جاھالەتتىن قېچىپ ئاز يول باستىمۇ، جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە كەلدى. ئۇ يول بويى كۆردىكى بەزىبىر يەرلەردە بىر ئاز ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىشلارمۇ بار ئىكەن، ئىلىمنىڭ قەدرىگە يېتىشىدىكەن. ھەممىلا يەردە، ھەمىشە شۇنداق بولسا بولماسمىدى ـ ھە؟ «ئۆز روھىي دۇنيايىڭنى بىلىش ۋە ئىگىلەش بىر چاغلاردا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ يەر يۈزىنى ئىشغال قىلغىنىدىنمۇ مۇشكۈلرەك. لېكىن، ھەممىدىن مۇشكۈلى كېيىن كېلىدۇ:



www.uyghurkitap.com

ھەممىنى ئۇقسەن، ئەمما دۇنيادىكى تەلۋىلەرگە قاراپ، ئۇنى زەررىچە بولسىمۇ ئۆزگەرتىش قولۇڭدىن كەلمەيدۇ. ھەممىدىن قىيىنى مانا شۇ!»

سۇلتانۇل ئۇلەما جەلالىددىنغا يەنە پەتىۋا بېرىش، ۋەز ئېيتىش سەنئىتىنىڭ سىرلىرىنىمۇ بىلدۈرگەنىدى. شۇڭا، جەلالىددىن 24 يېشىدىلا ۋەز ئېيتىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەممە نەرسىلەرگە ـ ئىلمۇ مەلۇمات، كۈچلۈك ھافىزلىق ماھارىتى، تەسەۋۋۇر ۋە ناتىقلىق ماھارەتلىرىگە ئىگە بولۇپ بولغانىدى. خەلق ئارىسىدىكى ھېكايە ـ قوشاق، رىۋايەت ـ ئەپسانىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنى يادقا بىلەتتى ۋە ئورنى كەلگەندە ئۇلارنى دەل جايىدا ئىشلىتەلەيتتى. رابىئەتۇل ـ ئاداۋىيە، سەنائى ۋە ئەتتارلارنىڭ شېئىرلىرى ئۇنىڭغا ياد بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېكمەت داستانلىرىنى قانچە قېتىملاپ ئوقۇپ ھاياجانلانغان، ئۇلار بىلەن بىرگە ئىلاھىي سىرلار دېڭىزىغا غەرق بولۇپ، روھىي چوققىلارغا پەرۋاز قىلغانىدى. داڭدار ئۆلىما ۋە شەيخلەرنىڭ سۆھبىتىگە ئىشتىراك قىلىپ، ئىلمىي نۇجۇم، كىمىيا، ئالگېبرا، ئىلمىي ھەندەسە ۋە ئىلمىي تىبابەت ئاساسلىرىنى ئۆگەنگەن بولۇپ، پارس تىلىدىن باشقا يەنە ئەرەب ۋە يۇنان تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا جەلالىددىن شام، دەمەشق ۋە ھەلەب ۋە قەيسەرىنىڭ داڭلىق مەدرىسىلىرىدە يەتتە يىل ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ ۋە زامانىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىمى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

ئۇنىڭ ئىلمى چوڭقۇرلاپ، كامال تاپقانسېرى، قەلب ئازابى شۇنچە كۈچىيىدۇ. «ئىنسان نېمە ئۈچۈن ئازاب ئىچىدە تۇغۇلۇپ، قورقۇش ئىچىدە ياشاپ، ئەپسۇس ـ نادامەت چېكىپ ئۆلىدۇ؟ نېمىشقا ئەقىل ـ ئىدراك ئەھلىدىن بىر چىشلەم ناننى ئاياپ بېرىشكە كۆزى قىيمايدۇ يۇ، جاھىللارنى بولسا مال ـ مۈلۈككە

كۆمۈۋېتىدۇ؟»

جەلالىددىن كونىياغا مانا شۇنىڭغا ئوخشاش ئىزتىراپلىق سوئاللار بىلەن چۇشىنىكسىز بىر روھىي ھالەتتە قايتىدۇ. دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن شىكەستىلەنگەن قەلبىنىڭ جاراھەتلىرى تېخى ساقايماي تۇرۇپ، ئۆمۈر ھەمراھى گۆھەر ئالەمدىن ئۆتىدۇ. بۇ مۇسىبەت ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېغىر كېلىدۇ. ئۆزىنى دۇنيادا يەككە - يېگانە قالغاندەك ھېس قىلغان جەلالىددىن قايغۇغا تولغان قەلبى بىلەن شۇنى ھېس قىلدىكى «ئىلىم باشقا، تەجرىبە باشقا نەرسە، كامىللىق ئۇنچە ئاسان يەتكىلى بولىدىغان مەنزىل ئەمەس».

دەل شۇ پەيتتە ئۇ باللىقتىكى ئۇستازى سەئىد بۇرھانىددىن قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ يولىدىكى تەربىيەسى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . جەلالىددىن ئۆز روھىيىتىدە دەل مۇشۇنداق بىر ئېھتىياجنى سېزىۋاتقانىدى. ئۇستازى خۇددى ئۇنىڭ قەلب ساداسىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتقاندەك، ئۇ ئەڭ موھتاج بولغان بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ خۇشاللىق ۋە قەتئىيەت بىلەن كامالەت يولىغا باشلىغاي دەپ، ئۆزىنى ئۇستازىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى توققۇز يىللىغا يېقىن داۋام قىلغان مۇرشىد - مۇرىتلىق مۇناسىۋىتى باشلىنىپ جەلالىددىن كامالەت يولىغا قەدەم قويىدۇ.

بۇ كامالەت يولى — روھ ۋە تەننى تاۋلاپ، ئەخلاقىي كامىل ئىنسانغا ئايلىنىپ، مەنىۋى يۈكسىلىشكە ئېرىشىش يولى ئىدى. بۇ يول بىر قاتار مۇرەككەپ پىسخو فىزىيولوگىيەلىك (روھىي - جىسمانىي) جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىپەت، ھەقىقەت دەپ تۆت باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

جەلالىددىننى ئۇستازى مۇشۇنداق بىر قاتار روھىي ۋە

جىسمانىي تاۋلىنىش جەريانلىرى ئارقىلىق ئەخلاقىي كامىللىق ۋە مەنىۋى يۈكسەكلىككە ئېرىشكەن كامىل ئىنسان بولۇش يولىغا باشلايدۇ. سەئىد جەلالىددىنىدا ئاتا مىراسى مەغرۇرلۇق ۋە كىبىرنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلگەچكە ئۇنىڭغا بېرىدىغان ئەخلاقىي كامالەت تەربىيەسىنى ئالدى بىلەن مۇشۇ جەھەتتىن باشلاپ، جەلالىددىنىنى شەھەردىكى ھاجەتخانىلارنى تازىلاشقا بۇيرۇيدۇ. قانچىلىك ئېغىر كەلمىسۇن، سەسكەنمىسۇن جەلالىددىن بۇ سىناقلاردىن ئۆتۈشى، باسقۇچمۇ باسقۇچ ئۆرلىشى كېرەك ئىدى. بۇ سىناقتىن مەقسەتمۇ دەل ئاشۇ ئېغىر كەلگەندەك ھېس قىلىش، سەسكىنىش تۇيغۇلىرىنى يوقىتىش ئىدى. ئۇ ئۇستازىنىڭ پەرمانى بويىچە ھەر كۈنى ھاجەتخانىلارنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، يۈيۈنۈپ، دادىسىنىڭ «مەئارىف» ناملىق كىتابىنى ئوقۇيدۇ. سەئىد ئۇنىڭغا بۇ كىتابنى بىر يۈز بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى تاپىلىغانىدى.

بىرىنچى ئۆتكەلدىن ئۆتكەندىن كېيىن، سەئىد جەلالىددىننى شەھەرگە كىرىپ تىلەمچىلىك قىلىپ سەدىقە تىلەشكە بۇيرۇيدۇ. بۇ جەلالىددىنغا ئالدىنقى ۋەزىپىدىنمۇ ئېغىرراق ئىش ئىدى. سۇلتانۇل ـ ئۆلەمانىڭ ئوغلى، مەدرىسە مۇتىۋەللىسى، ئۆلىما بولغان كىشى ئىشىكمۇ ئىشىك يۈرۈپ سەدىقە تىلەپ يۈرسە... ئورۇنلىماي ئامال يوق. چۈنكى، ئۇ ھازىر ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەس، پەقەت مۇرشىدى سەئىد بۇرھانىددىننىڭ مۇرىتى، خالاس.

مۇرىت ـ ئۆزىنىڭ ئىختىيارىنى مۇرشىدقا تاپشۇرغان كىشى بولۇپ، ئۇ شەيخكە ھەممە نەرسىدە سۆزسىز بويسۇنۇشى، مەقسەتكە مۇۋاپىقمۇ ئەمەسمۇ، زۆرۈرمۇ، زۆرۈر ئەمەسمۇ، ئۇنىڭدىن قەتئىينەزەر مۇرشىدنىڭ ھەربىر پەرمانىنى ئورۇنلىشى لازىم ئىدى.

سەئىد شۇ تەرىقىدە جەلالىددىننى مەنمەنلىك، تەكەببۇرلۇقنىڭ

ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى تاۋلىنىش جەريانلىرىدىن ھەتتا ئاچلىق ۋە يالغۇزلۇقنىڭ (40 كۈن يالغۇز ئولتۇرۇش، بۇ تەسەۋۋۇپتا ئەربەئىن ياكى چىللىدە ئولتۇرۇش دېيىلىدۇ) سىناقلىرىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ھەربىر باسقۇچتا تاكى مۇرشىدى رازى بولۇپ، ئىككىنچى باسقۇچقا ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلغانغا قەدەر ئۆزىنى تاۋلايدۇ. شۇ تەرزدە ئۇ بۇ يولغا كىرىپ كامالەتسېرى ئىنتىلگەن ھەرقانداق بىر يارامىلىق ۋە لاياقەتلىك مۇرىت بېشىدىن كەچۈرۈشى شەرت بولغان روھىي جەريانلارنىڭ ھەممىسىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، پەللىمۇ پەللە يۈكسەكلىككە پەرۋاز قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن سەئىد جەلالىددىنغا ئۆلىمالىق دەستۇرىنى ئوراپ، ئارىفلىق تونىنى كىيدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ پىر - مۇرشىدلىق ئورنىنى جەلالىددىنغا بەرگەنلىكىنى مۇرىتلىرىغا جاكارلايدۇ.

جەلالىددىننىڭ تەربىيەسىنى نىھايىسىگە يەتكۈزگەن سەئىد بۇرھانىددىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ، ئۆز يۇرتى تېرمىزغا قايتىپ كېتىدۇ ۋە ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ. قەدىردان ئاتىسى، مېھرىبان ئانىسى، كۆيۈمچان ئاكىسى، جانكۆيەر ھەمراھى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئەمدى نۆۋەت ئۇستازى سەئىدكە كەلگەندە جەلالىددىن ئۆزىنى بۇ دۇنيادا ھېچنېمىسى يوق، يەككە - يېگانە قالغاندەكلا ھېس قىلىدۇ.

سەئىدنىڭ ئۆلۈمى جەلالىددىنغا ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق زەربە بولغانىدى. شۇنچە ئېغىر سىناقلاردىن ئۆتكەن قەلبى بۇ زەربىگە چىدىيالمايدۇ. پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن قايغۇلا تۆكۈلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇ بۇ يېگانىلىق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇپ بىر ئاز تەسەللى تېپىش ۋە ئۇستازىنىڭ گېپىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن قايتا ئۆيلىنىدۇ. ئۇستازى سەئىد ئۇنىڭغا نەچچە قېتىم «مەن بىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ساراڭدەكلا ئادەم، خوتۇن، بالا ـ چاقىلار ھەققىدە ئەنسىرەشكە زادىلا ۋاقتىم يوق. لېكىن، سەن ئۇنتۇمىغىنكى، ئىسلام دىنىدا ئائىلە ۋە نىكاھ ۋاجىپ» دېگەنىدى.

ئۇ كېچىلىرى شام يورۇقىدا ئاتىسىنىڭ ئىشلىرى ۋە سەئىد بۇرھانىددىنىنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەپ چىقىدۇ. كۈندۈزلىرى ئىلاھىيەتكە دائىر ئەسەرلەر جۈملىدىن غەززالىينىڭ ئەسەرلىرى، سەنائى ۋە ئەتتارنىڭ دىۋانلىرى، ئەرەب شائىرى مۇتەنەببىنىڭ شېئىرلىرىنى مۇتالىئە قىلىدۇ. ئەمما، ياكى كېچىلىرىدىكى ئۇيقۇسىزلىقلىرى ياكى ئۆز جىسمىنى جاپا ـ مۇشەققەتكە سېلىشلار ياكى نىكاھ ۋە ياكى كىتاب ـ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ قەلبىدىكى قايغۇسىنى يېنىكلىتەلمەيدۇ.

ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ مەسچىتتىكى ۋەزلىرىنى ئاڭلاشقا يىغىلغانلارنىڭ كۆنسېرى كۆپىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، خانىقالار مۇرىتلارغا تار كېلىۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. قارىغاندا، ئۇنىڭ قەلبىدىن ياڭرىغان قايغۇ ـ ئەلەملەر باشقىلارنىڭ قەلبىدە ئەكس سادا پەيدا قىلىۋاتقاندەك تۇراتتى. بۇنىڭ سەۋەبى جەلالىددىن ئۆز قايغۇلىرى بىلەنلا بولۇپ كەتكەن شۇ يىللاردا خانىقانىڭ سىرتىدا يۈز بەرگەن ئىشلار خەلقنىڭ قەلبىنى ھەسرەت ۋە ئۈمىدسىزلىككە تولدۇرۇۋەتكەنلىكىدىن ئۇ بىخەۋەر ئىدى.

سەئىد بۇرھانىددىن ئالەمدىن ئۆتۈپ ئىككى يىلدىن كېيىن، چىڭگىز قوشۇنلىرىنىڭ ياۋۇز قەدىمى سالجۇق دۆلىتىنىڭ چېگراسىغا يەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئەرزىرۇم شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئاھالىسىنى قىرغىن قىلغانىدى. 1243 ـ يىلىدىكى سالجۇق قوشۇنلىرى بىلەن چىڭگىز قوشۇنلىرىنىڭ ئۈچ ئاي داۋاملاشقان شىددەتلىك جېڭىدىن كېيىن، سالجۇق زېمىنلىرى موڭغۇللارنىڭ قانلىق تاپىنى ئاستىدا قېلىپ، زىرائەت تېرىلغان





يەرلەر دەشت ـ جەزىرىگە ئايلىنىپ، ئاياللار ـ باللار، ھۈنەرۋەنلەر قول قىلىنىدۇ. قالغان ئاھالىلەرگە ئېغىر دەرىجىدە زۇلۇم ـ سېلىق سېلىنىدۇ. دالىلار ھۇۋلاپ، باغۋارانلار قاقاسلىشىپ، بىر چاغلاردا ئاۋات، پاراۋان بولغان مەملىكەتنى ئاچارچىلىق، قەھەتچىلىك قاپلايدۇ.

ئاۋامغا ھېچقانداق چىقىش يولى قالمىغان بولۇپ، ھېچكىمدىنمۇ مەدەت كۈتكىلى بولمايتتى. خۇددى ئېغىر مالىمانچىلىق يىللىرىدىكىگە ئوخشاش، شەھەر ئاھالىلىرى تەبىئىي ھالدا پۈتۈن ئۈمىدىنى ئاللاغا قاراتقانىدى. ئەنە شۇ يىللاردا جەلالىددىن كونيانىڭ ئەڭ مەشھۇر، خەلق ئەڭ ھىمايە قىلىدىغان يولباشچىسى ۋە سوپى ۋائىزلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىدۇ. ئۇ دۇنيا ھەققىدە بىلىش مۇمكىن بولغان پەللىگە يەتكەن بولۇپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان خەلققە يول كۆرسىتەلەيتتى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى قايغۇ ـ ئەلەمگە خەلقنىڭ قايغۇسىمۇ قوشۇلۇپ، تېخىمۇ كۈچلۈك سادا چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيدۇ.

دەل شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ ئالدىدا دىۋانە قىياپىتىدىكى بىر يوچۇن يولۇچى پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئوت ئېلىپ لاۋۇلداشقا تەييار تۇرغان روھىغا ئوت ياقىدۇ. ئۇ خۇددى سەمەندەرگە ئوخشاش لاۋۇلداۋاتقان بۇ ئوت ئىچىدە كۆيۈپ، ئۆز روھىنىڭ كىشەنلىرىدىن قۇتۇلۇپ، بۇ دۇنياغا قايتا تۇرىلىدۇ ھەم بۈيۈك شائىر بولۇپ چىقىدۇ.

ئۇنداقتا جەلالىددىن رۇمىينىڭ روھىيىتىدە يۈز بەرگەن بۇ ئىنقىلابنىڭ پىلتىسىنى ياققان، ئۇنىڭ تەپەككۇر دۇنياسىدا يېڭى بىر دەۋرنىڭ ئېچىلىشىغا سەۋەب بولغان بۇ يوچۇن يولۇچى كىم ئىدى؟ بۇ شەمسىددىن تەبرىزىي ئىدى.

مىلادىيە 1244 ـ يىلى 26 ـ نويابىر كۈنى ئەتىگەندە

جەلالىددىن ئۆلىمالارنىڭ مۇنازىرىسىگە بېرىش ئۈچۈن مۇرىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قېچىرغا مىنىپ كېتىۋاتاتتى. كىشىلەر تازا توپلاشقان تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىزلا بىر كىشى كېلىپ، ئۇ مىنگەن قېچىرنىڭ تىزگىنىگە ئېسىلدۇ ــ دە، ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇرۇپ سورايدۇ:

ــ ئېيتقىنا، كىم ئۇستۇن، مۇھەممەد پەيغەمبەرمۇ ياكى بايەزىد بەستامىمۇ؟

بايەزىد بەستامى (ۋاپاتى: 875 / 262 ـ يىلى) تەسەۋۋۇپنىڭ يىرىك سىمالىرىدىن بىرى بولۇپ، رابىئەتۇل ئاداۋىيە ئوتتۇرىغا قويغان «ئىلاھىي ئىشق» قارىشىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ئاشىقنىڭ مەشۇق ۋۇجۇدىدا يوق بولۇپ كېتىشى ھەققىدىكى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ھالەتنى «فەنا» (يوقىلىش) دەپ ئاتىغانىدى. ئۇ «يىلان پوستىنى تاشلىغاندەك، مەنمۇ ئۆزۈمنى ئۆزۈم تەرك ئەتتىم. بىر چاغدا ئۆز ماھىيىتىمگە قارىسام...ئاھ، مەن ئۇنىڭغا ئايلىنىپتىمەن!» دېگەنىدى. بايەزىد بۇ ھالنى «فەنا» دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ قارىشى كېيىنچە سوپىلار تەرىپىدىن تەرىقەتنىڭ مەقسىتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغانىدى. مۇتەئەسسىپ روھانىيلار بايەزىدنىڭ سۆزلىرىنى خۇدالىق دەۋاسى قىلغانلىق دەپ ئەيىبلىشىپ، ئۇنى «مۇرتەد» دەپ ئۆز شەھىرىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئەمما، ئەھلى تەسەۋۋۇپ ئارىسىدا بايەزىد «سۇلتانۇل ـ ئارىفىن» (ئارىفلارنىڭ سۇلتانى) دەپ شۆھرەت قازىنىپ، بۈيۈك سىماغا ئايلىنىدۇ.

شۇنداقتىمۇ بۇ يوچۇن كىشىنىڭ ئادەملەر مىغىلداپ تۇرغان تۆت كوچا ئېغىزىدا مۇنداق سوئال سورىشى ھەقىقەتەنمۇ ھۆرمەتسىزلىكلا ئەمەس، بەلكى يولسىزلىق ئىدى. راست ئەمەسمۇ، سۇلتانۇل ـ ئارىفىن بولغان سوپى كىمۇ، ئاللاھنىڭ رەسۇلى بولغان

مۇھەممەد پەيغەمبەر كىم! جەلالىددىننىمۇ باشقا ھەرقانداق ئۆلىما ياكى
تەقۋادار شەيخلەرگە ئوخشاش جاۋاب بەردى:
— بۇ قانداق سەپسەتە؟ ئەلۋەتتە مۇھەممەد ئۈستۈن!
شەمسىددىننىڭ كۈتكەن جاۋابىمۇ مۇشۇ ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ
سوئالىدىكى مۇرەككەپ تۈگۈنمۇ دەل مۇشۇ يەردە ئىدى. ئۇ
جەلالىددىننىڭ سوئالدىن رازى بولغاندەك، چىرايىدا تەبەسسۇم
جىلۋە قىلدى.
— توغرا، — دېدى ئۇ، — ئۇنداقتا نېمىشقا مۇھەممەد:
«دىلىمنى غەم بېسىپ، ئىگەمنىڭ ئالدىدا ھەر كۈنى 70 قېتىم تۇۋا
قىلىمەن» دەيدۇ، بايەزىد بولسا، «مەن ئۆزۈمدىكى ھەرقانداق
قۇسۇرلاردىن قۇتۇلدۇم» دەيدۇ؟
بۇ سوئال جەلالىددىنغا تۇيۇقسىز ئۇرۇلغان مۇشتەك قاتتىق
تېگىپ دەرھال قەددىنى رۇسلايدۇ. ئالدىدىكى بۇ ناتونۇش كىشى
قوپال، بىھۆرمەت كۆرۈنگىنى بىلەن، نادانلاردىن ئەمەستەك
قىلاتتى.
جەلالىددىن جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن ئۆز ھاياجىنى ۋە
ھەيرانلىقىنى يوشۇرماي ناتونۇش كىشىنىڭ كۆزلىرىگە ئۇزاق
تىكىلىپ تۇرۇپ قالىدۇ.
— مۇھەممەد ھەر كۈنى 70 باسقۇچنى بېسىپ ئۆتەتتى، —
دەيدۇ ئۇ جاۋاب بېرىپ، — ۋە ھەر قېتىم يېڭى باسقۇچقا بېرىپ
ئالدىنقى باسقۇچتا ئېرىشكەن بىلىملىرىنىڭ ھېسابىغا تۇۋا -
تەزەررۇئى قىلاتتى. بايەزىد بولسا، پەقەت بىرلا باسقۇچقا ئۇلاشقان
ھەم شۇنىڭ مەرتىۋىسىدىن بېشى ئايلىنىپ، گاڭگىراش ئىچىدە
شۇنداق سۆزلەرنى قىلغان.
جاۋابنى ئاڭلىغان شەمسىددىن ئاھ ئۇرغىنىچە ھوشىدىن
كېتىپ يەرگە يىقىلىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن مۇشۇ يورۇق دۇنيادا





ئۇنىڭ قەلبىدىكى تۇگۈننى يېشىپ بېرەلەيدىغان بىرسى چىقىپ، ئۇنىڭ قەلب ئىسيانلىرىنىڭ ئەكس ساداسى قايتقاندى. جەلالىددىننىڭ جاۋابى دەل ئۇ كۈتكەن جاۋاب ئىدى.

شەمسىددىن تەبرىزى سوپىلىق يولىنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، روھىي يۈكسەكلىككە ئۆرلىگەن، ئەمما ئۆزىنى ھېچقانداق بىر ئېقىم، مەزھەپ، گۇرۇھقا تەئەللۇق دەپ قارىماي ئەركىن پەرۋاز قىلىش يولىنى تاللىغان ئىسيانكار مۇتەپەككۇر بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق ئېقىم، مەزھەپكە قارشى ئىدى. پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ قەلبى بىر تۇتاش دەپ قارايتتى. ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدىكى روھىي قۇللۇقتىن شۇ قەدەر ئېچىناتتىكى، بۇ ئېچىنىشتىن ئۇلغايغان ئىنسان سۆيگۈسى ئۇنىڭدا ئاجايىپ ئىسيانكارلىق روھى پەيدا قىلغانىدى، ئۇنىڭ ئىسيانلىرىنى ئۆز دەۋرى كۆتۈرەلمەي، تەقىبلىگەن بولۇپ، ئۇ مۇشۇ تەقىبلەردىن قېچىپ سەرسان بولۇپ يۈرگەچ، ئۆز قەلبىدىكى ئوتنى بايقىيالىغۇدەك، سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلىگۈدەك سىرداش دوست، ئۇستاز ئىزلەپ جاھانكەزدىلىككە ئاتلانغانىدى.

جەلالىددىن شەمس بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئۈچ ئايغىچە كىشىلەرگە كۆرۈنمەي، سىرتقا چىقماي، كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك ئۇزۇلدۇرمەي شەمس بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ. ئۇ شەمسىددىننىڭ روھىيىتىدە مەنىۋى يېتۈكلۈكنى، كامالەتنى كۆرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلاھىي سىرلارغا تولغان نۇتقى بىلەن ئادەمگە جان بېغىشلىغۇچى سۆزلىرىگە ئەسىر بولغانىدى. بۇ مەپتۇنلۇق جەلالىددىننى پۈتۈنلەي باشقىچە ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى دۇنياغا قايتىدىن تۆرەلگەندەك قىلىپ قويىدۇ.

شەمسىددىن تەبرىزى جەلالىددىننىڭ ئالدىدا ئاجايىپ بىر دۇنيانى نامايان قىلغان بولۇپ، بۇ ـــ ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئىلاھىي

قۇدرەت سىرلىرى ئىچىلغان ھەم ئىنسانغا بولغان چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت بىلەن تولغان دۇنيا ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جەلالىددىننىڭ كۆز يېشى ۋە پەريادلار ئىنسان كامالىتىنىڭ خۇشاللىق مەدھىيەسى، ئىنسانىنىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە قۇدرىتىگە بولغان ئىشەنچ بىلەن ئالمىشىدۇ.

ئۇ ئۆلىمالار بىلەن قىلىدىغان تالاش - تارتىشلار، مۇنازىرىلەر، مۇرىتلىرىغا بېرىدىغان ساۋاقلار، ۋەز ئېيتىشلارنىڭ ھەممىنى تاشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئورنىنى شېئىر، مۇزىكا، راۋاب، ساما ئىگىلەيدۇ.

شەمس ھەقىقەتنى، قۇدرىتى ئىلاھىنىڭ سىرلىرىنى ئىلاھىيەت كىتابلىرىدىن، ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ ھېكمەت - دەستۇرلىرىدىن ئۆگىنىشكە، باشقىلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش، دوراشقا قەتئىي قارشى ئىدى. ئۇ ھەقىقەتنى ھەر ئىنسان ئۆزى بىۋاستە ھېس قىلىشى، كۆڭۈل كۆزى بىلەن كۆرۈپ بىلىشى كېرەك دەپ قارايتتى. ئۇ ئۆلىمالارنىڭ تۇرقىغا قاراپ سەجدە قىلىشنى، ئۇلارنىڭ جانلىق ھايات ئالدىدىكى قارىغۇلۇقى بىلەن ئەركىن پىكىر ۋە تۇيغۇلار ئالدىدا قورقۇپ تىترەشلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەيتتى.

شەمس بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، مەۋلانانىڭ پۈتۈن ۋاقتىنى ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈپ مۇرىتلىرى بىلەن كارى بولماسلىقى، ئايلاپ - ئايلاپ داۋام قىلىدىغان سۆھبەتلەر، ساما ۋە مۇزىكا ئۆلىمالار ۋە مۇرىتلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، ئۇلاردا مەۋلانانى ئۆزلىرىدىن ئايرىۋەتكەن بۇ دىۋانە دەرۋىشكە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ. نەتىجىدە شەمس كونيادىن كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ جۇدالىق مەۋلاناگە ناھايىتى ئېغىر كېلىدۇ.

شەمسكە ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن



www.uyghurkitap.com

پىتنە قىلغانلار شەمس يوقالغاندىن كېيىن مەۋلانا ئارمىيزغا قايتىپ كېلىدۇ دەپ ئويلىشىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنىڭ ئەكسىچە، مەۋلانا شەمسىددىننى ياقلاپ ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى قۇۋۋەتلىگەن ھېسامىددىن چەلەبى، سالاھىددىن زەركۇبى قاتارلىق بىرنەچچە مۇرىتىدىن باشقا ھېچكىم بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمايدۇ. ئۇ ئۆزىگە كەڭ ھەم ئازادە قىلىپ كۆل رەڭ رەختتىن كىيىم تىكتۈرىدۇ. بېشىغا بېغىر رەڭ تىك قالپاقچە تىكتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن چاققانغىنە سەللە ئورايدۇ. ئايىغىغا ساماغا چۈشۈشكە قولاي قىلىپ مەسە كەش كىيىدۇ. جۇدالىقنىڭ نىشانى بولسۇن دەپ ياقىنى چاك قىلىپ قويىدۇ. شائىرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ نامى بىلەن «مەۋلەۋىيە» تەرىقىتىنى قۇرغان ئوغلى سۇلتان ۋەلەد ئاتىسىنىڭ بۇ كىيىنىشىنى تەرىقەتنىڭ مۇراسىم كىيىمىگە ئايلاندۇرغانىدى.

خەلقنىڭ مەۋلانا جەلالىددىنغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى بارا - بارا دۆلەتمەن كىشىلەر ۋە بەگ - ئەمەلدارلارنىمۇ ئۇنىڭ مەنىۋى سالاھىيىتى ۋە شائىرلىق تالانتى ئالدىدا باش ئېگىشكە مەجبۇر قىلىپ، شائىرنى ئوردا - سارايلار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ قەسىرلىرىدىكى زىياپەتلەرگە تەكلىپ قىلىنىشىدىغان بولىدۇ. ئۇ بۇنداق تەكلىپلەرنى بەزىدە قوبۇلمۇ قىلاتتى. ئەمما، ئۆزى بىلەن زاماندىش بىر قىسىم شائىرلارغا ئوخشاش جان بېقىش، ئىنئام - ئېھسان ئېلىش ئۈچۈن پادىشاھلار، ئەمىرلەر ۋە بەگ - ئەمەلدارلارنى ماختاپ، مەدھىيە توقۇمايتتى. شۇنداق شائىرلاردىن بىرى سەنائى ھەققىدە ئورۇنسىز گەپ قىلىپ، ئۇنى كامىل مۇسۇلمان ئەمەس دەپ ئەيىبلىمەكچى بولغاندا، سەنائىنى ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئۇستازى دەپ بىلىدىغان جەلالىددىن چىداپ تۇرالماي ئۇنى سۆز بىلەن كاچاتلايدۇ:

— ئاغزىڭنى يۇم! ئەگەر بارلىق مۇسۇلمانلار سەنائىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلەلىسە ئىدى. جىمىكى مۆمىنلەرنىڭ بۆكى يەرگە

چۈشكەن بولار ئىدى!

شائىرنىڭ ئەتراپىغا خەلق ئارىسىدىن چىققان يېڭى مۇخلىسلارنىڭ كۆنسېرى توپلىنىشۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرى بولسا مەۋلانادىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن مۇرىتلار ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالماسلىق ئۈچۈن مەۋلانانىڭ ئالدىغا كىرىپ تولا - تەزەررۇ قىلىشىپ ئەپۇ سورايدۇ. لېكىن، ھېچقانداق ئىش ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھىجران قايغۇسىنى پەسەيتەلمەيدۇ. ئۇ تەرەپ - تەرەپتىن شەمسىنىڭ خەۋىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنى ئىزدەشكە ئادەم ماڭدۇرىدۇ، مەكتۇپ ئەۋەتىدۇ. ھېچ يەردىن خەۋىرىنى ئالالمىغاندىن كېيىن، ئاخىر ئوغلى ۋەلەدنى شەمسىنى تېپىپ كېلىشكە ماڭدۇرىدۇ.

سۇلتان ۋەلەد 20 گە يېقىن سادىق ئادەملىرى بىلەن يولغا چىقىپ مىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن ئىزدەپ، ئاخىر ھەلەبتە شەمسىنى تاپىدۇ ۋە ھەر ئاماللار بىلەن شەمسىدىن تەبرىزىنى كۆندۈرۈپ، بىللە ئېلىپ كېلىدۇ. ھەر كېچىسى يىغىلىش قىلىپ، شېئىر ئوقۇپ، تاڭ ئاتقۇچە ساز چېلىپ، ساماغا چۈشىدىغان قايناق ھايات يەنە باشلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ساما يىغىلىشلىرى ھەممىگە ئوچۇق بولۇپ بارغانچە خەلقنى كۆپلەپ جەلپ قىلىشقا باشلايدۇ.

جەلالىددىن ئۈچۈن ئۆز قەلبىدىكى ئىشق غەليانلىرىنى ئايان قىلىش شەكلى بولغان ساما يىغىلىشلىرى ئاۋام خەلق ئۈچۈن چىڭگىز قوشۇنلىرى كەلتۈرگەن تالاپەتلەر ۋە سالجۇقىيلار دۆلىتىنىڭ ئىچىنىشلىق زاۋاللىقىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان روھىي ئاۋۇنچ بولۇپ قالغانىدى.

شۇنداق قىلىپ ساما كونيادا - سۇلتان پايتەختىدە ئادەتكە ئايلىنىشقا باشلايدۇ. ئۆز ئىناۋىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى ئويلايدىغان ھەربىر سودىگەر، ئەمەلدار، بەگلەر ئۆز قورغانلىرى،



باغۋارانلىرىدا پات ـ پاتلا بۇنداق يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىغان بولىدۇ. بۇ يىغىلىشلارغا شەمس بىلەن مەۋلانا قاتناشمىسا، ئۇلار ئۆز ئابرۇيىغا تەسىر يەتكەندەك ھېس قىلىشاتتى.

مەۋلانانىڭ پۈتۈن ۋاقتىنى شەمس بىلەن سۆھبەتلىشىش، ساما ۋە مۇزىكا بىلەن ئۆتكۈزۈشى مۇتەئەسسىپ روھانىيلاردا، تەقۋادار مۇرىتلىرىدا يەنە نارازىلىق قوزغايدۇ. يەنە پىتنە ـ ئىغۋا، مالامەت تاشلىرى يېغىشقا باشلايدۇ. ئەمما، شائىر ئۈچۈن شەمس «ئالەمنىڭ خۇرشىدى، ھەقىقەت مەشئىلى، جاھاننىڭ جېنى» ئىدى. ئۇنىڭدىن يەنە ئايرىلىپ قېلىشنى مەۋلانا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. شۇڭا، ئۇ شەمسنى تۆھمەت تاشلىرىدىن ساقلاش ھەم ئۇنىڭ كونىيادىن يەنە كېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆي ـ ماكانلىق قىلىپ قويۇش قارارىغا كېلىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۆگەي قىزى كىميانى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بېرىدۇ.

ۋاھالەنكى، مەۋلانانىڭ بۇ ئىشى شەمسكە ئەسلىدىنلا ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش پەيىدە يۈرگەنلەرنىڭ باش بۇرنىسى بولغان مەۋلانانىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئالائىددىننىڭ شەمسكە بولغان ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋېتىدۇ. ئالائىددىن كىچىكىدىنلا يارامسىزراق يېتىلىپ قالغان بولۇپ، ئاكىسى ۋەلەد بىلەنمۇ ئانچە چىقىشالمايتتى. ۋۇجۇدىدا ھەسەت ئوتى لاۋۇلدايتتى. ھېچنېمىگە قىزىقمايتتى. مەۋلانا ئۇنى چوڭ بولغاندا ئوقۇشلىپ قالار دەپ ئويلايتتى. لېكىن، ئۇ ئوقۇشلىش ئورنىغا ئەكس تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋەرگەنىدى. ئۇ خېلىدىن بېرى ئۆگەي سىڭلىسى كىمياغا كۆز تىكىپ يۈرگەنىدى. ھېچ ئويلىمىغان يەردىن دادىسى ئۇنى شەمسكە ياتلىق قىلىدۇ. ئەگەر ئاشۇ دىۋانە سوپى پەيدا بولۇپ دادىسىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرمىغان بولسا كىميا ئۇنىڭ بولماسمىدى. ئالائىددىن شۇنداق ئويلار بىلەن شەمستىن ئۆچىنى





ئېلىشىنىڭ قەستىگە چۈشىدۇ. ئۇنىڭدىكى بۇ نادانلىقلار غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىك شەمسنى كۆزدىن يوقىتالماي يۈرگەنلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى قورال ئىدى.

دەرۋەقە، ئۇلار ئاتىسىنىڭ مەنىۋىيىتىنى، ئۇلۇغلۇقىنى چۈشەنمەيدىغان ھاماقەت ئوغلىنى قورال قىلىپ تۇرۇپ، قىش كۈنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى شەمسنى يوشۇرۇن قەتل قىلىشىپ، جەسىتىنى قۇدۇققا تاشلاپ ئىزىنى يوقىتىدۇ. بۇ قانلىق پاجىئە 1247 ـ يىلى 5 ـ دېكابىر كېچىسى يۈز بېرىدۇ. بۇنى ۋەلەد كېيىن سەزگەن بولسىمۇ، ئاتىسىنىڭ قەلبىنى جاراھەتلىمەسلىك ئۈچۈن، بۇ ئىشنى ئۇنىڭدىن سىر تۇتىدۇ. شەمسنى ئىزدەشتىن بىر نەتىجە چىقماسلىقىنى ئېنىق بىلسىمۇ يەنىلا ئاتىسىنى توسمايدۇ.

ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ئوغلىدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈيدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغىمۇ بارمايدۇ. قەتل قىلىنغۇچىمۇ، قاتىلنىڭ ئاتىسىمۇ بىر ـ بىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىنسانىي كامىللىقنى، يەنى ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئالەم ۋە ئىنسانىيەتنى، ئىنسانىيەتكە بولغان مۇھەببىتى بىلەن ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان كامىل ئىنساننى كۆرۈشەتتى.

دوستىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن جالالىددىن خۇددى مەجنۇندەكلا بولۇپ قالىدۇ. ئۇ پۈتۈن دۇنيانى، ھەتتا ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا ساماغا چۈشۈپ، شەمسكە ئاتاپ پىغانلىق شېئىرلارنى پۈتىدۇ. شەرق شېئىرىيىتى ئەنئەنىسىدە شائىرلار شېئىرلىرىنىڭ ئاخىرقى بېيىتىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىسىملىرى ياكى تەخەللۇسلىرىنى ئېيتىشاتتى. مەۋلانا بولسا شەمس تەبرىزى نامىدا غەزەللەرنى ئېيتىپ، مىسرالارنىڭ ئاخىرلىرىغا شەمسنىڭ نامىنى پۈتۈشكە باشلايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ غەزەللىرىدىن تۈزۈلگەن دىۋان «دىۋانى شەمسىددىن تەبرىزى» دەپ ئاتالغاندى.

ئويغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شائىر ھەقىقەتەنمۇ بىر پىيالە مەيگە ئوخشاش قايناپ تاشقانىدى. بۇ تاشقىنىدىن بۈيۈك «مەسنەۋى مەئنەۋى» دۇنياغا كەلگەنىدى. ئەمما شائىرنىڭ قەلب يارىسى يارا پېتىچە قېلىۋەردى.

شەمسنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، شائىرنىڭ قايغۇلۇق دىلى شەمستە كۆرگەن كامالەت تىمسالىنى ئۆزى بىلەن تەرىقەت سىناقلىرىدىن بىرگە ئۆتكەن ئاددىي دېھقان بالىسى زەرگەر سالاھىددىن ۋە سۆيۈملۈك شاگىرتى ھېسامىددىنلاردا ئۇچرىتىدۇ ھەم ئۇلارنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۆزىنىڭ خەلىپىسى ـ ئورۇنباسارى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. بۇ ئىككىسىمۇ مەۋلانانىڭ دىل جاراھەتلىرىگە مەلھەم بولۇپ، ئۇنى مالامەت تاشلىرىدىن ئاسرايدۇ، شۇڭا دوستلىرىدىن بىرى شائىردىن:

— شەمس، سالاھىددىن، ھېسامىددىن ئۈچىنىڭ قايسى ياخشى؟ — دەپ سورىغاندا، شائىر ئۇنىڭغا:

— ھەي بۇرادەر! شەمس قۇياش ئىدى. سالاھىددىن بولسا ئاي، شاھ ھېسامىددىن — يۇلتۇز... قۇياش پاتسا تۈننى ئاي يورۇتىدۇ، مۇبادا ئاينى بۇلۇت توسۇۋالسا، تۈننى يۇلتۇزدىن باشقا نېمە يورۇتىدۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

دەرھەقىقەت، شائىرنىڭ شاگىرتى ھېسامىددىنغا بولغان مېھرى ۋە ھۆرمىتى ناھايىتىمۇ چوڭقۇر ئىدى. بۇنى «مەسنەۋى»دىنمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. كىتابنىڭ ھەربىر جىلدىنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ، مەدھىيەلەر ياغدۇرىدۇ. ھەتتا بىرنەچچە يەردە «مەسنەۋى»نى «ھېسامىددىن كىتابى» دەپمۇ ئاتايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ شائىرنىڭ بۇ بۈيۈك ئەسەرنى تاماملىشىغا تۈرتكە بولغان، ئىلھام بەرگەن، ھەيدەكچىلىك قىلغان ھەم ھەر ۋاقىت يېنىدا قەغەز، قەلەم، سىياھ ئېلىپ يۈرۈپ شائىر قەيەردە ئېيتسا، شۇ يەردە خاتىرىلىگەن كاتىپ مانا شۇ ھېسامىددىن

ئىدى. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، «مەسنەۋى»نىڭ تولۇق تاماملىنىشى ۋە قەغەزگە چۈشۈشىدە ئۇنىڭ تۆھپىسى زور ئىدى.

زەرگەر سالاھىددىن ۋە ئەخىيلەر ئاقساقىلىنىڭ ئوغلى، ئەخىيلەرنىڭ باشلىقى ھېسامىددىن بىلەن دوستلىشىش، ئەسرار بولۇش شائىرنى زور تايانچقا ئىگە قىلىدۇ. بۇ تايانچ ـ خەلق ئىدى. ئۆزىنى ئەنە شۇ خەلقنىڭ ـ ئىنسانلارنىڭ بىر ھۇجەيرىسى دەپ قارىغان، قەلبى ئەنە شۇنداق ئاددىي، ئەمما ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمىغان كىشىلەرگە بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بىلەن تولغان ئۇلۇغ شائىر ھەقىقىي خۇشاللىقنى، روھىي ئازادلىقنى مانا شۇ خەلق ئارىسىدا ھېس قىلىدۇ. «بىز شۇنى كۆردۇقكى، ھەممە خۇشاللىق، ئۇلۇغۋارلىق ئاشۇ خەلق ئارىسىدا ـ ئادەملەر جەمئىيىتىدە ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ خەلققە جان تىكىپ خىزمەت قىلىشقا بەل باغلىدۇق» دەيدۇ شائىر.

شائىر ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق قىلغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەگ ـ ئەمەلدارلار، سەلتەنەت ئىگىلىرى بىلەن خۇشى يوقلۇقىغا قارىماي خەلقنىڭ ھال ـ دادىنى ئېيتىش، نەسھەت قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىغا پات ـ پاتلا باراتتى. ئۇلار مەۋلانانىڭ خەلق ئىچىدىكى ئورنى، ئابرۇيى ـ ئىناۋىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بىلگەچكە، شائىرغا ئالاھىدە ئېھتىرام ۋە ھۆرمەت كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ نەسھەتلىرىگە، پەتىۋالىرىغا قۇلاق سالاتتى. ئۆزلىرىمۇ مەۋلانانى تېز ـ تېز زىيارەت قىلىشىپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت، پەتىۋا سورايتتى. شۇلارنىڭ ئەڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بىرى مۇئىنىددىن پەرۋانە ئىدى. پەرۋانە مەۋلاناغا ئىخلاس قويغان بولۇپ، مەۋلانا بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، مۇنازىرە ئېلىپ باراتتى. مەۋلانانىڭ مۇشۇنداق سۆھبەتلىرىنىڭ جەملىنىشىدىن تۈزۈلگەن ئەسىرى «فىھى مافىھى» (ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر)دە بۇ سۆھبەتلەر خاتىرىلەنگەن



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ نامى بەزىدە «مۇئىنىددىن پەرۋانە كىتابى»مۇ دېيىلىدۇ.

مەۋلانانىڭ ئىخلاسمەنلىرى كۈنسېرى كۆپىيىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەر تائىپە، ھەر تەبىقىنىڭ كىشىلىرى، ھەتتا ئاياللارمۇ پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەمسۆھبەتلىرى ئارىسىدا مۇسۇلمانلار — ئەرەبلەر، تۈركلەر، ئىرانلىقلاردىن باشقا، يەنە يەھۇدىيلار، خرىستىيانلار، يۇنانلىقلار، ئەرمەن ۋە گرۇزىنلارمۇ بار ئىدى. شائىرنىڭ دەرگاھى ھەممە ئۈچۈن ئوچۇق بولۇپ، ئۇ يەردىن ھەممە ئۆزى ئىزدىگەن نەرسىنى تاپالايتتى، ھېچكىممۇ ئۈمىدسىز قايتمايتتى.

كەل، كەل، مەيلى سەن كىم بولمىغىن كەل!
كاپىرۇ ئاتەشپەرەست، بۇتقا چوقۇنغۇچى بولساڭمۇ كەل!
بىزنىڭ بۇ دەرگاھىمىز ئۈمىدسىزلىك دەرگاھى ئەمەس،
يۈز قېتىم تۇۋاڭنى بۇزغان بولساڭمۇ كەل!

شائىرنىڭ مانا شۇنىڭغا ئوخشاش يالقۇنلۇق چاقىرىقلىرى، ئوتلۇق شېئىرلىرى، سۆيۈملۈك راۋابى، ساز ۋە سامالىرىغا ئۆچمەنلىك كۆزلىرى بىلەن قاراپ، يىلاندەك تولغانغان سىراجىددىن قەزۋىنىگە ئوخشاش جاھىل ۋە مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار، روھانىيلار ياغدۇرغان مالامەت تاشلىرى، زەھەرلىك نەشتەرلەر، گەرچە مەۋلانانىڭ كامالىتىگە، تەسىرى، روھى ۋە ئابرۇيىغا ھېچقانداق فۇتۇر يەتكۈزەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى روھىي جەھەتتىن چارچىتىپ، ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ قىسقىرىشىغا سەۋەب بولغانىدى. رەشىك، ھەسەت ئوتىدا پۇچىلانغان بۇ پىتنىچىلەر ئاخىر مەۋلانانىڭ بۈيۈك مەنىۋىيىتى ئالدىدا تەسلىم بولۇشۇپ، ھوشىنى تېپىشقان

بولسىمۇ، لېكىن كېچىككەندى. مەۋلانانىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ ئاخىرقى چېكى كۆرۈنەي دەپ قېلىۋاتاتتى.

1273 ـ يىلى كۈزدە شائىر سىرتتىن ئۆيىگە قايتىۋېتىپ شارىلداپ قۇيۇلۇۋاتقان يامغۇردا قالىدۇ. شائىرغا سوغۇق ئۆتۈپ كەتكەندى. مەۋلانا جەلالىددىن رۇمىي شۇ يىقىلغىنىچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ، يىلىنىڭ ئاخىرىدا 1273 ـ يىلىنىڭ 17 ـ دېكابىردا بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىدۇ.

كونيا ئاسمىنىنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، پۈتۈن شەھەر مۇسىبەتكە چۆكىدۇ. شەھەرنىڭ چەت بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىدىن، ھەيۋەتلىك سۇلتان سارىيىغىچە بولغان بارلىق خانىدانلاردىن ئادەملەر بەس ـ بەس بىلەن كوچىغا ئېتىلىپ چىقىشىدۇ. چوڭلار، كىچىكلەر، ياشلار، قېرىلار، ئەرلەر، ئاياللار، دېھقانلار، بۇرادەرلەر، سودىگەرلەر، ساراي مۇلازىملىرى، ئۆلىما، تالىپلار... ھەممىسى مەۋلانانىڭ تاۋۇتى تەرەپكە يۈگۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالىشىۋېلىشقا، ئۇ ياتقان ئاشۇ مۇبارەك تاۋۇتنى تۇتۇۋېلىشقا ھەرىكەت قىلاتتى. ھەتتا يات دىنلاردىكى يەھۇدىيلار، پىراۋسىلار، گىرۇزىن، ئەرمەن، يۇنانلىقلارمۇ كونيا ئاسمىنىدا ھەقىقەت نۇرىنى چاقناتقان بۇ مۇبارەك زات بىلەن ۋىدالىششقا كەلگەندى .

بۇ ھال موللىلارنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ، يات دىندىكىلەرنى كەتكۈزۈۋېتىشنى ئەمىردىن ئىلتىماس قىلىشىدۇ. ئەمىر مۇئىنىددىن پەرۋانە ساراي قوغدىغۇچىلىرىنى ئىشقا سېلىپمۇ، بۇنىڭغا ئىلاج قىلالمايدۇ. چۈنكى، مەۋلانا يەر يۈزىنى ھەقىقەت نۇرى بىلەن يورۇتقان قۇياش ئىدى. قۇياش نۇرىنى بىراۋغا تەئەللۇق، يەنە بىراۋغا تەئەللۇق ئەمەس دېگىلى بولاتتىمۇ؟!

مەۋلانا ھەقىقەت مەملىكىتىنىڭ شاھى، ئارىفلارنىڭ سۇلتانى، ئاشىقلارنىڭ خاقانى ئىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇغۇلغانلار! ئۆلۈم قاقسا گەر ئىشىكنى، مەي ئىچىپ كۈتۈڭ!
ئۆلۈم ئاشىققا ياتتۇر! تۇغۇلماققا جۇر ئەت ئېتىڭ!

شائىر ئۆزىنىڭ ئەبەدىي ياشايدىغانلىقىنى، دىللارنى ھەر زامان ھەقىقەت نۇرى بىلەن يورۇتىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئەگەر ئۆلسەم، مېنى ئەسلا قارا تۇپراقتىن ئاختۇرماڭ،
ياشارمەن ئەھلى ئارىف كۆڭلىنى مەڭگۇ ماكان ئەيلەپ!

ئۆلۈم ـ مەۋلانادەك ۋۇجۇدى ئىلاھىي ئىشق بىلەن ئۆرتەنگەن ھەق ئاشىقى ئۈچۈن ھىجران، يەنى ئايرىلىش ئەمەس، بەلكى ۋىسال، يەنى قوشۇلۇش ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەبەدىيلىكىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ۋە ئەنە شۇ ئەبەدىيلىككە قوشۇلۇشقا ئىنتىلگەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈم مەشۇق بىلەن ھېچبىر پەردىسىز، توساقسىز قۇچاقلىشىپ ۋىسال تېپىش ئارقىلىق ئەبەدىيلىككە قوشۇلۇپ، ئەبەدىي ياشاشتىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ بۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنەتتى: «مەن تەختتىن تاۋۇتقا سەكرەيدىغان سۇلتانلاردىن ئەمەسمەن، مېنىڭ پېشانەمدە ئەبەدىيەت مۆھۈرى چاقنايدۇ» دېگەنىدى شائىر.

مانا ئارىدىن 800 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى. تالاي ۋەقەلەر، ئادەملەر، سەلتەنەت ئىگىلىرى، بايلار، بەگ ـ ئەمەلدارلارنىڭ ناملىرى ئۆز ئۆلۈمى بىلەن بىللە تۇپراققا ئايلىنىپ ئىنسانلارنىڭ خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئەمما، مەۋلانا جەلالىددىن رۇمىي دېگەن بۇ مۇبارەك نام كىشىلەر قەلبىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇنىڭ «يا بولغىنىڭ كەبى كۆرۈن، يا كۆرۈنگىنىڭ كەبى بول!»، «ئىنسان بۈيۈك بىر مۆجىزە ۋە ئۇنىڭ

ئىچىدە ھەممە نەرسە يېزىلغان». «سەن قىممىتىڭ ۋە چۈشەنچەڭ بىلەن ئىككى ئالەمگە تەڭسەن. ئەمما قانداق قىلغۇلۇق، ئۆز باھايىڭنى بىلمەيۋاتساڭ!». «ئۆزۈڭنى ئەرزان ساتما، چۈنكى قىممىتىڭ يۈكسەكتۇر»، «ھەربىر ئىنسان بۈيۈك بىر ئالەمدۇر» دېگەنگە ئوخشاش ھېكمەتلىرى قەلبلەرگە ئۈمىد، ئىلھام بېغىشلاپ كەلمەكتە.

خۇددى ئىرانلىق رۇمىيشۇناس ئالىم، دوكتور ئابدۇلھۈسەيىن زەررىنكوب يازغىنىدەك «مەۋلانىنىڭ 68 يىللىق ئاجايىپ ئۆمرى باشتىن ـ ئاياغ بىر شېئىر ئىدى، گۈزەل، تەڭداشسىز، تۇغيانلىق ئەشئار جەريانى، ساداسى ۋە باڭى ئىدى».

## 2. جەلالىددىن رۇمىينىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى

جەلالىددىن رۇمىي ئەسەرلىرىنىڭ يېزىلغان يىل دەۋرى ۋە ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپىنى ئېنىق چېگرا قويۇپ ئاجرىتىش ئىنتايىن قىيىن. ئۆزىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ھەققىدە ئۆزى شۇنداق دەيدۇ: «پازىللار، ئەقىللىق، يىراقنى كۆرەلەيدىغان، چوڭقۇر پىكىرلىك زاتلار، مۇھەققىقلەر (ھەقىقەت تالىپلىرى) تەشرىپ قىلغاندا، ئۇلارغا ھەقىقەتەن نازۇك مەسىلىلەردىن، نەپىسىدىن سۆز ئاچماق ئۈچۈن كۆپ ئىلىم ئۆگەندىم، زەخمەت چەكتىم، ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئۆزىمۇ شۇنى ئىستىگەنىدى. ئۇ بارچە بىلىملەر ۋە رەنجنى بىر يەرگە توپلىدى. ئەمما، نېمە ئۈچۈنكى، بىزنىڭ يۇرتىمىزدا، بىزنىڭ مىللىتىمىزدە، ئادەمنى شائىرلىقتىنمۇ بەتتەررەك ئۇيالدۇرىدىغان ئىش يوق. ئەگەر بىز شۇ مەملىكەتتە (بەلختە) قالغان بولساقتۇق، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ پېئىل ـ ئەتۋارىغا، تەبىئىتىگە مۇۋاپىق رەۋىشتە ياشىغان، دەرس بەرگەن،



كىتاب يازغان، ۋەز ئوقۇغان ۋە زۇھدۇ تەقۋا ھەمدە زاھىرىي نەرسىلەر بىلەن بەند بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىستەكلىرىنى ئورۇنلىغان بولار ئىدۇق... بۇ يەردە – رۇم ئېلىدە خەلق مۇزىكا ۋە شېئىرىيەتنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن شېئىر توقۇيمەن...»

زامان جەھەتتىن نىسپىي مەنىدە، ئۇنى شەمسىددىن تەبرىزى بىلەن ئۇچرىشىش نەتىجىسىدە يۈز بەرگەن روھىي ئىنقىلابتىن كېيىن شائىر بولۇپ تۆرەلگەن دېيىشىمىز مۇمكىن. بۇ شائىر ئۇنىڭدىن ئىلگىرى شېئىر يازمىغان دېگەن مەنىنى بەرمەيدۇ ، ئەلۋەتتە.

ئەمما، شۇنىسى ئېنىقكى، شېئىر ھېچ ۋاقىت ئۇنىڭغا مەقسەت بولغان ئەمەس. ئۇ پەقەت قەلب دولقۇنلىرى مەۋج ئۇرغاندا قىرغاقتا ئۇرۇلغان مەنىلەرنى ئىپادە قىلىشتىكى شەكىل ياكى ۋاسىتىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۇ مەنە قىزلىرىنىڭ قاپىيە تۇمانلىرى ئارىسىدا كۆرۈنمەي قېلىشىنى ياكى چەكلىمىگە ئۇچرىشىنى خالىمايتتى.

ئەمما، قەلبىدىكىنى ھامان شېئىر بىلەن ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئويلانماي تۇرالمايتتى. «مەن قاپىيە ئۈستىدە باش قاتۇرسام، مەھبۇبەم دەيدۇكى، مېنىڭ يۈزۈمدىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىما... نېمە ئۇ ھەرپ؟ باغنىڭ چۆرىسىدىكى قورۇق تام! ھەرپ، ئاۋاز، سۆزلەرنى بىر – بىرىگە ئۇرۇپ چاپاقلايلى – دە، بۇ ئۈچىنىڭ ھېچقايسىسى بولماسلىقتىن سۆزلىشەيلى. ئەي جاھاننىڭ ئەسرارى بولغان يارىم، ئادەمدىنمۇ يوشۇرۇن تۇتقان سىرنى ساڭا سۆزلەي، خەلىلمۇ بىلمىگەن سىرنى، جەبرائىلمۇ ئۇقمىغان ئىشنى، مەسىھمۇ ئۇرمىغان دەمنى، ھەتتا تەڭرى ئۆزىمۇ قىزغىنىپ بىزدىن باشقىغا ئاچمايدىغان سىرلارنى ساڭا ئاچاي!» دەيدۇ شائىر «مەسنەۋى»دە.

شائىرنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن بىز ئۇنىڭ شېئىرىيەت، شېئىرىي

ۋەزىن ۋە قاپىيە ھەققىدە قانچىلىك باش قاتۇرغانلىقى، ئويلانغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز. شائىر بەزىدە ھەققەتەنمۇ قاپىيە ۋە شېئىرىي ۋەزىنلەردىن قىسىلاتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ كەملىكىدىن، يېتىشمەسلىكىدىن ئەمەس، بەلكى پىكىرلىرىنى بىر ـ بىرىگە چېتىشتۇرۇپ، زەنجىرلەپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دىن، مەزھەپ چەكلىمىلىكلىرىدىن، خۇراپات ۋە روھىي قۇللۇق كىشەنلىرىدىن قۇتۇلغان قەلبىدىن ئۇرغۇغان ئەركىن، ياڭراق خىتابلارنىڭ پىكىرلەرنىڭ قاپىيە مىزانلىرى ئاستىدا ئۆلۈك، جانسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. شائىر ئۆز زاماندىشلىرى بولغان ساراي شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىكى پىكىر چوڭقۇرلۇقى ئۈچۈن باش قاتۇرۇش ئورنىغا، يېڭى قاپىيە، يېڭى ئوخشىتىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، مەدھىيە سۆزلىرى ۋە ئۇلارغا ماس قاپىيە يېتىشمەسلىكىدىن قاقشاشلىرىغا تەئەججۈپلىنەتتى. جەلالىددىن ئۆزى بۇنداق شېئىرىيەتتىن قەتئىي يىراق ئىدى. «قەلبىمنىڭ قايناق قېتىدىن قانلىق كۆپۈك چاچراتقايمەن!» دەيتتى شائىر.

ئۇ شېئىرىيەت ھەققىدە كۆپ سۆزلىمەيتتى. «شېئىرنىڭ نېمىلىكىنى ئۇقمىسام، ئۇ ھەقتە نېمە سۆزۈم بولغاي؟ مېنىڭ شائىرلىق ماھارىتىمدىن كۆرە، ئۇنىڭدىن مۇھىمراق ماھارىتىم بار» دەيتتى.

بۇ ئىنسان روھىيىتىدىكى چەكسىز ئىجادىي قۇۋۋەت ۋە كامالەت ئىمكانىنى ئىنسانلارغا كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت روھشۇناسلىق ماھارىتى بولۇپ، جەلالىددىن رۇمىي ئىنسان روھىيىتىنىڭ دىيالېكتىكىسىنى ياراتقان بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ «مەسنەۋى» مانا شۇ روھىيەت دىيالېكتىكىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئۇلۇغ ئەسەر بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تونۇش تارىخىدىكى مىسلىسىز ئابىدە ئىدى.

شائىرنىڭ قەلبىدىكى ئىشق شېئىرغا ئايلىنىپ تۆكۈلۈۋېرىدىغان تۈگىمەس بۇلاق، بۇلاق ئەمەس، بەلكى بىر ئۇمман - دېڭىز ئىدى. شائىر ئورنىدىن تۇرالماي ياتقان ئاخىرقى دەملىرىدىمۇ، ئۇنىڭ قەلبىدىن شېئىر تۆكۈلۈپ، ھېسامىددىن ئۇنى خاتىرىلەپ ئولتۇرغانىدى. شائىر ھېچ ۋاقىت ئۆز كامالىتى ۋە شۆھرىتىدىن قانائەتلىنىپ قالمىغان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىنتىلگەنىدى. چۈنكى، «ئېرىشكىنىڭگىلا قانائەت قىلىش - مەنىۋى ئۆلۈم، زامان بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ بىرلىكتە قەدەم تاشلاش - ھاياتلىق» ئىدى.

تۆۋەندە شائىرنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

1. «مەسنەۋى مەئنەۋى»

مەۋلانا جەلالىددىن رۇمىي ۋە ئۇنىڭ نامى بىلەن تەشكىللەنگەن تەرىقەت - مەۋلەۋىيلىك تارىخىغا دائىر ئەڭ قەدىمىي ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن «مەنەقىبى سىپەھسالار» بىلەن ئەفلاكىينىڭ «مەنەقىبۇل ئارىفىن» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «مەسنەۋى» مەۋلانانىڭ سۆيۈملۈك شاگىرتى ۋە سىرداش ھېسامىددىن چەلەبىينىڭ تەلىپى بىلەن يېزىلغان.

«مەسنەۋى»نىڭ بارلىققا كېلىشىگە دائىر بۇ مەلۇماتنى ئابدۇرەھمان جامىمۇ ئۆزىنىڭ «نەفەھاتۇل ئۇنس» ئەسىرىدە زىكىر قىلىپ ئۆتىدۇ: «قاچانكى شەيخ سالاھىددىن ھەق رەھمىتىگە ئۇلاشتى، خەلىپىلىك خىزمىتى ھېسامىددىن چەلەبىينىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى، «مەسنەۋى» نىڭ سەۋەبى نەزم بولمىقى تۆۋەندىكى ھالەتتە يۈز بەردى. ھېسامىددىن چەلەبى مەۋلانا ئەسھابلىرى ھەكىم سەنائىنىڭ «ھەدىقە»سى، شەيخ فەرىدۇددىن




ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت تەير» ۋە «مۇسىبەتنامە» كىتابلىرىغا ئارتۇق مەيىل كۆرسەتكەنلىرىنى سېزىپ قالغاچ، ھەزرەتكە يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئەسەرلەر ئۇسلۇبىدا بىر مەنزۇمە يارىتىسىلا، دوست ـ بۇرادەرلەرگە يادىكار بولۇپ قالار ئىدى، دەپ مۇراجىئەت قىلىدۇ. ھەزرىتى مەۋلانا شۇ ھامان دەستارىدىن بىر قەغەزنى ئېلىپ ھېسامىددىن چەلەبىيگە بەردى. ئۇنىڭدا «مەسنەۋى» نىڭ ئېپتىداسىدىكى 18 بېيىت يېزىلغانىدى».

ئارىدىن سەككىز ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىنسانلار ئەقلىنى ھەيرەتكە سېلىپ كېلىۋاتقان، روھىيەت ۋە تەپەككۇرنىڭ ئۆلمەس ئابىدىسى «مەسنەۋى، مەئنەۋى» مانا شۇنداق دۇنياغا كەلگەنىدى.

ئالتە جىلد، 26840 بېيىت، 53860 مىسرادىن تەشكىل تاپقان بۇ زور ھەجىملىك ئەسەرنىڭ جەلالىددىن رۇمىي ئۆز قولى بىلەن يازغىنى:

بىشنەۋ ئەز نەي چۇن ھېكايەت مىكۇنەد،
ئەز جۇدايىھا شىكايەت مىكۇنەد.

(ئاڭلىغىل نەي نې ھېكايەتلەر قىلۇر،
ئول جۇدالىقتىن شىكايەتلەر قىلۇر.)

دەپ باشلانغان دەسلەپكى 18 بېيىتتىدىنلا ئىبارەت ئىدى. قالغانلىرىنى ئۇنىڭ شاگىرتى ھەم كاتىپى ھېسامىددىن چەلەبى ئۇستازىنىڭ ئىلھامى قەيەردە تۇتسا ـ مەيلى كوچىدا، ھاممامدا، دوستلىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا، شاگىرتلار بىلەن ئۇچراشقانلاردا، ئۆيدە، بازاردا، ساما يىغىلىشلىرىدا ھەتتا مەسچىتلەردە بولمىسۇن،

قەيەردە ئېيتىلسا، شۇ هامان ئېيتىلغان مىسرالارنى سۆزمۇسۆز يېزىۋېلىپ، كېيىن رەتلەپ، هەربىر جىلد تاماملانغاندا مەۋلاناغا ئوقۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ تۈزىتىش - تولۇقلاشلىرىدىن كېيىن، قايتا ئاققا كۆچۈرۈپ چىققان.

شۇڭا مەۋلانا «مەسنەۋى»نىڭ هەر جىلدىنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ، تەشەككۈرىنى بىلدۈرىدۇ. بىر ئورۇندا كېچىچە يېزىشقا مەجبۇر قىلغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايدۇ. شائىر «مەسنەۋى» نىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدىكى قوزغاتقۇچ هەم تۈرتكە بولغان ھېسامىددىنىنىڭ تۆھپىسىنى يۈكسەك ئورۇنغا قويىدۇ: «ھەي ھېسامىددىن سەن بوينۇڭغا ئارغامچا سېلىپ، مەسنەۋىياتنى ئىلگىرى تارتىۋاتىسەن. سېنىڭ شاراپىتىڭ ۋەجىدىن كىتاب جىلد - جىلد بولۇپ ئالدىڭغا توپلانماقتا. لېكىن، كۆزى تېگىلغان ئاتەك نەزىرى تار نادانلارغا مەنپەئەت بولسىلا بولدى، ئۇلارغا سەن كۆرۈنمەيسەن. گۈللەر، رەڭلەردىن كۆزلىرى قاماشقانلار نېمىشقا كۈننىڭ نۇرىنى بايقاشمايدىغاندۇ. ئەمما، كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقى بولمىسا، نە گۈل ئېچىلسۇن، نە رەڭ بولسۇن. سەن شۇ باشلىنىش نۇقتىسى، سەن ھەقىقەتسەن، ھېسامىددىن!»

«مەسنەۋى»نىڭ قايسى يىلى باشلىنىپ قايسى يىل تاماملانغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېيىش تەس. ئەسەردىمۇ بۇ ھەقتە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. پەقەت ئىككىنچى جىلدىنىڭ بېشىدا «مەسنەۋى»نى يېزىش بىر مەزگىل توختاپ قالغاندىن كېيىن، ھىجرىيە 662 - يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 15 - كۈنى (مىلادىيە 1264 - يىلى) باشلانغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بىرىنچى جىلدىنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ جىلد يېزىلىۋاتقاندا باغدادتا ئابباسىيلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، بىرىنچى

جىلدنى ھىجرىيە 656 ـ يىلى (مىلادىيە 1258 ـ يىلى) يېزىلغان دېيىشكە بولىدۇ. بىرىنچى جىلد تاماملىنىپ ئىككىنچى جىلد باشلانغان 662 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا «مەسنەۋى»نى يېزىش ئالدى ـ كەينى بولۇپ ئالتە يىل ئۈزۈلۈپ قالغان.

مەۋلانا «مەسنەۋى» نى پۈتتۈرۈپ ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي پانىي دۇنيا بىلەن خوشلاشقان. بۇ كىتاب مەيدانغا كېلىشى بىلەنلا ئەتراپتىكىلەر تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنىپ، مۇسۇلمان دۇنياسىغا ناھايىتى تېزلا تارالدى ھەم شائىرنىڭ شۆھرىتىنى ئالەمگە يېيىپ، ئۇنىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرگەن كىتابقا ئايلاندى.

2. «دىۋانى كەبىر»

«دىۋانى كەبىر» (چوڭ دىۋان) شائىرنىڭ غەزەل ۋە رۇبائىيلىرىدىن تۈزۈلگەن دىۋان بولۇپ، شاگىرتلىرى دىۋان تۈزۈش ئەنئەنىسى بويىچە شائىرنىڭ غەزەل ۋە رۇبائىيلىرىنى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىپ دىۋان قىلىپ چىققاندى.

«دىۋانى كەبىر»دە 2703 غەزەل، 1790 رۇبائىي ئورۇن ئالغان بولۇپ، جەمئىي 50 مىڭ مىسراغا يېقىن ئىدى. «دىۋانى كەبىر»دىكى شېئىرلار ئىلاھىي ئىشقنىڭ، ئىنسانىي ھاياجاننىڭ تىل بىلەن بايان قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ۋەجدىنىڭ ئىپادىلىرى بولۇپ، شائىر ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى دوستى شەمس تەبرىزىنىڭ نامىدىن ئېيتقان. شۇڭا، «دىۋانى كەبىر» يەنە «دىۋانى شەمس تەبرىزى» دەپمۇ ئاتىلىپ كەلگەن. شېئىرلاردىكى ئىلاھىي ئىشقتا ئىنسانىي ئارزۇلار، ئىنسانىي ھاياجانلاردا دىنىي ئېتىقاد، تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان بۇ ۋەجدلەر پۈتۈن تەبىئەت، جەمئىيەت، تۇنۇگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتە بار بولۇپ، ھاياتنىڭ تاتلىق ـ ئاچچىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندى. شائىر شېئىرلىرىدا ھېچ ۋاقىت ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى،



جەمئىيەتتىكى ئىنسانلارنى، جەبىر - زۇلۇمنى، موغۇل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ زورلۇقلىرىنى، مۇسادىرلىرىنى، ئەزگۈچى ۋە ئېزىلگۈچىلەرنى ئەستىن چىقىرىپ قويمىغان، مۇستەغرەقلىق ئىچىدىكى ئەڭ ۋەجدلىك دەقىقىلىرىدىمۇ، خۇددى ھايات ئەمەلىيىتىدىكىگە ئوخشاش شېئىرلىرىدىمۇ ئۆزى ياشاۋاتقان ئالەمنى ئۇنتۇمايدۇ. بەزىدە «مەسنەۋى»دىكى ھېكايىلىرىنى قايتىلايدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا ماقال - تەمسىللەر ئادەت سۆزلىرىدىن پايدىلىنىدۇ.

بەزىلەر «مەسنەۋى»دە «دىۋانى كەبىر»دىكى ۋەجد، ھاياجان، قايناقلىق يوق دەپ قارىشىدۇ. بۇ قاراشنىڭ مەلۇم ئاساسى بار. «مەسنەۋى» تەلىمىي، ئەخلاقىي ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا دىنىي ئەقىدىلەر، تەسەۋۋۇپ ئاساسلىرى كۆپرەك بايان قىلىنغان. «دىۋانى كەبىر»دىكى غەزەللەرنىڭ كۆپىنچىسى ھەتتا ھەممىسى دېگۈدەك ئەخلاقىي ماھىيەتتىكى شېئىرلار بولماستىن، ئىلاھىي ئىشقتىن بىھوش بولغان روھىي ھالەتلەرنىڭ، ئىچكى ھاياجانلارنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى، يەنى ھال شەرھىسىدۇر.

ئەمما، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، «مەسنەۋى»دىكى ھال بايانى بىلەن «دىۋانى كەبىر»دىكى ۋەجد ھاياجانلار بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە. ھەممىسى شائىرنىڭ قەلبىدىكى ئىلاھىي ئىشق بىلەن ئىنسانىي مۇھەببىتىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن ھاسىل بولغان ئىشق دېڭىزىنىڭ دولقۇنلىرىدۇر. بۇ دولقۇنلار بەزىدە شىددەتلىك مەۋج ئۇرسا، بەزىدە تىنچراق ئاققان، خالاس.

3. «فىھى مافىھى»

«فىھى مافىھى» (ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر) — جەلالىددىن رۇمىينىڭ ھەر خىل يىغىلىشلاردا بايان قىلغان ئىلاھىيەت، تەسەۋۋۇپ، ھايات ۋە بارلىق ھەققىدىكى قاراشلىرى،

مۇلاھىزىلىرى، دوستلىرى، سۆھبەتداشلىرى ئارىسىدا سۆزلەنگەن نۇتۇقلىرى، بەس ـ مۇنازىرىلەردە ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرىنىڭ جەملەنگەن توپلىمى بولۇپ، ئۇنى ئوغلى سۇلتان ۋەلەد ياكى مۇرىتلىرىدىن بىرى يېزىۋېلىپ، توپلىغان ھەم كىتاب قىلىپ چىققان. كىتابىدا مۇئىنىددىن پەرۋانىنىڭ نامى كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان بولغاچقا بۇ كىتابنى «مۇئىنىددىن پەرۋانە كىتابى» دەپمۇ ئاتاشقان.

بۈيۈك شائىر «مەسنەۋى»دىكى ھەدىس ۋە ئايەتلەر، ھېكايەت ۋە تەمسىللەرگە ئورالغان، ناھايىتى مۇرەككەپ بىر پەلسەپىۋى مۇھاكىمىلەر ئاساسىغا قۇرۇلغان پىكىرلىرىنى بۇ ئەسەردە ئاددىي ھەم روشەن قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بەرگەن بولۇپ، چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە ئىنسان ئەقلىنىڭ، روھىيىتىنىڭ مۆجىزىلىرىنى ھەيران قالارلىق بىر تەرىزدە بايان قىلىدۇ.

شائىر گويا روھشۇناس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىنساننى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتى ۋە ئىنتىلىشلىرىنى كۆزىتىدۇ. روھىي پارلاش ۋە سۇرۇلۇشلەر، قەلب سىلجىشلىرىنى چوڭقۇرلاپ ئاختۇرىدۇ. ئىنساننىڭ ئېتىقاد گۆھىرى، ئۇلۇغلۇقى بىلەن بىرگە، نۇقسانلىرى ـ نەپسى، ھېرىسى ئاقىۋىتىدە كېلىپچىقىدىغان ياۋۇزلۇقلارنى تەھلىل قىلىپ، بۇلاردىن قۇتۇلۇش، پاكلىنىش يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەنىۋى كامالەت يوللىرى، مەرىپەتلىك بولۇش ئۇسۇللىرىنى بايان قىلىدۇ. ئىنسانغا ئۆزىنى تونۇتىدۇ. يامانلىقتىن نەپرەتلىنىش ۋە ياخشىلىقتىن، ئۆزىدىكى ئىلاھىيلىقتىن پەخىرلىنىشكە ئۈگىتىدۇ.

قىسقىسى، «فىھى مافىھى»دا روھىيەت دىيالېكتىكىسى، ئىنسان مەيىللىرى، چۈشەنچە ـ تەسەۋۋۇرلىرى، ئېھتىياج ۋە تەلەپلىرى، ئىزتىراپ ۋە قىيىنىلىشلىرى، زىددىيەت ۋە



ئۇيغۇنلۇقلار، كۆرەش ۋە غەلىبە، يوقلۇق ۋە بارلىق، چۈش ۋە رېئاللىق، تەن ۋە روھ قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەر شۇنچىلىك چوڭقۇر ھەم شۇ قەدەر يارقىنكى، بۇ پىكىرلەرنىڭ بۇنىڭدىن 800 يىل بۇرۇن ئېيتىلغانلىقىغا ئادەمنىڭ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. مۇتەپەككۇرنىڭ قاراشلىرىدا ھېچقانداق مۇتەئەسسىپلىك، قارىغۇلارچە ئەگىشىش، ئەقىدىپەرەسلىك ئالامەتلىرى ئۇچرىمايدۇ. ئۇ سەگەك ھەم ھوشيار كۆز بىلەن دۇنياغا نەزەر تاشلاپ، ئىنساننى ئەسلىي ھالىتى قانداق بولسا، شۇ ھالدا تەتقىق قىلىدۇ. ئىنسان قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى ئەڭ نازۇك، ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ يوشۇرۇن سىرلارنى ئايان قىلىدۇ. روھىيىتىمىزدىكى ئۆزىمىز سەزمىگەن قانۇنىيەتلەر، زۆرۈرىيەتلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

رۇمىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 800 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن 2007 ـ يىلىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن ـ مەدەنىيەت، مائارىپ تەشكىلاتى (UNESCO) تەرىپىدىن «رۇمىي يىلى» قىلىپ بېكىتىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن شائىرنىڭ «فىھى مافىھى» ناملىق بۇ ئەسىرىنى بىز ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئوقۇرمەنلىرىمىزگە رۇمىينىڭ تەپەككۇر دۇنياسى بىلەن بىرئازبولسىمۇ تونۇشۇش ئىمكانىنى ياراتقانىدۇق .

4. «مەكتۇبات»

بۇ مەۋلانانىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن بىرسىنى تەۋسىيە قىلماق ياكى بىرسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ئۈچۈن يېزىلغان 147 پارچە مەكتۇبىنىڭ توپلىمىدىن ئىبارەت.

5. «مەجالىسى سەبئە»

مەۋلانانىڭ يەتتە قېتىملىق ۋەزى ئاساسىدا شاگىرتلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئەسەردۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

*　*　*

جەلالىددىن ئۆزىنىڭ مانا شۇ قىممەتلىك مىراسلىرى بىلەن ئۆزىدىن كېيىنكى بىر پۈتۈن شەرق ۋە غەرب ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، سەككىز ئەسىردىن بۇيان گويا قۇياش كەبى قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتۇپ، مۇزلىغان قەلبلەرنى ئىللىتىپ، شەرق بىلەن غەربنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، ئىنسانىيەتنى ئىناقلىققا، ئەھلىككە، بىرلىككە ئۈندەپ كېلىۋاتىدۇ.

شەرق شائىرلىرى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇستازلىرى، مەنىۋى يول باشچىلىرى ھېسابلاپ، ئەسەرلىرى بولۇپمۇ «مەسنەۋى»نى «قۇرئان» بىلەن تەڭ دەرىجىگە قويۇپ، ئۇلۇغلاپ كەلگەن بولسا، غەربنىڭ گىيوتى ، گېگىلگە ئوخشاش مۇتەپەككۇر ۋە پەيلاسوپلىرىمۇ ئۇنىڭ تەپەككۇرىدىكى پەللىگە ھەيران بولۇپ، ئاپىرىن ئېيتىشقاندى.

رۇمىيدىن ئالتە يۈز يەتمىش يىل كېيىن دۇنياغا كۆز ئاچقان ھىندى ـ پاكىستاننىڭ مەشھۇر شائىرى ۋە پەيلاسوپى ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال (1938 ــ 1877) بولسا رۇمىينى ئۆزىنىڭ ئۇستازى، پىرى ھېسابلاپ ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئەسرارى خودى» (ئۆزلۈكنىڭ سىرلىرى) ۋە «رۇمۇزى بىخۇدى» (بىخۇدلۇقنىڭ ئالامەتلىرى)نى رۇمىينىڭ تىلى ــ پارس تىلىدا يازغاندىن باشقا گىيوتى بىلەن رۇمىينىڭ ئىدىيەسىنى سېلىشتۇرۇپ، «جەلال ۋە گىيوتى» ناملىق ئەسىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىدى.

بۇنداق مىساللاردىن تالاي كەلتۈرۈش مۇمكىن. قىسقىسى، جەلالىددىن رۇمىينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تەپەككۇر تارىخىغا، ھەتتا ئىنسانىيەت تەپەككۇر تارىخىغا، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىش تارىخىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتىمۇ زور.





www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى قولدىن قولغا ئۆتۈپ كۆچۈرۈلۈپ، شەرھلىنىپ، قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنىپ، نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ كېلىنىۋاتقانلىقى، تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنىڭ ئۆزىلا رۇمىينىڭ ھاياتلىقى، ئىنسانلار بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن دالەت بېرىدۇ. شائىرنىڭ ئىنسانىيەت ـ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق دەلىل بولمىسا كېرەك.

## 3. رۇمىي ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

ئىرانلىق داڭلىق رۇمىيشۇناس، «مەسنەۋى مەئنەۋى»نىڭ مۇكەممەل مەتنىنى تەييارلىغان ئالىم دوكتور مۇھەممەد ئىستىلامىي «مەسنەۋى»، يازغان مۇقەددىمىسىدە «مەۋلانانىڭ ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ «مەسنەۋى» بولمىغىنىدا بىزنىڭ مەۋلانىمىز، جاھاننىڭ رۇمىيسى، بەلكى پۈتۈن دۇنيا تەمەددۇنىدا (مەدەنىيىتىدە) بۇنچىلىك شۆھرەت قازانمىغان بولار ئىدى» دەپ يازىدۇ .

دەرۋەقە، جەلالىددىن رۇمىينىڭ نامىنى دۇنياغا تونۇتقان ئەسىرى «مەسنەۋى مەئنەۋى» بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى ناھايىتىمۇ يۇكسەك. شەرقتە ھەتتا ئۇ ئىلاھىي كىتاب قاتارىدا قارىلىپ، ناھايىتىمۇ كۆپلەپ شەرھلەر يېزىلغان. 15 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر شائىر ئابدۇراھمان جامى بۇ ئەسەرنى «پارسچە قۇرئان» دەپ تەرىپلەپ،

«مەسنەۋى مەئنەۋى» مەۋلەۋىي،
ھەست قۇرئان دەر زەبانى پەھلەۋىي.

(مەۋلانانىڭ «مەسنەۋى مەئنەۋى» ئەسىرى پەھلەۋىي (پارس) تىلىدىكى قۇرئاندۇر.)

دەپ يازسا، مەۋلانانىڭ ئۆزى ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ:

مەن چى گويەم ۋەسفى ئان ئالىيجەناب،
نىست پەيغەمبەر، ۋەلى دارەد كىتاب.

(مەزمۇنى: مەن ئۇل ئالىيجاناب زات تەرىپىدە نېمىمۇ دېيەلەيمەن، ئۇ پەيغەمبەر ئەمەس، ئەمما كىتابى بار.)

مەسنەۋى ـ قاپىيەلىك قوش مىسرا دېگەنلىك بولۇپ، شەرق شېئىرىيىتىدىكى ھەر ئىككى مىسراسى ئۆزئارا قاپىيىداش بولغان بىر شېئىرىي شەكىلنىڭ نامى ئىدى. شائىر ئۆز كىتابىغا ئالاھىدە ئىسىم قويۇشنىمۇ ئويلاشمىغانمۇ قانداق، ئۇنى يازغان شېئىرىي شەكىلنىڭ نامى بىلەنلا «مەسنەۋى» دەپ ئاتىغانىدى. كۆپلىگەن شائىرلار مەسنەۋىدە كىتاب تۈزۈشكەن. شەرق كىلاسسىكلىرىدىن مەسنەۋىيات يازمىغانلىرىمۇ يوق دېيەرلىك. ئەمما، بۇ كىتاب دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، مەسنەۋى دېيىلسىلا جەلالىددىن رۇمىينىڭ كىتابى كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولدى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش «مەۋلانا» دېگەن سۆز شەرقتە ئىلىم ۋە ئېرپاندا يېتىشكەن ئۇلۇغ زاتلارغا قارىتا قوللىنىلىدىغان ھۆرمەت سۆزى ئىدى (مەسىلەن: «مەۋلانا لۇتفى، مەۋلانا ئابدۇرەھمان جامى، مەۋلانا نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋايى...» دېگەندەك) ۋاھالەنكى، بۇ سۆز جەلالىددىن رۇمىيغا قارىتا قوللىنىلغاندىن تارتىپ خاس مەنىگە ئىگە بولۇپ، «مەۋلانا» دېيىلسە، كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىگە دەرھال رۇمىي كېلىدىغان بولدى. بۇ مەلۇماتلار رۇمىي تىكلىگەن شۆھرەت قەسرىنىڭ قانچىلىكى يۈكسەكلىكتە ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ.

ئۇنداق بولسا رۇمىينىڭ شۆھرىتىنى جاھانغا يايغان شاھ

 

www.uyghurkitap.com

ئەسىرى «مەسنەۋى» زادى قانداق كىتاب؟

«مەسنەۋى»دىكى ئاساسىي غايە ۋە ماۋزۇ ـ ئىشق. ئۇنىڭ ھەربىر مىسراسىدىن ئىشق ئوتىنىڭ يالقۇنى كېلىپ تۇرىدۇ.

چەند ئەز ئىن ئەلفازۇ ئىزمارۇ مەجاز،
سوز خاھەم، سوز، با ئان سوز ساز.

(قاچانغىچە بۇ سۆزلەر كىنايە ۋە مەجازلارنى كەلتۈرىسەن، ئوت خالايمەن، ئوت. ئوت بىلەن قىزىتقىن.)

قەلبى مانا شۇنداق ئۆچمەس ئىشق يالقۇنى بىلەن تولغان شائىر ئۈچۈن ئالەمدە ھەقتىن ئىبارەت پەقەت بىرلا بارلىق مەۋجۇت بولۇپ، ئىنسانىنى ئۇنىڭغا باشلاپ بارىدىغان بىردىنبىر يول ئىشقتۇر. شۇڭا شائىرنىڭ نەزىرىدە پۈتۈن ئالەمنى، كائىناتنى ئىشق تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئىشق ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. ھەممە نەرسە مانا شۇ ئىشقتىن پەيدا بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر رۇبائىيلىرىدىن بىرىدە مېنى ئانا ئەمەس، ئىشق تۇغقان، دەيدۇ.

ئۇل ئىشق مېنى تۇغدى ئەسلىدە ـ ئانا ئەمەس،
ئۇل ئانىغا تەھسىنۇ مىڭ رەھمەت بولسۇن.

شۇڭا ئالىملار «جەلالىددىن رۇمىينىڭ «مەسنەۋى مەئنەۋى» ئەسىرىنى ئىنسان تەپەككۇرىنى يالقۇنجىتىپ، ئىلاھىي ماھىيەتنى چۈشىنىشكە ئېلىپ بارىدىغان ئىشقنىڭ تەپسىرى دېسە بولىدۇ» دېيىشىدۇ.

مەۋلانا بولسا ئەنە شۇ ئىشقنىڭ بۈيۈك كۈيچىسى بولۇپ، «مەسنەۋى»دە ئىشقنى شۇنچىلىك كۆيۈپ ـ يېنىپ كۈيلىگەنكى،

ئۇنىڭ قەلبىدىن چاقنىغان يالقۇنلار سەككىز ئەسىردىن بۇيان «پۈتۈن تۈركىي زەبان، پارسىي زەبان خەلقلەرنى بىر - بىرى بىلەن يېقىنلاشتۇرۇپ، دوستلاشتۇرۇپ، پەيۋەندلەپ، كىشىلەر ئارىسىدا دوستلۇق، بۇرادەرلىك، مېھىر - شەپقەت، جەۋانمەردلىك (سېخىيلىق)، مۇرۇۋۋەت، فۇتۇۋۋەت، پاكلىق، ھالاللىق، ئالىي ھىممەتلىك ۋە ئالىيجانابلىق كەبى چىن ئىنسانىي، ئۇمۇمبەشەرىي ئىلغار ئەخلاقىي قەدرىيەتلەرنى كۈيلەپ كەلمەكتە ۋە كەلگۈسىمۇ بۇ ئۇلۇغۋار ئاھاڭ ئەبەدۇلئەبەد جاراڭلاپ يۈرەكلەردە ئەكس سادا بېرىدۇ، دەپ قەتئىي ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمىز».

شائىرنىڭ قارىشىدا، بارلىقنىڭ بىر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى مانا شۇ ئىشق. قەلبى ئىشق بىلەن تولغان ئىنسان بارلىق ئىنسانلارنىڭ قەلبىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ. شۇڭا شائىر ئۆزىنىڭ «مەسنەۋى»سىنى «پۈتۈن ئالەمنىڭ ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدىغان كىتاب، يەنى «بىرلىك دۇكىنى» دەپ ئاتايدۇ.

«مەسنەۋى» مىز بىرلىك دۇكىنىدۇر،
بىردىن باشقا نېمە كۆرسەڭ بۇتتۇر.

رۇمىينىڭ تەپەككۇرىدىكى بۇ «بىرلىك» ھەققىدە غەرب پەلسەپىسىنىڭ چوققىلىرىدىن بىرى بولغان گېگىل ئۆزىنىڭ «روھىيەت پەلسەپىسى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە شۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىز «بىرلىك» ئىبكىنى ئۇنىڭ ئەڭ نەپىس ساپلىقى ۋە ئۇلۇغۋارلىقى بىلەن چۈشەنمەكچى بولىدىكەنمىز، ئۇنداقتا جەزمەن مۇسۇلمانلارغا مۇراجىئەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئاجايىپ جەلالىددىن رۇمىي شېئىرلىرىدا روھنىڭ «يېگانە زات»

www.uyghurkitap.com

بىلەن بىرلىكى ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن. ئىشقنىڭ بىرلىكى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن بۇ روھىي بىرلىك چەكلىك ۋە ئەھمىيەتسىز نەرسىلەردىن ھالقىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش (يۈكسىلىش)؛ تەبىئىي شەيئىلەر ۋە روھىي شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى دېگەنلىكتىن ئىبارەت. بۇنىڭدا، تەبىئەتتىكى ۋە تەجرىبە دۇنياسىدىكى روھنىڭ تاشقى خاسلىقى ۋە ۋاقىتلىقلىقى چەتكە قېقىلىدۇ». گېگىل بۇ سۆزنىڭ مىسالى سۈپىتىدە رۇمىينىڭ بىر قاتار شېئىرلىرىنى مىسال كەلتۈرىدۇ .

دەرھەقىقەت، بۇ «بىرلىك دۇكىنى»دا ھەممە نەرسە بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەممىلا نەرسە توغرۇلۇق سۆزلەنگەن. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇ ھەر دەقىقىدە يېڭىلىنىپ، قايتىدىن يارىلىپ تۇرىدىغان بۇ رەڭدار ئالەمنىڭ شەرھىسى. ئۇ بىر ئىلاھىي كىتاب بولۇپ، شۇنداق قۇدرەت تىلى بىلەن سۆزلەيدۇكى، ھېكمەتكە زارىققان دىللارنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، دولقۇنلارنى مەۋج ئۇرغۇزىدۇ.

«مەسنەۋى»دە روھنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى، پىكىرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يوقىلىشى، تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر، خىيال ۋە بارلىقنىڭ ئاڭغا، ئاڭنىڭ بارلىققا تەسىرى، ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدىغان بەلگە ـ ئالامەتلەر، ئىنساننىڭ ئالدىنىشى، يالغان تەسەۋۋۇرلار ۋە ھەقىقىي بىلىم، تەجرىبە ۋە تەھلىل، جۇزئىي ۋە كۇللى، كونكرېتلىق ۋە مەۋھۇملۇق، ئىلاھىي سۈپەتلەر ۋە ئىنسانىي سۈپەتلەر، ئىنسانىي كامىللىق يوللىرى قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئۆزىنى تونۇتۇش، ئىنساندىكى كامالى قۇدرەتنىڭ چەكسىزلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش مەقسەت قىلىنغان. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، «مەسنەۋى» ئىنساننىڭ كامالەتكە يېتىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نۇرلۇق ماياكقا ئوخشايدۇ.





بۈيۈك شائىر تەپەككۇرنىڭ قۇدرەتلىك ساھىبى بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭدا يەنە ئاتاقلىق رۇمىيشۇناس ئالىم ئابدۇلباقى گۆلپىنارلىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «شائىرلىقنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە بىرىنچى خۇسۇسىيىتى بولغان تەدائىي قابىلىيىتى مىسلى يوق بىر دەرىجىدە ئىدى». ئۇ مانا شۇ ئىقتىدار ۋە قابىلىيىتى بىلەن قۇراشتۇرۇش قىيىن بولغان نۇقتىلارنى قۇراشتۇرۇپ، قىياس قىلىش قىيىن بولغان نەرسىلەرنى قىياس قىلىپ، ماھىيەتنى ئېچىپ كۆرسىتىشنى بىلەتتى. ھالەتلەرنىڭ زەنجىرسىمان بولۇشى — «مەسنەۋى»نى ئالغا يېتەكلىگۈچى ئامىل بولۇپ، ئەسەردىكى ۋەقەلەر، ھېكايىلەر بىر — بىرىگە زەنجىرسىمان تۇتاشقان. بۇ ھال شائىر ياراتقان روھىيەت دىيالېكتىكىسىنى تېخىمۇ يارقىن نامايان قىلغان.

شائىر تەپەككۇرغا چۇشۇپ پىكىرلىرىنى شېئىر قىلىپ سۆزلەشكە باشلايدۇ. بىر پىكىر ئىككىنچى، ئىككىنچىسى ئۈچىنچى پىكىرنى باشلاپ كېلىدۇ. بۇ پىكىرنىڭ دەلىلى ئورنىدا ھېكايە، ئەپسانە — رىۋايەتلەرنى ئەسلەيدۇ. ھېكايىلەردە ئادەم ۋە ھايۋانلار، قۇشلار ھەققىدە سۆزلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن شائىر يەنە بىر ئەپسانىگە كۆچىدۇ. بىردىنلا ئۇ قەھرىمانلارنىڭ بىرىنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ، ئۆز دەردىنى ئېيتىشقا باشلاپ، لىرىكىنىڭ يۈكسەك ئاسمىنىغا كۆتۈرۈلىدۇ. ئوقۇغۇچىنى بىردەم كۈلدۈرۈپ، بىردەم يىغلىتىدۇ. ئاندىن ئەسلىدىكى بىرىنچى ھېكايىگە قايتىدۇ. يەنە ئۇ ھېكايىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە قەھرىمانىنىڭ روھىي ھالىتىنى تەھلىل قىلىپ، پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرىنى بايان قىلىشقا ئۆتىدۇ. شاگىرتلىرىنىڭ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىدۇ. يەنە ھېكايىغا كۆچىدۇ. ئۇنى ئاخىرىغا چىقىرىپ، دەسلەپتە يۈزەكى دېيىلىپ، ئىخچام بايان قىلىنغان پىكىرنى

ئىزاھلاشقا چۈشىدۇ.

شۇ تەرىقىدە، جەڭگى - جېدەللەر، ھېكمەتلىك رىۋايەت - چۆچەكلەر، ۋەقەلەر، بەس - مۇنازىرىلەر، لەتىپىلەرنىڭ ھەممىسى شېئىرغا ئايلىنىۋېرىدۇ. ئۇ ئاددىي ھەم جەلپ قىلارلىق ھېكايەتلەر، ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئارقىلىق مەجازى تەپەككۇر يولى بىلەن ئالەم ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بىرلىكى، ئالەمنىڭ رەڭمۇ رەڭلىكى ۋە ئىنسانلارنىڭ خىلمۇ خىللىقى، ئىنسان روھىيىتىدىكى ئۇلۇغۋارلىق ۋە زەئىپلىك ھەققىدە پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەر، ھېكمەتلەر سۆزلەپ، ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى چۈشىنىش ۋە ئۆزىنى كامال تاپقۇزۇش يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

«مەسنەۋى» جاھان ئەدەبىياتىدا مىسلى يوق كىتاب. ئۇ كېيىنكى مۇتەسەۋۋىپلار تەرىپىدىن «پارسچە قۇرئان»، «تەسەۋۋۇپ قامۇسى» دەپ تەرىپلىنىپ ئىلاھىي كىتاب تەرزىدە قارالغان بولسا، ئەسەرنى تەتقىق قىلغان ئالىملار ئۇنى «ئۆز دەۋرى خەلق ئىجادىيىتىنىڭ قامۇسى»، «ئەخلاقىي كامىللىق دەستۇرى»، «روھىيەت دىيالېكتىكىسى كىتابى»، «پسىخو ئانالىز قوللانمىسى» دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتاشقان.

ئەلىشىر نەۋائىي «مەسەيمۇل مۇھەببەت» ناملىق ئەسىرىدە جەلالىددىن رۇمىينى ئۇستازلارنىڭ ئۇستازى دەپ ئېھتىرام بىلەن تىلغا ئالىدۇ. 18 — 17 - ئەسىرلەردىكى شائىرلىرىمىزدىن مەشرەب رۇمىي ئەسەرلىرىگە مەھلىيا بولۇپ، شەرھى تەرزىدە «مەبدەئى نۇر» ئەسىرىنى يازغان بولسا، شائىر خىراباتىي ئۆزىنى رۇمىينىڭ مەنەۋى پەرزەندى دەپ ئاتايدۇ.

فەھم قىل بۇ سىررى مەئنى، ئەي ئۇمۇم،
تاكى مەن فەرزەندى مەۋلانايى رۇم .

رۇمىينىڭ خەراباتىي دۇنيا قارىشى ۋە ئىجادىيىتىدە تۇتقان ئورنى ناھايىتىمۇ چوڭقۇر بولۇپ، خۇددى ئەلىشىر نەۋايى بالىلىق ۋاقتىدىنلا فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەير» ئەسىرىگە مەپتۇن بولغاندەك، خەراباتىيمۇ بىر ئۆمۈر رۇمىينىڭ «مەسنەۋى مەئنەۋى» ئەسىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ياشىغان ۋە بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسىي روھىنى ئۆز خەلقىگە يەتكۈزۈش مەقسىتىدە قولىغا قەلەم ئېلىپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەندى. شۇڭا شائىر ئۆزىنىڭ «مەسنەۋى خەراباتىي» ناملىق ئەسىرىنى «مەسنەۋى» نىڭ مۇقەددىمە بېيىتلىرىنىڭ تەرجىمىسى بىلەن باشلىغان بولۇپ، «مەسنەۋى» تەرىپىدە ئاجايىپ مىسرالارنى پۈتكەن. بىز بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى ئايرىم ماقالە قىلىپ ئېلان قىلغان بولغاچقا ، گەپنى ئۇزارتماسلىق ئۈچۈن بۇ يەردە قايتىلىمىدۇق.

خەراباتىي «مەسنەۋى»نى تەرىپلەپ

«مەسنەۋى» ئايىنەئى ئەنۋارى دىل،
«مەسنەۋى» گەنجىنەئى ئەسرارى دىل.

«مەسنەۋى» دەردى نىھانلەرغە دەۋا،
«مەسنەۋى» ناسۇرى جانلەرغە شىفا.

«مەسنەۋى» كىم بادەئى ۋەھدەت ئىرۇر،
لەززەتى ھەم ئىشرەتى رەھمەت ئىرۇر.

«مەسنەۋى» كىم ھادىسى ھەيىي قەدىم،
«مەسنەۋى»دۇر گويىيا بەھرى ئەزىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




«مەسنەۋى»كىم مەئنىئى قۇرئان ئىرۇر،
سەربەسەر ھەم ھۇججەتۇ بۇرھان ئىرۇر.

دەپ يازغان بولسا، زەلىلى بىلەن مەشھۇرى مەۋلانا رۇمىغا بولغان ھۆرمىتى، ئەقىدىسىنى ئۆز دىۋانلىرىدا پۈتۈپ قالدۇرۇشقاندى.

فەساھەتدە بەيانى چۇنكى مەۋلانايى رۇم ئەتكەچ،
خىرەد ئەھلى جۇنۇندىن مەست ئولۇبان ئافەرىن دەرلەر .

ئىشق شەھرىنىڭ ئېرۇرلار پادىشاھىكىم ئۇلار،
بەندەدۇر مەشھۇرى مەۋلانە بىلەن ئەتتارغە .

شائىرلىرىمىزنىڭ مانا شۇنىڭغا ئوخشاش مىسرالىرىدىنمۇ «مەسنەۋى»نىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىگە قانچىلىك چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشىنىش قىيىن ئەمەس. باشقىچە ئېيتقاندا، ئەجدادلىرىمىز ھەر زامان «مەسنەۋى»نى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى ھېكمەت دۇردانىلىرىدىن ئۆزۈق ئېلىپ، بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن بولۇپ، «مەسنەۋى»نى سۆيۈپ ئوقۇپ، قەدىرلەپ ساقلاپ، كونىچە مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ كەلگەن بولۇپ، شىنجاڭدا ئۇنىڭ قول يازما ۋە ياش باسما نۇسخىلىرى كەڭ تارقالغان. نۇرغۇن نۇسخىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ھەتتا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن كېيىن، تۇرپان قارىغۇجىلىق دىنىي ئۆلىما شاھى مەردان داموللام (ئۆزۈن ۋاقىت نەنمىن خانتەڭرى مەسچىتىنىڭ ئىمامى بولغان) «مەدەنىيەت

ئىنقىلابى»دا نۇرغۇن كىتابلارنىڭ كۆيدۈرۈلگەنلىكىنى ئويلاپ، خەلقنى «مەسنەۋى»دىن داۋاملىق بەھرىمەن بولسۇن دەپ 1987 - يىلى پاكىستاندىن «مەسنەۋى»نىڭ ئالتە جىلدنى، ئۇنىڭ ئالتە جىلدلىق شەرھىسىنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۆز خىراجىتىدىن 10 مىڭ سوم پۇل چىقىرىپ شاڭخەيدىكى بىر نەشرىياتقا ئاپىرىپ كۆپەيتىپ باستۇرۇپ ئەكىلىپ، ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە تارقىتىپ بەرگەن. بۇ مىسالمۇ خەلقىمىزنىڭ مەۋلانا جەلالىددىن رۇمىيغا بولغان ئىخلاسى «مەسنەۋى»دىن بەھرە ئېلىشقا بولغان تەقەززالىقىنىڭ بىر دەلىلى.

«مەسنەۋى» دۇنيانىڭ كۆپ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، 2002 - يىلى ئېلىمىزدە نەشر قىلىنغان «پارس كىلاسسىك ئەسەرلىرى خەزىنىسى» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنغان 18 توملۇق بىر يۈرۈش كىتابلار قاتارىدا جەلالىددىن رۇمىينىڭ «مەسنەۋى» ئەسىرىنىڭ ئالتە تومىمۇ تولۇق ھالدا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. «پارس كىلاسسىك ئەسەرلىرى خەزىنىسى» سېرىيەسىدە نەشر قىلىنغان بۇ كىتابلاردىن ئىككى يۈرۈشگە جۇڭگو ئىران خەلقلىرى دوستلۇقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئېلىمىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن بىلەن ئىراننىڭ رەئىس جۇمھۇرى مۇھەممەد خاتەمىلەر ئىمزا قويۇپ، ئۆزئارا تەقدىم قىلىشقانىدى.

گەرچە ئاتا - بوۋىلىرىمىز «مەسنەۋى»نى ئەسلىي تىلى — پارسچىدا ئوقۇپ، بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە پارسچىنى بىلىدىغانلارنىڭ كېمىيىپ قېلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمىسىنىڭ بولماسلىقى سەۋەبلىك ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ مەنىۋى چاڭقاقلىقىنى قاندۇرۇپ كەلگەن بۇ ئەسەردىن خەلقىمىز دېگەندەك

www.uyghurkitap.com

بەھرە ئالالماي كەلدى. مانا شۇ رېئاللىقنى نەزەردە تۇتۇپ، شەرق ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان «مەسنەۋى»نى ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈشتىن ئىبارەت بۇ مۇشەققەتلىك ئىشقا قول ئۇردۇق. ئەلۋەتتە، «مەسنەۋى»نى شېئىرىي ھالدا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭدىكى مەنىلەرنى تولۇق يەتكۈزۈش تولىمۇ قىيىن، ھەتتا مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئۇنىڭغا قول ئۇرغانلار كۆپ ھاللاردا نەسرىي تەرجىمە ۋە شەرھى قىلىش يولىنى تۇتقان. بىزمۇ شۇنداق قىلغان بولار ئىدۇق. ئەمما، قانداقلا بولمىسۇن «مەسنەۋى» شېئىرىي ئەسەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ شېئىرىي تەرجىمىسىنى ئىشلەشنى توغرا تاپتۇق.

ئاخىرىدا مەزكۇر تەرجىمە ھەققىدە ئىككى ئېغىز توختىلىشىمغا توغرا كېلىدۇ. «مەسنەۋى مەئنەۋى»نىڭ بۇ تەرجىمىسىنى ئىشلەشتە ئەسەرنىڭ ئۆزبېكىستاننىڭ ئاتاقلىق شائىرى جامال كامالنىڭ پارسچىدىن ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلغان ئۆزبېكچە نەشرى ئاساس قىلىندى. ئۆزبېكچە نەشرى ئىرانلىق ئالىم مۇھەممەد ئىستىلامىي ئەسەرنىڭ قەدىمىي نۇسخىلىرى ئاساسىدا تەييارلىغان ۋە 2000 ـ يىلى تېھراندا يەتتە توملۇق قىلىپ نەشر قىلىنغان (7 ـ توم ئىندېكس، يەنى «كەشفۇل ئەبيات») مۇكەممەل نەشرى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان بولۇپ، 2001 ـ 2004 ـ يىللار ئارىسىدا تاشكەنتتە ئالتە توم تولۇق نەشر قىلىنغان. «مەسنەۋى مەئنەۋى»نىڭ مانا شۇ ئۆزبېكچە نەشرىنىڭ ئالتە جىلدىنى شائىر جامال كامال ئاكا ماڭا ئۆز ئىمزاسى بىلەن تەقدىم قىلغان ئىدى. بۇ يەردە مەن بۇ مۆھتەرەم شائىرغا چىن دىلىمدىن تەشەككۈر بىلدۈرىمەن.

تاشكەنت نەشرىنى ئاساس قىلىش بىلەن بىرگە 2003 ـ يىلى تېھراندا نەشر قىلىنغان پارسچە نەشرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ،

ئەسلىي مەتنىگىمۇ قاراپ باردىم ۋە ئىمكانقەدەر ئەسلىي مەتنگە تاياندىم. تەرجىمە جەريانىدا يەنە 18 - ئەسىردە خارەزمدە ياشىغان ئالىم شەيخ ئادىنە مۇھەممەد خارەزمىينىڭ «مەسنەۋى»نىڭ ئالدىنقى ئۈچ كىتابىغا يازغان شەرھىسى «مىفتاھۇل ئەسرار» («سىرلار ئاچقۇچى»)؛ تۈركىيەلىك ئاتاقلىق رۇمىيشۇناس ئالىم ئابدۇلباقى گۆلپىنارلى قەلىمىگە مەنسۇپ «مەسنەۋى»نىڭ نەسرى تەرجىمە ۋە شەرھىسى؛ ئۆزبېك شائىرى ئەسقەر مەھكەمنىڭ ئابىددىن پاشا شەرھىسى ئاساسىدا ئىشلىگەن «مەسنەۋى»نىڭ 1 - كىتابىدىن قىلغان تەرجىمە ۋە شەرھلىرىدىن، شۇنداقلا «مەسنەۋى»نىڭ خەنزۇ تىلىدىكى تەرجىمىسىدىن كەڭ پايدىلىنىلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىدىكى ئەمگەكلەرنىڭ مۇئەللىپلىرىگە سەممىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم

ئەي پەرۋەردىگار، ئاخىرىنى خەيرلىك قىلغايسەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بۇيرۇيدۇكى: ئەمىر-لەرنى زىيارەت قىلغان ئالىم يامان ئالىم، ئالىملارنى زىيارەت قىلغان ئەمىر ياخشى ئەمىردۇر. كەمبەغەلنىڭ ئىشىكىگە كەلگەن ئەمىر قانچىلىك خۇش ۋە ئەمىرنىڭ ئىشىكىگە بارغان كەمبەغەل نەقەدەر كۆڭۈلسىز.

خەلق بۇ ھەدىسنىڭ يۈزەكى مەنىسىنىلا قوبۇل قىلغان، يەنى بىر ئالىم يامان ئاتىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئەمىرنى يوقلىماسلىقى لازىم، ئەمىرنى بېرىپ كۆرۈش ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەس، دەپ بىل-گەن. ئەسلىدە پىكىرنىڭ ھەقىقىي مەنىسى خەلق ئويلىغاندەك ئەمەس، بەلكى مۇنداق: ئالىملارنىڭ يامىنى ئەمىرلەردىن ياردەم ئال-غىنى ۋە ئۇلارنىڭ ۋاستىسىدا ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلىغىنى، تە-سىرىنى كۈچەيتكىنىدۇر. ئەمىرلەر ماڭا ئىنئام بېرىدۇ، ئىززەت-ئىكرام كۆرسىتىدۇ، ياخشى ئورۇن بېرىدۇ دېگەن ئوي بىلەن ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچى ئاستىدا ئوقۇغان ئالىم ئالىملارنىڭ ئەڭ يامى-نىدۇر. شۇ ھالدا بۇ كىشى ئەمىرلەر تەرىپىدىن ئىسلاھ قىلىنىپ، بىلىمسىزلەردىن بىلىملىك ئەھۋالغا كەلگەندۇر. ئالىم بولغاندىمۇ ئەمىرلەردىن قورقىدىغان، يامانلىق قىلمايدىغان (ياۋاش) قىلىپ



تەربىيەلەنگەن بىر ئىنسانغا ئايلانغان. ئەمدى ئۇ قانداقلا بولمىسۇن دائىم بۇ يولدىن چىقماي ھەرىكەت قىلىشى كېرەك بولىدۇ. دېمەك، مانا شۇ سەۋەبتىن مەيلى ئۇ ئەمىرنى كۆرگىلى بارسۇن، مەيلى ئەمىر ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كەلسۇن، بەربىر ئۇ زىيارەت قىلغان، ئەمىر بولسا، زىيارەت قىلىنغان بولىدۇ.

ئالىم ئەگەر ئەمىرلەرنىڭ سايىسىدا ئالىم بولۇشنى ئويلىمىسا، ئۇنىڭ بىلىمى باشتىن - ئاخىر ئاللاھ يولىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ تۇتقان يولى ۋە بارلىق پائالىيەتلىرى ساۋابلىقتىن ئىبارەت. چۈنكى ئۇ شۇنداق يارىتىلغان. بېلىق سۇدىن باشقا يەردە ياشىيالمىغاندەك ئۇمۇ بۇنىڭدىن ئۆزگىسىنى قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى شۇ. بۇنداق ئالىملارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى باشقۇرۇپ يولغا سېلىپ تۇرىدىغان نەرسە ئەقىلدۇر. ھەممە ئۇنىڭدىن قورقىدۇ ۋە ئىنسانلار بەزەن بىلىپ، بەزەن بىلمەستىن ئۇ تاراتقان نۇردىن بەھرە ئالىدۇ.

قىسقىسى، بۇنداق بىر ئالىم ئەمىرنىڭ ھۇزۇرىغا بارسا، كۆرۈنۈشتە ئۇ زىيارەت قىلغان، ئەمىر بولسا، زىيارەت قىلىنغان بولىدۇ. ئەمما ئەمىر ئالىمدىن ھەممە ۋاقىت يۇكسىلىشكە چاقىرغۇچى بىر مەدەت - ياردەم ئالىدۇ. ئالىمنىڭ بولسا ئەمىرگە ئېھتىياجى يوق. چۈنكى ئۇ دۆلەتمەندۇر. نۇر چېچىۋاتقان قۇياشقا ئوخشايدۇ. قىلىدىغان ئىشى تەمەسىز ياردەم بېرىش، ھەدىيە قىلىشتۇر. ئۇ تاشلاردىن زۇمرەت ۋە ياقۇت ئالالايدۇ. تەركىبى تۇپراقتىن ئىبارەت تاغلاردىن مىس، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە تۆمۈر مەدەنلەر ياسايدۇ. تۇپراقنى تازىلايدۇ، ياشارتىدۇ. دەرەخلەرنى تۈرلۈك - تۈمەن مېۋىلەرگە كىرگۈزەلەيدۇ. ئىشى - ئەرمىكى بېغىشلىماقتۇر، ھەدىيە قىلماقتۇر.

ئەرەبلەرنىڭ «بىز بەرمەكنى ئۆگەندۇق، ئالماقنى ئۆگەنمىدۇق» دېگەن ماقالىدە ئېيتىلغاندەك، ئالىممۇ پەقەت بېرىدۇ، بىرەرسىدىن ئالمايدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا بۇنداق ئالىملار زىيارەت قى-

لىنغان، ئەمىرلەر بولسا، زىيارەت قىلغان بولىدۇ. ئېيتىلغانلارغا
ئانچە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ خىيالىمغا مۇنۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىش
پىكرى كەلدى. ناۋادا خىيالىمغا شۇنداق پىكىر كەلگەن ئىكەن ئېيد-
تىمۋېتەي - دە، ئۇنىڭدىن قۇتۇلاي. ئۇلۇغ تەڭرى: «ئەي پەيغەمبەر،
قول ئاستىڭدىكى ئەسىرلەرگە ئېيتقىن: ئاللاھۇ ئەكبەر كۆڭلۈڭ-
لەردە خەير (ياخشى) نىيەتلەر بارلىقىنى بىلسە، سىلەردىن ئالغان-
دىنمۇ كۆپرەك بېرىدۇ. گۇناھىڭلاردىن ئۆتىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى ئەپۇ
قىلغۇچى، كەچۈرگۈچىدۇر» دەپ بۇيرۇدى. بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش
سەۋەبى شۇكى: مۇستاپا (تەڭرى مەرھەمەت قىلسۇن ) كاپىرلارنى
قىرىپ ئۆلتۈرۈپ، ماللىرىنى ئولجا ئالغان، بىرقانچىلىرىنى
ئەسىرگە ئېلىپ پۇت - قوللىرىنى باغلاپ قويغان ئىدى. تاغىسى
ئاباس (خۇدا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇ ئەسىرلەرنىڭ بىرسى
ئىدى. ئەسىرلەر باغلانغان، ئاجىز ۋە مەيۈس هالدا يىغا - زار قىلد-
شىپ بارلىق ئۈمىدلىرىنى پاراكەندە قىلغۇچى قىلىچ ۋە ئۆلۈمنى
كۈتۈپ تۇراتتى. مۇستاپا (ئۇنىڭغا سالام بولسۇن) ئۇلارغا قاراپ
كۈلدى. بۇنىڭغا جاۋابەن: «ئەنە كۆردۈڭمۇ ئۇنىڭدا ئىنسانلىق (ئا-
جىزلىق - تەر.) بار، مەندە ئاجىزلىق يوق دېگەن گېپىدە تۇرۇۋېلد-
شى توغرا ئەمەس ئىدى. بىزگە قاراۋاتىدۇ ۋە بىزنىڭ باغلىنىپ ئۇ-
نىڭ ئەسىرگە ئايلانغانلىقىمىزنى كۆرۈپ گويا نەپسانىيىتىگە يې-
ڭىلگەن ئىنسانلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىپ
ئۇلارنى يوقاتقىنىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا ئوينىغانغا ئوخشاش ئۇمۇ
سۆيۈنمەكتە، مەمنۇن بولماقتا ئىدى.

مۇستاپا (ئاللاھ مەرھەمەت قىلسۇن) ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىن
كەچكەن بۇ ئوينى چۈشەندى ۋە بۇيرۇدى: خۇدا ساقلىسۇن! مەن بۇ-
نىڭ ئۈچۈن كۈلمىدىم. بەلكى سىرلىق كۆزى بىلەن بىر قەۋمنى
جەھەننەمدىن، يالقۇنلاپ تۇرغان قىپقىزىل چوغدىن ۋە دۈشمەنلىك



www.uyghurkitap.com

تۇيغۇسى بىلەن كۆڭلى مورىدەك قارىداپ كەتكەنلەرنى ئارغامچا، زەنجىرلەر بىلەن تارتىپ جەننەتكە، ئۆلۈم يوق بىر گۈلباغقا ئېلىپ كېتىۋاتسام ئۇلارنىڭ: «بىزنى بۇ تەشۋىشلىك (قورقۇنچلۇق، خەۋپلىك) جايدىن ئۇ ئىشەنچلىك گۈلباغقا نېمىشقا سۆرەۋاتىسەن؟» دەپ ۋارقىراپ قارغىغانلىقىدىن كۈلۈۋاتىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە سىز، ھازىر مۇنداق بىر قاراشقا (نۇقتىئىنەزەرگە) ئىگە بولمىغىنىڭىز تۇپەيلى ئېيتقانلىرىمنى چۈشەنمەيسىز ۋە ئېنىق - ئاشكارا كۆرەلمەيسىز.

ئۇلۇغ ئاللاھ بۇيرۇيدۇ: ئەسىرلەرگە بىلدۈرۈڭ: سىلەر ئاۋۋال ئەسكەر توپلىدىڭلار، ئۆز مەردلىكىڭلار ۋە پالۋانلىقىڭلارغا، كۈچ - قۇدرىتىڭلارغا تامامەن ئىشەندىڭلار، ئۆز - ئۆزۈڭلارغا: «بىز ئۇنداق قىلىشىمىز كېرەك، مۇسۇلمانلارنى بۇنداق قىرغىن قىلىشىمىز كېرەك، مۇنداق يوقىتىشىمىز كېرەك» دېدىڭلار. ئۆزۈڭلاردىنمۇ قۇدرەتلىك بىر ساھىبنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرەلمەي قانچىلىغان ئىشلارنى قىلدىڭلار، نۇرغۇن تەدبىرلەرنى تۈزدۈڭلار ئەمما ھەممىسى ئەكسىچە بولدى. ھازىر قورقۇپ تۇرۇپمۇ توۋا قىلمايۋاتىسىلەر، سىلەردە ئۈمىد يوق. ئۈستۈڭلاردا بىر قۇدرەت ساھىبىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرەلمىدىڭلار. كۈچ - قۇدرەتلىك ۋە شەۋكەتلىك بولغان ۋاقتىڭلاردا مېنى كۆرۈشۈڭلار لازىم. ماڭا تەسلىم بولغىنىڭلارنى بىلىڭلاركى، ئىشلىرىڭلار ئاسان بولسۇن. قورققان پەيتىڭلاردە مەندىن ئۈمىدىڭلارنى ئۈزمەڭلار. سىلەرنى قورقۇشتىن قۇتقۇزۇشقا ۋە خەۋپسىزلىكىڭلارنى تولۇق ئىشەنچ بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلغانلىقىمنى سىلەرگە بىلدۈرۈشكە قۇدرىتىم يېتىدۇ. «ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ» («ئۆلۈم تىرىكتىن ۋە تىرىكنى ئۆلۈكتىن چىقىرىدۇ») ئايەتى كەرىمەدە بۇيرۇلغىنىدەك، ئاق سىيىردىن قارا سىيىرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن،

قارا سىيىردىنمۇ ئاق سىيىر پەيدا قىلىدۇ.شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسىرگە چۈشكەن شۇ ھالىڭلاردا ئۈمىدىڭلارنى ئۈزمەڭلاركى، مەن ھازىر ۋە نازىر بولۇپ قولۇڭلاردىن تۇتاي. چۈنكى «ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن پەقەت كاپىر قەۋملا ئۈمىدسىزلىنىدۇ» دەپ بۇيرۇلغاندۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ بۇيرۇدۇكى: ئەي ئەسىرلەر! ئەگەر بىرىنچى دىنىڭلاردىن قاي-تىپ، قورقۇنچ ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغان ۋاقتىڭلاردا مېنى كۆ-رىدىغان ۋە بارچە ھاللاردا ماڭا تەسلىم بولغىنىڭلارنى قوبۇل قىل-ساڭلار، مەن سىلەرنى بۇ قورقۇنچتىن قۇتقۇزىمەن: تالانغان، زىيان تارتقان ماللىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى، بەلكى ئارتۇقى بىلەن ۋە تې-خىمۇ ياخشىلىرىدىن قايتۇرۇپ بېرىمەن. سىلەرگە مەدەت بېرىمەن. گۇناھىڭلاردىن ئۆتىمەن. ئىككى دۇنيانىڭ سائادىتىگە يېقىنلاشتۇ-رىمەن.

ئابباس: «تۆۋا قىلدىم، ماڭغان كونا يولۇمدىن قايتتىم» دېدى.

مۇستاپا (ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە بەراكاتى بولسۇن:) «خۇدا، بۇ ئېيتقان گېپىڭ ئۈچۈن دەلىل - ئىسپات كۆرستىشىڭنى تەلەپ قىلىدۇ» دېدى.

بېيىت: ئىشق ئىددىئاسى (ئىلگىرى سۈرۈلۈپ ھىمايە قىلىنى-غان پىكىر - تەر.) دە بولۇش ئاسان، بۇنىڭ دەلىلى ۋە شاھىدى بار-دۇر.

ئابباس: «بىسمىللاھ، قانداق دەلىل ئىستەيسەن؟»

پەيغەمبەر: «قولۇڭدا قالغان ماللارنى كۆچىيىشى ئۈچۈن ئىسلام ئەسكەرلىرىگە تارقات. ئەگەر مۇسۇلمان بولغان بولساڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلىقنىڭ ياخشىلىقىنى ئىستىشىڭ كېرەك» دەپ بۇيرۇشى بىلەن ئۇ: ئەي رەسۇلۇللاھ، مېنىڭ نېمەم قالدى ئۆزى؟ ھەممىسىنى تالان - تاراج قىلدى. ماڭا بىرەر كونا بورىمۇ قالدۇر-مىدى» دېدى. بۇنىڭغا جاۋابەن پەيغەمبەر (ئاللاھ سالاتى بولسۇن):

www.uyghurkitap.com

«كۆردۈڭمۇ، تۇزەلمىدىڭ، بۇرۇن قانداق بولساڭ شۇ پېتىسەن. مەن ساڭا قانچىلىك مىلىك بارلىقىنى ۋە ئۇنى قەيەردە ساقلاۋاتقانلىقىڭنى، كىمگە بەرگىنىڭنى، قەيەرگە يوشۇرغىنىڭنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دەپ بۇيرۇشى بىلەن ئابباس: «خۇدا ساقلىسۇن!» دېدى. پەيغەمبەر: «ماللىرىڭنىڭ بىر قىسمىنى ئاناڭغا بەرمىدىڭمۇ؟ بىر قىسمىنى پالانى يەردىكى تامنىڭ تۈۋىگە كۆممىدىڭمۇ ۋە ئۇنىڭغا: (ئاناڭغا — ت) ئەگەر ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلسەم، ماڭا تاپشۇرىسەن. قايتىپ كېلەلمىسەم مۇنچىلىكىنى پالانى ئىشقا ئىشلىتىسەن، مۇنچىلىكىنى پالانچىغا بېرىسەن، قالغىنى سېنىڭ بولىدۇ» دەپ تەپسىلىي ۋەسىيەت قىلمىدىڭمۇ؟» دەپ بۇيرۇدى. ئابباس بۇلارنى ئاڭلاپلا كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆتۈردى ۋە ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىمان كەلتۈردى - دە، «ئەي پەيغەمبەرا! ھەقىقەتەن مەن سېنىمۇ بۇرۇنقى پادىشاھلار خامەن، شەدداد، نەمرۇدلارغا ئوخشاش پەقەت دۇنياۋي بىر دۆلەتنىڭ ساھىبى دەپ بىلەتتىم. بۇلارنى بۇيرۇغان ۋاقتىڭدا مەزكۇر دۆلەتنىڭ غايىبانە ئىلاھى ۋە رەببانىي بىر دۆلەت ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتى» دېدى.

مۇستاپا (ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەراكاتى بولسۇن:) «توغرا گەپ قىلدىڭ: بۇ سەپەر ئىچىڭدىكى شۈبھە زۇننارلىرىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئاۋاز قۇلىقىمغا كەلدى. مېنىڭ روھىمنىڭ ئىچكىرىسىدە بىر قۇلىقىم بار. كىمكى گۇمان، شېرىك ۋە ئىنكار زۇننارىنى پارچىلىسا، مەن شۇ قۇلىقىم بىلەن ئۇ ئاۋازنى ئاڭلىيالايمەن. چۈنكى ئۈزۈلگەندە چىققان ئاۋاز مېنىڭ روھ قۇلىقىمغا كىرىدۇ. ئەمدى سەن ھەقىقەتەنمۇ توغرا قىلدىڭ ۋە ئىمان كەلتۈرۈڭ» دەپ بۇيرۇدى.

مەۋلانا بۇنىڭ تەپسىرىدە شۇنداق دېدى: مەن بۇنى ئەمىر پەرۋانىگە (ئۇنىڭ ئۆزى ئۇچۇن) ئېيتتىم: «سەن ئاۋۋال مۇسۇلمانلىقنىڭ

بېشى بولدۇڭ ۋە «ئىسلامنىڭ ئەبەدىيلىكى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كۆ-
پىيىشى ئۈچۈن پىكرىمنى، تەدبىرىمنى ھەتتا ئۆزۈمنى پىدا قىلاي»
دېدىڭ. ئۆز پىكرىڭگە ئىشىنىپ خۇدانى كۆرمەي قالغىنىڭ ۋە بارلىق
نەرسىنى ئاللاھ تائالادىن بىلمىگىنىڭ ئۈچۈن تەڭرى سېنىڭ پۈتۈن
ئىش ـ ھەرىكەتلىرىڭنى ئىسلامنىڭ كۈچسىزلىنىشىگە سەۋەب
قىلدى. سەن تاتار بىلەن بىرلەشتىڭ. ھالبۇكى شۇ تەرىزدە شام-
لىقلار ۋە مىسىرلىقلارنى يوقىتىش ۋە ئىسلام ۋىلايەتلىرىنى قىرىپ
تۈگىتىشكە ياردەم بەرگەن بولۇپ چىقىۋاتىسەن. نەتىجىدە ئىسلام-
نىڭ مەڭگۈلۈكلۈكىگە سەۋەب بولغان نەرسە، مۇشۇ ۋەزىيەتتە،
ئۇنىڭ زەئىپلىشىشىگە ئامىل بولماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق
ئەھۋالدا يۈزۈڭنى ئەزىز ۋە جەلىل بولغان ئاللاھقا ئۆرىگىن. ئۆزۈڭ-
نى يامان ۋەزىيەتتىن قۇتقۇزۇش نىيىتىدە سەدىقە بەر. ئۇنىڭدىن
(ئاللاھتىن ـ ت) ئۈمىدىڭنى ئۈزمە. ئاللاھ سېنى ئۇنداق بىر ئىتا-
ئەتتىن بۇنداق بىر ئىسيانكار قىلىپ قويۇپتۇ. سەن بولساڭ بۇ
ئىتائەتنى «ئۆزلۈكۈمدىن» دەپ ئويلىدىڭ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ گۇناھ-
كار بولدۇڭ. ئەمدى گۇناھكار بولغىنىڭ بىلەنمۇ ئۈمىدىڭنى ئۈزمە.
يالۋۇر، ئۇ سېنىڭ ئىتائىتىڭدىن ئىسيان ياراتقىنىغا ئوخشاش
ئىسيانىڭدىنمۇ تائەت يارىتىشقا قادىردۇر. بۇ سەۋەب ساڭا پۇشايمان
ھېس قىلدۇرىدۇ، يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن كۈچ
قوشۇشىڭغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. ئىسلامنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى
بولۇشۇڭ ئۈچۈن سەۋەبلەر يارىتىدۇ. ئۈمىدىڭنى ئۈزمە، چۈنكى كا-
پىرلاردىن باشقا ھېچكىم ئاللاھ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەيدۇ.

مەقسىتىم ئۇنىڭغا (پەرۋانەگە ـــ ت) بۇنى چۈشەندۈرۈش،
مۇشكۇل ھالەتتە سەدىقە بېرىپ خۇداغا يالۋۇرۇش ئىدى. ئاسماندىن
بىر اقلا يەرگە چۈشكەندەك بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي،
ئۈمىدلىك بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا شۇ گەپلەرنى ئېيتتىم.



www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغ تەڭرى ئالدىغۇچىدۇر. ئۇ گۈزەل شەكىللەرنى كۆرسىتىپ ئالدايدۇ. شەكىللەر ئارىسىدا يامانلىرىمۇ بار. بۇنى ئىنساننىڭ «ماڭا چىرايلىق بىر پىكىر ۋە ياخشى بىر ئىش يۈز ئاچتى» دەپ ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ مەغرۇرلىنىشى ئۈچۈن قىلىدۇ.

ئەگەر ھەربىر كۆرۈنگەن نەرسە كۆرۈنگىنىگە ئوخشاش بولسا ئىدى، ناھايىتى ئۆتكۈر ۋە زىرەك كۆزلەر ساھىبى پەيغەمبەر: «نەرسىنى ماڭا ئۆز ئەينى بويىچە كۆرسەت» دەپ پەرياد قىلمىغان بولاتتى. ئۇ بۇنىڭ بىلەن شۇنداق دېمەكچى بولدى: ئەي رەببىم! ئەسلىدە خۇنۈك بولغان نەرسىنى گۈزەل، گۈزەل نەرسىنى بولسا، خۇنۈك قىلىپ كۆرسىتىۋاتىسەن: بىزگە ھەممە نەرسىنى قانداق بولسا، شۇنداق كۆرسەتكىنىكى، تۇزاققا چۈشمەيلى ۋە ھېچقاچان يولىمىزدىن ئاداشمايلى.

ئەمدى سېنىڭ پىكرىڭ ھەرقانچە گۈزەل ۋە پارلاق بولسىمۇ، ئۇنىڭكىدىن ياخشىراق بولمايدۇ. ئۆزۈڭدىكى ھەربىر پىكىر ۋە ھەربىر تەسەۋۋۇرغا ئىشەنمە، يالۋۇر ـ دە، قورقىن.

مەسىلەن: ھەتتا قوشۇنلارنى ئەۋەتكەن شۇ ۋاقىتلاردىمۇ ئۇلارغا (قوشۇنلارغا ــ ت) ئىشەنمەسلىكىمىز ۋە تالاپەتكە ئۇچراپ، قورقۇش ۋە ئاجىزلىق دامىغا چۈشۈپ قالغان ۋاقتىمىزدىمۇ ئاللاھتىن ئۈمىدىمىزنى ئۈزمەسلىكىمىز كېرەك.

پەيغەمبەر يۇقىرىقى ئايەتنى (سۆزنى) ئۆز مەقسىتىگە مۇۋاپىق رەۋىشتە ئېيتتى. مېنىڭمۇ ئېيتماقچى بولغىنىم شۇ ئىدى.

پەسىل. بىرسى: «مەۋلانا ھېچنېمە دېمەيۋاتىدۇ» دېدى. مەن: بۇ ئادەمنى مېنىڭ خىيالىم ھۇزۇرىمغا كەلتۈردى ۋە مېنىڭ خىيالىم ئۇنىڭغا: «ئەھۋالىڭ قانداق؟» دەپ بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى. گەپ قىلماستىن خىيالىم ئۇنى بۇ ياققا تارتتى. ئەگەر مېنىڭ ھەقىقىتىم ئۇنى سۆزلەشتىن قايتۇرۇپ باشقا بىر جايغا ئېلىپ كەتسە، بۇنىڭغا

نېمىشقا ھەيران قالغۇلۇق؟

سۆز ھەقىقەتنىڭ سايىسى ۋە پارچىسىدۇر. ناۋادا سايە ئۆزىگە تارتسا، ئۇ ھالدا ھەقىقەت يەنىمۇ ياخشىراق جەزب ئېتىدۇ. سۆز با-ھانىدۇر. بىر ئىنساننى باشقا بىر ئىنسانغا تارتقان نەرسە سۆز ئەمەس، بەلكى ئىككىيلەندە مەۋجۇت بولغان روھىي بىرلىكنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئەگەر بىر ئىنسان يۈز مىڭ مۆجىزە ۋە كارامەتلەرنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ۋەلىي ۋە نەبىيگە ئۇيغۇن بىر بۆ-لەك بولمىسا، بىرلەشمەيدۇ ۋە بۇنىڭ پايدىسىمۇ يوق. ئۇنى ۋەلىي ۋە نەبىيگە باغلىغان، ئۇلار سۆيگۈسىنى كۆڭلىدە ئارتتۇرغان نەرسە ما-نا شۇ بىرلىك ـ ئورتاق پارچىدۇر.

ئەگەر بىر جىسىمدا ماگنىت بىلەن ئورتاقلىق بىر تەركىب بولمىسا، ئۇ جىسىم ھېچقاچان ماگنىت تەرەپكە كەتمەيدۇ. ئۇلار ئارىسىدىكى بىر خىللىق يوشۇرۇن بىر نەرسىدۇر، كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ.

ئىنساننىڭ خىيالىدىكى نەرسە ئۇنى ئۆز ئارقىسىدىن يېتەك-لەيدۇ. مەسىلەن: باغ خىيالى باغقا، دۇكان خىيالى دۇكانغا ئېلىپ بارىدۇ. پەقەت بۇ خىياللار ھەقىقەتنى يوشۇرىدۇ. يەنى بىر نەرسىنىڭ خىيالى سىنى ئۆزىگە تارتتى. سەن ئۇ تەرەپكە كېتىۋاتىسەن. چۈنكى خىيال ساڭا ئۆز نەرسىسىنى گۈزەل قىلىپ كۆرسەتكەن. بىراق كەلگەندىن كېيىن پۇشايمان قىلىسەن ۋە ئۆزۈڭگە ـ ئۆزۈڭ: «بۇنى ياخشى دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئەسلىدە ئۇنداق ئەمەسكەن» دەيسەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خىياللار ئىچىگە كىمدۇر بىرسى يوشۇرۇنغان چې-دىرغا ئوخشايدۇ. قاچانكى خىياللار يوقىلىپ ھەقىقەت ئېچىلسا، پۇشايمانلىق ھېسسىمۇ يوقايدۇ. سىنى ئۆزىگە تارتقان ھەقىقەت سىنى جەلپ قىلغان ھەقىقەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. «شۇ كۈنى يوشۇرۇنغان نەرسىلەر ئاشكارا بولىدۇ» (قۇرئان.) ئەسلىدە جەزب ئەتكەن نەرسە بىردۇر. ئۇ كۆپ كۆرۈنىدۇ. كۆرمەيۋاتامسەن، بىر ئىنساننىڭ تۇر-

www.uyghurkitap.com





لۇك ـ تۈمەن ئارزۇسى بولىدۇ: «چۆپ يەيمەن، قاتلىما يەيمەن، ھالۋا يەيمەن، قورۇغان گۆش يەيمەن، مېۋە ـ چىۋە يەيمەن، خورما يەيمەن» دەيدۇ. بۇ دېيىلگەن نەرسىلەرنىڭ ئەسلىي بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئاچلىقتۇر. ئاچلىق يالغۇز بىرلا نەرسىدۇر. ئىنسان بىرنى يەپ تويسىلا «باشقىسىنى يېمەيمەن!» دەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئون ۋە يۈز سانلىرى يوق، پەقەت بىرلا بار.

«ئۆلارنىڭ ھېسابىنى (سانىنى) كاپىرلارغا ئازاب ۋە مۇشكۇل قىلدۇق» (قۇرئان) دەپ بۇيرۇلغىنىدەك بۇ ئىنسانلارغا قارشى ھېسابتەك ئېغىر بىر ئىش چىقىدۇ. مەسىلەن: بۇنىڭغا «بىر»، نېرىدىكىلەرگە بولسا، «يۈز» دەيدۇ، يەنى ۋەلى ئۈچۈن «بىر» ۋە خەلق ئۈچۈن «يۈز مىڭ» دەيدۇ. بۇ چوڭ گۇناھتۇر. ۋەلىينى بىر، باشقىلارنى كۆپ دېگەنلىك ئاڭلاش ۋە كۆرۈش يولىنى يوقاتقانلىقتۇر، چوڭ پىتنىدۇر. چۈنكى سىز ئۆلارنى كۆپ، ۋەلىينى بولسا بىر كۆرۈۋاتىسىز. «ئۆلارنىڭ ھېسابىنى كاپىرلارغا ئازاب ۋە مۇشەققەت (مۇشكۇل) قىلدۇق» ئايىتى شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىلغان. قايسىسى يۈز، قايسىسى ئەللىك ۋە قايسى ئاتمىش؟ قولى يوق، پۇتى يوق، ئەقلىسىز ۋە روھسىز بىر توپ ئىنسانلار تىلسىم ۋە سىماب كەبى قايناپ تۇرۇپتۇ. ئەمدى سەن ئۆلارغا ئاتمىش، يۈز ۋە ياكى مىڭ، بۇنىڭغا بولسا، بىر دېگىن، بۇ يېگىلىش. بەلكى ئۆلار ياق دەر ۋە بۇ بىر دېگىنىڭ مىڭ، يۈز مىڭ ۋە يۈز مىڭلارچە بىر ھېسابلىنىدۇ. خۇددى «بىزنىڭ قەۋم ئاھالىسى ئاز. ئەمما ھۇجۇم قىلىنغاندا كۆپىيىدۇ» دېگەن گەپكە ئوخشاش.

بىر پادىشاھ بىر ئادەمگە يۈز كىشىلىك مائاش بەلگىلىگەن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەسكەرلەر پادىشاھتىن نارازى بولدى. پادىشاھ ئۆز ـ ئۆزىگە: «كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىلەرگە كۆرسىتىمەنكى، شۇ چاغدا بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاندىن چۈشىنىسىلەر» دەيتتى. جەڭ كۈنى

كەلدى. ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى قاچتى. شۇ كىشىلا يالغۇز جەڭ قىلدى. پادىشاھ: «مەن مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەمگە كۆپ پۇل بەردىم» دېدى.

ئىنسان ئۆزىنىڭ پەرقلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتىنى ھەر تۈرلۈك غەرەزدىن خالىي قىلىشى ۋە دىندىن ياردەم ئىزدىشى لازىم. دىن ئىگىسىنى تونۇيدۇ. پەقەت سەن ئۆمرۈڭنى پەرق ئېتىش (پەرقلەندۈرۈش) خۇسۇسىيىتىدىن مەھرۇم بولغانلار بىلەن ئۆتكۈزگىنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ياخشى - يامانىنى پەرق ئېتىش خۇسۇسىيىتىنىڭ زەئىپلەشكەنلىكىنى بىلمەيسەن. ئۇ ئىنساننىڭ ھەمراھى بولغان دىنىنى تونۇيالمايدۇ.

سەن تەننى باقتىڭ، ئەمما ئۇنىڭدا پەرق ئېتىش خۇسۇسىيىتى يوقتۇر. پەرق ئېتىش بىر سۈپەت. كۆرمەيۋاتامسەن، جىنىنىڭ پۇت - قولى بار، پەقەت پەرق ئېتىش خۇسۇسىيىتى يوق. پەرق ئېتىش سەندىكى لەتىپ بىر مەنىدۇر. سەن كېچەيۇ كۈندۈز ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولغان نەرسىنى (تەننى) بېقىشقا ھەرىكەت قىلماقتىسەن. ئۇنىڭ مۇشۇ ئارقىلىق تىرىك ئىكەنلىكىنى باھانە قىلماقتىسەن. ھالبۇكى، بۇمۇ ئۇنىڭ بىلەن تىرىكتۇر. بۇ قانداق ئىشكى، سەن پەرقلەندۈرۈشتىن تامامەن مەھرۇم بولغاننى باقتىڭ، ۋايىغا يەتكۈزدىڭ ۋە ۋاقىتنى ۋۇجۇدۇڭنى يېگۈزۈپ - ئىچۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزدۈڭ. ئۇ لەتىپ مەنىگە، يەنى پەرقلەندۈرۈش قۇدرىتىگە بولسا پەرۋا قىلمىدىڭ. سەن تەخمىن قىلغىنىڭدەك، بۇ (تەن) ئۇ (مەنە) بىلەن تىرىكتۇر، ئۇ بۇ بىلەن ئەمەس. ئۇ - نۇر، يەنى لەتىپ مەنە بەرگۈچى كۆز، قۇلاق ۋە باشقا دېرىزىلەردىن، ئەگەر بۇلار بولمىسا يەنە باشقا ئورۇنلاردىن ئۆزىنى كۆرسەتكۈچىدۇر. بۇ خۇددى «قۇياشنى چىراغ بىلەن كۆرۈۋاتىمەن» دەپ قۇياشنىڭ ئۇدۇلىغا چىراغ قويۇپ قويغانغا ئوخشايدۇ. ئەسلىدە چىراغ بولمىسىمۇ قۇياش ساڭا ئۆزىنى كۆر-





ستتۇپىردۇ. چىراغقا نېمە ھاجەت؟ ئاللاھتىن ئۈمىدنى ئۈزمەسلىك كېرەك. ئۈمىد ـ ئىشەنچ يولىنىڭ بېشى. يولدا يۈرمىسەڭمۇ دائىم يولنىڭ بېشىنى كۆزلە. «ناتوغرا ئىشلارنى قىلدىم» دېمە، توغرا يولنى تۇت. شۇندا ھېچقانداق ئەگرىلىك قالمايدۇ. توغرىلىق مۇسانىڭ ھاسىسىغا ئوخشايدۇ، ئەگرىلىك بولسا سېھىرگەرلەرنىڭ سېھىرگە ئوخشايدۇ. توغرىلىق ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇتىدۇ. ئەگەر بىر يامانلىق قىلغان بولساڭ، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلغاندۇرسەن. سېنىڭ يامانلىقىڭ ئۆزگىگە قانداق تەسىر قىلىدۇ.

شېئىر: (قارا، ئاۋۇ تاغنىڭ بېشىغا قونۇپ ئۇچقان قۇش تاغنىڭ نېمىسىنى ئارتتۇردى ۋە نېمىسىنى كېمەيتتى؟)

سەن توغرا بولساڭ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى قالمايدۇ. ئېھتىيات قىل، ئۈمىد ئۈزمە!

شاھلارغا يېقىن يۈرمەك شۇ نۇقتىئىنەزەردىن قورقۇنچلۇق ئەمەس، يەنى خاھ بۈگۈن، خاھ ئەتە بولسۇن كېتىدىغان باش بەرىبىر كېتىدۇ. مانا بۇ جەھەتتىن خەۋپلىك: شاھلارنىڭ نەپسى كۈچىيىپ بىر ئەجدىرھاغا ئايلىنىدۇ. ئۇلارغا يېقىن بولۇپ، دوستلۇقىنى ھىمايە قىلىپ، ماللىرىنى قوبۇل قىلغان كىشى مۇتلەق ھالدا ئۇلارنىڭ رايى بويىچە گەپ قىلىدۇ. رەنجىمىسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ بولمىغۇر ئوي ـ پىكىرلىرىنى ياقتۇرىدۇ ۋە گەپلىرىنى قايتۇرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەممە ۋاقىت بىر خەۋپ مەۋجۇت. چۈنكى ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئالغاندا، ئەسلىي تەرەپ ساڭا يات ـ ناتونۇش بولۇپ قالىدۇ ۋە بۇنىڭ دىنغا زەرەرى باردۇر. سەن ئۇ تەرەپنى ھىمايە قىلغىنىڭدا، ئەزىز بولغان بۇ تەرەپ سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە سەن دۇنيا ئەھلى بىلەن قانچىلىك چىقىشساڭ، ئۇنىڭ ساڭا شۇنچىلىك غەزىپى كېلىدۇ. «ئاللاھ زالىملارغا ياردەم بەرگەن كىشىگە ئاشۇ زالىمنى بالا قىلىپ قويىدۇ» (ھەدىس.) سېنىڭ ئۇ تەرەپكە قاراپ كېتىشىڭنىڭ ئا-

قىۋىتىمۇ شۇنداق. چۈنكى، ئەگەر سەن ئۇ تەرەپنى ھىمايە قىلساڭ، نەتىجىدە ئۇنىڭ سېنىڭ بېشىڭغا بالا قىلغۇسىدۇر.

دېڭىزغا بېرىپ ئۇنىڭدىن پەقەت بىر كوزا سۇ ئېلىش بىلەن قانائەتلىنىش ئېچىنارلىق. دېڭىزدىن ئېلىش مۇمكىن بولغان دۇر - جاۋاھىرلار ۋە باشقا قانچىدىن قانچە نەرسىلەر بار تۇرۇپ، سۇنىلا ئېلىشنىڭ نېمە قىممىتى بار؟ ئەقىللىق ئىنسانلار بۇنىڭ بىلەن قانداق قىلىپ ماختىنىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى قانداقمۇ ئادەم ھېسابلايدۇ؟

ئالەم - بىر كۆپۈك. ئەۋلىيالار بىلىملىرى - دېڭىز. دېڭىزنىڭ دۇرى قەيەردە؟

بۇ ئالەم مەينەتچىلىك بىلەن تولغان كۆپۈكتۇر. پەقەت بۇ كۆپۈك دېڭىزنىڭ چايقىلىشى، ئويناقلىشى ۋە كۆپۈپ قاينىشى بىلەن پاكلىنىدۇ، ساپلىنىدۇ، گۈزەللىشىدۇ.

خوتۇنلار، باللار، ساندۇق - ساندۇق ئالتۇن - كۈمۈشلەر، نەسىللىك ئاتلار ۋە قوتان - قوتان مال - قويلار، تېرىلغۇلار ۋەھاكازا نەرسىلەر ئادەملەرنىڭ نەپسىنى غىدىقلايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيا زەۋقىدۇر. ئەگەر (ئۇ) بېزەلگەن بولسا، دېمەك، ئۇنىڭدا ھەقىقىي گۈزەللىك ۋە ياخشىلىق يوقتۇر، ئۇنىڭدىكى بۇ گۈزەللىك ۋاقىتلىقتۇر ۋە باشقا بىر يەردىن كەلگەندۇر. دۇنيا ئالتۇن يالىتىلمىغان ساختا پۇلغا ئوخشايدۇ. يەنى قىممەتسىز كۆپۈكتىن ئىبارەت بولغان دۇنيا ساختىدۇر، ئەھمىيەتسىز ۋە قەدىرسىزدۇر. ئۇنىڭ ئۈستى قىسمىنى بىز ئالتۇن بىلەن سۇۋىدۇق. مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىنسانلارنى خوتۇنلار ۋە باللار، ساندۇق - ساندۇق ئالتۇن - كۈمۈشلەر، نەسىللىك ئاتلار ۋە قوتان - قوتان مال - قويلار، تېرىلغۇلار ۋە باشقا نەرسىلەر ئۆزىگە تارتىدۇ.

ئىنسان تەڭرىنىڭ ئۇستۇرلابىدۇر (تېلېسكوپىدۇر.) پەقەت تېلېسكوپنى بىلىدىغان مۇنەججىم لازىم. دېھقان ياكى باققالنىڭ تې-

لىپسكوپى بولغان بىلەن ئۇنى ئىشلىتەلمىگەندىن كېيىن نېمە پايدىسى بار؟ ئۇلار تېلىپسكوپتا كۆرۈلگەن پەلەك ئەھۋالىدىن، ھەرىكەتلىرىدىن، ئون ئىككى مۇچەلنىڭ ئۆزگىرىشى، تەسىرلىرى. نىيىمىنىمۇ چۈشىنەلەيتتى؟ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، تېلىپسكوپ مۇنەججىملەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. چۈنكى «ئۆزىنى بىلگەن خۇداسىنىمۇ بىلىدۇ» (ھەدىس.) شۇ نۇقتىئىنەزەردىن تېلىپسكوپ پەلەكنىڭ كۆزگۈسى بولسا، ئىنسان ۋۇجۇدىمۇ ئاللاھنىڭ تېلىپسكوپىدۇر. چۈنكى قۇرئاندا ئىنسان توغرىسىدا: «بىز ئادەم ئوغۇللىرىنى ئەزىز قىلدۇق» دەپ بۇيرۇلغان.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئىنساننى بىلىملىك، ئىلىملىك ۋە ئالىم قىلىپ ياراتقىنى ئۈچۈن ئىنسان ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ تېلىپسكوپىدا ۋاقتى - ۋاقتى بىلەن تەڭرى جۇلاسىنى ۋە تەڭداشسىز گۈزەللىكنى پارلاق بىر ھالدا كۆرىدۇ. بۇ جامال (چىراي) مەزكۇر كۆزگۈنى ھېچقاچان تەرك ئەتمەيدۇ.

ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك بولغان تەڭرىنىڭ ھىممەت، مەرىپەت ۋە كارامەت كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ قويغان قۇللىرى باردۇر. خەلقنىڭ بۇلارنى كۆرەلەيدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرى بولمىسىمۇ ئاللاتائالا ئۇلارنى قىزغىنىدۇ. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى خۇددى مۇتەنەببىنىڭ «خوتۇنلار يىپەك كىيىملەرنى ياسانماق ئۈچۈن ئەمەس بەلكى، ئۆز گۈزەللىكىنى قوغداش ئۈچۈن كىيىدۇ» دىگىنىدەك (ھېكمەت، مەرىپەت ۋە كارامەت كىيىملىرى بىلەن) ئورايدۇ.

پەسىل. بىرى: «كېچە - كۈندۈز قەلبىم ۋە جېنىم سىزنىڭ يېنىڭىزدا، خىزمىتىڭىزدە پەقەت موڭغۇللارنىڭ ئىشلىرى، تەشۋىشلىرى سەۋەبىدىن سىزنى زىيارەت قىلىشقا كېلەلمەيۋاتىمەن» دېدى. ئۇ: «بۇ ئىشلارمۇ ھەققە تېگىشلىكتۇر. چۈنكى بۇلار مۇسۇلمانلىق ئىشەنچىنى يەتكۈزمەكتە. سىز ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇش ۋە

بىر قانچە مۇسۇلماننىڭ خاتىرجەم تائەت ـ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى مال ۋە جېنىڭىز بىلەن پىدا قىلدىڭىز. بۇمۇ خەيرلىك ئىشتۇر. ئاللاھۇ ئەكبەر سىزگە شۇنداق بىر خەيرلىك ئىش قىلىش ئارزۇسىنى بەرگەندۇر. بۇنىڭغا جاۋابەن قىزىقىشىڭىزنىڭ ئارتىشى ـ تەڭرىنىڭ سىزگە بەرگەن ئىلتىپاتىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەگەر ئار-زۇيىڭىز زەئىپلىشىدىغان ياكى سۇس بولسا، بۇ سىزنىڭ ئاللاھ ئىلتىپاتىدىن مەھرۇم بولۇۋاتقانلىقىڭىزنىڭ بىر بېشارىتى دېگەن-لىكتۇر. شۇڭا ئۇلۇغ ئاللاھ بۇنداق بۈيۈك ۋە خەيرلىك ئىشنىڭ ئادەم ۋاستىسى ئارقىلىق قىلىنىشىنى، ئۇنىڭ ساۋاب تېپىشىنى ۋە دەرىجىسى يۈكسىلىشىنى خالىمايۋاتىدۇ، دېمەك، بۇ، ئىسسىق بىر ھاماماغا ئوخشايدۇ. ھامامنىڭ ئىسسىقلىقى مەشتىن ھاسىل بولىدۇ. ئوتۇن ۋە تېزەك كۆرۈمسىز ۋە يىرگىنچلىك بولسىمۇ، ھامامچى ئۈچۈن ئىلتىپات ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار تۈپەيلى ھامامچىنىڭ ھامامى ئىسسىدۇ ۋە شۇ تەرىقىدە خەلققە خىزمەت قىلىدۇ. شۇ چاغدا دوست كەلدى. (مەۋلانا) ئۇزرە سورىدى ۋە: «سىز ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرمىغان، سىز بىلەن كەپلەشمىگەن ۋە ھال ـ ئەھۋالىڭىزنى سورىمىغان بولسام، بۇنىڭ سەۋەبى سىزنى ھۆرمەت قىلغىنىمدۇر. چۈنكى ھەربىر نەرسىنىڭ ھۆرمىتى شۇ زامانغا لايىق بولىدۇ. ناماز ئۈستىدە ئاتا ـ ئانىنى، ئاكا ـ ئۇكىنى، ئاچا ـ سى-ڭىلنى سوراپ سۈرۈشتۈرمەك شۇ يوسۇنغا ئېتىبار قىلماق توغرا ئەمەس. ناماز ۋاقتىدا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ئېتىبار كۆرسەتمەسلىك ئەسلىدە ئەڭ ياخشى ئىلتىپات ۋە كۆڭۈل ئېلىشتۇر. چۈنكى سەن ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن ئىبادەتتىن چوڭقۇر دىنىي ھالەتتىن ئايرىل-مايسەن. ھوزۇر ـ ھالاۋىتىڭنى بۇزمايسەن ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ گۇناھقا لايىق بولمايدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىنساننى گۇناھقا ۋە ئازابقا گىرىپتار قىلغان بالادىن چىقىنىش ئىلتىپات ۋە كۆڭۈل

ئالماقتۇر. چۈنكى ئۇلارغا جازا بەرگۈچى نەرسىدىن قاچقانلىقتۇر» دەپ بۇيرۇدى.

ئۇلاردىن بىرى: «ئاللاھقا نامازدىنمۇ يېقىنراق نەرسە بارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «ھەمناماز باردۇر. ئەمما ناماز پەقەتلا تاشقى قىياپەتتىنلا ئىبارەت ئەمەس. بۇ نامازنىڭ قېلىپىدۇر. نامازنىڭ بېشى ۋە ئاخىرى مەلۇم ۋە مەۋجۇتتۇر. باش - ئاخىرى بار ھەممە نەرسە قېلىپتۇر. تەكبىر - نامازنىڭ بېشى، سالام بولسا، ئاخىرىدۇر. خۇددى شۇنداق شاھىدلىقمۇ پەقەت تىل بىلەن ئېيتىلغان نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ باش - ئاخىرى مەۋجۇت. بېشى ۋە ئاخىرى بولغان ھەممە نەرسە سۈرەت ۋە قېلىپتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇنىڭ روھى قىياس قىلغىلى بولمايدىغان ۋە چەكسىزدۇر، ئەۋۋەل - ئاخىرى يوقتۇر. بۇ نامازنى نەبىيلەر تاپقان ۋە ئۇنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. نەبىي: «مېنىڭ ئاللاھ بىلەن شۇنداق (يېقىن) بىر ۋاقىتلىرىم بولىدۇكى، ئۇنىڭغا تەڭرى ئەۋەتكەن بىر پەيغەمبەر ۋە ياكى تەڭرىگە ئەڭ يېقىن بولغان بىر پەرىشتىمۇ سىغمايدۇ» (ھەدىس) دەپ بۇيرۇيدۇ. دېمەك، نامازنىڭ ماھىيىتى پەقەت يېتىپ قوپۇشتىنلا ئىبارەت بولماي بەلكى ئىستىغراغ، يەنى ئۆزىدىن كېچىش ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. چۈنكى بارلىق سۈرەتلەر (كۆرۈنۈش، تاشقى قىياپەتلەر) ئىچكى كىرەلمەي تاشقىرىدا قالىدۇ. ھەتتا جەبرائىلدەك ھېكمەت ئىگىسى مەلەكمۇ ئۇ يەرگە سىغمايدۇ.

ئالىملارنىڭ سۇلتانى، ئالەمنىڭ قۇتۇبى بولغان مەۋلانا باھا - ئۇلھەق ۋەئەددىن (ئاللاھ ئۇنىڭ ئۇلۇغ روھىنى مۇبارەك قىلسۇن) ھەققىدە شۇنداق بىر ھېكايە رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىركۈنى ئەسھابى ئۇنى ئىستىغراغ ھالدا ئۇچراتتى. ناماز ۋاقتى يېقىنلاشقانلىقى ئۈچۈن مۇرىتلاردىن بەزىلىرى «ناماز ۋاقتى بولدى» دىدى. مەۋلانا ئېتىبار قىلمىدى. مۇرىتلار نامازغا قوزغالدى. پەقەت ئۇلاردىن

ئىككىسى شەيخلەرگە ئەگىشىپ نامازغا تۇرمىدى. ناماز ئوقۇۋات-قانلاردىن خاجەگىي ئىسىملىك بىر مۇرىت قەلب كۆزى ئارقىلىق ناماز ئوقۇۋاتقانلارنىڭ قىبلىگە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرغىنىنى، شەيخ بىلەن ئىككى مۇرىتنىڭ بولسا، قىبلىگە قاراپ ئولتۇرغىنىنى كۆردى. چۈنكى شەيخ «مەن» ۋە «بىز» دەۋاسىدىن ۋاز كەچتى. ۋە ئۇ-نىڭ «مەن»لىكى پاناھ تاپتى. بارلىقىدىن ھېچنېمە قالمىدى. «ئۆ-لۈشتىن ئاۋۋال ئۆلۈڭ» (ھەدىس) ھېكمىتى ئاللاھ نۇرىدا ھالاك بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزى ئاللاھنىڭ نۇرى بولدى. ھەر كىم ئار-قىسىنى ئاللاھنىڭ نۇرىغا ۋە يۈزىنى تام تەرەپكە ئۆرىسە، ئۇ ئارقى-سىنى مۇتلەق قىبلىگە ئۆرىگەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاللىقاچان قىب-لىنىڭ جېنى بولغاندۇر. ئىنسانلارنىڭ قىبلىسىنى پەيغەمبەر قىل-غان، ئۇ ئالەمنىڭ قىبلىگاھى ئەمەسمىدى. ئۇ ھالدا پەيغەمبەرنىڭ ئۆزى قىبلە بولسا، يەنىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ. چۈنكى قىبلە ئۇنىڭ ئۈچۈن بولغاندۇر.

مۇستاپا (ئاللاھنىڭ سەلات ۋە سالىمى بولسۇن) بىر دوستىغا: «سېنى چاقىردىم، نېمىشقا كەلمىدىڭ؟» دېدى. شۇ چاغدا پەيغەمبەر: «ياخشى، ئەمما مەن سېنى چاقىرمىدىممۇ؟» دېيىشى بىلەن ئۇ: «مەن بىر بىچارىمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

پەيغەمبەر ئۇنىڭغا بۇيرۇدىكى: «قۇدرەتلىك بولغان ۋاقتىڭدىمۇ ئۆزۈڭنى ئاجىز دەپ ھېس قىلىپ بىچارە كۆرگىنىڭ ياخشى. چۈنكى سېنىڭ قۇۋۋەت ۋە قۇدرىتىڭ ئۈستىدە بىر قۇدرەت باردۇر» سەن ھەرقانداق ئەھۋالدا ھەققە مەھكۇمسەن. بەزەن چارىسىز، بەزەن قۇد-رەتلىك بولساڭمۇ ئىككى بۆلەك ئەمەسمەن، ئۇنىڭ قۇدرىتىگە باق ۋە ئۆزۈڭنى ھەر ۋاقىت يوق ـ قولسىز ھەمدە بىچارە كور، زەئىپ ئادەملەرنى قويۇپ تۇرايلى، ھەتتا ئارسلان، قاپلان، تىمساھ ۋەھا-كازالارمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس ۋە تەگرىدىن قورقۇپ تىت-


www.uyghurkitap.com

ـرەيدۇ. زېمىن، ئاسمان... ھەممىسى ئاجىزدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ (تەڭرىنىڭ) ھۆكۈمىگە ئەسىردۇر. ئۇ بۈيۈك پادىشاھدۇركى، نۇرى ئاي، قۇياشنىڭ نۇرىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ نۇرىنى ئالماشتۇرۇپ بولمايدۇ ۋە ئەگەر ئۇ پەردىسىز ھالدا كۆرۈنسە زېمىن، ئاسمان، قۇياش ۋە ئايلارمۇ قالمايدۇ.

ھېكايە: بىر شاھ دەرۋىشلەردىن بىرىگە: «تەڭرىنىڭ ھۇزۇرىدا تەڭرى تەجەللىسىگە ۋە يېقىنلىقىغا مۇيەسسەر بولغاندا مېنى ئېسىڭگە ئال!» دېدى. دەرۋىش: «ئۇ ھۇزۇردا گۈزەللىك قۇياشىنىڭ نۇرى بارلىقىمغا تېگىشى بىلەن مەن ھەتتا ئۆزۈمنىمۇ ئەسلىيەلمىگەن يەردە سىنى قانداق ئەسلەي؟» دەپ جاۋاب بەردى. ئەمما ئاللاھۇ ئەكبەر بىر قۇلىنى تاللاپ ئېلىپ ئۇنى ئۆز بارلىقىدا يوق قىلسا ۋە بۇنىڭ ئېتىكىنى تۇتۇپ ئۆز ئېھتىياجىنى تىلىگەن ھەربىر كىشىنىڭ ئارزۇسىنى تەڭرى ئەمەلگە ئاشۇرغۇسى. بۇنىڭدا ئاللاھ ھۇزۇرىدا ئۇنى ياد ئېتىش شەرت ئەمەس.

پەسىل. بىرى: «بۇ يەردە بىر نەرسىنى ئۇنتۇپتىمەن» دېدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: دۇنيادا ئۇنتۇلماس بىر نەرسە بار. ئەگەر ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ، ئۇنى ئۇنتۇمىساڭ قورقمىساڭمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: بىر پادىشاھ مەلۇم ئىش ئۈچۈن سىنى يېزىغا ئەۋەتتى. سەن تاپشۇرۇۋالغان ئىشنى قىلماي، باشقا يۈز تۈرلۈك ئىشنى ئادا قىلساڭمۇ ھېچ ئىش قىلمىغان بولىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان بۇ دۇنياغا بىر ئىش ئۈچۈن كەلگەن: غايە ئۇدۇر. ئەگەر ئۇنى قىلمىسا ھېچقانداق ئىش قىلمىغان ھېسابلىنىدۇ.

«بىز ئامانەتنى ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەكلىپ ئەتتۇق. ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى. ئۇلار خىيانەتتىن قورقۇپ ئەندىشە قىلدى. ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى. چۈنكى ئۇ ناھايىتىمۇ زالىم ۋە جاھىلدۇر».

ئاسمان ۋە زېمىن ئۈستىگە ئالالمىغان ئىشنى ئىنسان ئالدى. ئۇنىڭ قولىدىن كېلىشۋاتقان ئىشلىرىغا قاراپ كىشى ھەيران قالىدۇ: تاشلارنى زۇمرەت ۋە ياقۇت؛ تاغلارنى ئالتۇن ۋە كۈمۈش كانلىرىغا ئايلاندۇرىدۇ. يەر يۈزىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تى-رىلدۇرىدۇ. ۋە جەننەت ھالىتىگە كەلتۈرىدۇ. زېمىننى ئۇرۇقنى ئۆز باغرىغا ئالىدۇ، ھوسۇل بېرىدۇ. ئەيىبلەرنى ياپىدۇ ۋە يەنە چۈشەن-دۈرۈش قىيىن بولغان يۈز مىڭلىغان غەلىتە نەرسىلەرنى قوبۇل قى-لىدۇ، مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك تاغلارمۇ تۈرلۈك - تۈمەن مەدەنلەرنى بېرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش بارلىق ئىشلارنى ئادا قىلغان ھالدا، قوللىرىدىن بىر ئىش كەلمەيدۇ. بۇ ئىش بولسا، ئىنسان تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاللاھ: «بىز ھەقىقەتەن ئادەم ئوغۇللىرىنى شەرەپلەندۈردۇق» دەپ بۇيرۇدى. ئەمما بۇ ئىش نە ئاسمانلارنىڭ نە تاغلارنىڭ ۋە نە زېمىننىڭ ئەمەس، بەلكى پەقەت ئىنساننىڭلا قولىدىن كەلگەنلىكتىن، ئىنسان ناھايى-تى يامان ۋە بىلىمسىزدۇر. ئەگەر سەن: «قولۇمدىن شۇنچە ئىش كەلسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىشنى قىلالمايۋاتىمەن» دېسەڭ، بۇنىڭ ھېچ-قانداق قىممىتى يوق. چۈنكى ئىنساننى باشقا ئىشلار ئۈچۈن يارات-مىدى. بۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ: سەن شاھلارنىڭ خەزىنىلىرىدە بول-دىغان قىممەتباھا پولاتتىن تەييارلانغان ھىندى قىلىچىنى «مەن بۇ قىلىچنى بىكار تۇرماسلىقى ئۈچۈن تۈرلۈك ئىشلارغا ئىشلىتىمەن» دەپ پىچاق ئورنىدا گۆش توغرىساڭ، ياكى ئالتۇن قاچىدا چامغۇر قايناتساڭ، ياكى گۆھەر بىلەن بېزەلگەن خەنجەرنى مىق ئورنىدا قې-قىپ، ئۇنىڭغا كاۋا ئېسىپ قويساڭ... ئۇۋال بولماسمۇ، ئادەملەر كۈلمەسمۇ؟ ھالبۇكى كاۋىنىڭ ئىشى بىر پۇللۇق تاختا ياكى بىر تال تۆمۈر مىق بىلەن پۈتىدۇ. ئۇنىڭغا يۈز دىنارلىق پىچاقنى ئىشلىتىش ئەقىلغە سىغامدۇ؟ ئۇلۇغ تەڭرى ساڭا ناھايىتى بۈيۈك قىممەت بەر-

گەن. «ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ جانلىرى ۋە ماللىرىنى ئۆز يولىدا ۋەخپە قىلىشلىرى بەدىلىگە ئۇلارغا جەننەتنى ئاتا قىلغاندۇر».

شېئىر (سەن قىممىتىڭ ۋە چۈشەنچەڭ بىلەن ئىككى ئالەمنىڭ بەدەلىسەن. ئەمما قانداق قىلغۇلۇق، ئۆز باھايىڭنى بىلمەيۋاتساڭ.)

ئۆزۈڭنى ئەرزان ساتما، چۈنكى قىممىتىڭ يۈكسەكتۇر. ئۇلۇغ تەڭرى بۇيرۇدى: مەن سېنى، ۋاقتىڭنى، نەپسىڭنى، ماللىرىڭنى سېتىۋالدىم. ئەگەر سەن بۇلارنى مەن ئۈچۈن خىراجەت قىلساڭ، ماڭا بەرسەڭ بۇنىڭغا جاۋابەن ئۆلۈمسىز جەننەتكە ئېرىشىسەن. سېنىڭ مېنىڭ ئالدىمدىكى ئەھمىيىتىڭ شۇدۇر. ئەگەر ئۆزۈڭنى جەھەننەم بەدىلىگە ساتساڭ، ئۆزۈڭگە زۇلۇم قىلغان بولىسەن. خۇددى يۈز دىنارلىق پىچاقنى تامغا قېقىپ ئۇنىڭغا كاۋا ئاسقان ئادەمدەك.

سەن: «ئۆزۈمنى يۈكسەك ئىشلارغا بېغىشلاۋاتىمەن. فىقھ، ھېكمەت، فەلەكىيات (ئاسترونومىيە)، تىبابەت ۋە باشقا ئىلىملارنى ئۆگىنىۋاتىمەن» دەپ باھانىلەرنى كۆرسىتىسەن. ئەسلىدە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزۈڭ ئۈچۈندۇر. فىقھ ـ قولۇڭدىكى نېنىڭنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويماسلىقىڭ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشۇڭ، ئۇچاڭدىكى كىيىمنى يەشتۈرۈپ ئالماسلىقى ۋە ساق ـ سالامەت بولۇشۇڭ ئۈچۈندۇر. فەلەكىيات ساھەسىدىكى بىلىمىڭ بولسا، پەلەك ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇش ۋە شۇنىڭغا قاراپ ئىش تۇتۇشۇڭ ئۈچۈندۇر. ئويلاپ كۆرسەڭ ئەسلىڭ سەن بولۇپ، بۇلار سېنىڭ ئايدىڭلىقىڭدۇر. بىلىم نۇرۇڭدۇر. نۇرنىڭ بۇ قەدەر تەپسىلاتى، ئاجايىپ ـ غارايىپلىقى، غەلىتىلىكلىرى بولغان يەردە، قاراپ باققىنىكى، ئاساس بولغان سېنىڭ قانداق ھاللىرىڭ بولۇشى كېرەك؟ سېنىڭ زىيايىڭدا يۈكسىلىشلەر، چۈشۈشلەر، بەختلىك ۋە بەختسىز ھاللار بولۇش بىلەن بىرگە، نەزەر سال: ئاساس بولغان سېنىڭ نۇر ئالىمىڭدە قانداق ئۆرلەش ـ پەسىيىشلەر، ئامەت ۋە تەلەيسىزلىكلەر، زەپەر ۋە پايدىلار

باردۇر؟ مەسىلەن: پالانى روھنىڭ شۇنداق خۇسۇسىيىتى بار، ئۇ-نىڭدا مۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈنىدۇ، پۇستانى ئىشقا يارايدۇ، دېيىشىدۇ. «مەن تەڭرى ئېيتقاندىن كېچەلمەيمەن، ئۇ ماڭا يېگۈزىدۇ، ئىچ-كۈزىدۇ» دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، سەن ئۇچۇن غىزا يېمەك ۋە ئۇخلى-ماقتىن باشقا يەنە بىر ئوزۇق باردۇر. سەن بۇ دۇنيادا شۇ ئوزۇقنى ئۇنتۇدۇڭ، باشقا ئىش بىلەن مەشغۇل بولدۇڭ. ۋۇجۇدۇڭنى كېچە-كۈندۈز ماددىي ئوزۇق بىلەن باقىسەن، بولسا-بولمىسا بۇ ۋۇجۇد سېنىڭ ئېتىڭدۇر. دۇنيا-ئات ئوقۇرى، ئاتنىڭ يېمى-بوغۇزى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ ئوزۇقى بولالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆز يېمى-نېمەتلىرى بار. ئەمما ھايۋانلىق تۇيغۇسى سېنى يەڭگەنلىكى ئۇچۇن ۋە سەن ئاتلارنىڭ ئوقۇرى ۋە ئۇلارنىڭ باش تەرىپىدە قالغىنىڭ ئۇچۇن با-قىي دۇنيانىڭ پادىشاھى ۋە ئەمىرلىرى قاتارىدىن جاي ئالالمايسەن. قەلبىڭ غالىب (يەڭگەن) كەلگەن ۋۇجۇدۇڭنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنىدۇ ۋە سەنمۇ ئۇنىڭ ئەسىرىگە ئايلانغانسەن. خۇددى بۇنىڭغا ئوخشاش: مەجنۇن لەيلىنىڭ يۇرتىغا كېتىۋېتىپ، ھوشى جايىدا ۋاقىتلىرىدا ئېتىنى ئالدىغا ماڭدۇراتتى، ئەمما خىيالى لەيلىگە كەتكەندە ئۆزىنى ۋە تۆگىسىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. شۇ چاغدا تۆگە قىشلاقتىكى بوتىلىقى-غا تارتىشىپ ئارقىغا قايتىپ كېتەتتى. قىشلاققا كېلىشى بىلەن مەجنۇن ئۆزىگە كېلىپ ئىككى كۈنلۈك يولنىڭ بىكارغا كەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئۇ ئۈچ ئاي يولدا يۈردى. ئاخىر، «بۇ تۆ-گە بېشىمغا بالا بولدى» دەپ، تۆگىدىن چۈشۈپ پىيادە يولغا چۈشتى.

بېيىت: (تۆگەمنىڭ ئارزۇسى ئارقىدا، مېنىڭ بولسا ئالدىدا، بىز ئۆز يوللىرىمىز تۈپەيلى ئايرىلدۇق.)

ئېيتىشلەركى، سەئىد بۇرھانىددىن مۇھەققىق سۆزلەۋاتقاندا، بىرسى كەلدى ۋە: «پالانچىنىڭ سېنى مەدھىيەلىگەنلىكىنى ئاڭلى-دىم» دېدى. ئۇ: «كۆرۈپ باقايلى، ئۇ زات قانداق ئادەم ئىكەن؟ مېنى

تونۇپ ماختىنغۇدەك ئەھۋالدىمىكەن، ئەگەر مېنى سۆزلىرىمدىن تونۇغان بولسا، تونۇمايدۇ دېگەن گەپ، چۈنكى بۇ ئاۋاز، بۇ ئېغىز، بۇ لەۋ... ئۆتكۈنچى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بەلگىلەردۇر. قىلغان ئىشلىرىمدىن تونۇغان بولسا، يەنە شۇنداقتۇر. ئەمما زاتىمنى تونۇغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ مېنى تونۇغان بولىدۇ. پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇ مېنى ماختىيالايدۇ ۋە ماختىشىنىڭ ماڭا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلدمەن» دېدى.

بۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر ھېكايە بار. رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر پادىشاھ ئوغلىنى ھۈنەرۋەنلەر ئارىسىغا قوشۇپ قويۇپتۇ. ئۇلار بالىغا تۇرلۇك بىلىملەردىن جۇملىدىن ئىلمىي نۇجۇمدىن دەرس بېرىشىپتۇ. شاھنىڭ ئوغلى پۈتۈنلەي ئەخمەق بولۇشىغا قارىماستىن، ئۆگىتىلگەن نەرسىلەرنى ياخشى ئىگىلەپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ ئۇنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئالقىنىغا ئۈزۈكىنى سىقىمدىۋېلىپ «ئوغلۇم بۇ نېمە؟» دەپتۇ. بالا: «قولۇڭدىكى يۇمىلاق، سېرىق ۋە ئىچى بوش نەرسە» دېيىشىگە ھۆكۈمدار ھەيران قېلىپ: «بەلگىلىرىنى توغرا ئېيتتىڭ. ئىسمىنى ئېيتقىن» دەپتۇ. ئوغۇل: «غەلۋىر بولسا كېرەك» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ: «ئۆگەنگەن بىلىمىڭنىڭ خاسىيىتى بىلەن بۇ نەرسىنىڭ بەلگىلىرىنى توغرا ئېيتىپ مېنى ھەيران قالدۇردۇڭ. لېكىن غەلۋىرنىڭ سىقىمغا سىغمايدىغانلىقىغا قانداق قىلىپ ئەقلىڭ يەتمىدى؟» دېدى.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، زامانىمىز ئالىملىرىمۇ قىلىنى قىرىق يارىدۇ، ئۆزلىرىگە باغلىق بولمىغان مۇناسىۋەتسىز نەرسىلەرنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئەمما ناھايىتى مۇھىم، ئۆزلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ يېقىن بولغاننى، يەنى ئۆزلىرىنى بىلمەيدۇ. ھەممە نەرسىدىن يېقىن بولغان بارلىق بۇ ـ ئۇلارنىڭ مەنلىكى، ئۇلار بىرەر ئىش توغرىسىدا بۇ ـ توغرا، ئۇ خاتا، بۇ ھالال، ئۇ ھارام دەپ ھۆكۈم چىد-

قىرىشىدۇيۇ، ئۆز ماھىيىتىنىڭ ھالال ياكى ھارام ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، شاھنىڭ ئوغلى ئېيتقان ھېلىقى ئالامەتلەر بەلگىلەردۇر، يالقۇنغا تاشلىسا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى قالمايدۇ. بۇنداق ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن قۇتۇلۇش زاتقا خاستۇر. ئىنسانغا بېرىلگەن ئىش، سۆز ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسى ئالامەتتۇر. ئۇلارنىڭ جەۋھەر بىلەن ئالاقىسى يوق. ئۇلار يوق بولغاندىن كېيىن قالغان نەرسە جەۋھەردۇر. بىز نەزەردە تۇتۇۋاتقان ئالىملارنىڭ ئالامىتى شۇنداقتۇر. ئۇلار بەلگىلەرنى توغرا تېپىپ سۆزلەيدۇيۇ، لېكىن غەلۋىرنى سىقىمغا سىغدۇ دەپ تۇرۇۋالىدۇ. چۈنكى ئاساسىي نەرسىدىن ئۇلارنىڭ خەۋىرى يوق. مەن بىر قۇش، بۇلبۇل، تۇتى، ئەگەر ماڭا باشقا بىر خىل ئاۋاز چىقار دېسە، ئۇنى قىلالمايمەن. چۈنكى مېنىڭ تىلىم شۇنداق ۋە بۇنىڭدىن ئۆزگىسىنى سۆزلىيەلمەيمەن. قۇشنىڭ سايراشلىرىنى ئۆگەنگەن كىشى قۇش ئەمەس، بەلكى قۇشلارنىڭ دۈشمىنى، ئوۋچىسىدۇر. ئۆزىنى قۇش دەپ ئويلىغىنى ئۈچۈن ئۇلارنى دوراپ سايرايدۇ. پۈشتەك چالىدۇ، ئىنسانغا بۇلاردىن باشقىچە ئاۋاز چىقار دېسىمۇ، ئۇ بۇنى قىلالايدۇ. چۈنكى ئاۋاز ئۇنىڭ ئەمەس، تەقلىدتۇر. خەلقنىڭ كىيىملىك رەختلىرىنى ئوغرىلىغان ئوغرىمۇ ھەربىر ئۆيدىن بىر كىيىملىك رەخت كۆرسىتىشنىمۇ ئۆگىنىپ ئالغان بولىدۇ.

پەسىل. ئاتابېك: «بۇ نېمە ئىلتىپات! مەۋلانا تەشرىپ بۇيرۇدى. راستىنى ئېيتسام، ئويلىمىغان ئىدىم. ھەتتا مۇنداق شەرەپكە مۇناسىپ بولۇشنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدىم. مەن كېچە - كۈندۈز ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ، مۇرىتلىرى ئارىسىدا بولۇشۇم كېرەك ئىكەن. مەن تېخى شۇنىڭغىمۇ لايىق ئەمەس ئىدىم، بۇ قانداق ئىلتىپات!» (دېدى.) بۇنىڭغا جاۋابەن مەۋلانا بۇيرۇدى: بۇ سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىندۇر. دەرىجىڭىز ئەزىز، بۈيۈك ۋە مۇھىمدۇر.

www.uyghurkitap.com

سىزمۇ يۇكسەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغىنىڭىزغا قارىماي،
ھەممىتىڭىز يۇقىرى بولغانلىقتىن ئۆزىڭىزنى ئەيىبلىك كۆرۈۋا-
تىسىز. ئۆز ئىشلىرىڭىزدىن رازى بولماي، ئۆزىڭىزگە يەنە بىرقانچە
نەرسىلەرنى زورۇر دەۋاتىسىز. بىزنىڭ كۆڭلىمىز دائىم مەنە جە-
ھەتتىن سىزنىڭ ھەممىتىڭىز يېنىدا بولۇشى بىلەن بىللە، شەك-
لەنمۇ شەرەپلەنمەك ئىستىدۇق(خالىدۇق.) چۈنكى، بۇ سۇرەتنىڭمۇ
ئۇلۇغ بىر ئېتىبارى باردۇر. ئېتىبار نېمە ئۆزى؟ ئۇ ھەتتا ئۆزلۈك
ۋە مەنە بىلەن تەڭ. مېغىزى يوق كاللىسىنىڭ ئىشى ھېچنېمىگە يا-
رىمىغاندەك پوستى يوق مېۋە ئۈنمەيدۇ. مەسىلەن: پوستى يوق مې-
غىزنى تېرىساڭ، ئۈنمەيدۇ. پوستى بىلەن تېرىساڭ ئۈنىدۇ ۋە چوڭ
بىر دەرەخكە ئايلىنىدۇ. شۇ نۇقتىئىنەزەردىن ۋۇجۇدىنىڭمۇ بۈيۈك
بىر ئەسلى، خىزمىتى باردۇر. بۇنداق بولۇشى تەبىئىيدۇر. ئۇنىڭ-
سىز بىر ئىش مەيدانغا كەلمەيدۇ. مانا شۇ ئەسلى مەندۇر. ئەمما بۇ
ئۆزىمۇ مەنىلىك، مەنىسىمۇ بىلگەن، چۈشەنگەن كىشىلەر ئۈچۈن
شۇنداقتۇر. «ئىككى رەكئەت ناماز دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىن
خەيرلىكتۇر». بۇ سۆز ھەممە ئۈچۈن ئەمەس. بۇ شۇنداق كىشىلەر
ئۈچۈنكى، قولىدا مال ـ دۇنياسى بولمىسىمۇ ئىككى رەكئەت ناماز
ئوقۇماسلىق ئۇلارغا شۇ ماللىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندىنمۇ ئېغىر
تۇيۇلىدۇ.

بىر دەرۋىشكە پادىشاھ: «ئەي زاھىد!» دېدى. ئۇ بولسا: «سەن
ئۆزۈڭ زاھىد» دەپ جاۋاب قايتۇردى. شاھ: «مەن قانداقمۇ زاھىد
بولاي، پۈتۈن دۇنيا مېنىڭ تۇرسا» دېدى. جاۋابەن: «ياق، ئەكسىچە،
كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، پۈتۈن دۇنيا، ئاخىرەت ۋە جىمىكى مال ـ مۇ-
لۈكلەر مېنىڭدۇر. ئالەمنى مەن ئالدىم. سەن بولساڭ پەقەتلا بىر
لوقما ۋە بىر جەندە چاپان بىلەن قانائەت قىلدىڭ» دېدى دەرۋىش.

«يۈزۈڭنى قايسى تەرەپكە قاراتساڭ ئاللاھ شۇ يەردىدۇر». ئۇ

ھەممە جايدا مەۋجۇت. ئۇ چىرايدۇر، دائىمىيدۇر، ئۆلمەستۇر. ئا-
شىقلار بۇ چىرايغا ئۆزلىرىنى پىدا قىلىپ ئۇنىڭ بەدىلىگە ھېچنېمە
تەلەپ قىلمايدۇ. باشقىلار بولسا، ھايۋانغا ئوخشاشتۇر.

بۈيرۇدۇكى: سىيرلارمۇ نېمەتلەرگە لايىقتۇر. ئېغىلدا تۇرۇشى،
ئېغىل ئىگىسى خۇشلىغان نەرسە بولغانلىقىدىندۇر. ئەگەر ساھىب
خالىسا، ئۆزىنىڭ مېلىنى شاھنىڭ ئېغىلىغا ئاپىرىپ قويىدۇ. ئىب-
تىدادا (باشلىنىشتا) بولغىنىدەك، يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرىدۇ.
بارلىق (ۋۇجۇد) ئېغىلىدىن جامائەت ئېغىلىغا، جانسىز بارلىقلار
ئېغىلىدىن ئۆسۈملۈك دۇنياسىغا، ئۇنىڭدىن ھايۋانلىققا، ھايۋانلىق-
تىن ئىنسانلىققا، ئىنسانلىقتىن پەرىشتىلىككە شۇ تەرزدە چەكسىز
ئىلگىرىلىتىدۇ. ئۇ ساڭا بىر - بىرىدىن ئۈستۈن ئېغىللارنىڭ بار-
لىقىنى قوبۇل ۋە ئېتىراپ قىلىشىڭ ئۈچۈن كۆرسەتكەندۇر.

قۇرئاندا: «سىلەر جەزمەن بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكىلىپ
تۇرىسىلەر. ئۇلار (مۇشرىكلار) نېمىشقا ئىمان ئېيتمايدۇ» دەپ ئە-
مىر قىلىنغىنىدەك، بۇنى سېنىڭدىن بۇرۇنقى تەبىقىلەرگە ئىشى-
نىشىڭ ۋە ئۇلارنى قوبۇل قىلىشىڭ ئۈچۈن نامايىش قىلدى. بۇلار-
نىڭ ھەممىسى بىر نەرسە دەپ ئىنكار قىلىشىڭ ئۈچۈن ئەمەس.

ئۇستاز بىلىم ۋە ھۈنەرلىرىنى ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئىش-
نىشى ئۈچۈن ھەمدە تېخى كۆرسەتمىگەن بىرقانچە مەرىپەتلىرى ۋە
بىلىملىرى بارلىقىغىمۇ باشقىلارنى ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن
كۆرسىتىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش شاھمۇ ھەدىيەلەر - تونلارنى
بېرىدۇ، ئەيىبلەرنى كەچۈرىدۇ، پۇقرالارنىڭ كۆڭلىنى ئالىدۇ. ئۇ
بۇلارنى ئۆزىگە دائىما ئۈمىد بىلەن بېقىشلىرى ۋە يەنە نېمىلەرنى-
دۇر كۈتۈپ ياشىشى ئۈچۈن قىلىدۇ. بولمىسا شاھنىڭ بېرىدىغىنى
شۇنىڭدىن ئىبارەت دەپ ئالاقىلەرنى ئۈزۈش ئۈچۈن ئەمەس. ئەگەر
ئۇ پۇقرالارنىڭ شۇنداق دېيىشىنى بىلسە، مۇتلەق ئىلتىپات ۋە ئىن-

www.uyghurkitap.com





ئام قىلماس ئىدى.

زاھىد باشقىنى (غەيرىينى) كۆرگەن كىشىدۇر. دۇنيا ئەھلى بولسا، ئاخىرنى كۆرىدۇ. پەقەت ئاللاھنىڭ خاس قۇللىرى ۋە ئارىپلار غەيرىينىمۇ، ئاخىرنىمۇ كۆرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرلىرى ئەۋۋەلگە چۈشىدۇ ۋە ھەر ئىشنىڭ ئەۋۋىلىنى بىلىدۇ. مەسىلەن: بۇغداي تېرىلسا، بۇغداينىڭ ئۈنۈشىدىن خەۋەرداردۇر. بۇلار نادىر كىشىلەردۇر. باشقىلار ئوتتۇرا ھال بولغانلىقى ئۈچۈن نەزەرلىرى ئاخىرىدا، ئۇلار ئېغىلدا قالغانلىقى ئۈچۈن ھايۋاندۇر.

دەرد دائىم ئىنسانغا يول ئاچىدۇ. دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىش ئۈچۈن ئىنساننىڭ قەلبىدە ئىشتىياق، ھەۋەس ۋە دەرد بولۇشى لازىم. ئەكسىچە بولسا، ئىنسان بۇ ئىشنى قىلمايدۇ. دەردسىز ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتسىز ئىشمۇ ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولمايدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەت، تىجارەت ۋە شاھلىق، ئىلىم ۋە باشقا ئىشلاردا بولسۇن ھەممىسىدە ئەھۋال شۇنداق. مەسىلەن: مەريەم تۇغۇت تولغىقى تۇتمىغىچە بەخت دەرىخىگە يېقىنلاشمىدى. قۇرئاندا «تۇغۇت تولغىقى ئۇنى بىر خورما دەرىخىنىڭ كۆتىكىگە يۆلىنىۋېلىشقا ماجبۇرلىدى» دېيىلگەندەك مەر ـ يەمنى دەرەخكە دەرد يېقىنلاشتۇردى ۋە قۇرۇق دەرەخ كۆتىكى كۆك ـ لەپ مېۋە بەرگۈدەك ھالغا كەلدى.

ۋۇجۇدىمۇ مەريەمگە ئوخشاشتۇر. ھەربىرىمىزنىڭ ئەيسايىمىز بار. بىزدىمۇ ئاشۇنداق دەرد پەيدا بولسا، ئەيسايىمىز تۇغۇلىدۇ. ئەگەر دەرد بولمىسا، ئەيسامۇ كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ كېتىدۇ، بىزمۇ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتىن مەھرۇم بولىمىز.

شېئىر: (جان ئىچكىرىدە ئاچ، تەبىئەت بولسا، تاشقىرىسىدىن بايلىق ۋە سامان ئىچىدە. شەيتان يەپ ـ ئىچىپ ئاشقازان كېسىلىگە دۇچار بولغان. جەمشىت ناشتىمۇ قىلمىغان. ئەمدى سېنىڭ مەسىـ ـ ھىڭ يەر يۈزىدە (شۇ يەردە ئىكەنسەن) دەردىڭگە داۋا ئىستە، مەسىھ

ئاسمانغا چىقىشى بىلەن داۋامۇ قولدىن كېتىدۇ.)

پەسىل: سۆز ئىدراك قىلىشتا سۆزگە موھتاج بولغانلار ئۈچۈندۇر. سۆزسىز ئىدراك قىلغاننىڭ سۆزگە قانداق ئېھتىياجى قالىدۇ؟ ئىدراك قىلىشنى بىلگىنى ئۈچۈن ئاسماننىڭ، يەرنىڭ ھەممىسى سۆزدۇر. يەڭگىل بىر ئاۋازنى ئاڭلىغانلىغا ۋارقىراپ - جارقىراشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ دۇنيامۇ قۇرئاندىكى «بول» («ۋۇجۇدقا كەل»، ئاللاھ بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇدقا كەل» دەيدۇ - دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ) سۆزدىن بىنا بولغاندۇر.

ھېكايە: ئەرەبچە سۆزلىشىدىغان بىر شائىر تۈرك پادشاھى ھۇزۇرىغا كەلدى. ھۆكۈمدار پارس تىلىنىمۇ بىلمەيتتى. شائىر ئۇنىڭ شەنىگە ئاتاپ گۈزەل بىر شېئىر يېزىپ كەلگەن ئىدى. شاھ تەختىدە، قالغان ئەمىر ۋە ۋەزىرلەر ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشاتتى. شائىر شېئىرنى ئوقۇپ بەردى. بۇ چاغدا ھۆكۈمدار شېئىرنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن ھەرىكەتلەرنى قىلىپ ئولتۇردى. ئۇ يەردىكىلەر «شاھىمىز شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئەرەبچە بىلىدىغانلىقىنى بىزدىن يوشۇرۇپتىكەن، ئەگەر بۇنىڭدىن بۇرۇن ئاغزىمىزدىن ئەرەبچە يامان گەپ چىقىپ كەتكەن بولسا، ھالىمىزغا ۋاي!» دېيىشتى. كېيىن ھۆكۈمدارنىڭ خاس قۇللىرىدىن بىرىگە «شاھ ئەرەبچە بىلەمدۇ - بىلمەمدۇ؟ بىلمىسە، نېمىشقا مۇناسىپ بولغان ئورۇنلاردا مۇۋاپىق ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ؟ بىزگە خەۋىرىنى بەر» دەپ ئۇنىڭغا قىممەتلىك نەرسىلەرنى بەردى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ خاس قول بۇ سىرنى ئېچىشنىڭ پۇرسىتىنى تاپتى. ئوۋغا چىققاندا شاھ ناھايىتى خۇشال ئىدى. شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمداردىن ئېھتىيات بىلەن سورىغان ئىدى. پادىشاھ شۇنداق دېدى: «خۇدا ھەققى مەن ئەرەبچە بىلمەيمەن. ئەمما ئۇنىڭ بۇ



www.uyghurkitap.com

شېئىرنى يېزىشنىڭ مەقسىتىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن شائىرنىڭ مېنى ماختىماقچى ئىكەنلىكىنى، شېئىر بىر ۋاستە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىنىم ئۈچۈن ئىلتىپات كۆرسەتتىم. مەقسەت بولمىغاندا شېئىرمۇ يېزىلماس ئىدى». شۇنىڭ ئۈچۈن مەقسەتكە قارايدىغان بولسا، ئىككىلىككە ئورۇن قالمايدۇ. ئىككىلىك ئايرىلىشتا، ئاساس بىردۇر.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، شەيخلەرمۇ گەرچە كۆرۈنۈش جەھەتتىن تۈرلۈك - تۈمەن، ئىشلىرى ۋە سۆزلىرى پەرقلىق - ھەر خىل بولسىمۇ، مەقسەت ئېتىبارى بىلەن بىردۇر، تەڭرىنى تەلەپ قىلماقتۇر. مەسىلەن: بىر سارايدا شامال چىقسا، گىلەملەرنىڭ چېتىنى كۆتۈرىدۇ، يەردىكى ئوت - چۆپلەرنى ئاسمانغا ئۇچۇرىدۇ، كۆلنىڭ سۈيىنى چالغىتىدۇ، دەرەخ شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرىنى لىڭشىتىدۇ. بۇلار بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ھالەتلەر بولسىمۇ، مەقسەت، ئاساس ۋە ماھىيەت نۇقتىئىنەزەرىدىن بىردۇر. چۈنكى ھەممىسىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ سەۋەبى بىر شامالدۇر.

بىرسى «بىز نۇقسانلىقمىز!» دېدى. باشقا بىرسى بولسا: ئادەمدە «قانداق ھالدىمەن، نېمىلەر قىلىۋاتىمەن» دەپ ئۆز - ئۆزىنى سوراقلاش تۇيغۇسىنىڭ ئويغىنىشى دوستلۇق ۋە ئىنايەت دەلىلىدۇر. چۈنكى «سۆيگۈ بار جايدا، زۇلۇممۇ بولىدۇ.» ياتلارغا ئەمەس، دوستلارغا زۇلۇم قىلىنىدۇ. ئەمما زۇلۇمنىڭ ئىچىدىمۇ يەنە زۇلۇم بار. زۇلۇم ئۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن، ئۆزى ئۈچۈن ئۇنىڭ ياخشىلىق ۋە سۆيگۈ ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشىگە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھېچ نەرسە تەسىر قىلمايدىغانلارمۇ باركى، بۇ سۆيگۈ ئالامىتى ئەمەس. مەسىلەن: گىلەمنى چاڭ - توزاندىلاردىن تازىلاش ئۈچۈن ئۇنى كالتەكلىنىدۇ. ئەقىللەر بۇنى ھېچقاچان تەنبىھ بېرىش دېمەيدۇ. ئەمما سۆيگەن كىشىسىنى ياكى بالىسىنى ئۇرسا، بۇنى زۇلۇم





دەيدۇ. سۆيگۈنىڭ ئىسپاتى مانا شۇنداق جايلاردا مەيدانغا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇبادا سەن ئۆزۈڭدە بىر دەرد ياكى پۇشايمانلىق ھېس قىلغان بولساڭ، بىلگىنكى، بۇ ساڭا ئاللاھنىڭ ئىنايىتى ۋە سۆيگۈسىدىن بىر دەلىلدۇر. ئەگەر سەن ئاكا - ئىنىڭدە بىر قۇسۇر كۆرسەڭ، بۇ سەندىكى نۇقسانىڭ كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەتتۇر. ئادەممۇ خۇددى شۇنداق ئەينەكتۇر. «مۆمىن مۆمىنىنىڭ ئەينىكىدۇر» (ھەدىس.) سەن ئاشۇ قۇسۇرنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان سەندىكى ئىزتىراپ، ئۆزۈڭدىن چىققان غەمدۇر. ئۇنىڭدىن خاپا بولغان ۋاقتىڭدا ئۆزۈڭدىنمۇ رەنجىيسەن.

دېدىكى، بىر پىلنى سۇغارماق ئۈچۈن سۇ بويىغا كەلتۈردى. ئۇ ئۆز ئەكسىنى سۇدا كۆرۈپ ئۈركىدى. ئۇ باشقا بىرسىدىن قورقتۇم دەپ ئويلايتتى، ئۆزىدىن چۆچىگىنىنى بولسا بىلمەيتتى. ئىنسان ئۆزىنىڭ تاز ئىكەنلىكىدىن ۋە يىرىڭلىرىدىن يىرگەنمەيدۇ. ئۇ يىرىڭ تولغان يارىلىق قولىنى بىمالال تاماققا ئۇزىتىدۇ، يالايدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشمايدۇ. ئەمما بىراۋنىڭ قولىدا كىچىككىنە بىر يىرىڭ ياكى يارا كۆرسە، بولدى، تاماق يېيىشتىن دەرھال توختايدۇ، يىرگىنىدۇ.

ئىنساندىكى يامان ئادەتلەرمۇ تاز ۋە يىرىڭلارغا ئوخشايدۇ. ئۆزىدە بولغاندا ھېچ يىرگەنمەيدۇ، باشقىلاردا بولغاندا يىرگىنىدۇ، نەپرەتلىنىدۇ. سەن ئۇنىڭدىن ئۈركىگىنىڭدەك، ئۇمۇ سەندىن چۆچۈسە، رەنجىسە، ئۇنى خۇش كۆرگىن. سېنىڭ خاپا بولۇشۇڭ ئۇنىڭ ئەيىبىدۇر. چۈنكى ئۇنى كۆرۈشۈڭ سەۋەبلىك تەبىئىتىڭ غەلىتە بولىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ سېنى شۇنداق كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مۆمىن مۆمىنىنىڭ ئەينىكىدۇر» (ھەدىس) دەپ بۇيرۇدى. بۇ كاپىر كاپىرنىڭ ئەينىكى بولالمايدۇ، دېگىنى ئەمەس. ئۇنىڭ ئەينىكى بار ئىدى، پەقەت ئۇ بۇنىڭدىن غاپىلدۇر.

سىقىلىپ، قايغۇرۇپ ئېقىن بويىدا ئولتۇرغان پادىشاھنىڭ كەيپىياتىدىن چۆچۈگەن ئەمىر ۋە مۇلازىملار شاھنىڭ قىزىقچىسىغا ئۇ - بۇ نەرسىلەرنى ۋەدە قىلىشىپ، «شاھنى كۇلدۇر» دېيىشتى. قىزىقچىنىڭ شاھنى كۇلدۇرۇش ئۈچۈن قىلغان بارچە ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كەتتى. ئاخىر چىدىيالماي، «سۇدا نېمىنى كۆرۈۋاتىسىز؟» دەپ سورىدى. شاھ: «بىر نومۇسسىزنى» دېگەندىن كېيىن، قىزىقچى: «ئەي، جاھاننىڭ شاھى، بۇ قۇلىڭىزمۇ كور ئەمەس» دەپ جاۋاب بەردى. دەرھەقىقەت، بۇ شۇنداق، يەنى سەن بىر نەرسىنى كۆرۈپ يىرگەنگەندە باشقىلارمۇ كور ئەمەسكى، سېنىڭ كۆرگىنىڭنى كۆرمەيدىغانغا.

ئۇنىڭ يېنىغا ئىككى «مەن» سىغمايدۇ. چۈنكى سەنمۇ: «مەن» دەۋاتىسەن، ئۇ ھەم «مەن». يا سەن ئۆل، يا ئۇ ئۆلسۇنكى، ئىككىلىك قالمىسۇن. ئەمما ئۇنىڭ ئۆلۈشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ زاھىردا (تاشقى كۆرۈنۈشتە) ۋە زېھىندا مۇمكىن بولىدىغان ئىش ئەمەس. «چۈنكى ئۇ مەڭگۈلۈك تىرىكتۇر».

ئۇ شۇنچىلىك لۇتپۇ ئىنايەتلىككى، مۇمكىن بولغىنىدا ئۇ سەن ئۈچۈن ئۆلگەن بولار ئىدى. بىراق، بۇنىڭ ئىمكانى بولمىغان ئىكەن، ئۇ ھالدا ئىككىلىكنىڭ يوق بولۇشى ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭ سەندە تەجەللى ئېتىشى ئۈچۈن سەن ئۆل.

ئىككى تىرىك قۇشنى بىر - بىرىگە باغلاپ قويساڭ، ئۇلار بىر خىل قۇش بولۇشىغا ۋە ئىككى قانىتى تۆت بولغىنىغا قارىماي ئۇچالمايدۇ. چۈنكى ئىككىلىك مەۋجۇتتۇر. ھالبۇكى، قۇشلارنىڭ بىرسى ئۆلۈك بولسا، ئۇچىدۇ. چۈنكى، ئىككىلىك يوقتۇر. قۇياشتا ئۇ لۇتپ باردۇركى، كۆر شەپەرەڭنىڭ ئالدىدا ئۆلىدۇ، بىراق بۇنىڭغا ئىمكان بولمىغانلىقتىن: «ئەي بايقۇش! مېنىڭ لۇتپۇم ھەر كىمگە يېتىپ بارغان، ساڭىمۇ ئېھسان قىلماقچىمەن. سەن ئۆل،





چۈنكى سەندە بۇنىڭغا ئىمكان بار. بايقۇشلۇقتىن چىقىپ، يەقىنلىق قافىنىڭ ئەنقاسى بولىسەن» دەيدۇ.

ئۆزىنى دوست ئۇچۇن پىدا قىلىش قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ قۇللىرىدىن بىرىدە بار ئىدى. ئۇ تەڭرىدىن دوست سورىدى. لېكىن ئۇلۇغ ۋە شەۋكەتلىك تەڭرى ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىدى ۋە بەندىگە «سېنىڭ ئۇنى كۆرۈشۈڭنى خالىمايمەن» دېگەن سادا كەلدى. ئەمما تەڭرىنىڭ قۇلى يالۋۇرۇپ سوراشتىن توختىمىدى: «ئەي ئاللاھ، مەندە ئۇنىڭ ئارزۇسىنى پەيدا قىلدىڭ ۋە بۇ ئىستەك مەندىن كەتمەيۋاتىدۇ». نىھايەت، ئۇنىڭغا «ئەگەر ئۇنىڭ ساقا كۆرۈنۈشىنى ئىستىسەڭ، جېنىڭنى پىدا قىل. سەن يوق بول، بۇ دۇنيانى تەرك ئەيلە!» دېگەن بىر ئاۋاز كەلدى. ئۇ: «ئەي تەڭرىم، مەن رازى!» دېدى ـ دە، دوستى ئۇچۇن جېنىنى قۇربان قىلدى. شۇندىن كېيىنلا مەقسىتى ھاسىل بولدى.

پۈتۈن دۇنيا ئۆمرى ئۇنىڭ بىر كۈنگە تەڭ قۇلىنىڭ لۇتپى شۇنداق بولغان يەردە، بۇنداق لۇتپىنى ياراتقان ئاللاھنىڭ لۇتپى بولماسمۇ؟ بۇ ساقا ئىمكانسىز كۆرۈندۇ، لېكىن ئۇنىڭ فانا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بەس، شۇنداق ئىكەن، ھېچ بولمىسا، سەن فانا بول، يوق بول!

يېقىمسىز كىشىلەردىن بىرى كېلىپ ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ئولتۇردى. بۇنىڭغا مەۋلانا دېدى: «بۇلار ئۇچۇن چىراغنىڭ ئۇستىدە ياكى تېگىدە ئولتۇرۇشنىڭ ھېچ پەرقى يوق. چىراغ بولسا ئۆزىنىڭ ئېگىزدە بولۇشىنى ئىستىمەيدۇ، ناۋادا، ئىستىگەن تەقدىردىمۇ باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشىنى كۆزلەيدۇ. كىشىلەر بولسا ئۇنىڭ نۇرىدىن زوق ئالىدۇ. چىراغ مەيلى پەستە ياكى ئېگىزدە بولسۇن، بەربىر شۇ چىراغدۇر. ئەبەدىي قۇياشتۇر. ئۇلۇغ زاتلار، يۈكسەكلىك، ئورۇن ۋە مەۋقە ئىستىسە، دېمەككى، خەلقنىڭ

ئۇلارنى كۆرەلەيدىغان كۆزلىرى يوقتۇر. ئۇلارنىڭ مەقسەتلىرى بۇنداق ماددىي ۋە دۇنياۋى تۇزاق بىلەن ئەھلىنى ئوۋلىماقتۇر. شۇ تەرزدە ئۇلار بۇنداق يۈكسەكلىكلەرنى ئۇھراۋىي (ئاخىرەتكە تېگىشلىك) يۈكسەكلىككە يول تاپماق ئۈچۈن ئىستەيدۇ. مەسىلەن: مۇستاپا (ئاللاھ رەھمىتى بولسۇن) مەككە ۋە باشقا جايلارنى ئۆز ئىلتىپاتى ئىچىدە بولغاچ بۇ يەرلەرنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىستەيدۇ. يەنى كەلىپ، تىرىك جاھاننى ئۆز ئىھتىياجلىرى ئۈچۈن بىسىپ ئالغىنى يوق، بەلكى، ھەربىر كىشىگە ھايات بېغىشلىماق، ئۇلار قەلبىنى نۇرلاندۇرماق ئۈچۈن پەتھ ئەتكەن.

«بۇ قول بىرىشكە ئۆگەنگەن، ئېلىشقا ئەمەس» (ھەدىس) دەپ بۇيرۇلغىنى كەبى ئۇلار خەلققە بىرىش مەقسىتىدە ئۇنى (خەلقنى) ئالدايدۇ. ھەرگىزمۇ ئۇلاردىن بىرنەرسە ئۇندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس.

بەزىلەر بىچارە قۇشلارنى سېتىش ياكى يېيىش ئۈچۈن ئۇلارنى تۇتۇشقا تۇزاق قۇرىدۇ. بۇنى ھىيلە دېيىشىدۇ. ئەمما پادىشاھ ئۆز جەۋھەرلىرىدىن خەۋەرسىز، قىممەتسىز ۋە تەجرىبىسىز بىر قۇرغۇينى تۇتىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت قۇشنى بىلىكىگە ئۆگىتىش، ئۇنى تەربىيەلەپ، شان - شەرەپكە ئىگە قىلىشتۇر. ئەمما بۇنىڭغا ھىيلە دېيىلمەيدۇ. تاشقى كۆرۈنۈشتە بۇ ئىش ھىيلە - مىكىرگە ئوخشىسىمۇ، ئەسلىدە توغرىلىق ۋە ئېھساندۇر. تاشنى لەئل ھالىغا كەلتۈرمەك ئۆلۈك بىر تۇخۇمنى ئىنسانغا ئايلاندۇرۇش بىلەن باراۋەر. ئەقىل ئىگىلىرى بۇنى شۇنداق بىلىدۇ. ئەگەر قۇرغۇي ئۆزىنى نېمىشقا تۇتقانلىقىنى بىلسە ئىدى، تۇزاققا ھاجەت قالماس ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزى تۇزاقنى ئىزلەيتتى، بىلەككە ئۇچۇپ بېرىپ قوناتتى.

خەلق ئۇلۇغلار ئېيتقان سۆزلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگىلا قۇلاق سېلىپ: «بىز بۇنداق گەپلەرنى كۆپ ئاڭلىدۇق. ئىچىمىز ۋە تېشىمىز ئۇلار بىلەن تولۇپ كەتتى!» دەيدۇ. ئۇلار ئېيتىدۇلەركى: قەلبلىرىمىز قۇلۇپلانغاندۇر. «ياق، ئاللاھ ئۇلارنى كاپىرلىقلىرى سەۋەبلىك لەنەتكە دۇچار قىلدى، ئۇلار ناھايىتىمۇ ئاز ئىمان كەلتۈ-

روشندۇ»، ئايىتىدە بۇيرۇلغىنىغا ئوخشاش كاپىرلار: «بىزنىڭ قەلب-لىرىمىز بۇنداق سۆزلەرنىڭ غىلاپىدۇر، بىز ئۇلار بىلەن لىپمۇلىق تولغانمىز» دېيىشىدۇ. بۈيۈك ئاللاھ ئۇلارغا جاۋاب سۈپىتىدە بۇيرۇ-دىكى: ئەسلا ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار بۇلار بىلەن ئەمەس، بەلكى، خى-يال، ۋەسۋەسە، شۈبھە ۋە شېرىك بىلەن، ھەتتا لەنەت بىلەن تولغان-دۇر. چۈنكى، «ئاللاھ ئۇلارنى كاپىرلىقلىرى سەۋەبلىك لەنەتكە دۇ-چار قىلدى».

كاشكى، ئۇلار بۇنداق ئالجىمىسا ئىدى. ھېچ بولمىسا، ھەقىقەت-نى قوبۇل قىلىشقا لايىق بولسا ئىدى، ئەپسۇسكى، شۇنىڭغا ھەم لايىق ئەمەستۇر.

ئۇلۇغ ئاللاھ كاپىرلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە قەلبلىرى-نى باشقا بىر رەڭنى كۆرۈشى ئۈچۈن مۆھۈرلىگەندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار ھەققىدە «ئاللاھ ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە مۆھۈر ئۇردى، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى ۋە كۆزلىرىنى پەردىلىدى» دەپ بۇيرۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبلىرى، يېقىن كىشىلىرى، ئۇلار بىلەن ماختانغانلار پۈتۈن ئۆمرى بويى بۇ ھېكمەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ سەزمىگەن. ئاللاھ ھېكمىتى بىر كوزا كەبىدۇركى، بەزىلەرگە سۈيى بىلەن كۆرستىل-دى. ئۇلار سۇدىن قېنىپ - قېنىپ ئىچتى. لېكىن يەنە بەزىلەرگە سۈسىز كوزا بېرىلدىكى، ئۇلار قانداق قىلىپ شۈكۈر قىلىشىدۇ. ئاللاھتىن سۇ تولغان كوزىنى ئالغان كىشى شۈكرانە ئېيتىشى لازىم.

ئۇلۇغ تەڭرى ئادەمنى سۇ ۋە تۇپراقتىن ياراتقىنىدا «ئۇنى قى-رىق كۈندە تاماملىدى» (ھەدىس)، ئۇنىڭ قېلىپىنى بەرپا قىلدى. ئادەم شۇ تۆۋەن يەر يۈزىدە قىرىق كۈن تۇردى. ئىبلىسقا مىڭ لەنەت-لەر بولسۇنكى، يەرگە چۈشتى ۋە ئۇنىڭ قېلىپىغا كىرىپ، تومۇر-لىرىدا ئايلاندى، كۆزەتتى ۋە قان بىلەن تولغان تومۇرنى، ياغنى، تۆت





خىلىتنى كۆرۈپ: «ئاھ، مېنىڭ ئەرشنىڭ ئاستىدا كۆرگىنىم ۋە پەيدا بولۇشى كېرەك بولغان ئىبلىسنىڭ شۇ ئىكەنلىكى غەلىتە ئەمەسمۇ؟ ئەجەبا شۇ بولسا! ئىبلىس، ئەگەر بار بولسا، ئۇ چوقۇم شۇ» دېدى ۋە چىقىپ كەتتى.

پەسىل. ئاتابېكنىڭ ئوغلى كەلدى. مەۋلانا بۇيرۇدىلەركى: سىنىڭ ئاتاڭ دائىم خۇدا بىلەن بەند ئىدى. ئۇنىڭ ئىمانى غالىب كەلگەنىدى. بۇ سۆزىدىن مەلۇم ئىدى. بىر كۈنى ئاتابېك دېدىكى: رۇم كاپىرلىرى «تاتارغا قىز بېرىپ دىنىنى بىرلەشتۈرەيلى، يېڭى دىن مۇسۇلمانلىق يوق بولسۇن» دېيىشىۋېتىپتۇ. مەن: «دىن قاچان بىر بولغىنى باركى، ئەمدى بىر بولىدىغانغا. ھەر دائىم ئىككى ـ ئۈچ دىن بولغان ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇشلار، قان تۆكۈشلەر بولغان» دېدىم. بۇنى ئاڭلاپ مەۋلانا بۇيرۇدىكى: «سىز قانداق قىلىپ دىنىنى بىر قىلىسىز؟ بۇ پەقەت قىيامەتتە مۇمكىن بولىدۇ. بۇ يەر بولسا دۇنيادۇر ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دىنىنىڭ بىر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇ يەردە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن ئىستىكى ۋە تىلىكى باردۇر. دىن دۇنيادا بىرلىشەلمەيدۇ، پەقەت قىيامەتتە بىر بولىدۇ. قىيامەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلىشىدۇ، بىر قۇلاق، بىر تىل ھالىدىنگە كېلىدۇ.

ئىنساندا بىرقانچە نەرسىلەر مەۋجۇت. مەسىلەن: چاشقان، قۇش... قۇش قەپەسنى يۇقىرىغا تارتسا، چاشقان تۆۋەنگە سۆرەيدۇ. ئىنساندا يەنە ئۇلار كەبى مىڭلارچە يىرتقۇچ ھايۋانلار تېپىلىدۇ. قۇش قۇشلۇقىنى، چاشقان چاشقانلىقىنى تاشلاپ، بىرلەشسە مۇددىئا ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى، بۇ نەرسە يۇقىرىمۇ، نە تۆۋەنمۇ ئەمەس. ئىستەلگەن نەرسە ھاسىل بولغاندا، يۇقىرىمۇ، تۆۋەنمۇ قالمايدۇ.

ئەگەر كىشى بىرەر نەرسىنى يوقاتسا، ئوڭىنى، سولىنى، ئالدى ـ ئارقا ھەممە تەرەپنى ئىزدەيدۇ. ئەگەر ئىزدىگىنىنى تاپسا، ئوڭىند-

مۇ، سولىنىمۇ ئىزدىمەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر بولىدۇ. قىيامەت كۈنى نەزەرلەر بىرلىشىدۇ، تىللار، قۇلاقلار، تۇيغۇلار بىر بولىدۇ. مەسىلەن: ئون كىشىنىڭ ئورتاق بىر بېغى ياكى دۇكىنى بولسا، ئۇلارنىڭ قايغۇسى، سۆزى بىر بولىدۇ، بىرنەرسە بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. چۈنكى ئىستىگەن نەرسە — بىر.

قىيامەت كۈنىدە ھەممىنىڭ ئىشى ئاللاھقا چۈشىدۇ. يەنى ھەممە ئاللاھ بىلەن بەند بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدا بىرلىشىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، دۇنيادا ھەممە بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كىمدۇر ئايال سۆيگۈسى بىلەن، كىمدۇر مال - دۇنيا توپلاش، كىمدۇر ئىلىم ئالماق بىلەن بەند. ئۇلار بۇ ئىشلاردىن زوق ئالىدۇ، شادلىنىدۇ. ئۇلار: «مېنىڭ دەرمانىم، سائادىتىم ۋە ھۇزۇرۇم شۇنىڭدىدۇر» دەيدۇ ھەمدە شۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ بىر رەھمىتىدۇر. چۈنكى ئىنسان سۆيگەن نەرسىسىگە ئىنتىلىدۇ، ئۇنى ئىزدەيدۇ، ئەمما تاپالماي ئارقىغا قايتىدۇ. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئۆزىگە ئۆزى «بۇ زوق ۋە رەھمەت قوغلىشىشقا ئەرزىيدۇ، لېكىن مەن ئىزدىمىدىم. ئەمدى باشقىدىن ئىشقا كىرىشەي» دەيدۇ ۋە شۇنىڭغا كىرىشىدۇ. ئەمما يەنە تاپالمايدۇ. بۇ ھال ئاللاھ رەھمىتى پەردىسىز رەۋشتە يۈز كۆرسەتكەنگە قەدەر داۋام قىلىدۇ. رەھمەت يۈز ئاچقاندىن كېيىن كىشى تۇتقان يولى خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. بىراق ئاللاھنىڭ شۇنداق قۇللىرى باركى، ئۇلار قىيامەتتىن بۇرۇن ئەسلىي غايىگە يېتىدۇ. ئۇلار ھازىردىن كەلگۈسىنى كۆرىدۇ.

ئەلى (خۇدا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن:) «پەردە كۆتۈرۈلسىمۇ مېنىڭ خەۋىرىم بولماپتۇ» دېدى. بۇ غىلاپنى ئوتتۇرىدىن ئالسا ۋە قىيامەت كۆرۈنسىمۇ، مېنىڭ خەۋىرىم بولماپتۇ، دېمەكتۇر. بۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ: پەرەز قىلايلى، قاراڭغۇ كېچىدە بىر ئۆيدە كۆپچىلىك ناماز ئوقۇدى. ئەمما كۈندۈز بولۇشى بىلەن ئۇلار قىبلىنى

ئېنىقلىشىپ، يۈزلىرىنى قىبلە تەرەپكە بۇراشتى. شۇندا كېچىسىمۇ قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇغان كىشى يۈزىنى بۇرىدىمۇ؟ ئەلۋەتتە، ياق. ئەكسىچە، قالغانلىرى يۈزلىرىنى ئۇ تەرەپكە بۇرايدۇ. كېچىسى يۈزلىرىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ، باشقىلاردىن يۈز ئۆرىگەنلەر بولسا، ئۇ هالدا ئۇلار ئۇچۇن قىيامەت كۆرۈنگەن ۋە هازىر بولغاندۇر.

«خەزىنىلىرى بىزنىڭ ئالدىمىزدا بولمىغان هېچقانداق نەرسە يوقتۇر. بىز ئۇنى پەقەت مۇئەييەن مىقداردا بېرىمىز» دەپ ئەمىر قىلىنغىنىدەك، سۆزنىڭ نىهايىسى يوق. بىراق تەلەپ قىلغۇچىنىڭ تەلىپى مىقدارىدا چۈشىدۇ. هېكمەتمۇ يامغۇرغا ئوخشايدۇ ۋە ئۆز مەنبەسىدە چەكسىزدۇر. پەقەت ئېهتىياجغا كۆرە ياغىدۇ. ئۇلار هەر-بىر مەۋسۇمنىڭ موهتاجلىق دەرىجىسىگە قاراپ، ئاز ياكى كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭ مەنبەسى پۈتمەس - تۈگىمەستۇر. مەسىلەن: ئەتتار شېكەر ياكى دورىنى قەغەزگە ئورايدۇ. لېكىن شېكەر قەغەزگە ئورال-غاندىنلا ئىبارەت ئەمەس. شېكەر ۋە دورا خەزىنىلىرى سانسىز - سا-ناقسىزدۇر، تۈگىمەستۇر. چەكسىزلىك، تۈگىمەسلىك قەغەزگە قانداق سىغىدۇ؟

قۇرئان مۇهەممەدكە (ئاللاهنىڭ سالىمى ۋە سەلاتى بولسۇن) نېمىشقا بىر كەلىمە، بىر كەلىمىدىن چۈشىدۇ، سۈرە - سۈرە پېتى چۈشمەيدۇ، دەپ غەيۋەت قىلىشقانىدى. بۇنىڭغا جاۋابەن مۇستاپا: «بۇ نادانلار نېمە دېيىشىۋاتىدۇ؟ ئاخىر، هەممىسى بىرلا چۈشسە مەن ئېرىپ يوق بولۇپ كەتمەسمىدىم» دېدى. چۈنكى ئۇ ئازدىن كۆپىنى، بىر نەرسىدىن بىرقانچە نەرسىلەرنى، بىر قۇردىن بىر دەپتەردىكى مەنىنى چۈشىنەلەيتتى.

مەسىلەن ئېيتايلى، بىرنەچچە ئادەملەر ئارىسىدا بىر ۋەقە سۆز-لەنمەكتە. ئۇلاردىن بىرى ئەنە شۇ ۋەقەگە گۇۋاھ بولغانلىقى ئۈچۈن بىر ئېغىز سۆزدىنلا شۇ ۋەزىيەتنى چۈشىنىدۇ، قالغانلىرى بولسا

ھېكايىنى قانچىلىك ئاڭلىغان بولسا شۇنچىلىك دەرىجىدە چۈشىنىدۇ. ۋەزىيەتتىن خەۋەردار بولغان ھېلىقى بىر كىشى ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدۇ.

يەنە كونا ماۋزۇغا قايتايلى: ئەتتارنىڭ دۇكىنىغا بارغىنىڭ ھامان ئۇ يەردە شېكەرنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن. بىراق ئەتتار سېنىڭ پۇلۇڭغا تۇشلۇق شېكەر بېرىدۇ، ياكى شېكەر سوراپ كەلگىنىڭدە قولۇڭدىكى خالتاڭغا قارايدۇ ۋە شۇنىڭغا لايىق ئۆلچەپ بېرىدۇ. ئەمما ئادەم شېكەر ئېلىشقا تۆگىلەر بىلەن كۆپ تاغار ـ خالتىلار ئېلىپ كەلسە، باشقا ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى چىقىرىشقا بۇيرۇيدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئادەم باركى، دېڭىزغا قانمايدۇ، ئادەم باركى بىر تامچە سۇ بىلەن كۇپايىلىنىدۇ، ئارتۇقى ئۇنىڭغا زەرەر كەلتۈرىدۇ. بۇ پەقەت مەنە ئالىمىدە، يەنى ئىلىم ۋە ھېكمەتتىلا ئەمەس، ھەممە نەرسىدە شۇنداق. دۇنيادىكى مال ـ مۈلۈكلەر، ئالتۇنلار، قىممەت باھالىق گۆھەر كانلىرى چەكسىز ئۆلچەمدىدۇر. بىراق ئۇلار ئىنسانغا باھاسى مىقدارىدا كېلىدۇ. ئارتۇقچىسىنى بولسا كۆتۈرەلمەي ئەقلىدىن ئازىدۇ. ئاشىقلاردىن مەجنۇن، پەرھاد كەبىلەرنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ ئۇلارغا سەۋر ـ تاقەتلىرىدىن ئارتۇق دەرىجىدە شەھۋەت بېرىلگىنى ئۈچۈن بىر ئايالنىڭ ئىشقىدا تاغۇ چۆللەرگە چىقىپ كېتىشتى. فىرئەۋنگە قارىساڭچۇ، ئارتۇقچە مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن خۇدالىق داۋاسىنى قىلدى. «ياخشى ۋە يامان ھېچقانداق نەرسە يوقكى، ئۇنىڭ بىزدە ۋە بىزنىڭ خەزىنىمىزدە تۈگىمەس دەپىنە ـ دۇنيالىرى بولسۇن، ئەمما بىز سەۋر ـ تاقەتلىرى نىسبىتىدە بېرىمىز» دەپ بۇيرۇلغىنىغا ئوخشاش ئىشقا يارايدىغىنىمۇ شۇدۇر.

شۇنداق، بۇ ئادەمنىڭ ئىشەنچى بار، لېكىن ئۇ ئىشەنچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئانغا ئىشەنگەن، ئەمما نېمە ئۈچۈن



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىشىنىشنى بىلمىگەن بالىمۇ شۇنداق. مەسىلەن: سۇسىزلىقتىن قۇرۇغان دەرەخ سۇسىزلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

بىر ئادەم كەلدى، دېدىكى: قەيەردە ئىدىڭ؟ بەكمۇ سېغىنغان ئىدۇق، نېمىشقا مۇنداق ئۇزۇندا كەلدىڭ؟ ئۇ: «تاسادىپىي شۇنداق بولۇپ قالدى» دېدى. بىز خۇددى شۇ تاسادىپىيلىقنىڭ بولماسلىقىد-نى تىلەپ دۇئا قىلىۋاتقاندۇق. ئايرىلىشنى مەيدانغا كەلتۈرگەن تاسادىپىي (ئۇچرىشىش، كۆرۈشۈش) بولماسلىقى كېرەك بولغان تاسادىپىيدۇر. شۇنداق، ھەممىسى ئاللاھتىن بولىدۇ ۋە ھەممىسى ياخشىدۇر. توغرا، ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئالدىدا مۇكەممەلدۇر، ياخ-شىدۇر. ئەمما بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، ئىپلاس-لىق، نامازسىزلىق، ناماز، كۇپۇر، ئىسلام، شېرىك ۋە تەۋھىد ئاللاھ ئالدىدا ياخشى. بىزنىڭچە بولسا، ئوغرىلىق، ئەخلاقسىزلىق، كۇپۇر ۋە شېرىك يامان، تەۋھىد، ناماز ۋە ھەيرەت ياخشىدۇر.(ئەمما بۇلار-نىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئالدىدا ياخشى.) چۈنكى، مەملىكەتتە زىندان، ئاسمان، زەرباب تون، مال ـ مۈلۈك، پۇقرا، توي، ناغرا ۋە بايراق بولغان بىر پادىشاھ ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى. زەرباب تون سەلتەنەت كامالى ئۈچۈن قانداق بىر ئالامەت بولسا، دارغا ئاس-ماق، ئۆلتۈرمەك ۋە زىندانمۇ شۇنداق بىر ئامىلدۇر. شاھ نەزىرىدە بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇكەممەللىكتۇر. بىراق خەلق نەزىرىدە زەرباب تون بىلەن دار قانداق قىلىپ بىر نەرسە بولسۇن؟

پەسىل. بىرسى «نامازدىن ئەۋزەلرەك نېمە بار؟» دەپ سورىدى.

1. ئېيتقىنىمىزدەك، نامازنىڭ جېنى (روھى) ئوقۇلغان ناماز-دىن ياخشىراقتۇر.

2. ئىمان نامازدىن ئۈستۈندۇر. چۈنكى ناماز كۈندە بەش قې-تىم، ئىمان بولسا ھەممە ۋاقىت پەرھىزدۇر. ناماز ئۆزرىلىك سەۋەب بىلەن قالدۇرۇلۇپ، پۇرسەت تېپىلغان ھامان ئادا ئېتىلىشى مۇم-

كىن. ئىمان ئۈچۈن ھېچقانداق ئۆزرىلىك سەۋەب بىلەن بۇزۇلۇپ، كېيىن بېجىرىش رۇخسىتى يوق. نامازسىز ئىماننىڭ پايدىسى بولىدۇ. بىراق، ئىمانسىز نامازنىڭ پايدىسى يوق. خۇددى مۇناپىقلارنىڭ نامىزىغا ئوخشاش.

ناماز ھەر دىندا تۈرلۈك بولىدۇ، ئىمان بولسا ئۆزگەرمەيدۇ. ئەھۋالى، قىبلىسى ۋە بۇ كەبى نەرسىلىرىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ پەرقلىق جەھەتلەر ھەققىدە ئېيتىلغان سۆز كېلىپچىقىۋاتقان مەنىنى ئاڭلىغۇچى تەلەپ قىلىدىغان دەرىجىدە زاھىر بولىدۇ. ئاڭلىغۇچى خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان كىشىنىڭ ئالدىدىكى ئۇنغا ئوخشايدۇ. سۆز بولسا سۇغا. ئۇنغا مۇئەييەن مىقداردا سۇ قوشۇلىدۇ.

شېئىر: (كۆزۈم باشقا بىرسىگە بېقىۋاتىدۇ، مەن نېمە قىلاي؟ ئۆز – ئۆزۈڭدىن شىكايەت ئەتكى، كۆزۈمنىڭ نۇرى سەنسەن.)

كۆزۈم باشقىغا قاراۋاتىدۇ، يەنە سەندىن ئۆزگە بىر تىڭشىغۇچىنى ئىزدەۋاتىمەن. مەن نېمە قىلاي؟ ئۇنىڭ نۇرى سەن. كۆزۈم نۇرىنىڭ سەن كەبى يۈزمىڭ دانە بولۇشى ئۈچۈن سېنىڭ ئۆزۈڭ بىلەن بولماسلىقىڭ ۋە ئۆزۈڭدىن قۇتۇلمىقىڭ لازىم.

ھېكايە: ناھايىتىمۇ ئورۇق، چىرايىنى قورۇق باسقان ۋىجىككىنە بىر ئادەم بار ئىدى. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۇ ناھايىتىمۇ بىچارە بىر قۇشقاچقا ئوخشايتتى. بۇ ئادەم شۇ قەدەر بىچارە ۋە خۇنۇك ئىدىكى، ھەرقانداق خۇنۇك ئادەم ئۇنى كۆرۈشى بىلەن تەڭرىگە شۈكۈر ئېيتاتتى. شۇنىڭغا قارىماي بۇ ئادەم چوڭ سۆزلەيتتى. پادىشاھنىڭ دىۋانخانىسىدا خادىم ئىدى. ئەمما دائىم شۇ يەردىكى بىر ۋەزىرنىڭ جېنىغا تېگەتتى. بىر كۈنى ۋەزىر: «ئەي دىۋان ئەھلى، مەن بۇ ئادەمنىڭ قەددىنى كۆتەردىم، باقتىم، ئۆستۈردۈم. ئۇ بىزنىڭ نېنىمىز ۋە نېمەتلىرىمىز بىلەن ئادەم بولدى. بىراق ماڭا تۇزكورلۇق قىلىپ، يامان سۆزلەرنى ئېيتماقتا!» دېدى. خۇنۇك ئادەم ۋەزىرنىڭ

يۇزىگە ئېيتىلىپ: «ئەي دىۋان ئەھلى، دۆلەتنىڭ ئۇلۇغلىرى، ئەركانى! ۋەزىر راست گەپنى ئېيتىۋاتىدۇ: ئۇنىڭ نېنى ۋە نېمىتىنى يەپ ئۆسكىنىم ئۈچۈن مۇشۇنداق بىچارە ۋە كۆلكىلىك بولدۇم. ئەگەر باشقا بىر زاتنىڭ نېنى، سۈيى بىلەن ئۆسكەن بولسامدىم، يۇزۇم، بويۇم، قەدرىم بۇنىڭدىن ياخشىراق بولار ئىدى. ئۇ مېنى تۇپراقتىن ئېلىپ تۇرغۇزدى». بىز سىزگە يېقىن بولغان ئازابنى راۋا كۆردۇق. ئۇ كۇنى ھەربىر ئىنسان قولىنىڭ نېمە قىلغانلىرىنى كۆرىدۇ ۋە ئىشەنمىگەن ھالدا: «كاشكى مەن تۇپراق بولسام، دەيدۇ» ئايىتىدە بۇيرۇلغىنى كەبى قېنى ئەمدى باشقا بىر زات مېنى تۇپراقتىن ئېلىپ تۇرغۇزغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا بۇنچىلىك كۆلكىلىك بولماس ئىدىم» دېدى.

ئاللاھ ئادىمى تەرىپىدىن يېتىشتۇرۇلگەن بىر مۇرىتنىڭ روھى تاپتازا بولۇپ، بۇزغۇنچى ۋە ئىككى يۈزلىمىچى كىشى تەرىپىدىن يېتىشتۇرۇلگەن كىشى مانا شۇ خۇنۇك ئادەمگە ئوخشاش ئاجىز، بىچارە ۋە قايغۇلۇق بولغۇسى. ئۇ دائىم تەرەددۇتلىنىپ ياشايدۇ، تۇيغۇلىرى نۇقسانلىق، ئۆزى بولسا ياخشى ئىشلىمەيدۇ.

ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ ياردۇر. ئۇلارنى زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقىرىدۇ. كاپىرلارنىڭ ياردەمچىسى تاغۇتتۇر. ئۇلارنى يورۇقلۇقتىن زۇلمەتكە كىرگۈزىدۇ. بۇلار ئوتنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەركى، دائىم ئۇنىڭ ئىچىدە قالىدۇ.

سۇزۇك سۇ ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆرسەتكىنىگە ئوخشاش ئىنسان روھى تەبىئىي بىلەن بىرگە بىلىم ۋە كۆزگە كۆرۈنمىگەن بارچە نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئاستى ۋە ئۈستىدىكى بارچە نەرسىلەرگە بىر نەرسە قوشماي، ئايرىماي كۆرسىتىش خۇسۇسىيىتى سۇنىڭ يارىتىلىشىدا مەۋجۇت. بىراق سۇغا تۇپراق ياكى باشقا رەڭ ئارىلاشسا، بۇ خۇسۇسىيەت يوقىلىدۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھ ۋەلى ۋە نەبى زاتلارنى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئەنە شۇ ئۇلۇغ، تازا سۇلارغا ئوخشايدۇ. ئاللاھنىڭ بۇنىڭدىن مەقسىتى ھەربىر ئىپلاس، كىچىك سۇنىڭ ئۆتكۈنچى رەڭگىدىن ۋە كىرىدىن قۇتۇلۇشى، قۇتۇلغاندىن كېيىن بولسا ئۆزىنى پاكىز كۆرۈشى بىلەن: «مەن ئىلگىرى شۇنداق تازا ئىكەنمەن!» دەپ خاتىرىلىشى، كىرلانغان، ئىپلاس رەڭگىنىڭ پانىي ئىكەنلىكىنى بىلىشىدۇر. «قۇرئان»دا «ساغلاملىقتىن كېيىن بۇزىدۇ. ئاللاھ پۇتۇشنى ئەمىر ئەتكەن نەرسىلەرنى پارچىلايدۇ» دېيىلىدۇ. نەبىيلەر بىلەن ۋەلىلەر ئۇلارغا بۇرۇنقى ھاللىرىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭ جەۋھىرىگە يېڭى نەرسە قوشمايدۇ. ئەمدى ئۇلۇغ سۇنى تونۇپ: «مەن ئۇنىڭدىن بەرپا بولغانمەن، ئۇنىڭكىمەن» دېگەن ھەربىر كىرلانغان سۇ ئۇنىڭغا ئارىلاشقاندۇر. ئۇلۇغ سۇنى تونۇمىغان، ئۆزىدىن ئايرىم كۆرگەن ۋە ئۇنى باشقا جىنستىن دەپ بىلگەن ئىپلاس سۇ دېڭىزغا قوشۇلماسلىق ئۈچۈن بۇنداق رەڭلەر ۋە مەينەتلىكلەرگە سىغىنىدى. «قۇرئان»دا «بىر سۈرە نازىل بولۇشى بىلەن ئۇلار بىر - بىرلىرىگە باقىدۇ ۋە ‹ئەجەبا بىزنى بىر كۆرگەن بارمۇ؟› دەيدۇ ۋە كېيىن كېتىدۇ. ئۇلار چۈشەنمەيدۇكى، ئۇلار بىر قەۋمدىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەلبىدرىنى قايتۇرۇپ قويدى» ئايىتىدە بۇيرۇلغىنىدەك، كاتتا سۇ كىچىك سۇنىڭ جىنسىدىندۇر. ئۇنىڭ نەپسىدىن، ئۇنىڭ جەۋھىرىدىندۇر. بۇنى ئىنكار قىلىش سۇنىڭ نەپسىدىن ئەمەس. بىراق سۇنىڭ يامان بىر دوستى باركى، ئۇنىڭ ئەكسى سۇغا چۈشىدۇ. ئۇ كىچىك سۇنىڭ كاتتا سۇدىن (ياكى دېڭىزدىن)، ھۇركىشى ئۆز نەپسىدىن ياكى ئاشۇ يامان دوستىنىڭ ئەكسىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇمۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىر - بىرىگە پەۋقۇلئاددە قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. مەسىلەن: تۇپراق يېگەن بىر ئادەم: «مېنىڭ بۇ تۇپراققا بولغان مەيلىم تەبىئىتىمدىنمۇ ياكى بولمىسا تەبىئىتىم

بىلەن قوشۇلغان بىرەر كېسەللىكتىنمۇ؟» دەپ بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق بىلمەيدۇ. دەۋانى ئىسپات قىلىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن ھەر بېيىت، ھەر ھەدىس ۋە ئايەت ئىككى شاھىد كەبىدۇر. بۇ ئىككىلا شاھىد ھەر دەۋا ئۈچۈن گۇۋاھلىق قىلىدۇ.

پەسىل. ئۇنىڭغا: «ئۇ سىزنى كۆرۈشنى ئىستىمەكتە ۋە كاشكى خۇداۋەندىگارنى كۆرسەم، دېمەكتە» دېدۇق. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: ئۇ بۇ سائەتتە ھەقىقەتەنمۇ خۇداۋەندىگارنى كۆرەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ: «خۇداۋەندىگارنى كۆرەي!» دەپ ئارزۇ قىلىشى خۇداۋەندىگارنى كۆرۈشكە توسقۇن بولغان بىر پەردە. بۇ سائەتتە ئۇنى پەردىسىز نىقابسىز كۆرۈپ بولمايدۇ.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسان خەلقىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا، يار - بۇرادەرلىرىگە ھەمدە يەرلەر ۋە كۆكلەرگە، باغلار ۋە تاغلارغا، قوشاقلارغا، بىلىملەرگە، ئىشلارغا، تاماققا، شاراب ۋە باشقا ۋەھاكازالارغا بولغان ئارزۇ، سۆيگۈ ۋە شەپقىتىنىڭ ھەممىسى، ئەسلىدە تەڭرىنى سۆيمەك ۋە بىلمەك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇلارنىڭ بارچىسى نىقاب (پەردە) دۇر. ئادەملەر بۇ دۇنيادىن كۆچۈپ، شاھنى نىقابسىز كۆرۈشلىرى بىلەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پەردىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ۋە ئىستەلگەنلەرنىڭ بارچىسى ئەسلىدە بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ ۋە چۈشىنىدۇ. شۇ تەرزدە ئۇلارنىڭ پۈتۈن قىيىنچىلىقلىرى ھەل قىلىنىدۇ ۋە ئىچىدىكى ھەر خىل سوئاللار ۋە مۇشكۇلاتلارنىڭ جاۋابىنى تاپىدۇ. ئىستىگەن، ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنى ئۆز ئەينى كۆرىدۇ. ئاللاھ ھەربىر سوئالغا ئايرىم چۈشەندۈرۈش بەرمەيدۇ، بەلكى يېگانە بىر جاۋاب بىلەن پۈتۈن سوئاللارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. شۇ رەۋىشتە بارچە مۇشكۇللەر ھەل بولىدۇ. مەسىلەن: قىش كېلىش بىلەن ھەممە ئادەملەر ئىسسىق كىيىملەرگە ئورىنىدۇ، دەرەخلەرمۇ سوغۇق ئۇرماسلىق ئۈچۈن بار -



www.uyghurkitap.com

يوقىنى ئىچىگە ئېلىپ ساقلايدۇ. باھارنىڭ كېلىشى ئۇلارنىڭ پۈتۈن سوراقلىرىغا جاۋاب بولىدۇ. تەڭرى بۇ پەردىلەرنى بىر ساۋابقا تايىنىپ ياراتقاندۇر. ئەگەر ئاللاھ جامالى نىقابسىز كۆرۈنسە، بىز ئۇنىڭغا قاراشقا تاقەت قىلالمايمىز ۋە ئۇنىڭدىن نېسىۋىمىزنى ئالالمايمىز. بىز ئەنە شۇ نىقابلار ۋاستىسى بىلەن ياردەم كۆرۈۋاتىمىز، ياخشىنى ياماندىن ئايرىۋاتىمىز، ئىسسىنىۋاتىمىز. دەرەخلەر ۋە باغلارمۇ ئۇنىڭ شاراپىتى بىلەن مېۋە ساھىبى بولماقتا. ئالتۇن، كۈمۈش، لەئىل ۋە ياقۇت مەدەنلىرىمۇ ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ. ۋاستىلەر بىلەن بىزگە شۇنچە پايدا كەلتۈرگەن قۇياش يەنە بىر ئاز يېقىنلىشىدىغان بولسا، پايدا بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەممىنى كۆيدۈرۈپ يوق قىلىدۇ. ئۇلۇغ تەڭرىمۇ تاغقا پەردە ئارقىسىدىن تەجەللى ئېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تاغ ياپيېشىل بولىدۇ، گۈللەرگە تولىدۇ، بېزىلىدۇ. ھالبۇكى، پەردىسىز تەجەللى ئەتسە، تاغ ئاستىن ـ ئۈستۈن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ئەمىر قىلدىكى: «ئەي مۇسا! مەن سېنى بۈيۈك قىلدىم، ساڭا بەرگىنىمنى ئال ۋە مۇيەسسەر بولغان نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلغانلاردىن بول».

بىرى: «ئادەمدىمۇ ئاشۇ قۇياش مەۋجۇت ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىدى. مەۋلانا جاۋاب بەردى: بىزنىڭ بۇ يەردىكى مەقسىتىمىز بىر مىسال كەلتۈرمەكتۇر. ئۇ يەردە تۆگىمۇ، قويمۇ يوق. ئەقىل ئۇنى ئىنتىلىش بىلەن چۈشىنەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنتىلىشتىنمۇ ۋاز كەچمەيدۇ. ئەگەر ۋاز كەچسە ئەقىل ھېسابلانمايدۇ. ئەقىل تونۇش ۋە چۈشىنىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولمىغىنىغا قارىماي، تەڭرىنى كېچە ـ كۈندۈز چۈشىنىش ۋە سىڭدۈرۈش يولىدا مۇشاھىدە قىلىشتىن، غەيرەت كۆرسىتىشتىن ئىزتىرابتا قالغان ۋە بىقارار بولغان نەرسىدۇر. ئەقىل ـ پەرۋانە، سۆيگىنى بولسا شام كەبىدۇر. پەرۋانە ئۆزىنى شامغا ئۇرۇشى بىلەن كۆيىدۇ، بىراق ھەقىقىي پەرۋا-

نە كۆيۈپ كەتكۈچىمۇ شام نۇرىدىن ئايرىلمايدۇ. ئەگەر پەرۋانىدەك بىر ھايۋان بولسا، شام نۇرىدىن شىكايەت قىلماي، ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئۇرسا، پەرۋانە بولىدۇ. ئەگەر پەرۋانە ئۆزىنى شام نۇرىغا ئۇرسايۇ، لېكىن يانمىسا، دېمەك بۇ شام شام ئەمەستۇر. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، خەلق بىلەن قىزىقمىغان، ئەكسىچە ئۇنىڭدىن نالىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆيدۈرمىگەن ئىنسان — ئىنسان ئەمەستۇر. ئۇ ھەقنى تونۇپ، ھېس قىلىسىمۇ، ئۇ چۈشىنىپ، ئىدراك ئەتكەن ھەق - ھەق ئەمەس. ئىنسان ئىشلىمەكتىن، غەيرەت كۆرسەتمەكتىن قاچمىغان، ئاللاھ ئۇلۇغلۇقى ئەتراپىدا تىنىمسىز، ھۇزۇرسىز ئايلانغان كىشىدۇر. ھەق بولسا ئىنساننى كۆيدۈرىدۇ، يوق قىلىدۇ ۋە ئۇ ھېچبىر ئەقىلگە سىغمايدۇ، ھېچبىر ئەقىل بىلەن چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

پەسىل. پەرۋانە دېدىكى: خۇداۋەندىگار ماڭا يۈزىنى كۆرسەتمەستىن ئالدىن مەۋلانا بەھائۇددىن ئۆزرە سورىدى ۋە مەۋلانا: «بىزنىڭ زىيارىتىمىزگە كەلمىسۇن ۋە راھەتسىز بولمىسۇن. چۈنكى بىزنىڭ بىرقانچە ھاللىرىمىز باردۇر. بىر ھالدا گەپلىشىمىز، باشقا بىر ھالدا سۆكۈت ساقلايمىز. بىر ھالدا ئادەملەر بىلەن قىزىقساق، يەنە بىر ھالدا يالغۇز قالىمىز. بىر ھالدا بولسا ھەيرەت ۋە ئىستىغراق ئىچىدە ياشايمىز. خۇدا ساقلىسۇنكى، ئەمىر شۇنداق ھاللارنىڭ بىرىدە ئىشىكىمىزگە كەلسە، بىز ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سورىيالمايمىز، ھالىمىز ئىمكان بەرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دوستلار بىلەن مۇڭدىشىشقا، ئۇلارغا پايدىمىز تېگىشكە ھالىمىز بولغان پەيت ئۆزىمىز بېرىپ ئۇلارنى يوقلىشىمىز يەنىمۇ خەيرلىكراقتۇر دەپ قارار بەردى» دېدى.

مەۋلانا بەھائۇددىنغا ئەمىر: «مەۋلانا مەن بىلەن مەشغۇل بولسۇن، مەن بىلەن گەپلەشسۇن دەپ كەلگىنىم يوق، بەلكى مۇشەررەپ بولۇپ قۇللىرى، مۇرىتلىرى قاتارىدىن جاي ئېلىشقا كەلدىم. چۈن-

كى، بىر كۈنى مەۋلانا مەشغۇل ئىدى، ماڭا يۈزىنى كۆرسەتمىدى. كەچكىچە مېنى كۈتتۈرگەندىن كېيىن مېنى ھەيدىدى. مەۋلانا بۇنى ماڭا مۇسۇلمانلار ۋە ياخشى ئادەملەر ئىشىكىمگە كەلگەنلىرىدە ئۇلارنى كۈتتۈرۈپ، كېيىن تېزدىن كەلگەن ئىزىغا قايتۇرسام، مانا شۇنىڭغا ئوخشاش ئېغىر بىر ھەرىكەت بولىدىغانلىقىنى بىلىشىم ئۈچۈن قىلدى. باشقىلارغا مۇنداق قىلماسلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەلىمىنى تارتقۇزدى. ئۇ مېنى شۇ يول بىلەن تەربىيەلىدى» دەپ جاۋاب بەردى. بۇنىڭغا جاۋابەن مەۋلانا ئېيتتىكى: «ياق، سىزنى كۈتتۈرگەندىن كېيىن ھەيدىشىمىز، سىزگە نىسبەتەن بولغان ئىنايەتتىمىزدىن ئىدى». ھېكايە قىلىشاتتىكى: ئۇلۇغ ئاللاھ «ئەي مېنىڭ قۇلۇم! سېنىڭ ئېھتىياجىڭ ۋە تىلىكىڭنى تېزدىنلا ئادا ئەتكەن بولاتتىم. بىراق سېنىڭ يالۋۇرۇشىڭ ۋە نالەڭ ماڭا ياقتى. مەن ئۇلارنى كۆپرەك ئاڭلاش ئۈچۈن ئىستىكىڭنى كېچىكتۈرۈپراق بېجىرىمەن» دەپ ئەمىر قىلدى. مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئىككى پېقىر كىشى كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرسى يېقىملىق ۋە خۇشچىراي، ئىككىنچىسى بولسا خۇنۈك ۋە يېقىمسىز ئىدى. ئۆي ئىگىسى خىزمەتچىسىگە: «ئاۋۇ خۇنۈككە بىر پارچە نان بەر، ئۇ تېزراق كەتسۇن، يېقىملىقىغا بولسا تېخى نان پىشۇرمىدۇق، بىر ئاز كۈتۈپ تۇرۇڭ، دېگىن» دەپتۇ.

ئادەملەر: بىز بۇ دۇنيا ئۆيىدە بىرگە ئىدۇق دېيىشلىرى ۋە بىر-بىرلىرى بىلەن گۈزەل بىر تەرزدە كېلىشىپ مۇناسىۋەت قىلىشلىرى كېرەك. ئىنسان دوستىنى تېز يوقىتىدۇ. چۈنكى، كىشى بىرسى بىلەن دوست بولىدۇ ۋە دوستى ئۇنىڭ كۆزىگە يۇسۇف بولۇپ كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي ئۇ ئۆزىنىڭ پەس بىر ھەرىكىتى بىلەن سېنىڭ نەزىرىڭدىن قالىدۇ. يۇسۇف كەبى بولغان يۈزى قارا بولىدۇ. ئەتە يەنە بىر سەۋەب بىلەن ئۇ زات باشقا كىشىگە ئايلانسا، سەن ئۇ-

www.uyghurkitap.com

نىڭ زاتىنى ياخشى بىلمىگىنىڭ ئۈچۈن ئۇنى قانداق قىلىپ تونۇيسەن؟ خۇلاسە كالام، ئىنساندا ئۆتكۈنچى بولغان ياخشى ۋە يامان سۈپەتلەردىن ئېشىپ، ئۇنىڭ ئۆزلۈكىگە بارماق ۋە ئۇنى ئوبدان تونۇماق لازىم. ئادەملەرنىڭ بىرلىرىگە كۆرۈنگەن سۈپەتلىرى ئۇلارنىڭ ئەسلىي سۈپەتلىرى ئەمەستۇر. بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرىشكەندى: بىر ئادەم: «مەن پالانچىنى ياخشى بىلىمەن، ئۇنىڭ پۈتۈن سۈپەتلىرىنى سىزگە ئېيتىپ بېرىمەن» دېدى. ئۇنىڭغا: «قېنى ئاڭلايلىچۇ!» دېدىم. شۇندا ئۇ كىشى: «ئۇ مېنىڭ چوپانىم ئىدى، ئىككى قارا ئۆكۈزىمۇ بار ئىدى» دەپ جاۋاب بەردى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، خەلقمۇ: «پالان دوستىنى كۆردۇق، ئۇنى تونۇيمىز» دەيدۇ. دەرھەقىقەت، ئۇلارنى ئادەملەر توغرىسىدا بەرگەن تەرىپلىرى ھېلىقى كىشىنىڭ بىراۋ ھەققىدە: «ئۇنى تونۇيمەن، ئىككى قارا ئۆكۈزى بار» دەپ بىراۋنى سۈپەتلىشىگە ئوخشايدۇ. ھالبۇكى بۇ سۈپەت كىشىنىڭ ئالامىتى بولالمايدۇ ۋە بۇ ئالامەت ھېچبىر ئىشقا يارىمايدۇ. ئادەمنىڭ ياخشى ۋە يامانلىقىنى بىر چەتكە قويۇپ، ئۇنىڭ شەخسىيىتىنىڭ ئەسلىگە ئېتىبار بەرمەك كېرەككى، شۇندا ئۇ زاتىنىڭ قانداق ئۆزلۈكى ۋە جەۋھىرى بارلىقىنى كۆرىمىز. كۆرمەك ۋە بىلمەك مانا شۇنداق بولىدۇ.

مەن خەلقىنىڭ: «ئەۋلىيالار ۋە ئاشىقلار ماكانى بولمىغان، سۈرىتى يوق، ھېچبىر خۇسۇسىيەتسىز ئالەمگە قانداق ئاشىق بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم ۋە دەستەك ئالىدۇ، ئۇنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالىدۇ؟» دېيىشلىرىگە ھەيرانمەن. بىراۋنى سۆيۈپ قالغان كىشى ئۇنىڭدىن ياردەم، سۆيۈنۈش ۋە تەشۋىش، بىلىم ۋە چۈشەنچە ئېلىپ تۇرۇپ بۇنىڭدىن ھەيرەتلەنمەيدۇيۇ «ئەۋلىيا ۋە ئاشىقلار قانداق قىلىپ لاماكانغا ئاشىق بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم كۆرىدۇ؟» دەپ ھەيران بولۇشىدۇ.

بىر پەيلاسوپ بۇ مەنئۇيىيەتنى ئىنكار قىلاتتى. بىركۈنى ئۇ كېسەلگە گىرىپتار بولدى. پۇت - قولى ئىشلىمەس بولدى. نىھا - يەت، روھانىي بىر ھەكىم ئۇنى يوقلىدى ۋە «نېمە خالايسەن؟» دەپ سورىدى. پەيلاسوپ: «ساقلىق» دەپ جاۋاب بەردى. روھانىي ھەكىم بولسا: «ساقلىقنىڭ شەكلىنى، سۈپەتلىرىنى، قانداق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگىن، مەن تېپىپ كەلتۈرەي» دېدى. پەيلاسوپ: «ئۇنىڭ شەكلى، خۇسۇسىيىتى يوق» دېگەندىن كېيىن ھەكىم: «دېمەك، ئۇ خۇسۇسىيەتسىز بىر نەرسە ئىكەن، قانداق قىلىپ ئۇنى تەلەپ قىلىسەن؟ ياخشىسى، سەن ئۇنى ماڭا چۈشەندۈر، ساقلىق دېگەن نېمە ئۆزى؟» دەپ قىستىدى. كېسەل شۇنداق جاۋاب بەردى: «شۇنى بىلىمەنكى ساقلىق كېلىشى بىلەن قۇۋۋەتكە كىرىمەن، جانلىنىمەن، رەڭگىممۇ قىزىرىپ، ئۆزۈم ياش ۋە تېتىك بولىمەن». ھەكىمنىڭ: «مەن سەندىن ساقلىقنىڭ ئۆزىنى - زاتىنى سوراۋاتىمەن» دېگەن خىتابىغا بىتاب: «بىلمەيمەن، ئۇ خۇسۇسىيەتسىز» دېدى. ھەكىم: «ئەگەر مۇسۇلمان بولۇپ، مەزھىبىڭدىن كەچسەڭ، سېنى داۋالايمەن، ساڭا ساقلىق بەخش ئېتىمەن» دېدى.

مۇستاپادىن (ئالالاھنىڭ سالىمى ۋە سەلاتى بولسۇن) «بۇ مەنىلەر خۇسۇسىيەتسىز (خاسسەسىز) بولۇشلىرى بىلەن بىرگە، سۈرەتلىرى ۋاستىسىدە ئۇلاردىن پايدىلىنىش مۇمكىنمۇ؟» دەپ سوراشقىنىدا، ئۇ زات: «مانا يەر بىلەن ئاسماننىڭ سۈرىتى. بۇ سۈرەت ۋاستىسىدە سەن ئۇ كۆللى مەنىدىن پىكىر ئال، پايدىلان» دەپ بۇيرۇدى.

پەلەكنىڭ ئايلىنىشى بىلەن كائىنات ئۆزرە تەسەررۇپىنى، بۇلۇتلارنىڭ دەل ۋاقتىدا يامغۇر ياغدۇرۇشىنى ۋە يازۇ قىش پەسىللىرىنىڭ ئالمىشىشىنى كۆرۈۋاتىسەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ھېكمەت ۋە ساۋابقا تايىنىدۇ. جانسىز بولغان بۇلۇت ۋاقتىدا يامغۇر ياغ -

www.uyghurkitap.com



دۇرۇشنى قەيەردىن بىلسۇن؟ ئۆسۈملۈككە قارا، بىرىنىڭ ئورنىغا ئۇنىنى بېرىۋاتقان تۇپراققا باق! بۇلارنى بىر زات قىلىۋاتىدۇ. سەن خۇددى شۇ ئەسلىيەتنى كۆر. بۇ ئالەم ۋاستىسىدە مەزكۇر ئىشلارنى بېجىرگەننى تەلەپ قىل ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم سورا. ئىنسان سۈرىتى-دىن ئۇنىڭ مەنىسىنى قانداق چۈشىنىۋاتقان بولساڭ، ئالەم سۈرىتى ۋاستىسى ياردىمىدە ئۇنىڭ مەنىسىدىنمۇ خەۋەردار بول.

پەيغەمبەر سەرخۇش بولۇپ ئۆزىدىن كەتكەن پەيتلىرىدە: «ئاللاھ ئېيتتى» دەيتتى. زاھىرەن ئۇنىڭ تىلى شۇنداق سۆزلەيتتى. ئەسلىدە ئۇ (تىل) ئارىدا يوق ئىدى، سۆزلەرنى تەڭرىنىڭ ئۆزى سۆزلەر ئىدى. چۈنكى، ئۇ (پەيغەمبەر) بۇرۇنلاردا بۇنداق سۆزلەرنى بىلمەس ئىدى. ئەمدى ئۇ قاچان بۇ سۆزلەرنى ئېيتىشى بىلەن ئۆزى-نىڭ ئىلگىرىكى ئۆزى ئەمەسلىكىنى چۈشىنەتتى ۋە بۇلارنىڭ بار-چىسى ئاللاھنىڭ تەسەررۇپىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

مۇستاپا (س.ئە. ۋ.) ئۆزى بارلىققا كېلىشتىن مىڭ يىللار ئال-دىن ياشىغان ۋە ئۆلۈپ كەتكەن ئىنسانلاردىن، پەيغەمبەرلەردىن، ئاخىر زامانغىچە دۇنيانىڭ نېمە بولۇشىدىن، ئەرش ۋە كۈرسىدىن خەۋەر بەرگەنىدى. ئۇنىڭ بارلىقى ئۆتمۈشكە تېگىشلىك ئىدى. ھە-قىقەتەنمۇ بۇ خەۋەرلەرنى كېيىن ۋۇجۇدقا كەلگەن بارلىقى بەرمىگەن ئىدى. كېيىن پەيدا بولغان (ھادىس) نەرسە بۇرۇندىن مەۋجۇت بول-غاندىن (قەدىمدىن) قانداق خەۋەر بېرەلەيدۇ؟ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇلارنى ئۇ (پەيغەمبەر) سۆزلىمىگەن، بەلكى ئاللاھ سۆزلىگەندۇر. چۈنكى قۇرئان «ئۇ ئارزۇ بىلەنمۇ سۆز سۆزلىمەيدۇ، سۆزى ۋەھيىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەپ بۇيرۇغان .

ئاللاھ ھەرقانداق تاۋۇش ۋە ھەرپتىن پاكىز. ئۇنىڭ سۆزى تا-ۋۇش ۋە ھەرپتىن تاشقىرىدۇر. پەقەت سۆزىنى ئۆزى ئىستىگەن ھەر ھەرپ، ھەر ئاۋاز ۋە ھەر تىلدىن چىقىرىدۇ. مەسىلەن: يوللار ئۈس-

تىدە ۋە كارۋانسارايلاردا ھەربىر ھاۋۇز بېشىدا تاشتىن ئادەم ياكى قۇش ياساپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن سۇ چىقىپ ھاۋۇزغا قۇيۇلىدۇ. ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ ھەممىسى سۇنىڭ تاش ئادەم ياكى تاش قۇشنىڭ ئاغزىدىن چىقمايۋاتقانلىقىنى، بەلكى باشقا ياقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ.

ئىنساننى تونۇماقچى بولساڭ، ئۇنى گەپكە سال. سۆزىدىن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسەن. ئېيتايلى، بىراۋ يانچۇقچى بولسا ئۇنىڭغا: «ئىنسان سۆزىدىن بىلىنىدۇ» دېيىشسە، ئۇ مىرشاپ تونۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن قەتئىي گەپ قىلمايدۇ. تۆۋەندىكى ھېكايىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ: كىچىككىنە بىر بالا چۆلدە ئانىسىغا: «ئانا كېچىدە ماڭا شەيتاندەك قورقۇنچلۇق بىر شەپە كۆرۈنۈۋاتىدۇ، قورقۇۋاتىمەن» دېدى.ئانىسى بالىسىغا: «قورقما، شەپە كۆزۈڭگە كۆرۈنۈشى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ جاسارەت بىلەن ئېتىلكى، بۇنىڭ خىيال ئىكەنلىكىنى بىلىسەن» دېدى. شۇ ۋاقىتتا بالا: «ئاھ، ئانىجانىم، ئەگەر ئۇ شەپىگىمۇ ئانىسى مۇشۇنداق نەسىھەت قىلغان بولسا، مەن قانداق قىلىمەن؟ ئەگەر ئۇنىڭغا: «گەپ قىلما، كۆرۈنمەيسەن!» دېگەن بولسا، مەن ئۇنى قانداق تونۇيمەن؟» دېدى. ئانىسى: «ئۇنىڭ ئالدىدا گەپ قىلما، ئۆزۈڭنى ئۇنىڭغا ئات ۋە كۈت، بەلكى ئاغزىدىن بىرەر سۆز چىقار. ئەگەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھېچ سۆز چىقمىسا، سېزىپ ـ سەزمەيلا سېنىڭ ئاغزىڭدىن بىر سۆز چىقىدۇ. ياكى سېنىڭ قەلبىڭدە بىر چۈشەنچە ياكى سۆز پەيدا بولىدۇ. دەل ئەنە شۇ چۈشەنچە ياكى سۆز ئارقىلىق ئۇنىڭ (شەپىنىڭ) ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولىسەن. چۈنكى ئۇ سەندە بىر پىكىر تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولغاندۇر. سېنىڭ ئىچىڭدە ۋۇجۇدقا كەلگەن ئاشۇ سۆز ۋە پىكىر ئۇنىڭ چۈشەنچە ۋە ئەھۋالىنىڭ ئەكسىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى.

شەيخ مۇھەممەد سەررازىي (ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) مۇرىتلى-



www.uyghurkitap.com

ـرىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغانىدى. مۇرىتلاردىن بىرىنىڭ كۆڭلى كاللا كاۋىپى ئىستەپ قالدى. شەيخ: «دەرھال بۇنىڭغا كاللا كاۋاپ ئەكېلىپ بېرىڭلار» دېدى. باشقىلار: «ئۇنىڭ كاۋاپ يېگىسى كەلگەنلىكىنى قە-يەردىن بىلدىڭىز؟» دەپ سورىدى. شۇندا شەيخ: «ئوتتۇز يىل بولدى-كى، مەن ئۈچۈن كېرەك بولغان نەرسە قالمىغان. مەن لازىم نەرسى-لەرنىڭ بارچىسىدىن ئۆزۈمنى تازىلىغانمەن، پاكلىغانمەن. ئاخىر مەن ئەينەكتەك تازا ۋە پارقىراق بولدۇم. ئەمدى بولسا مېنىڭ كۆڭ-لۈم كاللا كاۋىپى خالىدى ۋە بۇ ماڭا تېگىشلىك ئەمەس ئىدى، بەلكى بىرسىنىڭ ئىستىكى مېنىڭ ئەينىكىمدە ئەكس ئەتكەن ئىدى. چۈن-كى ئەينەكنىڭ ئۆزى ساپ ۋە شەكىلسىزدۇر. ئۇنىڭدا بىرەر شەكىل كۆرۈنسە، دېمەككى، بۇ باشقىلارنىڭ شەكلىدۇر» دېدى.

بىر ئەزىز كىشى مەقسەتنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن چىللە ئولتۇردى. ئۇنىڭغا: «بۇنداق بىر يۈكسەك ئارزۇ چىللە بىلەن ھاسىل بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن چىق. ئۇلۇغ بىر زاتنىڭ نەزىرى ساڭا چۈشسۇن ۋە شۇ تەرزدە ئارزۇيىڭغا يېتىسەن» دەپ غايىبتىن بىر ئاۋاز كەلدى. ئۇ: «ئۇ ئۇلۇغ زاتنى قەيەردىن تاپىمەن؟» دېيىشى بىلەن، «مەسچىت-تىن» دېگەن سادا كەلدى. ئەزىز كىشى: «نۇرغۇن ئادەملەر ئارىسىدىن ئۇنى قانداق تونۇيمەن؟» دېگەندە، غايىب ئاۋاز: «بارىۋەر، ئۇ سېنى تونۇيدۇ. سېنى تونۇشىنىڭ بەلگىسى قولۇڭدىكى كوزىنىڭ چۈشۈشى ۋە سېنىڭ ئۆزۈڭدىن كېچىشىڭدۇر. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ساڭا قارى-غىنىنى چۈشىنىسەن» دېدى. ئەزىز كىشى شۇنداق قىلدى. كوزىنى تولدۇردى ۋە مەسچىتتىكى جامائەتكە سۇ تارقىتىشقا باشلىدى. ئۇ ئادەملەرگە سۇ بېرىۋېتىپ، بىردىنلا ئۆزىدە بىر ھال پەيدا بولغانلى-قىنى بىلدى ۋە «ئاھ» دەپ يىقىلدى. كوزا قولىدىن چۈشتى. بىھوش ھالدا مەسچىتنىڭ بىر بۇرجىكىدە قالدى. ھەممە كېتىپ بولغان-دى. ئۆزىگە كەلگەندە قارىدىكى، ئۇ يەردە قالغان ئادەم ئۇنىڭ بىر

ئۆزى، ئۇلۇغ زات ھەم يوق ئىدى. ئەمما مەقسىتىگە ئېرىشكەنىدى.

ئاللاھنىڭ شۇنداق قۇللىرى باركى، تەڭرى ئۇلارنى قىزغانغانلىقى ۋە ناھايىتىمۇ بۈيۈك بولغانلىقى تۈپەيلى كۆرۈنمەيدۇ، بىراق ئۇ تالىبلارنى (ھەقىقەتنى ئىزدىگەنلەرنى) مەقسەتلىرىگە يەتكۈزىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بۈيۈك پادىشاھلارمۇ نادىر ۋە نازۇك بولىدۇ.

بىز ئۇنىڭغا دېدۇقكى: سىزنىڭ يېنىڭىزغا كېلىشىۋاتامدۇ؟ ئۇ: «بىزنىڭ يېنىمىزمۇ، ئالدىمىزمۇ قالمىدى. ئەسلىدە خېلىدىن بېرى يوق ئىدى. ئەگەر كېلىشىۋاتقان بولسا، ئاشۇ ئىشىنىلگەن، تەسەۋۋۇر قىلىنغان مەۋھۇم بارلىقتا كەلمەكتە». ئەيساغا(ئاللاھنىڭ سالىمى بولسۇن) «سېنىڭ ئۆيۈڭگە كېتىۋاتىمىز» دېيىشتى. ئۇ: «بىزنىڭ بۇ دۇنيادا ئۆيىمىز قەيەردە ۋە قاچان ئۆيىمىز بولغان؟» دەپ جاۋاب بەردى.

ھېكايە: رىۋايەت قىلىدۇلەركى، ئەيسا ئەلەيھىسسالام قىردا كېزىپ يۈرەتتى. شۇ ۋاقىتتا شىددەتلىك يامغۇر يېغىشقا باشلىدى ۋە ئۇ بىر ياۋا مۈشۈكنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىپ يامغۇرنىڭ توختىشىنى كۈتتى. ۋەھيي كەلدىكى: ياۋا مۈشۈكنىڭ ئۇۋىسىدىن چىق، چۈنكى ئۇنىڭ بالىلىرى سەن تۈپەيلى ئارامسىزلىنىۋاتىدۇ. ئەيسا: «ئەي ئاللاھىم! ياۋا مۈشۈكنىڭ بۇ دۇنيادا جان ساقلايدىغان جايى بار، مېنىڭ بولسا يوق (ھەدىس.) ياۋا مۈشۈك بالىلىرىنىڭ ئۇۋىسى بار، ئەمما مەريەم ئوغلىنىڭ نە باشپاناسى، نە ئۆيى ۋە نە مەقامى بار» دەپ پەرياد قىلدى. خۇداۋەندىگار بۇيرۇدىكى: ياۋا مۈشۈك بالىلىرى ئۆيىدىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇلارنى تاشقىرىغا قوغلاپ چىقىرىشقا سەۋەب بولالمايدۇ. سېنىڭ بولسا بۇنداق بىر ئۆيىدىن كەتكەن يېرىڭ بار. ئۆيىڭ بولمىسىمۇ، ئۆيىدىن كەتمەكنىڭ لۇتپى ۋە ساڭا تېگىشلىك بولغان شۇنداق مۇكاپاتقا سازاۋەر بولماق شەرىپى سېنى تاشقىرىدا قالدۇرماقتا. بۇ بولسا يۈز مىڭلارچە يەرۇ كۆككە، دۇنيا ۋە ئاخىرەت-

كە، ئەرشۇ كۇرسقا بەدەلدۇر، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقتۇر، ئۇلاردىن ئەۋزەلراقتۇر. شۇنداق ئىكەن نېمە ئۇچۇن قورقىسەن؟

بۇيرۇدىكى: ئەمىر كەلدى ۋە بىز دەرھال ئالدىغا چىقالمىدۇق. بۇنىڭدىن ئۇ خاپا بولماسلىقى لازىم. چۈنكى ئۇشبۇ زىيارەتتىن مەقسەت بىزنىڭ نەپسىمىزنى يۇكسەلدۇرمەكمۇ ياكى ئۆزىنى؟ ئەگەر نەپسىمىزنى يۇكسەلدۇرمەك غەرىزى بىلەن كەلگەن بولسا، تېخىمۇ كۆپرەك ئولتۇرۇپ كۈتمەك كېرەك. شۇندا بىزلەرنى تېخىمۇ ئەزىزلىگەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ مەقسىتى ساۋاب قازانماق بولسا، كۈتكەنلىكى ۋە كۈتۈپ زەھمەت چەككىنى ئۇچۇن ساۋابى يەنىمۇ ئارتىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئەمىر نېمە نىيەت بىلەن كەلگەن بولمىسۇن، مەقسىتى ئارتۇقى بىلەن ھاسىل بولغىنىدىن سۆيۈنمىكى كېرەك.

پەسىل. «بۇ قەلبلەر بىر ـ بىرلىرىنى كۆرمەكتە» سۆزى ھەر ـ كىمنىڭ دىلىدا مەۋجۇت بولغان بىر نەرسىدۇر. مەزكۇر ھېكايە ئۇلار ئۇچۇن كەشپ قىلىنمىغان. بولمىسا: «روشەنكى، قەلب شاھىدلىق بەرمەكتە، سۆزگە نە ھاجەت، سۆزنىڭ شاھىدلىقىغا ئېھتىياج بارمىدى؟» دېيىشەرمىدى؟

ئەمىر نائىب: «توغرا، قەلب شاھىدلىق بېرىدۇ، بىراق كۆڭۈلنىڭ ئۆزىگە خاس زوقلىنىشى بار، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇلاق، كۆز ۋە تىلىنىڭمۇ ئالاھىدە خۇشلىنىش خۇسۇسىيىتى بار. شۇنىڭغا كۆرە پايدىلىقلاردىن پايدىلىنىش ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئېھتىياج باردۇر» دېدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: ئەگەر كۆڭۈل ئىستىغراغ (غەرق بولۇش) ھالىدا بولسا، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ بىلەن يوق بولىدۇ ۋە تىلغا ئېھتىياج بولمايدۇ. لەيلى رەھمانىي ئەمەس، بەلكى جىسمانىي ۋە نەپسىي ئىدى. تۇپراق ۋە سۇدىن مەيدانغا كەلگەنىدى. پەقەت ئۇنىڭ ئىشقىدا شۇنداق بىر ئىستىغراغ مەۋجۇت بولغانلىقتىن مەجنۇننى شۇ قەدەر رام ئەتتى ۋە پاتۇردىكى، ئەمدى لەيلىنى كۆرۈش



www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن كۆزگە ۋە سۆزىنى ئاڭلاش ئۇچۇن ئاۋازغا موھتاج ئەمەس ئىدى. ئاخىر، لەيلىنى ئۆزىدىن ئايرىم كۆرمەس ئىدى ــ دە...

شېئىر: (سېنىڭ خىيالىڭ مېنىڭ كۆزۈمدىدۇر، ئىسمىڭ تىلىمدا، زىكرىڭ دىلىمدىدۇر. شۇنداق ئىكەن، قەيەرگە مەكتۇب يازاي؟)

جىسمانىي بولغان بىر كىشىدە شۇنداق بىر قۇدرەت بارمۇكى، ئۆزىنى بۇنىڭدىن ئارتۇق كۆرسۇن ھەمدە كۆرۈش، ئاڭلاش، ھىدلاش، تەم تېتىش ۋەھاكازا بارچە تۇيغۇلىرى ئۇندا غەرق بولسۇن؟ شۇ تەرزدە ئۇنىڭ ئەزالىرىمۇ باشقا لەززەت ئىزدىمىسۇن. لەززەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىريەرگە توپلىسۇن ۋە تەييار ھالدا كۆرسۇن. ئەگەر ئېيتىلغان ئەزالاردىن بىرى قانداق زوق ئالسا، قالغان ئەزالارنىڭ بارچىسى شۇ زوق ۋە لەززەتكە غەرق بولىدۇ ھەمدە ئۆزگە بىر لەززەت ئىستىمەيدۇ. ئەگەر تۇيغۇلاردىن بىرەرى بۇنىڭدىن باشقا بىر لەززەت ئىستىسە، دېمەك، بۇ ــ ھېلىقى يېگانە ئەزانىڭ تامامەن باشقا لەززەت ئالغىنىدىن ياكى ئۇنىڭدىن مۇتلەق بەھرىمەن بولالمىغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ. ھەر ھالدا ئۇ (تۇيغۇ) لەززەتكە غەرق بولمىغانلىقتىن قالغان تۇيغۇلار باشقا لەززەت ئىزدەيدۇ ۋە تۈرلۈك ــ تۈمەن خىللىقنى خالايدۇ. ھەربىر تۇيغۇ باشقا ــ باشقا لەززەت ئالماقچى بولىدۇ. ئىنساندىكى تۇيغۇلار مەنە نۇقتىئىنەزەرىدىن يېگانە ۋە جەم، كۆرۈنۈشىدىن بولسا ئايرىم ــ ئايرىمدۇر. بىر ئەزادا ئىستىغراغ ھاسىل بولۇشى بىلەن باشقا تۇيغۇلارمۇ ئۇنىڭغا غەرق بولىدۇ. مەسىلەن: چىۋىن ئۇچقاندا ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى ــ قاناتلىرى، بېشى ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەمما ھەسەلگە پېتىپ قالغاندا بولسا، ئۇنىڭ بارچە ئەزالىرى ــ پارچىلىرى بىرلىشىدۇ ۋە ھەرىكەت قىلالماي قالىدۇ. ئىستىغراغ شۇنداق ھالدۇركى، بۇ ھالدا بولغان كىشى شۇ ئارىدا يوق بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھېچبىر ھەرىكىتى، غەيرى-



تى، ئىشى ئۇنىڭ ئۆزىدىن مەيدانغا كەلمەيدۇ. ئۇ پۈتۈنلەي سۇغا پىتىپ يوق بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن ھەربىر ھەرىكەت ۋە ئىش ئۆزىنىڭكى بولماي، سۇغا تېگىشلىكتۇر. ئەگەر يەنە قول- پۇتلىرىنى ئۇيان - بۇيانغا ئۇرۇپ تۇرسا، ياكى «ۋاي، چۆكۈپ كەتتىم!» دەپ ۋارقىراپ - جارقىرسا، بۇ ھالغا ئىستىغراغ دېيىلمەيدۇ. «مەن ھەقمەن» (ئەنەل ھەق) دېيىشنى ئادەملەر بۈيۈكلۈكنى دەۋا قىلىش دەپ ھېسابلايدۇ. «مەن ھەقنىڭ قۇلىمەن» دېگەن كىشى ئىككى بارلىقنى — ئۆز ۋە تەڭرى بارلىقىنى ئىسپاتلىغان بولىدۇ. ھالبۇكى «مەن ھەقمەن» دېگەن ئۆز بارلىقىنى يوق قىلغانلىقى ئۈچۈن «ئەنەل ھەق» دېمەكتە. يەنى، مەن يوقمەن، بارچىسى ئۇدۇر. تەڭرىدىن باشقا بارلىق يوقتۇر. مەن مۇتلەق يوقلۇقمەن، ھېچ نەرسە ئەمەسمەن. بۇ سۆزدە كەمتەرلىك كۆپرەك ئەمەسمۇ؟ ئەمما خەلق بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيۋاتىدۇ. ئەگەر ئىنسان ئاللاھقا پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قۇللۇق قىلسا، ئۇنىڭ قۇللۇقى ئاياندۇر. ئاللاھ ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۆزىنى، ئۆز ئىشىنى ۋە تەڭرىنى كۆرىدۇ. بۇنداق كىشى سۇغا غەرق بولغان بولالمايدۇ. سۇغا غەرق بولغان زات ھەرىكەتسىز كىشىدۇر. ئۇنىڭ ھەرىكىتى سۇنىڭ ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ. مانا شۇندىلا ئۇ ھەقىقىي سۇغا غەرق بولغان بولىدۇ.

ئارسلان جەرەننى قوغلىدى. ئۇلار ئىككى بارلىق ئىدى. ئەمما ئارسلان ئولجىسىغا يېتىپ، ئۇنى پەنجىلىرى ئارىسىغا ئالغاندا، جەرەننىڭ ھوشى قالمىدى. بارلىقى يوق بولدى، ئۆزىنى يوقاتتى. بۇ چاغدا پەقەت ئارسلاننىڭ بارلىقى مەۋجۇتتۇر. جەرەننىڭ بارلىقى بولسا يوق بولغاندۇر.

ئىستىغراغ ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئەۋلىيانى ئۆزىدىن قورقۇتۇش ۋە بۇ قورقۇشنىڭ ھەقتىن، ئىشەنچىنىڭ ھەقتىن، سۆيۈنۈش ۋە شادلىقنىڭ ھەقتىن، تاماق ۋە ئۇيقۇنىڭ ھەقتىن ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا

كەشىپ قىلدۇرۇشىدۇر.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنىڭغا كۆزى ئوچۇقلۇقىدا، ئويغاقلىقىدا مەخ-سۇس بىر شەكىل كۆرسىتىدۇ: بۇ يا ئارسلان، يا قاپلان ۋە ئاتەش شەكلىدۇر. تەڭرى ئۇلارنى ئۇنىڭغا بۇ ئالەمدىن ئەمەس، بەلكى غەيب ئالەمىنىڭ شەكىللىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆرسىتىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆز سۈرىتىنىمۇ ئۇلۇغ گۈزەللىك ئىچرە - باغلار، بوستانلار، دەريالار، ھۆرلەر، قوشاقلار، ئوزۇق - تۈلۈكلەر، شارابلار، زەرباپ تونلار، بۇراقلار، شەھەرلەر، ئۆيلەر ۋە باشقا تۈرلۈك - تۈمەن ئاجايىبلىقلار ھالىتىدە نامايان قىلىدۇ. ئەۋ-لىيا بۇلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۇشبۇ ئالەمدىن ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. تەڭرى بۇلارنى ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ، تەسەۋۋۇر ئەتكۈزىدۇ ۋە شۇ تەرزدە قورقۇشنىڭ ئاللاھتىن بولغانلىق ھەقىقىتى ھاسىل بو-لىدۇ. ئىشەنچ تەڭرىدىندۇر. پۈتۈن ئارام ۋە مۇشاھىدىلەر ئۇنىڭدىن-دۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەۋلىيانىڭ (تەڭرىدىن) قورقۇشى خەلقنىڭ قورقۇشىغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ بارچىسىدىن كۆرۈنگەن نەرسە ئاللاھدۇر، بىراق بۇنى قەيد قىلىپ بولمايدۇ. ھەممىسىنىڭ ئۆزىدىن ھاسىل بولغانلىقىنى تەڭرى ئۇنىڭغا (ئەۋلىياغا) ئوچۇق - ئايدىڭ كۆرسەتكەن. پەيلاسوپمۇ بۇنىڭدىن خەۋەردار. بىراق ئۇ دەلىل ئارقىلىق بىلىدۇ. دەلىل دائىمىي ئەمەس، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان گۈ-زەللىكنىڭ، زوقنىڭ ئۆمرىمۇ قىسقىدۇر. سەن (پەيلاسوپقا) دەلىل كۆرسەتكىچە ئۇ ئۆزىنى مەمنۇن ۋە پاكىز ھېس قىلىدۇ. دەلىلنى نا-مايىش قىلغىنىڭدىن كېيىن بولسا، ئۇنىڭ ئەھۋالى ئۆزگىرىدۇ. ھېلىلا پەيدا بولغان ھارارەت ۋە مەمنۇنلۇقتىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. مەسىلەن: كىشى دەلىل ئارقىلىق بىر ئۆينىڭ قۇرغۇچىسى بولغان-لىقىنى چۈشىنىدۇ. يەنە بىر دەلىل بىلەن بولسا ئۆينى قۇرغان ئۇستىنىڭ كۆزلىرى كور ئەمەس، ئوچۇق بولغانلىقىنى، ئاجىز ئەمەس

قۇۋۋەتلىك بولغانلىقىنى، يوق ئەمەس، بار، ئۆلۈك ئەمەس تىرىك بولغانلىقىنى ۋە بۇ ئۆي قۇرۇلماستىن ئالدىن (قۇرغۇچىنىڭ) مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ شاھىدى بولىدۇ، بىراق بۇلارنى بىلگەن بولسىمۇ، دەلىل داۋاملىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن تېزدىنلا ھەممىسىنى ئۇنتۇيدۇ. لېكىن ئارىپلار ئۆينىڭ قۇرغۇچىسىنى تونۇغانلىقى، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلغانلىقى ۋە ئۇنى ئەينەل يەقىن بىلەن كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەپ ـ ئىچكەنلىكى، مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئارىپلارنىڭ كۆز ئۆڭىدىن كەتمەيدۇ، تەسەۋۋۇرلىرىدىن يوقالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇنداق كىشى ھەققە يېقىن بولىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن گۇناھ گۇناھ ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئاللاھتا يوق بولغاندۇر.

بىر پادىشاھ قۇللىرىغا: «مېھمان كېلىۋاتىدۇ، قوللىرىڭلارغا قەدەھنى ئېلىڭلار» دەپ بۇيرۇدى ۋە ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بولغان قۇلىغىمۇ: «بىر قەدەھ ئال!» دەپ ئەمىر قىلدى. بۇ قۇل شاھنىڭ يۈزىنى كۆرۈشى بىلەن ئۆزىدىن كەچتى، بېشى ئايلاندى ۋە قەدەھ قولىدىن چۈشۈپ سۇندى. ئەھۋالنى كۆرگەن باشقا قۇللار: «دېمەك، شۇنداق قىلسا بولار ئىكەن» دەپ بىلىپ قەدەھلىرىنى يەرگە ئاتتى. شاھ: «نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭلار؟» دەپ ئۇلارغا كايىدى. ئۇلار: «ئەڭ يېقىن قۇلىڭىزمۇ شۇنداق قىلدىغۇ!» دېدى. ھۆكۈمدار: «ئەي ئەخمەقلەر! بۇنى مەن قىلدىم، ئۇ قىلمىدى» دەپ جاۋاب بەردى. قىلىنغان بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى زاھىرەن گۇناھ ئىدى. بىراق ئاشۇ بىرلا قۇلنىڭ ھەرىكىتى تائەت ئىدى. بۇ ھەرىكەت ھەتتا پۈتۈن گۇناھلار ۋە ساۋابلاردىن ئەۋزەلرەك ئىدى. مەقسەت ـ ئاشۇ قۇل، قالغان قۇللار بولسا شاھنىڭ بۇيرۇقى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بارچە قۇللار شاھنىڭ ئاشۇ قۇلنىڭ بۇيرۇقلىرى ھېسابلىناتتى. چۈنكى بۇ قۇل شاھنىڭ ئۆزىدۇر، قۇللۇق ئۇنىڭدا سۈرەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس ۋە

ئۇ پادىشاھنىڭ گۈزەللىكى بىلەن تولغاندۇر.

ئۇلۇغ تەڭرى: «سەن بولمىساڭ ئىدىڭ، پەلەكلەرنى ياراتماس ئىدىم» دەپ ئەمر قىلىدۇ. يەنى پەلەكلەرنى ئۆزۈم ئۈچۈن ياراتتىم، باشقىچە ئېيتقاندا «مەن ھەقمەن» دېمەكتۇر.

ئۇلۇغلارنىڭ سۆزلىرى ئەگەر يۈز تۈرلۈك بولسىمۇ، ئېنىقكى، ھەق ۋە يول تەنھادۇر. دېمەك، سۆزمۇ ئىككى بولالمايدۇ. ئىككى سۆز زاھىرەن قانچىلىك دەرىجىدە بىر - بىرىگە ماس ۋە ئۇيغۇن كۆرۈنسىمۇ، مەنە نۇقتىئىنەزەرىدىن (ئۇلار) بىردۇر. ئايرىلىش كۆرۈنۈشتە. مەنە ئېتىبارى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلەشكەندۇر. مەسىلەن: بىر ئەمىر چېدىر تىكىشنى بۇيرۇسا، (خىزمەتكارلارنىڭ) بىرى يىپ تەييارلايدۇ، ئىككىنچىسى مىخ قاقىدۇ، بىرى بوز توقۇسا، يەنە بىرى تىكىدۇ... بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ بارچىسى كۆرۈنۈشتە تۈرلۈك - تۈمەن ۋە باشقا - باشقا ئىشلار بولسىمۇ مەنە جەھەتتىن بىردۇر. چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئىش قىلماقتا، دېگەنلىكتۇر. دۇنياغىمۇ دىققەت بىلەن قارىساڭ، شۇ ھالنى كۆرىسەن. ھەممە نەرسە تەڭرىگە قۇللۇقنى بەجا كەلتۈرىدۇ. ئاللاھقا قارشى چىققان پاسىق ۋە شەيتان. ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان سالىھ ۋە مەلەك... بارچىسىنىڭ تەڭرىگە قۇللۇق قىلىۋاتقانلىقى كۆرۈنىدۇ. مەسىلەن: بىر پادىشاھ قۇللىرى ئارىسىدىن قايسىبىرى ئىشەنچلىك قايسىبىرى ئىشەنچسىز، قايسىبىر، ۋاپادار، قايسىبىرى ۋاپاسىز، سۆزىدە تۇرغان كىممۇ تۇرمىغىنى كىم ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن ئۇلارنى سىنىماقچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، يەنى سەۋرلىكنى سەۋرسىزدىن پەرقلەندۇرمەك ئۈچۈن ۋەسۋەسىلىك ۋە ھاياجانلىق كىشىگە ئېھتىياج باردۇر. ئەگەر (بۇلار) بولمىسا ئۇلارنىڭ سەبىرىنى قانداق بىلىدۇ؟ تەڭرى مۇسەھكەم تۇرىدىغاندىن تۇرالمايدىغاننى ئايرىماق ئۈچۈن بىر شامال چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن

چۈشىنى باغدىن، دەرەخلەردىن ئۈزاقلاشتۇرماقنى ئىستىدى. شۇ تەرزدە چۈشىن كېتىپ مۇستەھكەم تۇرغانلار قالدى.

بىر پادىشاھ ئادەملىرىدىن قايسىبىرى خائىن، قايسىبىرى سادىق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن كېنىزىكىگە: «ئۆزۈڭنى پەردازلاپ قۇللىرىمنىڭ ئالدىغا بار!» دەپ بۇيرۇدى. كۆرۈنۈشىدىن كېنىزەكنىڭ بۇ ھەرىكىتى گۇناھقا ئوخشىسىمۇ ئەسلىدە بۇنداق ئەمەس، چۈنكى ئۇ شاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئادا قىلىۋاتىدۇ، خالاس.

تەڭرىنىڭ بۇ كىشىلىرى تەڭرىگە قۇللۇقنىڭ يامان دەرىجىدە بېجىرىلىۋاتقانلىقىنى، ئاللاھنىڭ تائىتى بىلەن مەشغۇللۇقلىرىنى، دەلىلسىز، ھەتتا پەردىسىز كۆرىدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان»دا: «يەتتە ئاسمان، يەر ۋە ئۇلاردىكى بارچە جانزات (ئاللاھنى) پاكلايدۇ. مەۋجۇت بولغان بارچە نەرسە ھەمدۇ سەنا ئېيتىش بىلەن ئۇ زاتنى پاكلايدۇ. لېكىن سىزلەر (ئەي ئىنسانلار)، ئۇلارنىڭ تەسبىھ ئېيتىشلىرىنى ئاڭلىمايسىلەر. دەرھەقىقەت، ئۇ ھەلىم ۋە مەغپىرەتلىك بولغان زاتتۇر» دەپ ئەمىر قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا بۇ دۇنيا قىيامەت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى قىيامەتنىڭ مەنىسى ھەركىمنىڭ تەڭرىگە قۇللۇقنى ئادا قىلىشى ۋە ئۆزگە ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇلار بۇ مەنىنى «پەردە كۆتۈرۈلسىمۇ بىلىمىم ئارتمىسا» سۆزىدە بولغىنى كەبى شۇ ئالەمدە كۆرمەكتە.

«ئالىم» كەلىمىسىنىڭ مەنىسى لۇغەتتە ئارىپتىن ئۈستۈن ۋە مەنىلىك دېمەكتۇر. چۈنكى، تەڭرىگە ئالىم دېيىلىدۇ، بىراق ئارىپ دېمەك جائىز ئەمەس. ئارىپ دېگەندە ئالدىن بىلمەي كېيىن ئۆگەنگەن دېگەن مەنە چۈشىنىلىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاللاھقا قارىتا ئېيتىلماسلىقى كېرەك. شۇنىڭغا قارىماي، ئۆرپ ـ ئادەت نۇقتىئىنەزەرىدىن (سۆزنىڭ) ئىشلىتىلىشىگە كۆرە مەنىسى كۆپتۇر. چۈنكى ئارىپ ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە ئالەمنى دەلىلسىز ھالدا كۆزى بىد-





لەن كۆرگەن ۋە كۆزەتكەن كىشىدۇر. ئالىمنىڭ (بولسا) يۈز زاھىد-دىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى سۆزلىشىدۇ. چۈنكى زاھىد ئىلىم بىلەن زاھىد بولغان. ئىلىمسىز زۇھد بولمايدۇ.

زۇھد نېمە؟ دۇنيادىن يۈز ئۆرۈمەك، تائەت ۋە ئاخىرەتكە تەۋەج-جۇھ (يۈزلەنمەك) قىلماقتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان دۇنيانى، ئۇنىڭ چىرىكلىكىنى، ۋاپاسىزلىقىنى ۋە ئاخىرەت گۈزەللىكىنى، ئۇنىڭ دائىمىي ۋە باقىي ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. جۈملىدىن «نېمە قىلاي، قانداق تائەت بىلەن مەشغۇل بولاي؟» دەپ غەيرەت قىلىشمۇ باشتىن ـ ئاخىر ئىلىمدۇر. شۇنداق ئىكەن، ئىلىمسىز زۇھد بول-مايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، زاھىد ھەم ئالىم، ھەم زاھىددۇر. ۋە «بىر ئالىم يۈز زاھىددىن ئەۋزەلدۇر» دېگەن پىكىر ئەينى ھەقىقەت-تۇر.

بۇ ئىلىم ۋە زۇھددىن باشقا يەنە بىر ئىلىم باردۇركى، تەڭرى-نىڭ زاتىغا تېگىشلىكتۇر. مەزكۇر ئىككىنچى ئىلىم زۇھد ۋە ئىلىمنىڭ سەمەرىسىدۇر. بۇنىڭغا ئىگە بولغان ئالىم يۈز زاھىددىن ئەمەس، بەلكى مىڭ زاھىددىنمۇ ئۈستۈندۇر. ئاللاھ بۇنى خالىغان بەندىسىگە بېرىدۇ. بۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم كۆ-چەت تىكتى ۋە ئۇ كۆچەت ئۆسۈپ ـ ئۈلغىيىپ مېۋە بەردى. ئاشۇ مېۋىلىك يالغۇز دەرەخ مېۋە بەرمىگەن يۈز دەرەختىن ياخشىراقتۇر. يەنە بىر مىسال: كەئبىگە يەتكەن بىر ھاجى كەبىگە قاراپ ئاتلانغان، بىراق تېخى يېتىپ كەلمىگەن ۋە يوللاردا ھەرىكەتلىنىۋاتقان، كەئ-بىگە مۇيەسسەر بولۇشلىرى ئېنىق بولمىغان ھاجىلاردىن ئەۋ-زەلراقتۇر. چۈنكى كەئبە جامالىغا مۇشەررەپ بولۇشنى ھەقىقەتەنمۇ ئاشۇ بىرلا ھاجىغا نېسىپ ئېتىلگەن. بىر ھەقىقەت يۈز دانە شۈبھە-دىن ئەلادۇر.

ئەمىنى نائىب «ئېرىشمىگەننىڭمۇ ئۈمىدى بار» دېدى. مەۋلانا

www.uyghurkitap.com

بۇيرۇدىكى: ئۇمىدۋار بىلەن ئېرىشكەن ئوتتۇرىسىدا قورقۇش بىلەن
ئىشەنچ ئارىسىدىكى كىچىك پەرق مەۋجۇت. بۇ پەرقنى سۆزلەشكە
نېمە ھاجەت بار؟ ئۇنى ھەممە بىلىدۇ. بەس ـ مۇنازىرە ماۋزۇسى بول ـ
غان نەرسە ئىشەنچتۇر. ئىشەنچ بىلەن ئىشەنچ ئوتتۇرىسىدىمۇ پەرق
بار. جۇملىدىن، مۇھەممەدنىڭ (ئاللاھنىڭ سالىمى ۋە سەلاتى بول ـ
سۇن) باشقا نەبىلەردىن ئۇستۇنلۇكى ئىشەنچ بىلەن باغلىقتۇر.
چۈنكى بارچە پەيغەمبەرلەر ئىشەنچتە مۇستەھكەم، قورقۇشتىن
بولسا ئازاد ئىدى. بىراق «قۇرئان»دا «(ئەي مۇھەممەد)، پەرۋەردىگا ـ
رىڭنىڭ رەھمىتى (بولغان پەيغەمبەرلىك)نى ئاشۇلار تەقسىملەمدۇ؟
(ياق، ئەسلا ئۇنداق ئەمەس!) ئۇلارنىڭ ھاياتى دۇنيادىكى مەئىشەت ـ
تىرىكچىلىكلىرىنىمۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىز ئۆزىمىز تەق ـ
سىملىگەنمىز ۋە بەزىلىرى بەزىلىرىنى قول ئاستىغا ئېلىپ (ئىش ـ
لىتىش) ئۈچۈن بىرقىسمىلىرىنى يەنە بىر قىسمىلىرىدىن يۇقىرى
دەرىجە ـ مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرۈپ قويغانمىز. پەرۋەردىگارىڭنى رەھ ـ
مىتى پەيغەمبەرلىك بولسا ئۇلار توپلايدىغان نەرسە (مال ـ دۇن ـ
يا)لىرىدىن ياخشىراقتۇر» دەپ ئەمىر قىلىنغىنىدەك، ئىشەنچتىمۇ
بىرقانچە دەرىجىلەر بار. ئەمما قورقۇش ۋە ئۇنىڭ دەرىجىلىرى توغ ـ
رىسىدا بىر ئالامەت كۆرسىتىش مۇمكىنمۇ؟ ئىشەنچ دەرىجىلىرىنىڭ
ئالامىتى يوقتۇر. ئادەملەر ئاللاھ يولىدا نېمىنى پىدا قىلىشىۋاتىدۇ
دەپ قورقۇش ئالىمىگە نەزەر سېلىنسا، كىمدۇر جېنىنى، كىمدۇر
مېلىنى، كىمدۇر جىسمىنى بېغىشلىغىنى، بىراۋنىڭ روزا تۇتقىنى
ۋە باشقىسىنىڭ تۇتمىغىنى مەلۇم بولىدۇ. كىمدۇر ئون رەكئەت،
كىمدۇر يۈز رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ. شۇنىڭغا كۆرە بۇلارنىڭ مەنزىل ـ
لىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. ئۇلارنى كۆرسەتكىلىمۇ بولىدۇ.
بۇ گويا كونيادىن قەيسەرىگىچە بولغان مۇساپىدە قەيمەز، ئوبرۇك ۋە
سۇلتان كەبى مەنزىللەرنىڭ مەلۇم بولۇشىغا ئوخشايدۇ. بىراق ئەن ـ





تەلىيەدىن ئىسكەندەرىيەگىچە بولغان ئۇزۇنلۇقتىكى دېڭىز يولىدا بولسا مەنزىللەر ئالىمىتى يوقتۇر. بۇنى پەقەت كېمە ھەيدىگۈچىلەر بىلىدۇ، ئەمما قارا خەلققە ھېچ نەرسە ئېيتمايدۇ. ئېيتقان بىلەنمۇ ئۇلار چۈشەنمەيدۇ.

ئەمىر: «بۇنداق ئېيتىشنىڭمۇ مۇئەييەن پايدىسى باردۇر. ئۇلار ئازراقنى بىلسىمۇ، شۇنچىلىك دەرىجىدە چۈشىنىدۇ ۋە تەخمىن قىلىدۇ» دېدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: پەرەز قىلايلىكى، بىر ئادەم كۈندۈز بولۇشىنى كۈتۈپ، كېچىسى كىرپىك قاقمىدى. كۈندۈزگە قانداق بارغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ ئۇ بەرىبىر نىيىتىگە يېتىدۇ. ياكى كېچىسى كارۋاننىڭ ئارقىسىغا قوشۇلغان كىشى قەيەردىن ئۆتكەنلىكىنى، قەيەرگە بارغانلىقىنى ۋە قانداق يول باسقانلىقىنى بىلمىسىمۇ تاڭ ئېتىشى بىلەن ئۇشبۇ ھەرىكەتنىڭ سەمەرىسىنى كۆرىدۇ. چۈنكى ئۇ مۇئەييەن مەنزىلگە كەلگەن بولىدۇ. نىھايەت، كىمدە كىم ئاللاھ ئۈچۈن ئىككى كۆزىنى يۇمسا، ئۇنىڭ چەككەن زەھمىتى بىھۇدە كەتمىگەي ۋە «بەس، كىم (ھاياتى ـ دۇنيادىكى ۋاقتىدا) زەررە مىسقالچىلىك ياخشىلىق قىلسا، (قىيامەت كۈنىدە شۇنى كۆرىدۇ)». پەقەت ئىنساننىڭ ئىچى قاراڭغۇ ۋە پەردىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن قانچىلىك ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ھازىر كۆرەلمىسىمۇ، ئاخىرىدا مۇتلەق چۈشىنىدۇ. «دۇنيا ئاخىرەتنىڭ دالىسىدۇر» (ھەدىس) دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، ئىنسان بۇ يەردە (دۇنيادا ـ تەرجىمان) نېمە تېرىسا، ئۇ يەردە (ئاخىرەتتە) شۇنى ئورايدۇ.

ئەيسا ئەلەيھىسسالام كۆپ كۈلەتتى. يەھيا ئەلەيھىسسالام بولسا كۆپ يىغلايتتى. يەھيا ئەيساغا: «سەن تەڭرىنىڭ نازۇك ھىيلىلىرىدىن ئۇزاق بولغىنىڭ ئۈچۈن كۈلۈۋاتامسەن؟» دېدى. بۇنىڭغا جاۋابەن ئەيسا: «سەن بولساڭ تەڭرىنىڭ گۈزەل ۋە ئاجايىپ ئىلتىپاتلىرىدىن خەۋىرىڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن يىغلاۋاتامسەن؟» دېدى. بۇ ئىشتىن

www.uyghurkitap.com

ۋاقىپ بىر ئەۋلىيا ئاللاھتىن: «بۇلاردىن قايسىبىرىنىڭ مەقامى(ئورنى) يۇكسەكرەك؟» دەپ سورىغاندا، «ماڭا نىسبەتەن ياخشى نىيەتتە بولغىنى ئەۋزەلرەكتۇر» (قۇدسى ھەدىس) دېگەن جاۋابنى ئالدى. «مەن قۇلۇم خىيال قىلغان جايدىمەن» (قۇدسى ھەدىس)، يەنى مەن بەندەمنىڭ تەخمىنى بار يەردىمەن. ھەربىر قۇلۇمنىڭ ئىچىدە مېنىڭ بىر خىيالىم ۋە سۈرىتىم باردۇر. ئۇ مېنى قانداق خىيال قىلسا، مەن ئاشۇ خىيالدىمەن. ئەي مېنىڭ قۇللىرىم! خىياللىرىڭىزنى پاكلاڭكى، ئۇ يەر مېنىڭ مەقامىم ۋە جايىمدۇر، دېمەكتۇر. مەن تەڭرى بار بولغان شۇ خىيالنىڭ بەندىسىمەن. ھەق مەۋجۇت بولمىغان ھەقىقەتتىن سىقىلىمەن.

ئەمدى سەن ئۆزۈڭنى سىنا ۋە كۈلمەك، يىغلىماق، روزا ۋە نامار، يالغۇزلۇق، بىللىلىك... بۇنىڭغا ئوخشاش ھەممە نەرسىلەرنىڭ قايسىبىرى ساڭا پايدىلىق؟ قايسى يولدىن بارساڭ، ئەھۋالىڭ تېزرەك ياخشىلىنىدۇ؟ ئويلاپ كۆر ۋە سېنىڭ ئىلگىرىلىشىڭنى قايسى ئىش تەمىن ئەتسە، سەن شۇنى قىل. مۇپتىلار ھەرقانچە پەتىۋا بەرسىمۇ سەن ئالىمنىڭ پەتىۋاسىغا قۇلاق تۇت. سېنىڭ ئىچىڭدە بىر مەنە بار. سەن ئۇنى كۆرسەتكىنكى، ئۇيغۇن بولغىنىنى تاللاپ ئالسۇن. مەسىلەن: كېسەلنىڭ ئالدىغا كەلگەن ھەكىم ئىشنى ئالدى بىلەن كېسەلنىڭ ئىچ ھەكىمىدىن سوراشتىن باشلايدۇ. سېنىڭ ئىچىڭدىكى ئىچ ھەكىم مىزاجىڭدۇر. ئۇ نەرسىنى ياكى قوبۇل قىلىدۇ ياكى قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تاشقىرىدىن كەلگەن ھەكىم ئۇنىڭدىن: «پالان نەرسىنى يېگەندە ئۆزۈڭنى قانداق ھېس قىلدىڭ؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب ئالىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن تەشخىس (دىياگنوز) قويىدۇ. بۇنىڭغا ئاساس بولغان نەرسە ئاشۇ ئىچ ھەكىم ــ ئىنسان مىزاجىدۇر. مۇبادا بۇ ھەكىمنىڭ پائالىيىتى بۇزۇلسا، شېكەرنى ئاچچىق، سىركىنى تاتلىق دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن





بىتاب ئۆز مىزاجىغا (ئىچ ھەكىمىگە) ياردەم بېرىش ۋە ئۇنى بۇرۇنقى
ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تاشقى ھەكىمگە موھتاج بولىدۇ. كېـ-
يىنرەك بولسا ئۇ يەنە ئۆزىنى ئۆز ھەكىمىگە كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنىڭـ-
دىن يوليورۇق ئالىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنساننىڭ مۇئەيـ-
يەن مەنىۋى بىر مىزاجى مەۋجۇتتۇركى، ئەگەر ئۇ زەئىپلەشسە
ئىچكى تۇيغۇلارنىڭ ئېيتقان ۋە كۆرگەن نەرسىلىرى ئەكسىچە بو-
لىدۇ. ئەۋلىيالار مانا شۇ مىزاجىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە قۇۋۋەت
ئېلىشى ئۈچۈن ياردەم قىلغان ھەكىملەردۇر. چۈنكى ھەتتا پەيغەمـ-
بەر ئەلەيھىسسالاممۇ: «نەرسىلەرنى ماڭا قانداق بولسا شۇ ھالەتتە
كۆرسەت» (ھەدىس) دەپ تەڭرىگە يالۋۇرغانىدى.

ئىنسان بۈيۈك بىر مۆجىزە ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە ھەممە نەرسە يېـ-
زىلغان. بىراق زۇلمەت ۋە پەردىلەر باركى، ئۇلار يېزىقلارنى ئوقۇشقا
ئىمكان بەرمەيدۇ. زۇلمەت ۋە پەردىلەر، تۈرلۈك ـ تۈمەن مەشـ-
غۇلاتلار ئىنساننىڭ دۇنيا ئىشلىرى توغرىسىدا ئېلىپ بارغان تەدـ-
بىرلىرى ۋە كۆڭۈلنىڭ چەكسىز ئارزۇلىرىدۇر. زۇلمەت ۋە پەردىـ-
لەرنىڭ بولۇشىغا قارىماي، ئىنسان ئىچىدىكى بىر نەرسىنى ئوقۇ-
يالايدۇ. ئەمدى قارا، ئوتتۇرىدىكى پەردىلەرۇ قاراڭغۇلۇقلار كۆتۈ-
رۈلسە، ئۇ نېمىلەرنى بىلىپ ئالمايدۇ، دەيسەن. ئاخىر تىككۈچىلىك،
بىناكارلىق، ياغاچچىلىق، زەرگەرلىك، مۇنەججىملىك، ھەكىملىك
ۋە يەنە ساناقسىز سەنئەتلەرمۇ ئىنساندىن، ئۇنىڭ ئىچىدىن يۈزگە
چىققان، تاشتىن ياكى كېسەكتىن ھاسىل بولمىغان. ئىنسانغا
ئۆلۈكنى مازارغا كۆمۈشنى قارغا ئۆگەتكىنىنى ئېيتىشىدۇ. ھايۋان
ئىنساننىڭ بىر پارچىسى ئەمەسمۇ؟ شۇنداق بولسا، پارچە پۈتۈنگە
قانداق ئۆگىتەلەيدۇ. مەسىلەن: ئادەم سول قولى بىلەن يازماقچى بو-
لىدۇ. قەلەمنى ئالىدۇ، قەلبى قۇۋۋەتلىك بولۇشىغا قارىماي، يازىدۇ،
قولى تىترەيدۇ، ئەمما قەلب ئەمرى بىلەن داۋام ئېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بەزىلەر: «ئەمىر كەلگەندە مەۋلانا بۈيۈك ۋە مۇھىم پىكىرلەر ئېيتىدۇ» دېدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: ئەمىر كەلگەندە مېنىڭ سۆزۈم بۆلۈنمەيدۇ، چۈنكى ئۇ سۆز ئەھلىدۇر ۋە ھەمىشە سۆزنى ئۆزىگە تارتىدۇ. سۆزمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلىشنى خالىمايدۇ. مەسىلەن: دەرەخلەر قىشتا يوپۇرماق چىقىرىپ، مېۋە بەرمىسە، ئۇلارنى مېھنەت قىلمايۋاتىدۇ، دېمە. ئۇلار ھەممە ۋاقىت ئىشلەيدۇ. بىراق قىش يىغىش، ياز بولسا سەرپلەش پەيتىدۇر. ھەممە سەرپلەنگەننى كۆرىدۇ، توپلانغاننى ئەمەس. ئالايلى، بىر ئادەم زىياپەت بېرىپ، خىراجەت سەرپ قىلسا، قالغانلار بۇنى كۆرىدۇ. لېكىن شۇ زىياپەت ئۈچۈن ئاز - ئازدىن يىغقانلىقىنى ھېچكىم بايقىمىغان. ئاساس بولغان نەرسە توپلانغان (كىرىم) دۇر. سەرپلەنگەن (چىقىم) توپلانغىنى (كىرىم) دىن مەيدانغا كېلىدۇ. بىز مۇناسىۋىتىمىز بار كىشى بىلەن ئانچە - مۇنچە گەپلىشىپ تۇرىمىز. چۈنكى بىز ئۇنىڭ بىلەن بىرگىمىز، باغلانغانمىز. سۈكۈتتە چۆمگەن ياكى سۆزلەشكەن، ئۇ بار ياكى يوق، ھەتتا كالتەكلىشىشكەن ۋاقتىمىزدىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللىمىز. بىز بىر - بىرىمىزگە كىرىشىپ، يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنمىز. مەسىلەن: بىر - بىرىمىزنى مۇشتلىساقمۇ، بەربىر گەپلىشىۋېرىمىز. سەن بىزنىڭ بىر - بىرىمىزگە ئۇرغان مۇشتنى مۇشت سانىما، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۈزۈم باردۇر، ئىشەنمىسەڭ، ئاچ، قارا، ئۇ يەردە قىممەتلىك جەۋھەرلەرنى كۆرۈسەن.

ئەسلىدە باشقىلارمۇ نەزم ۋە نەسىردە ھەقىقەت ۋە مەرىپەتتىن سۆزلەيدۇ، ئەمما ئەمىرنىڭ مەيلى ۋە يېقىنلىقى بىزگە مۇۋاپىقتۇر. ئۇنىڭ ئەينەن مۇشۇ كېلىشىدىن مەقسىتى مائارىپ، نازۇكلۇق، ۋەئز، تەلىپى ئەمەس. چۈنكى ھەممە جايدىمۇ شۇنداق بىلىملەر ۋە نازاكەت باردۇر ھەمدە ئۇلار بىزنىڭكىدىن ئەسلا كەم ئەمەس. ئۇنىڭ مېنى سۆيۈشى ۋە مېنى كۆرمەكچى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى بۇلار

ئەمەس، بەلكى مەندە ئۆزگىلەردە بولمىغان بىر جەھەتنى ـ بىر نۇر ـ نى كۆرۈۋاتقاندۇر. رىۋايەت قىلىدۇلەركى: بىر پادىشاھ مەجنۇننى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا: «ساڭا نېمە بولدى ۋە نېمەڭ باركى ئۆزۈڭنى بۇنچىۋالا رەسۋا قىلدىڭ؟ ئائىلىنى تەرك ئەتتىڭ، خاراب بولدۇڭ. لەيلى كىم بوپتۇ، قانداق گۈزەللىكى بار ئۇنىڭ؟ كەل، مەن ساڭا گۈزەللەرنى كۆرسىتەي، ئۇلارنى ساڭا تەقدىم قىلاي» دېدى. گۈزەل ـ لەر مەجنۇننىڭ ئالدىغا سەپ تارتىپ تۇرغاندى، ئۇ ئەقەللىيسى بېشىنىمۇ كۆتۈرۈپ قويمىدى. شاھ: «ھېچ بولمىسا بېشىڭنى كۆتۈ ـ رۈپ بىر نەزەر سال!» دەپ كايىدى. مەجنۇن: «قورقۇۋاتىمەن، لەيلى ـ نىڭ ئىشقى قىلىچىنى ئالدى، ئەگەر بېشىمنى كۆتۈرسەم ئۇنىڭدىن ئايرىلىمەن» دېدى. لەيلىنىڭ ئىشقىغا شۇنچىلىك مۇپتىلا ئىدىكى، ئۆزگىگە باقماق ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلتۈرگۈچى قىلىچ ھېسابلىناتتى. ئەسلىدە باشقا گۈزەللەردىمۇ كۆزلەر، لەۋلەر ۋە بۇرۇنلار بار ئىدى. لەيلىدە نېمە كۆرگەن ئىدىكى، بۇ ئەھۋالغا چۈشكۈدەك؟

پەسىل. (مەۋلانا:) «سىزنى كۆرۈشنى ناھايىتىمۇ خالايمىز، پە ـ قەت خەلقنىڭ ئىشلىرى بىلەن بەند ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگەنلىكىد ـ ـىمىز ئۈچۈن ئاۋارە قىلماقچى ئەمەسمىز» دېدى. ئۇ(پەرۋانە:) «بۇ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئىدى، دەھشەت ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى بىز سىزنى زىيارەت قىلغىلى بارىمىز» دەپ جاۋاب بەردى. مەۋلانا يەنە بۇيرۇدى: «پەرقى يوق ھەممىسى بىر، دېمەكتۇر. سىزدە ئاشۇ لۇتپ باركى، نە ـ تىجىدە بارچىسى بىر بولماقتا. خەيرلەر ۋە ئىزگۈ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىز ئۈچۈن، بىز ھەمىشە سىزگە يۈنەلگەنمىز».

ئەمدى بۇنىڭدىن سۆز ئاچىمىز: بىر ئادەمنىڭ باقىدىغىنى (بالا ـ چاقىسى) بولسايۇ باشقا بىراۋدا بولمىسا، ئادەتتە بولغاندىن ئېلىپ بولمىغانغا بېرىدۇ. كۆرۈنۈشكە قارىغانلار: «بالا ـ چاقىلىرى باردىن ئېلىپ، بالا ـ چاقىلىرى يوققا بېرىۋاتىسەن» دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇي ـ

غاق نىگاھ بىلەن نەزەر سالساڭ، بالا ـ چاقا ئىگىسى ئۇنىڭ ئۆزىـ
دۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش كۆڭۈل ئەھلى ۋە جەۋھەر ئىگىسى بولغان
زات ئۆزگە بىراۋنى ئۇرۇپ، بېشىنى يارسا، ھەممە كالتەك يېگەننى
مەزلۇم دەيدۇ. ئەسلىدە بولسا ئۇرغان مەزلۇمدۇر. زالىم ھېچقانداق
خەيرلىك ۋە پايدىلىق ئىش قىلمىغان كىشىدۇر. شۇنىڭدىن كۆرە
ھېلىقى تاياق يېگەن ۋە بېشى يېرىلغان زالىمدۇر. كالتەكلىگەن
بولسا شەك ـ شۈبھىسىز ـ مەزلۇم. چۈنكى ئۇ (كالتەكلىگەن) جەۋـ
ھەر ساھىبى ۋە ئۇ قىلغان ھەربىر ئىش تەڭرىنىڭ ئىشىدۇر. سەۋەب ـ
ئۇ تەڭرىدە پانىي بولغاندۇر. تەڭرىنى زالىم دېمەيدۇ. مەسىلەن:
مۇستاپا (ئاللاھنىڭ سالام ۋە سەلاتى بولسۇن) مۇ قان تۆكتى، قىرـ
غىن قىلدى، ئۆلتۈردى. بۇلاردىن قەتئىينەزەر، ئۇلار زالىم ۋە مۇسـ
تاپا مەزلۇمدۇر. يەنە بىر مىسال: جەۋھەر ساھىبى مەغرىبلىك مەغـ
رىبتە ياشىماقتا. بىر شەرقلىق مەغرىبكە كەلدى. بۇ يەردە غېرىب
ئاشۇ مەغرىبلىكتۇر. ئاخىر شەرقتىن كەلگەن نېچۈن غېرىب بولـ
سۇن؟ چۈنكى پۈتۈن ئالەم بىر ئۆيدىن ئارتۇق نەرسە ئەمەس. ئۇ
(شەرقلىق) بار ـ يوقى بۇ ئۆيدىن نېرىقى ئۆيگە كىرگەن ياكى ئۆيىـ
نىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئىككىنچى بىر بۇرجىكىگە ئۆتكەن، خالاس.
ئەمما، ھەممە بۇ ئۆيدە ئەمەس، جەۋھەر ساھىبى بولغان مەغرىبلىك
ئۆيگە تاشقىرىدىن كەلگەن. پەيغەمبەر: «ئىسلام غېرىب بولۇپ زۇـ
ھۇر ئەتتى» (ھەدىس) دەيدۇ، ئەمما «شەرقتىن كەلگەن غېرىبتۇر»
دېمىدى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، مۇستاپا ۋەيرانچىلىقتا ئۇچرىغان
پەيتتىمۇ، ۋەيران قىلغان چاغدىمۇ، بەربىر مەزلۇمدۇر. چۈنكى ھەر
ئىككىلا ھالدىمۇ خەلق ئۇنىڭ قولىدىدۇر ۋە ئۇ ھەقلىقتۇر. مەزلۇم
خەلقى بولغان كىشىدۇر. مۇستاپانىڭ ئەسىرلەرگە يۈرىكى ئېچىشـ
تى. ئۇلۇغ تەڭرى ئۇنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ۋەھىي چۈشۈردى ۋە
ئەسىرلەرگە: «ھازىر سىلەر ھەتتا شۇنداق زەنجىرۇ ئارقانلار بىلەن

باغلاغلىق تۇرغان هالدا، ئەگەر خەير تىلىسەڭلار، ئۇلۇغ تەڭرى سىد-
لەرنى قۇتقۇزىدۇ ۋە قولىلىرىڭلاردىن كەتكەن نەرسىلەرنى ئارتۇقى
بىلەن قايتۇرۇپ بېرىدۇ! رىدۋان ۋە گۇفران ئاخىرەتتە مەۋجۇت بول-
غان ئىككى خەزىنىدۇر. بىرى سېنىڭ قولۇڭدىن چىققان، ئىككىن-
چىسى بولسا ئاخىرەتنىڭ خەزىنىسىدۇر» دەپ ئەمىر قىلدى.

بىر ئادەم: «بەندە بىر ئەمەل قىلغاندا تەۋپىق ۋە خەير شۇ ئەمەل-
دىن هاسىل بولامدۇ ياكى بۇ ئاللاهنىڭ لۇتپىدىن كېلەمدۇ؟» دەپ
سورىدى. مەۋلانا بۇيرۇدى: تەڭرىنىڭ لۇتپىدىن. بىراق ئۇلۇغ ئاللاھ
ناهايىتىمۇ لۇتپىكار بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنى قۇلغا هەدىيە ئېتىدۇ
ۋە هەر ئىككىلىسى ئۈچۈنمۇ «بۇلارنىڭ ئىككىلىسىمۇ سەندىنىدۇر»
دەپ ئەمىر قىلىدۇ. «بەس، ئۇلارنىڭ قىلىپ ئۆتكەن ئەمەللىرىگە
مۇكاپات قىلىپ ئۇلار ئۈچۈن يوشۇرۇپ قويغان كۆزلەر قۇۋانچىنى
(يەنى ئاخىرەت نېمەتلىرىنى) بىرەر جان بىلمەس».

سوئال بەرگەن كىشى يەنە سورىدى: «ئەگەر ئاللاھ شۇ قەدەر
لۇتپىكار ئىكەن، ئۇ هالدا هەركىم ئارزۇسىنى ئېيتىپ، هەقىقىي
تەلەپ بىلەن غەيرەت كۆرسەتسە، مەقسىتىگە يېتەلەمدۇ؟». مەۋلانا
بۇيرۇدىكى: پەقەت بىر باشسىز (يەنى مۇرشىدسىز) بولمايدۇ. مۇسا
تەڭرىگە ئىتائەت قىلغىنىدا، ئاللاھ دېڭىزدا ئۇنىڭ ئۈچۈن يوللار
پەيدا قىلغان. مۇسا ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى دېڭىزدىن ئاسانلا ئۆتۈشۈپ-
تۇ، بىراق ئىتائەتسىزلىك باشلىنىشى بىلەن پالانى چۆلدە بىرقانچە
يىل يۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن رەهبەر ئۇلارنى يولغا سېلىشقا هە-
رىكەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ساداقىتىگە نەزەر سالىدۇ. مەسىلەن: بىر-
قانچە ئەسكەر بىر ئەمىرنىڭ خىزمىتىدە بولسا ۋە ئۇنىڭغا بويسۇن-
سا، ئەمىرمۇ پۈتۈن ئەقىل - پاراسىتىنى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ
ئەهۋالىنى ياخشىلاشقا سەرپ قىلىدۇ. ئەگەر خىزمەتكارلار ئىتائەت
قىلماي قويسا، ئەمىرمۇ ئۆز ئەقلىنى ئۇلارنىڭ ئېهتىياجلىرىنى



قاندۇرۇشقا ئىشلەتمەيدۇ. ئەقىل ئىنسان ۋۇجۇدىدا بىر ئەمىرگە
ئوخشايدۇ. ناۋادا ۋۇجۇد پۇقرالىرى ئۇنىڭغا بويسۇنسا، بارچە ئىشلار
يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئەكسىچە بولسا، ھەممە ئىش ئىزىدىن چى-
قىدۇ. سەرخۇشلۇق كېلىشى بىلەن قول - پۇت ۋە ۋۇجۇدنىڭ بارچە
ئەزالىرىدىن ھەر خىل بولمىغۇر ئىشلارنى كۆرۈش مۇمكىن. ئەتىسى
بولسا كىشى ئۆزىگە ئۆزى: «ۋاي، نېمە قىلىپ قويدۇم، نېمىشقا ئۇر-
دۇم، نېمىشقا تىللىدىم؟» دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ رەھبەر بولغاندا
ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىنغاندا ئىشلار جايىدا بولىدۇ. مەسىلەن:
ئەقىل «كېتىمەن!» دېگەندە پۇت ئۇنىڭغا بويسۇنسۇنكى، كېتەلى-
سۇن، بولمىسا (ئەقىل) كېتىشنى ئويلىمايدۇ. شۇ تەرزدە ئەقىل
ۋۇجۇددا ئەمىر ھېسابلىنىدۇ، قالغانلار خەلقتۇر ۋە ئۆز بىلىملىرى،
نۇقتىئىنەزەرلىرىدىن قەتئىينەزەر، ئەقىل ئۈچۈن خىزمەتكاردۇر.
ئەقىل ئۇلار ئارىسىدا ئەۋلىيا. ئەگەر خەلق ئەقىلگە ئىتائەت قىل-
مىسا، ئىشلىرى دائىم پۇشايمانلىق ۋە پەرىشانلىق ئىچىدە بولغۇ-
سى. لازىم بولغىنىدەك ئىتائەت قىلىنسىچۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئەقىل-
لىرىگە مۇراجىئەت قىلىشلىرىغا ھاجەتمۇ قالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار
مەسىلىنى ئۆز ئەقىللىرى بىلەن (بەلكى) چۈشىنىپ يەتمەيدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈنمۇ ئەقىلگە باش ئۇرۇشلىرى زۆرۈر. چۈنكى، تىككۈچىلىك
دۇكىنىغا بېرىلگەن كىچىك بالا ئۇستىسىغا ئىتائەت قىلىشى لازىم.
ئەگەر بالىنىڭ مەقسىتى بۇ كەسىپنى ئۆگىنەمەك ئىكەن، دېمەك، ئۇ
ئۆز تەسەۋۋۇرىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇستىسىنىڭ ئەمرىگە «لەببەي» دەپ
جاۋاب بېرىشى شەرت. (خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش) ئۇلۇغ تەڭرىدىن
پەقەت ئۇنىڭ ئىنايىتى ئەسەرلىرى ھېسابلانغان يۈز مىڭ زەھمەت
ۋە زىيارەتتىن ئۈستۈنرەك بولغان ئىنايەت سورايمىز.

(قۇرئاندا ئېيتىلغان) «قەدىر كېچىسى مىڭ ئايدىن ياخشىراق-
تۇر» ئايىتى بىلەن «ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان بىر جەزبە پۈتۈن ئىن-

سانلارنىڭ ئىبادىتىدىن خەيرلىكراقتۇر» (ھەدىس) سۆزى بىردۇر. يەنى بىر ئىشتا ئۇنىڭ ئىنايىتى ھاسىل بولسا، ئىنسان يۈز مىڭ مەرتە زەھمەت چېكىشتىن ھاسىل بولغان ئىشنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئىساننىڭ يەنىمۇ كۆپرەك ئىشلىمىكى ياخشىدۇر ھەم پايدىلىقتۇر. ئەمما ئۇنىڭ ئىنايىتى ئالدىدا بۇلارنىڭ نېمە قىممىتى بار؟

(بىرسى:) «ئىنايەت غەيرەت بېرەمدۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ جاۋاب بەردى: «نېمىشقا بەرمىسۇن. ئىنايەت كېلىشى بىلەن غەيرەتمۇ كېلىدۇ. ئەيسا كۆرسەتكەن غەيرەتكە قارا ـ تېخى بۆشۈكتىكى ۋاقتىدىلا: «مەن ئاللاھنىڭ بەندىسىدۇرمەن. ئۇ زات ماڭا كىتاب ئىنجىل ئاتا قىلدى ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلدى» دېدى. بۇيرۇدىكى: رەسۇلۇللاھ مۇھەممەدمۇ مېھنەت قىلماستىن بۇ مەقامەتكە يەتتىمۇ؟ ئۇ جاۋاب بەردى: «ئاخىر، ئاللاھ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن كەڭ قىلىپ قويغان، بەس، ئۆزى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بىر نۇر، ھىدايەت ئۈستىدە بولغان كىشى كۇپۇر زۇلمەتلىرىدە ئادىشىپ ـ ئايلىنىپ يۈرگەن كىشى بىلەن تەڭ بولۇرمۇ؟!» . ئەۋۋەلدىن بولغان پەزىلدۇر (ئىنايەت، ئېھسان، ئالىملارغا خاس پەزىلەت ـ تەر.) ئىنسان ئۆز ئىچىدىكى ئىسيانىدىن قۇتۇلسا، بۇنى ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە كەرىمى، دەپ بىلمىكى لازىم. بولمىسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان دوستلىرىدا بۇنداق ھالەت نېمە ئۈچۈن يۈز بەرمەيدۇ؟ پەزىل ۋە مۇكاپاتتىن كېيىن ئوتنىڭ ئۇچقۇنى چاچرىغانغا ئوخشاش بىر ھال پەيدا بولىدۇ. دەسلەپكى ئۇچقۇن سوۋغىدۇر. ئەگەر ئۇچقۇننى پەرۋىش ئەيلەپ، ئوتنى كۈچەيتسەڭ، ئۇنىڭدىن مۇكاپات ۋە جازا ھاسىل بولۇر.

«قۇرئان»دا «ئىنسان ئاجىز قىلىپ يارىتىلغاندۇر» دەپ بۇيرۇلغان. ئەمىر قىلىنغىنىدەك، ئىنسان دەسلەپ ئۇششاق، زەئىپ بولىدۇ، بىراق شۇ زەئىپ ئۇچقۇننى پەرۋىش قىلساڭ، گۈركىرەپ ئالەمنى كۆيدۈرىدۇ. بۇ خۇسۇستا «قۇرئان»دا «ئەلۋەتتە سىز ئۇلۇغ

www.uyghurkitap.com

خۇلق ساھىبىسىز» دېيىلىدۇ.

مەۋلانىگە «سىزنى ناھايىتىمۇ ياخشى كۆرۈشىدۇ» دېدىم. (ھەز-رەت) بۇيرۇدىكى: مېنىڭ زىيارىتىممۇ، سۆزلىرىممۇ دوستلۇق نىسبىتىدە ئەمەستۇر. مەن ئەقلىمگە كەلگەننى سۆزلەيمەن. تەڭرى خالىسا، شۇ سۆزنىمۇ پايدىلىق قىلىدۇ ۋە قەلبىڭىزگە جايلايدۇ. بۇ-نىڭدىن پەۋقۇلئاددە پايدىلار ھاسىل قىلىدۇ. تەڭرى خالىمىسا، يۈز مىڭ سۆز ئېيتىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى قەلبىڭىزگە كىرمەيدۇ، كېلىپ - كېتىدۇ، ئۇنتۇلىدۇ. مەسىلەن: ئوتنىڭ بىر ئۇچقۇنى كىيىمگە چۈشسە، تەڭرى ئىستىسە شۇنىڭدىن ئوت چىقى-دۇ، ئەگەر خالىمىسىچۇ، يۈز ئۇچقۇن چۈشسىمۇ بارچىسى ئۆچىدۇ، تەسىر قىلمايدۇ.

«ئاسمانلار ۋە يەر قوشۇنلىرى يالغۇز ئاللاھنىڭكىدۇر». بۇ سۆزلەر تەڭرىنىڭ قوشۇنى. ئۇنىڭ (تەڭرىنىڭ) رەھبەرلىكىدە قال-غانلىرىنى ئالىدۇ. تەڭرى مىڭلارچە ئەسكەرگە «بېرىڭ، پالانى قەل-ئەگە كۆرۈنۈڭ، لېكىن ئالماڭ» دېسە، ئۇلار ئېيتىلغاندەك ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەگەر بىرلا ئاتلىققا «ئاۋۇ قەلئەنى ئال!» دېسە، ئۇ ھېچ قى-يىنچىلىقسىز قەلئەنى ئىشغال قىلىدۇ. تەڭرى بىر چىۋىننى نەم-رۇدقا بالا قىلدى ۋە شۇ تەرزدە ئۇنى ھالاك ئەتتى. «ئارىپنىڭ نەز-رىدە بىر يارماق بىلەن ئالتۇن، ئارسلان بىلەن مۈشۈك تەڭدۇر» دې-يىلگىنىدەك، ئەگەر ئۇ ئۇلۇغ تەڭرى خالىسا، بىر يارماق بىلەن مىڭ دىنارلىق ئىش قىلىش مۇمكىن، ۋە ئەكسىچە مىڭ دىنار بىلەن كى-شى بىر يارماقچىلىك ئىش قىلالمايدۇ. نەمرۇدقا چىۋىننى ئاپەت قىلغانغا ئوخشاش، (تەڭرى) ئىنسانغا بىر مۈشۈكنى بالا قىلسا، بەس، ئۇنىڭ كۈنى تۈگەيدۇ. ئەگەر ئۆلتۈرۈشنى خالىمىسا - ئارسلانمۇ ئىنساننىڭ ئالدىدا تىترەپ قاچىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئېشىكى-گە ئايلىنىدۇ. چۈنكى، بەزى دەرۋىشلەر ئارسلاننى ئېشەكتەك مى-

نىشكەن.

تەڭرى ئىبراھىمنىڭ ئوتتا كۆيۈپ كېتىشىنى خالىمىغىنى ئۈچۈن ئوت پەيغەمبەرگە سوغۇق بىر ماددا كەبى تەسىر قىلدى. ھەتتا ئېيتىش مۇمكىنكى، ئاتەش گۈلىستانغا ئايلاندى. تەڭرىدىن ئۈمىد قىلىمىزكى، بىزنىڭ بۇ سۆزلىرىمىزنى ۋۇجۇدىڭىز قۇلاققا ئايلىنىپ ئاڭلايسىز. ئەگەر سىزنىڭ ئىچىڭىزدە سۆزىمىزگە خەير-خاھ بىر تۇيغۇ بولمىسا، ئېيتقانلىرىمىزدىن نەپ يوق. ئاخىر، ئىچىدىكى ئوغرى كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ بەرمىگىچە، تېشىدىكى ئوغرى كىرەلمەيدۇ - دە. يەنە بىر مىسال: دەرەخكە نەملىك ئالدى بىلەن يىلتىزىدىن كەلمىسە، سەن يۇقىرىدىن قۇيغان سۇ - بىھۇدە.

(بۇ دۇنيادا) يۈز مىڭلارچە نۇر كۆرسىمۇ، نۇرنىڭ ئەسلىدىن ئۆزگىسى قىممەت پەيدا قىلمايدۇ. ئەگەر كۆزدە بىر نۇر بولمىسا، (ئۇ) پۈتۈن ئالەمنى تولدۇرۇپ تۇرغان نۇرنى كۆرمەيدۇ. بۇنىڭدا ئاساس بولغان نەرسە نەپستىكى قابىلىيەتتۇر. نەپس باشقا، روھ باشقا بولىدۇ. كۆرمەيۋاتامسەن، ئىنسان ئۇيقۇدا ۋاقتىدا نەپس قەيەرلەرگە بېرىپ كەلمەيدۇ؟ روھ بولسا ھەمىشە ۋۇجۇددا قالىدۇ، ئايلىنىپ يۈرگەن نەپس ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسىدۇر.

بىرسى: «ئەلىنىڭ نەپسىنى بىلگەن تەڭرىنىمۇ بىلىدۇ» دېگەنلىرى نەپسمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇ: «بۇ نەپستۇر دېيىلسە، ئۇنى چۆل ۋە باياۋانغا ئاتماسلىق لازىم. بىز نەپسنى چۈشەندۇرسەك، چۈشىنىپ قالار. چۈنكى ئۇ نەپسنى بىلمەيدۇ» دېدى. بۇ سۆز بىلەن چۈشىنىلىدىغان نەرسە ئەمەس. سۆز بىلەن شۇنچىلىك بولىدۇ. بىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىمىز بۇ: شۇنداق بىر ئالەم باركى، ئۇنى ئىزدىشىمىز لازىم. بۇ دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى گۈزەل، خۇش نەرسىلەر ئىنساننىڭ ھايۋانلىق تەرىپىنىڭ نېسىۋىسى. ئۇلار ھايۋانلىققا كۈچ بېرىدۇ. ئاساس بولغان ئىنسانلىق تەرىپى بولسا كۈندىن - كۈنگە زەئىپلى-

www.uyghurkitap.com

شىدۇ. «ئىنسان سۆزلىگۈچى ھايۋاندۇر» دېيىشىدۇ. دېمەك، ئۇ ئىنسانىڭ ئىچكى نەرسىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ دۇنيادىكى ئۇنىڭ ھايۋانلىق تەرىپىنىڭ ئوزۇقى شەھۋەت قوزغاتقۇچى نەرسىلەر ۋە ئارزۇلاردۇر. ئىنسانلىق تەرىپىنىڭ ئوزۇقى بولسا بىلىم، ھېكمەت ۋە تەڭرىنىڭ جامالىدۇر. ئىنساننىڭ ھايۋانلىق تەرىپى ھەقتىن، ئىنسانلىق تەرىپى بولسا دۇنيادىن قېچىشتىدۇر. «سىلەردىن ئايرىملىرىڭلار مۆمىندۇرسىلەر». ۋۇجۇددا ئىككى شەخسىيەت دائىم جەڭ قىلىپ تۇرىدۇ. كۆردىڭىز، تەلەي كىمگە كۈلۈپ باقاركىن! جەمادادىنى (مىنبىرى اللار، يەنى تاش، تۇپراق كەبى قاتتىق جىسىملارنى ـ تەر.) نېمىشقا جەماداد دېيىشىدۇ؟ چۈنكى ئۇلار جانسىز ۋە ئۆزگىرىپ كەتكەندۇر. قىش يوق ئىكەن، ئۇ ھالدا بۇلار نېمىشقا جانسىز ۋە مۇزلىغان ئەھۋالدا؟ ئالەمنىڭ مەنىسى مۇجەررەتتۇر (يالغۇز، ساپ ـ تەر.) ئۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ، پەقەت تەسىر ۋاستىسىدە چۈشىنىلىدۇ، خالاس. بۇ ئالەم ھەممە نەرسىسى مۇزلىغان ۋە ئۆلۈك ھالدا بولغان قىش مەۋسۇمىغا ئوخشايدۇ. ئەمما قانداق قىش؟ بۇ ئەقلىي بىر قىشتۇر، ھېسسىي ئەمەس. ئىلاھىي ھاۋا كېلىشى بىلەن چۆل ـ جەزىرىلەردىكى پۈتۈن مۇزلار ئېرىگىنىدەك، تاغلارمۇ ئېرىپ ئالەم سۇ ھالىغا كېلىدۇ. قىيامەتمۇ ئەنە شۇ ھاۋاغا ئوخشايدۇ، روھۇر ئېتىشى بىلەن ھەممە ياق ئېرىيدۇ. ئۇلۇغ تەڭرى مەزكۇر كەلىمىلەرنى بىزگە ئەسكەر قىلىپ بېرىدۇ. دۈشمەنگە قارشى قويماق ۋە ئۇنى يوق قىلماق ئۈچۈن ئەتراپىڭىزغا بىر سېپىل تىكلەيدۇ.

پەقەت ئاساس شۇكى، ئىچىڭدىكىلەر دۈشمەندۇر، تاشقىرىدىكىلەر بولسا ھېچ نەرسە ئەمەس. ئاخىر، كۆرمەيۋاتامسەن، مىڭلارچە كاپىر بىر كاپىرنىڭ ئەسىرى، ئۇ بولسا ھەممىسىنىڭ پادىشاھىدۇر. نەپسى كاپىر ھەم دۈشمەنلەرنىڭ ئەسىرىدۇر. دېمەك، مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، بۇ يەردە مۇھىمى ـ چۈشەنچە. بۇنداق ئاجىز ۋە يىر-




گىنچىلىك چۈشەنچىگە مىڭلارچە ئادەم، ھەتتا پۈتۈن ئالەم ئەسىر
بولسا، ھېسابسىز چۈشەنچىلەر مەۋجۇت يەردە ئۇنىڭ (ئىنسانىنىڭ ـ
تەر.) بۈيۈكلۈكى ۋە شان ـ شۆھرىتى قانداق بولۇشى زۆرۈر؟ بۇلار
ئالەملەرنى قانداق قىلىپ قولغا كىرگۈزىدۇ؟ دۈشمەنلەرنى قانداق
يوق قىلىدۇ؟ ھەددى ـ ھېسابسىز ئىنسانلارنىڭ (سۈرەتلەرنىڭ)،
ئاخىرى كۆرۈنمەيدىغان زور قوشۇنىنىڭ بىر ئادەمگە ئەسىر بولغاند-
لىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئادەمنىڭ ئۆزى بولسا ئەرزىمىگەن بىر چۈ-
شەنچىنىڭ قۇلىدۇر. بىر ئاجىز چۈشەنچىنىڭ قۇلى بولغان بۇلار
بۈيۈك ۋە مىسلىسىز خەۋپلىك، قۇتلۇق ۋە ئۇلۇغ چۈشەنچىلەر ئال-
دىدا نېمىلەر قىلاركىن؟ دېمەك، مەلۇم بولدىكى، ئىش چۈشەنچىلەر-
نىڭ قولىدا ۋە سۈرەتلەر (ئىنسانلار) ئۇلارغا باغلانغان، ئۇلارنىڭ
قورالىدۇر. ئىنسانلار چۈشەنچىسىز (پىكىر ـ مۇلاھىزىسىز) ھېچ
نەرسىگە يارىمايدۇ، جەمادات (جىسىم) ھېسابلىنىدۇ. كۆرۈنۈشىدىن
يۈز ياشتا بولسىمۇ، ئەمما نەرسىلەرنىڭ زاھىرىنىلا (تاشقى كۆرۈ-
نۈشىنىلا) بىلىدىغانلار يەنىلا بالىدۇر. پەيغەمبەر: «بىز كىچىك
جەڭدىن چوڭ جەڭگە ئۆتتۇق» (ھەدىس) دەيدۇ. يەنى بىز سۈرەتلەر
بىلەن جەڭ قىلىۋاتاندۇق، ئەمدى بولسا چۈشەنچىلەر قوشۇنلىرى
بىلەن ئېلىشماقتىمىز. ئىزگۈ چۈشەنچىلەر ياۋۇز چۈشەنچىلەرنىڭ
ئورنىنى ئىگىلىشى ئۈچۈن كۈرەشمەكتىمىز، دېمەكتۇر. ئەسلىدە
ئەڭ بۈيۈك جەڭ ۋە كۈرەش شۇ ئەمەسمۇ؟ دېمەك، مېھنەت قىلغىنى،
ئىشلىگىنى چۈشەنچىلەردۇر. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ۋۇجۇد بولمىسىمۇ
پائالىيەتتە بولالايدۇ. جۈملىدىن ئەڭ پائال ئەقىل ھېچقانداق ۋاسى-
تىسىز پەلەكنى ئايلاندۇرماقتا، بىزگە ۋاستىغا موھتاج ئەمەسلىكى-
نى ئىسپات ئەتمەكتە.

شېئىر: (سەن بىر جەۋھەرسەن ۋە ئىككى ئالەم سېنىڭ يېرىڭ-
دۇر. جەۋھەرنى بۇ يەردىن ئىزدىمەك ئەيىبتۇر. ئىلىمنى كۆڭۈلدىن



ئىزدىگەن كىشىنىڭ ھالىغا يىغلا، ئەقىلنى جاندىن ئايرىپ قارىغاز-
نىڭ ھالىغا بولسا كۈل.)

جەۋھەر مۇشك (ئىپار) خالتىسىغا ئوخشايدۇ. دۇنيا ۋە ئۇنىڭ
زەۋقلىرىيۇ لەززەتلىرىمۇ مۇشك خالتىسى كەبىدۇر. شۇنىڭ بىلەن
بىللە بۇلار مۇشك بۇيىنىمۇ ئەسلىتىدۇ. ئەمما ئۇشبۇ بۇي (ھىد)
تاسادىپتۇر. ئىنسان مۇشكنىڭ بۇيىغا قانائەتلەنمەي ئۇنىڭ ئۆزىنى
ئىزدىسە، ياخشى بولاتتى. مۇشكنىڭ بۇيى بىلەن كۇپايىلىنىش يا-
مان، چۈنكى بۇي مۇشكنىڭ سىرتىدۇر. مۇشك تېپىلسا بۇيىمۇ ئۇنىڭ
بىلەن بىللىدۇر. ئەگەر مۇشك يۈزىنى باشقا تەرەپكە بۇرىسا، ئۇنىڭ-
دىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلارنىڭ ھالىغا ۋاي. مۇشكنىڭ بۇيى مۇشك-
كە تېگىشلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كېتىدۇ. تە-
لەيلىك كىشى مۇشككە ئىگە بولغان ۋە ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشىغان
كىشىدۇر. چۈنكى ئۇ خۇددى مۇشك كەبى ئەتراپقا خۇشبۇي تارقى-
تىدۇ، بارا - بارا ئۆزىمۇ مۇشككە ئايلىنىدۇ. ئىنساننىڭ بولسا پەقەت
ئىسمىلا قالىدۇ. مەسىلەن: بىر ئات چۆلدە قېلىپ چىرىپ كەتسە،
ئۇمۇ تۇزغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ئاتنىڭ ئاتلىقى ئۇنىڭ تۇزغا ئايلى-
نىپ كېتىشىگە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان
تەڭرىنىڭ نۇرى ۋە ئەكسىدىن باشقا نەرسە بولمىغان بۇ دۇنيا زەۋق-
لىرى ۋە گۈزەللىكلىرىدىن كېچىشى ھەمدە ئۇلاردىن قېنىقماسلىقى
لازىم. چۈنكى بۇ نۇر گۈزەللىك مەڭگۈلۈك ئەمەستۇر. ئۇنىڭ مەڭ-
گۈلۈكى تەڭرىگە نىسبەتەن ئەمەس. بۇ گويا قۇياشنىڭ ئۆيلەردە پار-
لىغان نۇرىغا ئوخشايدۇ. نۇر قۇياشقا باغلىق ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر-
گىدۇر. قۇياش پېتىش بىلەن ئۇمۇ كېتىدۇ. نۇردىن ئايرىلماسلىق
ئۈچۈن قۇياشنىڭ پاتماسلىقى كېرەك بولىدۇ. ئەمەل (ئەمەلىيەت)
ھەمدە ئىلىم مەۋجۇتتۇر. بەزىلەرنىڭ ئەمەلىيىتى بارۇ ئىلمى يوق.
بەزىلەردە بولسا - ئەكسىچە. ئەگەر ئىنساندا ھەم ئەمەل ھەم ئىلىم



www.uyghurkitap.com

بولسا، ئۇ ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك زاتتۇر. بۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسە شۇكى: بىر ئادەم يول يۈرىدۇ، ئەمما بۇ ئۇنىڭ يولىمۇ ئەمەس-مۇ، بىلمەيدۇ، قارىغۇلارچە ھەرىكەت قىلىدۇ. نىھايەت، ئۇدۇلىدىن مول - ھوسۇللۇق بىر يەر چىقىدۇ ياكى خورازنىڭ چىللىغىنى ئاڭ-لىنىدۇ. باشقا بىرسى بولسا يولىنىمۇ، مەنزىلىنىمۇ بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالامەت ۋە ئىشارەتكە ھاجەت يوق. ئىش ئۇنىڭ قولىدىن كې-لىدۇ. ئەمدى قىياسلاڭ، بۇ ئادەم قەيەردە، نېرىقى ئادەم قەيەردە؟ دې-مەك، ئىلىم ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈندۇر.

پەسىل. پەيغەمبەر (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) «كېچە ئۇزۇندۇر، ئۇنى ئۇيقۇ بىلەن قىسقارتما، كۈندۈز پارلاقتۇر، ئۇنى گۇناھلار بىلەن قارا قىلما» (ھەدىس) دېدى. كېچە ئاللاھقا سىر ئېيت-تىش ۋە يالۋۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇندۇر. بۇنىڭدا ئىنسان دوست ۋە دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئاۋارە قىلىنمايدۇ ۋە ئاللاھ بىلەن يالغۇز قالىدۇ. ئۇلۇغ تەڭرى ئىنسان ئەمەللىرىنى كۆز - كۆز قىلىشتىن ساقلىنىشى ۋە پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن قىلىشىنى تەمىن ئېتىش مەق-سىتىدە كېچىنى بىر پەردىدەك تارتقان. ئەمما زۇلمەت تۈندىمۇ ئەمەللەرنى پەقەت كۆرسىتىش نىيىتىدە ئادا ئەتكەنلەر يېگانە تەڭرى ئۈچۈن ئىبادەت قىلغانلاردىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. كۆز - كۆز ئۈچۈن ئەمەل قىلغان كىشى يارىماستۇر. بۇنداق ئىككى يۈزلىمچى ئادەم ئۆزگە ئۆزى: «ئەگەر مېنى ھېچكىم (كېچىسى) كۆرمەس ئىكەن، ئۇنداقتا مەن نېمە ئۈچۈن ئىبادەت قىلىمەن؟» دەيدۇ. جاۋابەن: «سې-نى كۆرۈۋاتىدۇ، پەقەت سەن سېنى كۆرگەننى كۆرەلەيدىغان ئىنسان ئەمەسسەن» دېيىشىدۇ. سېنى شۇنداق بىر زات كۆرمەكتىكى، ھەر-كىم ئۇنىڭ قۇدرەتلىك قولىدىدۇر ۋە ئاجىز قالغانلىرىدىمۇ ئۇنى چاقىرىدۇ.

ئادەملەر بىرەر يېرى ئاغرىغاندا ياكى بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز

بەرگەندە، ئۆزلىرىنى خاتىرجەم ئەھۋالدا ھېس قىلالمىغان چاغلى-
رىدا ئۇنىڭغا (تەڭرىگە) مۇراجىئەت قىلىدۇ ۋە ئىلتىجالىرىنىڭ
ئىجابەت بولۇشىغا ئىشىنىدۇ. بىراق ئاللاھ ئۇلارنىڭ تىلەكلىرىنى
بەجا كەلتۈرۈپ ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەندىن كېيىن ، تەكرار خىيال-
غا بېرىلىدۇ ۋە «ئەي تەڭرىم! زىنداننىڭ بىر بۇرجىكىدە مىڭ قول-
ھۇۋەللاھ بىلەن سېنى زىرىكمەستىن چاقىرغانىدۇق، سەن بىزگە
ياردەم بەردىڭ. ئەمدى بىز تاشقىرىدىمىز، بىراق زىنداندا تۇرغىنى-
مىزدەكلا ساڭا موھتاجمىز، بىزنى قاراڭغۇ ئالەمنىڭ زىنداندىن
چىقار ـ دە، نەبىيلەرنىڭ ئالىمىگە يەتكۈز. ئاخىر بىزگە ئاشۇ
زىنداندىن چىققان ۋە دەرتتىن خالاس بولغان ۋاقتىمىزدىكى ئىخلاس
نېمىشقا كەلمەيدۇ ـ دە، بۇنىڭ ئورنىغا يۈز مىڭ تۈرلۈك خىيال ھا-
سىل بولماقتا؟ خىياللارنىڭ پايدا بېرىش ـ بەرمەسلىكىمۇ تېخى
ئېنىق ئەمەس. ئۇلار پەقەت ھورۇنلۇق ۋە زېرىكىش ھېسلىرىنىلا
ئويغىتىدۇ. بۇلارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورىغان ئىشەنچى ۋە ئېنىق-
لىق قەيەردە؟» دەپ ئۇلۇغ تەڭرىگە يالۋۇرىدۇ. جاۋابەن ئۇلۇغ تەڭرى
بۇيرۇدىكى: «مېنىڭ بۇنىڭدىكى مەقسىتىم سىزدىكى ھايۋانىي نەپس-
تۇر. بۇ مەن ۋە سىزنىڭ دۈشمىنىمىزدۇر. ئەي مۆمىنلەر! «مېنىڭ
دۈشمىنىم ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلار بولغان مۇشرىكلارنى دوست
تۇتمىغانلار». بۇ دۈشمەننى ھەر دائىم مۇجاھەدە مەيداندا تۇتۇپ تۇ-
رۇڭ. چۈنكى زىنداندا بالا ۋە دەرد ئىسكەنجىسىدە بولغىنىڭىز
ئۈچۈن، ئىخلاسىڭىز قۇۋۋەتلىنىدۇ. چىشىڭ ياكى بېشىڭ ئاغرى-
غاندا بىرەر نەرسىدىن قورقاندا، تەڭرىگە نىسبەتەن ئىچىڭدە
ئىخلاس پەيدا بولۇشىنى مىڭ مەرتە سىناقتىن ئۆتكۈزگەن تۇرۇپ،
نېمىشقا يەنە تېنىڭنىڭ راھىتىگە باغلىنىپ قالدىڭ؟ ھەر دائىم ئۇ-
نى باقتىڭ، پەرۋىش قىلدىڭ، نېمىشقا؟ يېپىنىڭ ئۈچىنى قاچۇرماڭ.
نەپس خاھىشلىرىنى ئادا ئېتىشتىن ساقلانسىڭىز، ئەبەدىي مۇرادى-

ڭىزغا يېتىسىز ۋە ئۇشبۇ زۇلمەتخانىدىن، زىنداندىن قۇتۇلىسىز. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «قۇرئان»دا «ئەمدى كىم ھايات - دۇنيالىق پەيتىدە قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھتا پەرۋەردىگارىنىڭ (ھۇزۇرىدا) تۇرۇشى (ۋە ئۇ زاتقا ھېساب - كىتاب بېرىشتىن) قورققان ۋە نەپسىنى ھاۋا-يى خاھىشتىن قايتۇرغان بولسا، ئۇ ھالدا جەننەتتىللا (ئۇنىڭ ئۇ-چۇن) جاي بولۇر» دېيىلىدۇ.

پەسىل. شەيخ ئىبراھىم دېدىكى: سەيفىددىن فەررۇھ بىر ئادەم-نى كالتەكلەپ، ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئەتراپىدىكىلەرگىمۇ ئېيتتى. نە-تىجىدە، ھەممە ئەيىبدارنى ئۇردى، ھېچكىم ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشقا ھە-رىكەت قىلمىدى.

مەۋلانا بۇيرۇدىكى: بۇ ئالەمدە كۆرگەن نەرسىنىڭ ھەممىسى ئۇ دۇنيادىمۇ ئەينى شۇنداقتۇر. بۇ دۇنيادىكىسى بەلكى ئۇ دۇنيادىن نە-مۇنىدۇر ۋە ئۇلار شۇ ياقتىن كەلتۈرۈلگەندۇر. «قۇرئان»دا: «سىلەر-نىڭ كۈنلۈك رىزقىڭلار بولغان ھەربىر نەرسىنىڭ ئەسلىي مەنبەسى بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىدۇر» دېيىلگەن.

دۇكاندىكى ئامباردىكىلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئاخىر، ئامبار-دىكىنى دۇكانغا سىغدۇرۇپ بولمايدىغۇ! ئىنسانمۇ ئەنە شۇنداق دۇ-كانغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغىمۇ تەڭرىنىڭ سۈپەتلىرى خەزىنىلىرىدىن بىر پارچە (ئاڭلاش، كۆرۈش، سۆزلەش، ئەقىل، بىلىم، مەردلىك ۋەھاكازالاردىن) بېرىلگەن. دېمەك، ئىنسانلار تەڭرىنىڭ سەييارە ساتقۇچىلىرىدۇر ۋە ئۇلار تىجارەت بىلەن مەشغۇل. كۈندۈزى سودا قىلىپ ئىدىشلىرىنى بوشىتىدۇ، كېچىسى بولسا بوش ئىدىشلار يەنە تولدۇرۇلىدۇ، قۇۋۋەتلەندۈرۈلىدۇ.

ئۇ ئالەمدە تۈرلۈك - تۈمەن كۆزلەر، نەزەرلەر باردۇر. ئۇلاردىن ئىنسانغىمۇ نەمۇنە بېرىلدى. كۆرمەك! بۇ - ئىنسانىنىڭ كۆرۈشىدىن ئىبارەت ئەمەس. بىراق ئۇ بۇنىڭدىن ئارتۇقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي-

www.uyghurkitap.com

دۇ. ئۇشبۇ سۆپەتلەرنىڭ ھەممىسى چەكسىز بولسىمۇ، ئۇلار مۇئەييەن ئۆلچەملەردە تەقسىم قىلىنىدۇ. ئاخىر، ئويلاپ كۆرگىن، شۇ ۋاقىتقىچە، قانچىلىغان ئادەملەر كېلىپ كەتتى ۋە ئۇلار بىر دېڭىزدا توپلاندى. ئەگەر ھەركىم ئەنە شۇ دېڭىزنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى بىلسە، ئالەمنىڭمۇ شۇنىڭدىن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ۋە شۇ يەرگە قايتىش بولىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلمىقى لازىم. چۈنكى «ئەلۋەتتە بىز ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز ۋە ئەلۋەتتە بىز ئۇ زاتقا قايتقۇچىلارمىز» دەپ بۇيرۇلغان. يەنى بىزنىڭ بارچە پارچىلىرىمىز ئۇ ياقتىن كەلگەندۇر، ئۇ ياقتىن بىر نەمۇنىدۇر. يەنە ئۇنىڭغا قايتقۇسىدۇر. بۇ چوڭ ـ كىچىك ھايۋانلار ئۈچۈنمۇ شۇنداق.

ئىنسانلارغا ئايرىم سۆپەتلەر يوشۇرۇن ساقلىنىدۇ، ئەمما مەلۇم بىر تاشقى تەسىر ۋاسىتىسىدە ئاشكارا بولۇپ قالىدۇ. پىكىر يۇرگۈزۈپ قارىغىنىڭدا بولسا، ئۆزۈڭدە ھېچقانداق سۆپەت تاپالمايسەن. چۈنكى سۆپەتلەر يوشۇرۇن. بۇ دېڭىزدىكى سۇغا ئوخشايدۇ، دولقۇن بولمىغىچە، تاشقىرىغا چىقمايدۇ. دولقۇن ئىچىدە (تاشقى ۋاستە بولماي) ۋۇجۇدقا كەلگەن ھەرىكەت. دېڭىز ئاۋازسىز ۋە ئاستا بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنى كۆرگىلى بولمايدۇ. سېنىڭ گەۋدەڭ دېڭىز ساھىلىدا، روھىڭ بولسا دېڭىزدۇر. ئۇنىڭدىن نى ـ نى بېلىقلار، يىلانلار ۋە قۇشلارنىڭ چىقىپ كىرگىنىنى كۆرمەيسەن. سېنىڭ قىزىشماق، قىزغانماق، شەھۋەت ۋە يەنە باشقا سۆپەتلىرىڭ باشلىرىنى دېڭىزدىن چىقىرىدۇ. مەزكۇر سۆپەتلەر تەڭرىنىڭ لەتىپ ئاشىقلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ گۈزەللىكلىرىنى تونۇپ بولمايدۇ. پەقەت دىل لىباسى ۋاستىسىدە ئىلغاش مۇمكىن، يېشىنگەنلىرىدە بولسا لەتىپلىكلىرى سەۋەبىدىن كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ.

پەسىل. ئىنساندا شۇ قەدەر كۈچلۈك ئىشق، ھېرىس، ئارزۇ ۋە دەرد باردۇركى، يۈزمىڭلارچە ئالەم ئۆزىنىڭكى بولسىمۇ كۆڭلى تىنـ

جىمايدۇ. ئۇ ئۆزى مەشغۇل بولغان ئىشتا، سەنئەتتە، ئىلمي نۇجۇمدا، ھەكىملىكتە... بىراق بۇلارنىڭ ھېچبىرىدىن ھۇزۇر تاپالمايدۇ. چۈنكى ئىستىگەن نەرسىنى قولغا كىرگۈزەلمىگەن. يار ـ دىلئارامدۇر، يەنى كۆڭۈلنى تىنچلاندۇرغۇچى دېمەكتۇر. شۇنداق ئىكەن كۆڭۈل باشقا بىلەن قانداق خاتىرجەم بولسۇن؟ زوق ۋە ئارزۇلار پەلەمپەيگە ئوخشايدۇ. پەلەمپەيلەر ئۇلتۇرۇپ دەم ئېلىشقا ماسلاشمىغان، ئەكسىچە ئۇستىگە دەسسەپ ئۆتۈلىدۇ، خالاس. ئۆمرىنى شۇ پەلەمپەيلەردە بىھۇدە ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن غاپىللىقتىن تېز ئويغانغان ۋە ئەھۋالنىڭ ماھىيىتىن چۈشىنىپ يەتكەن زات نېمىدېگەن بەختلىك ـ ھە!

كىمدۇر: «موغۇللار مېلىمىزنى تارتىپ ئېلىشىۋاتىدۇ، بىراق ئاندا ـ ساندا يەنە قايتۇرۇپ بېرىشىۋاتىدۇ، بۇنىڭ مەنتىقى نېمە؟» دەپ سورىدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: موغۇل ئالغان ھەممە نەرسە گويا ئاللاھنىڭ خەزىنىسىگە كىرمەكتىدۇر. ئەگەر دېڭىزدىن بىر كورا سۇ ئالساڭ، ئەمدى ئۇ سېنىڭ مۈلكىڭ بولىدۇ ۋە بىراۋ كېلىپ ئۇنى تەلەپ قىلالمايدۇ. بىراق سەن سۇنى دېڭىزغا قايتا تۆكسەڭ، ئەمدى ئۇ ھەركىم ئۈچۈن ھالال بولغۇسى. چۈنكى سۇ شۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ مېلىڭ ئەمەس. شۇ نۇقتىئىنەزەردىن بىزنىڭ مېلىمىز ئۇلارغا (موغۇللار) ھارام، ئۇلارنىڭ مېلى بولسا بىزگە ھالالدۇر.

«ئىسلام دىنىدا ئۆيلەنمەسلىك يوقتۇر. جەملىنىش رەھمەتتۇر» (ھەدىس.) مۇستاپا كۆپچىلىك بىلەن ھەرىكەت قىلدى. چۈنكى جەملەنگەن روھلارنىڭ بۈيۈك ئەسەرلىرى مەۋجۇت. ئىنسان يالغۇز بولسا، بۇنداق ئەسەر ھاسىل بولمايدۇ. مەسچىتنىڭ قۇرۇلۇشىدىن مەقسەت ـ مەھەللە خەلقىنىڭ ئۇ يەردە توپلىنىش ۋە ئاللاھ رەھمىتىنى ئارتتۇرۇشىدۇر. ئۆيلەرنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم بولۇشىنىڭ پايدىسى بولسا ئادەملەرنىڭ ئەيىبلىرىنى يوشۇرۇشتىن ئىبارەت. شە-





www.uyghurkitap.com

ھەر خەلقىنىڭ توپلىنىشى ئۈچۈن جەمى بىنا ئېتىلگەن. كەئبە، ئالدى بىلەن زىيارەت قىلىنىشلىرى ئۈچۈن، ئاندىن پۈتۈن دۇنيا (مۇسۇلمانلىرى) بىر يەرگە جەملىنىشلىرى ئۈچۈن ۋاجىب ئېتىلدى.

بىرى دېدىكى: «موڭغۇللار دەسلەپ بۇ يەرگە كەلگەنلىرىدە قىپيالىڭاچ ئىدى. مىنىدىغان ھايۋانلىرى ئۆكۈز، قورالللىرى بولسا ئوتۇن (تاياق، كالتەك) ئىدى. ئەمدى بولسا قورساقلىرى تويدى، بارچە ياخشى نەرسىلەرگە ئىگە بولدى. ئەڭ گۈزەل ئەرەب ئاتلىرىمۇ، ئەڭ كۈچلۈك قوراللارمۇ ئۇلارنىڭ قوللىرىدا». مەۋلانا بۇيرۇدىكى: ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى چۆكۈپ، ئۆزلىرى ئاجىز قالغان پەيتتە، تەڭرى ئۇلارنىڭ ئىلتىجالىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ياردەم بەردى. ئەمدى بولسا مۇنداق ھەيۋەتلىك ۋە كۈچلۈك بولغان دەملىرىدە خەلقنىڭ پەقىرلىقى ۋە زەئىپلىكى ۋاستىسى بىلەن ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ. شۇ تەرزدە ئۇلار تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن دۇنيانى بويسۇندۇرغانلىقلىرىنى، ئۆز كۈچ ــ قۇۋۋەتلىرى بىلەن بولسا ھېچقەيەرگە بارالمايدىغانلىقلىرىنى چۈشىنىشى ئۈچۈن خەلقنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئاللاھ ئۇلارنى يوق قىلىدۇ. ئىلگىرى ئۇلار ئۇزاق بىر چۆلدە پەقىر، يالىڭاچ ۋە بىچارە بىر ئەھۋالدا ياشايتتى. پەقەت بەزىلىرىلا تىجارەت مەقسىتى بىلەن خارەزىمگە كېلىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن كىيىم ــ كېچەك ئېلىپ كېتەتتى. خارەزىم شاھ بۇ تىجارەتنى مەنئى قىلىپ، سودىگەرلەرنى ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلدى. ئۆز سودىگەرلىرىنىڭمۇ ئۇلار تۆپىرىقىغا بېرىشىنى خالىمىدى. ئامان قالغان موڭغۇل سودىگەرلىرى (رۇمىي ئۇلارنى بۇ ئورۇندا «تاتارلار» دەپ ئاتايدۇ ــ تەر.) بولسا ۋەتەنلىرىگە قايتىپ بولغان ۋەقەنى پادىشاھلىرىغا ئېيتىپ بەردى. ھۆكۈمدارلار ئون كۈنگە ئىجازەت سوراپ بىر غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ ۋە چىن دىلىدىن ئىبادەت قىلىدۇ، ئاللاھقا يالۋۇرىدۇ. نىھايەت، ئۇلۇغ تەڭرىدىن: «سېنىڭ تىلىكىڭنى،

ئىلتىجالىرىڭنى قوبۇل قىلدىم. تاشقىرىغا چىق، قەيەرگە بارساڭ-مۇ، زەپەر قۇچقۇچى بول!» دېگەن بىر سادا كەلدى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۇلار (موغۇللار) تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يولغا چىققانلىرى سەۋە-بىدىن قارشىسىغا چىققان ھەرقانداق كۈچنى مەغلۇپ قىلدى، يەر يۈزىنى قاپلىدى.

كىمدۇر: «تاتارلار (موڭغۇللار - تەر.) مۇ قىيامەتكە ئىشىنىدۇ ۋە ئەلۋەتتە، ھېساب - كىتاب كۈنى بولغۇسى! دېيىشىۋاتىدۇ» دېدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: يالغان ئېيتىشىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇسۇل-مانلار بىلەن بىر قىلىپ كۆرسەتمەكچى. يەنى بىزمۇ بىلىمىز ۋە ئىشىنىمىز دېمەكچى بولۇشىدۇ. تۆگىدىن قەيەردىن كېلىۋاتىسەن، — دەپ سورىشىسا، ئۇ «ھاممامدىن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇندا «توپىڭ-دىن مەلۇم» دېيىشىپتۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەگەر ئۇلارمۇ قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىشسە، بۇنىڭ دەلىلى قېنى؟ ئاخىر، بۇ گۇ-ناھلار، زۇلۇملار، يامانلىقلار ئۈستى - ئۈستىلەپ ياغقان قاردەك دۆ-ۋىلىنىپ كەتكەندۇر. قۇياش قارلارنى ئېرىتكىنىدەك، گۇناھ قى-لىشتىن ۋاز كېچىپ، ھەققە قايتىش (ئىنابەت) ۋە پۇشايمان قۇياشى شۇ قات - قات مۇزلۇقلارنى ئېرىتىدۇ. شۇندا تەڭرىدىن قورقىلىدۇ ۋە دۇنيانىڭ ھەقىقى ئەھۋالى ئايانلىشىدۇ، ئىسيان تەرك ئېتىلىدۇ.

ئەگەر كىشى: «مەن قۇياشنى كۆردۈم، پىژغىرىم ئىسسىقى بى-لەن ئۈستۈمگە نۇر چاچتى» دېسەيۇ، ئۆزى قار - مۇز ھالىدا بولسا، ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىش مۇمكىنمۇ؟ تومۇز ئىسسىقتا قار - مۇزنىڭ ئېرىمەسلىكى - بولمىغۇر گەپ. ئۇلۇغ ئاللاھ ياخشى ۋە يا-مان ئەمەللەرنىڭ جاۋابى قىيامەتتە بېرىلىدۇ دەپ ۋەدە قىلسىمۇ، بىز ئۇنىڭ نەمۇنىلىرىنى بۇدۇنيادىمۇ ھەر لەھزىدە كۆرمەكتىمىز. مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ كۆڭلى يورۇپ شادلانسا، دېمەك ئۇ كىمنىد-دۇر سۆيۈندۇرگەن ۋە ئۇنىڭدىكى شادلىق ئەنە شۇنىڭ مۇكاپاتىدۇر.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىنساننىڭ خاپىگەرچىلىكى ـ باشقا بىرسىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتقانلىقىغا مۇناسىپ جاۋاب. بۇلار ئۇ دۇنيانىڭ ئارمۇغانلىرى، جازا كۈنىنىڭ ئۆرنەكلىرىدۇر. مەقسەت، ئاز نەرسىلەر ئارقىلىق كۆپنى چۈشەندۈرۈش. بۇ، ئامبارغا لىق تولغان بۇغداي ھەققىدە تەسەۋۋۇر بېرىش نىيىتىدە بىر سىقىم بۇغداينى كۆرسىتىشتەك گەپ.

شۇنچىلىك ئۇلۇغ بولۇشىغا قارىماي، بىر كېچىسى مۇستاپانىڭمۇ قولى ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭغا: «بۇ ئاباسىنىڭ قولى ئاغرىشىدىن پەيدا بولىۋاتىدۇ» دېگەن ۋەھىي كەلدى. چۈنكى مۇستاپا ئاباسنى ئەسىر ئېلىپ، قالغان تۇتقۇنلار بىلەن بىللە باغلىغانىدى. تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن شۇنداق بولغان بولسىمۇ، بەرىبىر مۇھەممەد جازاسىنى تارتتى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش سەندىمۇ پەيدا بولغان بىئاراملىق ۋە كېسەللىكلەرنىڭ بارچىسى قاچانلاردۇر قىلغان يامانلىقلار ۋە گۇناھلارنىڭ مېۋىسىدۇر. ناھايىتى كۆپ يامان ئىشلارنى قىلدىڭ، بىراق بىلىمسىزلىكىڭ تۈپەيلى بۇ ئىشلارنىڭ بولمىغۇر ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن ياكى بىر دىنسىز دوستۇڭنىڭ تەسىرىدە قالغاسەن. ھەتتا سەن بۇلارنىڭ گۇناھلىقىنى چۈشەنمەيسەن. ئەمدى بۇلارنىڭ جاۋابىغا قارا: قانچىلىغان خۇشاللىقلىرىڭ بار ۋە قانچىلىغان غەم ـ غۇسسىلىرىڭ بار. غەم ـ غۇسسە مۇتلەق ھالدا بىرەر گۇناھنىڭ نەتىجىسى، شادلىق بولسا، ئەلۋەتتە ئىبادەتنىڭ مۇكاپاتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مۇستاپا بارمىقىدىكى ئۈزۈكنى ئايلاندۇرۇپ: «سېنى ۋاقتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزسۇن ۋە ئوينىسۇن دەپ ياراتمىدۇق!» دەپ كايىغانىدى. «ياكى سىلەرنىڭ گۇمانىڭلارچە، بىز سىلەرنى بىھۇدە (يەنى دۇنيادا سىلەردىن بىرەر ۋەزىپە بەرمەيدىغان، ئاخىرەتتە ھېساب ـ كىتاب قىلمايدىغان ھالدا) ياراتتۇقمۇ؟» دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، سەنمۇ كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭنى تەڭرىگە ئىبادەت قىلىش ۋە



ساۋاب ئىشلارنى قىلىشقا بېغىشلىدىڭمۇ ياكى گۇناھقا سەرپلىدىڭمۇ؟ ئويلاپ كۆر. تەڭرى مۇسانى خەلق بىلەن مەشغۇل ئەيلىدى. بىراق تەڭرى ھېكمەت بىلەن ئۇنىڭ پەقەت بىر تەرىپىنىلا خەلققە باغلىدى. خىزىرنى بولسا پۈتۈنلەي ئۆزى بىلەن بەند قىلدى. مۇستاپاغا بولسا ئاۋۋال ئۆزى بىلەن بولۇشقا، كېيىن: «خەلقنى دەۋەت قىل، تۈزەت ۋە ئۇلارغا ئۆگۈت بەر!» دەپ ئەمىر قىلدى. مۇستاپا: «ئەي تەڭرىم! مەن نېمە قىلدىمكى، ھۇزۇرۇڭدىن قوغلاۋاتىسەن، خەلقنى خالىمايمەن» دەپ يىغلاپ يېلىندى. ئۇلۇغ ئاللاھ: «ئەي مۇھەممەد! سەن ھەرگىز خاپا بولما، سېنى خەلق بىلەن بەند قىلىپ قويمايمەن. ئۇلار بىلەن مەشغۇل بولغان چېغىڭدىمۇ مەن بىلەن بولىسەن. خەلق بىلەن بولغان ۋاقتىڭدا بېشىڭدىكى چاچنىڭ بىر تېلىنىمۇ كېمەيتمەيمەن. نېمە قىلساڭمۇ بەربىر، ۋۇسلەت (ۋىسال، ئاللاھ بىلەن بىرگە بولۇش) ئىچرە بولۇرسەن» دەپ بۇيرۇدى.

بىرسى: «ئەزەلىي ھۆكۈملەر ۋە تەڭرىنىڭ تەقدىر ئەيلىگەنلىرى ئۆزگىرەمدۇ ــ يوق؟» دەپ سورىدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: تەڭرىنىڭ ئەزەلدە: «يامانلىققا قارشى يامانلىق، ياخشىلىققا جاۋاب ــ ياخشىلىق بولۇشى كېرەك» دېگەن ھۆكۈمى ئەسلا ئۆزگەرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلۇغ ئاللاھ ھاكىمدۇر ۋە «سەن يامانلىق قىل، ياخشىلىق تاپىسەن» دېمەيدۇ. ئاخىر، بۇغداي تېرىپ ئارپا، ئارپا تېرىپ بۇغداي ئورىغىلى بولامدۇ؟ ئەسلا! بارچە ئەۋلىيا ۋە ئەنبىيالارمۇ «ياخشىلىقنىڭ جاۋابى ياخشىلىق، يامانلىقنىڭكى يامانلىقتۇر» دېگەن. «بەس، كىم (بۇ دۇنيادىكى ۋاقتىدا) زەررە مىسقالچىلىك ياخشىلىق قىلسا، (قىيامەت كۈنىدە) شۇنى كۆرىدۇ. كىم زەررە مىسقالچىلىك يامانلىق قىلسا، ئۇمۇ شۇنى كۆرىدۇ!».

ئەزەلىي ھۆكۈم توغرىسىدا بىلمەكچى بولغان نەرسەڭنى ئۆگەتتۇق، ئەتراپلىق چۈشەندۈردۇق. بۇ ئەسلا ئۆزگەرمەيدۇ. توغرا،




بەزەن قىلغان ياخشىلىقنىڭ ياكى يامانلىقنىڭ مىقدارىدا جاۋابىنى
ئالالمايسەن. بىراق ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ جاۋابى مۇتلەق بولى-
دۇ، يەنى ھۆكۈم مۇتلەق ئۆزگەرمەستۇر. بىر مەمەدان كىشى: «بىز
تەڭرى سائادىتىدىن مەھرۇم بولغان گۇمراھنىڭ ئاخىرەت سائادى-
تىگە مۇيەسسەر بولغان سەئىد (بەختلىك ـ تەر.) سەئىدنىڭ بولسا
گۇمراھ بولغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز» دېدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: «بو-
لۇشى مۇمكىن. چۈنكى گۇمراھ ياخشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن سە-
ئىد، سەئىد بولسا يامانلىققا يېقىن تۇرغانلىقى ئۈچۈن گۇمراھ بول-
غاندۇر. مەسىلەن: ئىبلىس: «مېنى ئوتتىن، ئۇنى (ئادەمنى) بولسا
تۇپراقتىن ياراتتىڭ ــ دەپ، ئادەمنىڭ يارىتىلىشىغا ئېتىراز قىل-
غىنى ئۈچۈن تەڭرىنىڭ ئەبەدىي لەنىتىگە ئۇچرىدى ۋە مەلەكلەرگە
رەھبەرلىكتىن، بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزدىن قوغلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن
بىزمۇ: «ياخشىلىقنىڭ جاۋابى ياخشىلىق، يامانلىقنىڭ جازاسى يا-
مانلىق» دەيمىز.

بىرسى: «ئەگەر ئادەم روزا تۇتىمەن، دەپ ئەھد قىلسا، تۇتمىسا،
بۇنىڭ كاففارەتى (دىنىي بىر گۇناھنى يۇيۇش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ
رازىلىقى يولىدا بىر نەرسە سەدىقە بەرمەك ـ تەر.) بارمۇ؟» دەپ سو-
رىدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: شافىي مەزھىبى ئالىملىرىنىڭ پىكرىچە،
كاففارەت بار. چۈنكى ئاشۇ ئادەم ئەھدى قىلغان ۋە بۇ ئەھدى قەسەم
بىلەن ئوخشاش دەرىجىدىدۇر. قەسەم ئادا ئېتىلمىسە، كاففارەت
ۋاجىب بولغۇسى. ئەمما ئەبۇ ھەنىفە ئۈچۈن ئەھدى قەسەم مەنىسىدە
ئەمەس. شۇنىڭغا كۆرە كەففارەتكە ئېھتىياج يوق. ئەھد ئىككى تۈر-
لۈكتۇر: بىرىنچىسى ـ مۇتلەق، ئىككىنچىسى شەرتكە باغلىق. مۇت-
لەق: «بىر كۈن روزا تۇتۇشۇم كېرەك!» سۆزىدۇر. شەرتلىكى بولسا:
«پالانى كەلسە، بىر كۈن روزا تۇتۇشۇم كېرەك!» دېيىشتۇر. بىر
ئادەم ئېشىكىنى يوقىتىپ قويىدى. ئۇنى تېپىش نىيىتىدە ئۈچ كۈن

روزا تۇتتى ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېشىكىنى ئۆلۈك ھالدا تاپتى. ناھايىتى قاتتىق خاپا بولدى ۋە شۇ ھالدا كۆككە قاراپ: «ئەگەر شۇ ئۈچ كۈنلۈك روزامنىڭ بەدىلىگە رامىزاندا ئالتە كۈن يېمىسەم ئادەم ئەمەسمەن. مېنىڭ ئېشىكىمنى ئېلىپ يوقاتقان سەنمۇ؟» دېدى.

بىرسى: «ئەتتەھىيات، سەلاۋەت ۋە تەيىيباتنىڭ مەنىسى نېمە-دۇر؟» دەپ سورىدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: ھەققە يېلىنماق ۋە بەندىلىك قىلماق بىزدىن ھاسىل بولمايدۇ ۋە بىز بۇلارسىز يوقمىز. دېمەك، تەيىيبات، سەلاۋەت ۋە ئەتتەھىيات بىزدىن بولماي ئاللاھتىندۇر. مەسىلەن: باھار پەسلىدە ئادەملەر زىرائەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، ئېتىزلارغا چىقىپ ھەر تۈرلۈك ئىشلارنى باشلايدۇ. بۇلارنىڭ بار-چىسى باھارنىڭ ئېھسانىدۇر. بولمىسا، ئادەملەر ئۆيلىرىدىن چىق-ماس ئىدى. دېمەك، بۇ تېرىقچىلىق ـ زىرائەتچىلىكلەر، ساياھەت... ھەممە ـ ھەممىسى باھارنىڭ ئىشىدۇر. كۆلەم ـ ئادەملەرنىڭ ئېسىل نېمىتى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يەنە سەۋەبتە. ھەممە نەرسىنى سەۋەبكە باغلايدۇ. پەقەت ئەۋلىيالارغىلا سەۋەبلەر ياراتقۇ-چىسىنى بىلىش ۋە سەۋەبلەرنىڭ ئۆزى ھەقىقەتنى توسۇپ تۇرغان پەردە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش نېسىپ بولغان. چۈنكى ئادەم پەردە ئارقىدىن تۇرۇپ گەپ قىلسا، باشقىلار گەپنىڭ ئىگىسى پەردە دەپ ئويلايدۇ. ئۇنىڭ بار ـ يوقى بىر رومال ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. قا-چانكى ئادەم پەردە ئارقىسىدىن چىققاندا، پەردىنىڭ بىر توسۇق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. تەڭرىنىڭ ئەۋلىيالىرى بولسا سەۋەبلەر ئارقىسىدا زاھىر بولغان ۋە قىلىنغان ئىشلاردىن خەۋەرداردۇر. مە-سىلەن: تاغدىن تۆگە چىققان، مۇسانىڭ ھاسىسى ئەجدىرھاغا ئايلان-غان، پولاتتەك تاشتىن ئون بۇلاقتەك ئېقىپ چىققان، مۇستاپا بىر ئىشارەت بىلەن ئاينى ئىككىگە بۆلگەن، ئادەم ئاتا ـ ئانىسىز دۇنياغا كەلگەن، ئىبراھىم ئۈچۈن بولسا ئوت بوستانغا ئايلانغان ۋەھاكازا.

ئەۋلىيالار بۇلارنى كۆرگەندە، سەۋەبلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باھانە ئىكەنلىكىنى، ئەسلىدە بولسا ئىشنى باشقا زات بېجىرگەنلىكىنى بىلىدۇ. سەۋەبلەر ئاۋامنىڭ مەشغۇل بولۇشلىرى ئۈچۈندۇر، ئۇلار بېجىرگۈچىنى كۆرۈشكە توسقۇنلۇق قىلغان پەردىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇشبۇ ھەقىقەت ۋەلىيلەرگە كۈندەك روشەن. ئۇلۇغ ئاللاھ زەكەرىياغا: «ساڭا پەرزەنت ئاتا قىلىمەن» دېدى. بۇ بولسا: «مەنمۇ، ئايالىممۇ بەكلا قېرىپ كەتكەنمىز، بولۇپمۇ ئايالىم، ئۇ بالا كۆرەلمەيدۇ. ئەي تەڭرىم، بۇنداق ئايالدىن قانداق قىلىپ بالا تۇغۇلىدۇ؟» دەپ يىغلىدى. ئۇنىڭغا: «ئەي زەكەرىيا، بۇنداق دېمە، يېپىنىڭ ئۇچىدىنى يوقاتتىڭ. مەن ساڭا سەۋەبلەردىن خالىي بولغان ئىشلارنى يۈز مىڭ مەرتە كۆرسەتكەن بولساممۇ، سەن بارچىسىنى ئۇنتۇپسەن. ئۇلارنىڭ باھانە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەمسەن؟ شۇ دەقىقىدە مەن كۆزۈڭ ئۆڭىدە سەندىن (ئايال ۋە ھامىلە بولماستىن) يۈز مىڭ بالا دۇنياغا كەلتۈرەلەيمەن. بۇنىڭغا كۈچۈم يېتىدۇ. ھەتتا، بىر ئىشارىتىم بىلەن يېتۈك ئالىم ئادەملەر مەيدانغا كېلىدۇ. ئاخىر، سېنى روھلار ئالىمىدە ئاتا ـ ئانىسىز ياراتمىدىممۇ سەندىن ئالدىن سەن ھەققىڭدىكى لۇتپ ۋە ئىنايەتلىرىم يوقمىدى؟ بۇلارنى نېمىشقا ئۇنتۇپ قالدىڭ؟» دەپ ئەمىر قىلدى. ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيانىڭ، ياخشى ۋە يامان بارچە خىلقەتلەرنىڭ ئەھۋاللىرى دەرىجە ۋە جەۋھەرلىرىگە كۆرە شۇنداقتۇر. ئېيتايلى، كاپىرلار يۇرتىدىن مۇسۇلمان ۋىلايەتلىرىگە تۇرلۇك ياشتىكى قۇللارنى ئەكېلىپ ساتىدۇ. ياش قۇللار مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغاچقا ئۆز يۇرتلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۇنتۇشقا باشلايدۇ ۋە قېرىغاندا پۈتۈنلەي ئەستىن چىقىرىدۇ. ئەس ـ ھوشىنى تونۇغانىراق پەيتتە كەلتۈرۈلگەن قۇلنىڭ خاتىرىسىدە ئانچە ـ مۇنچە نەرسە قالىدۇ. بەزىلىرى بولسا ھېچ نەرسىنى ئەستىن چىقارمايدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، روھلارمۇ ئۇ





ئالەمدە تەڭرىنىڭ ھوزۇرىدا شۇنداق ئىدى، مەسىلەن: ئاللاھ: «مەن پەرۋەردىگارىڭىز ئەمەسمۇ؟» دەپ ئۆزلىرىگە قارشى گۇۋاھ قىلغىنىدا، ئۇلار: «ھەقىقەتەن سەن پەرۋەردىگارىمىزسەن، بىز بۇنىڭغا شاھىدمىز» دەپ جاۋاب بېرىشكەن. ئۇلارنىڭ (روھلارنىڭ ـ تەر.) يېمىكى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى تەڭرىنىڭ ھەرپسىز ۋە ئاۋازسىز بولغان كالامىدۇر. روھلارنىڭمۇ بەزىلىرى بالا بولغاچقا (بۇ دۇنياغا ـ تەر.) كەلتۇرۇلگەنلىكلىرى ئۈچۈن مەزكۇر كالامنى ئاڭلىغاندا ئەھۋالنى چۈشىنىپ يەتمەيدۇ، ئۆزلىرىنى بۇ كالامغا يات ھېسابلايدۇ. بۇنداقلار تامامەن كۇپۇر ۋە رەزالەتكە غەرق بولغاندۇر، روھلىرى پەردىلەنگەندۇر. باشقىلىرى بولسا (ئۇ ئالەمنى) ئازراق خاتىرىلەيدۇ، ئۇ ئالەمنىڭ ھاۋاسى، تەسىرى بۇلاردا بىرە ـ بىرە ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. بۇلار مۆمىنلەردۇر. يەنە شۇنداقلارمۇ باركى، ئۇلار ئاشۇ كالامنى ئاڭلاش بىلەن ئەھۋالنى ئەينەن خاتىرىلەيدۇ، پەردىلەر كۆتۈرۈلىدۇ، ھەممە نەرسە ئۆز جايىغا چۈشىدۇ. بۇلار پەيغەمبەرلەر ۋە ۋەلىيلەردۇر.

مەن يارانغا: (دوستلارغا ـ تەر.) «ئىچىڭىزدە مەنە كېلىنلىرى يۈز كۆرسىتىپ، سىرلار ئاشكارا بولغاندا، ئېھتىيات قىلىڭ، ياتلاردىن يوشۇرۇڭ، بىزنىڭ سۆزىمىزنى ھەممىگىمۇ ئېيتماڭ» دەپ ۋەسىيەت قىلىمەن. چۈنكى ھېكمەتنى ھەممىگىمۇ بەرمەڭ، ئەگەر بەرسىڭىز، ھېكمەتكە نىسبەتەن زۇلۇم قىلغان بولىسىز. ئۇنى ئەھلى ھېكمەتتىن بولسا يوشۇرماڭ، يامانلىق قىلغان بولىسىز» (ھەدىس.) ئاخىر، «مېنى ھېچكىمگە كۆرسەتمە، مەن سېنىڭكىمەن» دەپ ئۆيىگە بۇكىنىۋالغان گۈزەلنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ: «كېلىڭلار، مانا بۇ ھۆرلىقاغا قاراڭلار» دەپ ھەممىگە كۆز ـ كۆز قىلىشىڭ توغرىمۇ؟ بۇ ئىشىڭ بىلەن سەن گۈزەلدىن ئايرىلىسەن، ئۇ سەندىن نەپرەتلىنىدۇ ۋە باشقىلارغا كېتىدۇ. جەھەننەمدىكىلەر جەننەتتىكى-

لەرگە: «قېنى سىلەرنىڭ مەردلىكىڭلار، ئۇلۇغ تەڭرى سىزلەرگە بەرگەن يېمىش ۋە باشقا نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىڭلار. بىز قۇللارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر نەرسىلەر بېرىڭلار». «تۇپراقنىڭ سېخىيلار جامىنىڭ ئارتۇقىدىن نېسىۋىسى باردۇر» (مىسرا.) «بىز ئوت ئىچرە ياناقتىمىز، ئېرىمەكتىمىز، سىلەر مېۋىلەردىن، جەننەتنىڭ شېرىن سۈيىدىن ئازراق بەرسەڭلار نېمە بولىدۇ؟» دېدى. جەننەتتىكىلەر: «تەڭرى نېرىقى دۇنيا ئىدى. بۇ تۇغرىلىق، ئىمان ۋە ياخشىلىقنىڭ ئۇرۇقى ئىدى. سىلەر مېھنەت قىلىشتىن قېچىپ ئۇنى تېرىمىدىڭلار. شۇنداق ئىكەن، بۇ يەردە نېمىنى ئورايسىلەر؟ بىز سىلەرگە نېمەتلەردىن بەرگىنىمىز بىلەن، تەڭرى بۇنى سىلەرگە هارام قىلغىنى ئۈچۈن تامىقىڭلاردىن ئۆتمەيدۇ، بوغىزىڭلاردا تۇرۇۋېلىپ سىلەرنى قىينايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

مۇستاپانىڭ ھۇزۇرىغا ئىككى يۈزلىمچى ۋە ياتلاردىن بىر گۇرۇھ كىشى كېلىۋاتقانىدى. دىنىنىڭ ئەسرارىنى چۈشەندۈرۈۋاتقان پەيغەمبەر ئىشارە بىلەن ئەسھابىگە: «ئىشلىرىڭىزنىڭ ئاغزىنى بېكىتىڭ» (ھەدىس) دېدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: «بۇ ياتلاردىن ھېكمەتنى يوشۇرۇڭ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىلىڭىزنىڭ تىيىڭ، ئاغزىڭىزنى ئاچماڭ. چۈنكى ئۇلار چاشقاندۇر، ھېكمەتكە مۇناسىپ ئەمەستۇر، دېگەنلىك».

پەسىل. بۇيرۇدىكى: سۆيۈلگەن كىشى گۈزەلدۇر، ئەكسىچە بولمايدۇ. يەنى ھەممە گۈزەللەرمۇ سۆيۈلمەيدۇ ۋە سۆيۈلۈشى شەرتمۇ ئەمەس. گۈزەللىك سۆيۈملۈكلۈكنىڭ بىر قىسمىدۇر. سۆيۈملۈك بولماق ئەسلىي ماھىيەت. بۇ بولغاندىن كېيىن گۈزەللىكمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. ھەربىر نەرسىنىڭ جۈزئى (ئايرىم قىسمى، بۆلەكى) كۈللى (پۈتۈنى)دىن ئايرىم بولالمايدۇ، ئۇلار بىللىدۇر، يەنى جۈزئى كۈللى بىلەندۇر. مەجنۇننىڭ زامانىدىمۇ گۈزەللەر بار ئىدى

ۋە ئۇلار لەيلىدىن چىرايلىقراق ئىدى. بىراق مەجنۇن ئۇلارنى سۆيمىدى. ئۇنىڭغا «لەيلىدىن گۈزەللەرەكلەرنى ساڭا كۆرسىتىپ بېرەيلى» دېيىشتى. مەجنۇن بولسا: «مەن لەيلىنىڭ سۈرىتىنى سۆيگىنىم يوق ۋە ئۇ شۇ كۆرۈنۈشىدىنلا ئىبارەت ئەمەس. لەيلى مېنىڭ كۆزۈمدە بىر قەدەھ كەبىدۇر. مەن بۇ قەدەھتىن شاراب ئىچىۋاتىمەن، چۈنكى مەن شارابقا ئاشىقمەن. سىزنىڭ كۆزىڭىز پەقەت قەدەھتە، ئىچىدىكىدىن خەۋىرىڭىز يوق، غاپىلسىز» دېدى. مېنىڭ قولۇمغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بىر قەدەھ تۇتقۇزسا ۋە ئىچىدىكى شارابتىن باشقا نەرسە بولسا، بۇنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ مەن ئۈچۈن شاراب تولدۇرۇلغان كونا ۋە سۇنۇق بىر ئىدىش ئالتۇن بېزەكلىك بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان يۈز قەدەھتىن ياخشىراقتۇر. قەدەھتىكى شارابنىڭ مەزىسىنى بىلىش ئۈچۈن ئىشق ۋە شەۋق كېرەك بولىدۇ. ئالايلى، ئون كۈندىن بېرى ھېچ نەرسە يېمىگەن ئاچ قورساق بىلەن كۈنگە بەش قېتىم غىزالىنىپ يۈرگەن توقنىڭ نانغا بولغان قاراشلىرى بىر خىل ئەمەس. چۈنكى توق ناننىڭ سۈرىتىنى (تاشقى كۆرۈنۈشىنى) كۆرسە، ئاچ ئۇنىڭ سىيرەتىنى (ماھىيىتىنى) كۆرىدۇ. نان قەدەھ بولسا مەزىسى قەدەھتىكى شاراب كەبىدۇر. بىراق شاراب پەقەت ئىشتىھاسى ۋە شەۋقى بولغان كۆزگىلا كۆرۈنىدۇ. سەنمۇ ئۆزۈڭدە ئىشتىھا ۋە شەۋق ھاسىل ئەتكى، پەقەت سۈرەتنى ئەمەس، بەلكى سىيرەتنىمۇ كۆرگەيسەن. بۇنداق ئادەملەرنىڭ سۈرىتى قەدەھكە ئوخشايدۇ، ئىلىم ۋە بىلىملىرى بولسا ئەنە شۇ قەدەھكە چېكىلگەن نەقىشلەر كەبىدۇر. قەدەھ سۇنۇشى بىلەن نەقىشلەردىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. دېمەك، قىيامەت قەدەھ كەبى بولغان ۋۇجۇدلاردىكى شارابتىدۇر ۋە بۇ شارابنى ئىچكەن كىشى ئۇنىڭ ئۆلمەس ياخشى نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

سوئال بەرگەن كىشى ئىككى جەھەتنى ياخشى چۈشەنمىكى كې-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



رەك. بىرىنچىسى، مەن سورىغان نەرسەمدىن يېڭىلىشتىم، مېنىڭ
بىلگىنىمدىن باشقا نەرسە باردۇر؛ ئىككىنچىسى، بۇنىڭدىن ئۇستۇن
بولغان ۋە بىلىنىشكە مۇناسىپ بىر سۆز ۋە بىر ھېكمەت مەۋجۇت،
بىراق مەن ئۇلارنى بىلمەيتتىم. ئەمدى ئۆگەندىم دېيىشى لازىم.
«ئورۇنلۇق سوئال بىلىمنىڭ يېرىمىدۇر» دېيىشىدۇ. ئاخىر، ھەر-
كىم بىر زاتقا يۈزىنى قاراتقاندۇر ۋە ھەر كىمنىڭ ئىستىكى ھەق-
تۇر. شۇ ئۈمىد بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدۇ. بىراق بۇ ئارىدا كىمگە
دۇچ كەلگىنىنى ۋە شاھنىڭ تايىقى كىمنىڭ يۈزىدە ئۆز ئىزىنى قال-
دۇرغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئادىل ھۆكۈم چىقارغۇچى لازىمدۇر-
كى، ئۇ مۇۋاھھىد (ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈرگەن ـ تەر.)
بولسۇن. بۇنداق ئادەم سۇدا تۇنجۇققان ۋە سۇ ئۇنىڭدىن غالىب كەل-
گەندۇر. سۇ ئۈزگۈچى ۋە سۇدا تۇنجۇققان كىشىلەرنىڭ ھەر ئىككى-
سىمۇ سۇدىدۇر. پەقەت تۇنجۇققان كىشىنى سۇ ئېلىپ كېتىدۇ، سۇ
ئۈزگۈچى بولسا ئۆز كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ. دېمەك، سۇغا
غەرق بولىۋاتقان ئادەمنىڭ ھەربىر قىلغان ئىشى ۋە ئېيتقان سۆزى
ئۆزىدىن بولماستىن، بەلكى سۇدىندۇر. ئۇ (ئادەم) ئوتتۇرىدا بىر با-
ھانىدۇر. مەسىلەن: تامدىن بىر ئاۋاز كەلسە، بۇنى تام سۆزلىمىگەن-
لىكىنى بىلىسەن. چۈنكى تامنىڭ ئارقىسىدا كىمدۇر بار ۋە ئۇلار-
نىڭ گەپلىرى تامنىڭكىدەك تۇيۇلىدۇ. ئەۋلىيالارمۇ خۇددى شۇنداق.
«ئۇلار ئۆلمەستىن ئاۋۋال ئۆلگەندۇر»، تام ۋە ئىشىك ھۆكمىنى ئال-
غاندۇر. ئۆزلىرىدە بولسا بارلىقلىرىدىن قىلچىلىكمۇ نەرسە قالمى-
غان. ئۇلار تەڭرىنىڭ قۇدرەتلىك قولىدا بىر باشپاناھ (دالدا) كەبى-
دۇر. باشپاناھنىڭ ھەرىكىتى ئۆزلۈكىدىن ئەمەس. «ئەنەل ھەق»
(مەن خۇدامەن) سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ شۇنداق. باشپاناھ: «مەن ئارىدا
يوقمەن، ھەرىكەت ئاللاھنىڭ قولى بىلەن ھاسىل بولماقتا» دەيدۇ.
باشپاناھنى ھەق بىلىڭ، تەڭرىگە قارشى چىقماڭ. چۈنكى بۇنداق

باشپاناھنى يارىلاندۇرماقچى بولغانلار ئەسلىدە تەڭرىگە ئىسيان كۆ-
تۈرگەن بولىدۇ. ئادەم (ئەلەيھىسسالام) زامانىدىن شۇ ۋاقىتقىچە
ئىسيانكارلارنىڭ باشلىرىغا قانداق بالالار كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان-
دۇرسىلەر. فىرئەۋن، شەدداد، نەمرۇد ۋە ئود قەۋمى، لۇت ۋە سەمۇد
ۋەھاكازالار قانداق مۇسىبەتلەرگە مۇپتىلا بولۇشتى؟ باشپاناھلار
ئىتائەتگۈينى ئىسيانكاردىن، دۈشمەننى ئەۋلىيادىن پەرق ئېتىش
ئۈچۈن ھەمىشە تىك تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى نەبىي ۋە بەزىسى ۋە-
لىي بولۇپ كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەربىر ئەۋلىيا خەلقنىڭ
ھۆججەتلىرى (دەلىلى) دۇر. خەلقنىڭ ئورنى ۋە دەرىجىسى ئۇنىڭغا
بولغان مۇناسىۋىتى دەرىجىسىدە بولىدۇ. دۈشمەنلىك قىلىسىمۇ،
دوستلۇق قىلىسىمۇ تەڭرى قىلغان ھېسابلىنىدۇ. «ئۇنى كۆرگەن
مېنى كۆرگەن، ئۇنىڭغا قەست قىلغان ماڭا قەست قىلغاندۇر» دەپ
بۇيرۇلغىنى كەبى تەڭرىنىڭ خاس قۇللىرى ئاللاھنىڭ مەھرەمىدۇر.
تەڭرى بۇ خادىملىرىنىڭ شەھۋەت ۋە يامانلىق تومۇرلىرىنى كېسىپ
تازىلىغان. شۇڭا ئۇلار دۇنيانىڭ مەخمۇدى (ئوغلى) ۋە ئەپەندىسى،
سىرلارنىڭ مەھرەمى بولىدۇ. «قۇرئان»دا: «ئۇنى پەقەت تاھارەتلىك -
پاك كىشىلەرلا تۇتالايدۇ» دەپ ئەمىر قىلىنغان .

مەۋلانا: ئەگەر ئۇ ئارقىسىنى ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىسىگە قاراتقان
بولسا، بۇنى ئۇلارنى ئىنكار ئەتكىنى ياكى بىلمىگىنى ئۈچۈن قىل-
مىغان. بۇنىڭدىن غەرەز - يۈزنى روھ تەرەپكە قاراتماقتۇر. بىزنىڭ
ئاغزىمىزدىن چىققان بۇ سۆز ئۇلارنىڭ جېنىدۇر. ئاخىر جەسەتكە
ئارقىسىنى قىلىپ، روھقا يۈز تۇتسا، بۇنىڭ نېمىسى يامان؟ مېنىڭ
شۇنداق ئادىتىم بار - بىراۋنىڭ مەندىن خاپا بولۇشىنى خالىمايمەن.
ساماغا چۈشكەندە بەزىلەر ماڭا دوقۇرۇشۇپ كېتىدۇ، شۇنداق
چاغلاردا دوستلاردىن كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلماقچى
بولۇشىدۇ، بىراق بۇ ماڭا ياقمايدۇ. ئۇلارغا قايتا - قايتا: «مېنى دەپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

باشقىلارغا يامان گەپ قىلماڭلار!» دېدىم. ئاخىر، مەن ھۇزۇرۇمغا كەلگەن يارانلىڭ زېرىكمەسلىكى ۋە رەنجىمەسلىكى ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگەن بارچە چارىلەرنى كۆرىمەن، ھەتتا شېئىر ئوقۇيمەن. بولمىسا، مەن قەيەردە، شېئىر ئوقۇش قەيەردە! راستىنى ئېيتقاندا، شېئىر ئوقۇشتىن راسا تويدۇم، زېرىكتىم. نەزىرىمدە بۇنىڭدىن يامانراق نەرسە يوق ئالەمدە. مەسىلەن: ساھىبخان مېھمانىنىڭ تەلپى بويىچە قورساق (قېرىن) شورپىسى تەييارلاش ئۈچۈن، قوللىرىنى ئاشقازاننىڭ ئىپلاسلىقلىرىغا پاتۇرىدۇ. مېنىڭ ئەھۋالىممۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. يەنە بىر مىسال، تىجارەتچى شەھەر ئەھلىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ، ئەڭ تۆۋەن، ئەڭ سۈپەتسىز مالنىمۇ سېتىشقا مەجبۇر.

پازىللار، ئەقىللىق، ئۇزاقنى كۆرەلەيدىغان، چوڭقۇر پىكىرلىك زاتلار، مۇھەققىقلەر (ھەقىقەت تالىبلىرى ـ تەر.) تەشرىپ بۇيرىغىنىدا ئۇلارغا ھەقىقەتەن نادىر ۋە نازۇك مەسىلىلەردىن، نەپىستىن سۆز ئاچماق ئۈچۈن كۆپ ئىلىم ئۆگەندىم، زەھمەت چەكتىم. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئۆزىمۇ شۇنى ئىستىگەن ئىدى. ئۇ بارچە بىلىملەر ۋە رەنجنى بىر يەرگە توپلىدى، ئاندىن مېنى مەزكۇر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشقا يوللىدى. ئەمما نېمە قىلايىنكى، بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ۋە مىللىتىمىزدە ئادەمنى شائىرلىقتىن بەتتەررەك ئۇيالدۇرىدىغان ئىش يوق. ئەگەر بىز ئاشۇ مەملىكەتتە قالغان بولساق ئىدۇق، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە، تەبىئەتلىرىگە مۇۋاپىق رەۋىشتە ياشىغان، دەرس بەرگەن، كىتاب يازغان، ۋەز ئېيتقان ۋە زۇھدۇ ـ تەقۋا ھەمدە زاھىرىي نەرسىلەر بىلەن بەند بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئىستەكلىرىنى بەجا كەلتۈرگەن بولار ئىدۇق. ئەمىر پەرۋانە ماڭا: «ئەسلىي بولۇشقا تېگىشلىك نەرسە ئەمەلدۇر (ئەمەلىيەتتۇر)» دېدى. مەن ئۇنىڭغا ئېيتتىمكى: قەيەردە شۇ ئەمەل

ئەھلى، قېنى ئەمەل تەلەپكارى؟ كەلسۇن، مەن ئۇنىڭغا ئەمەلنى كۆرسىتەي. مانا سەنمۇ تەييار سۆز (ئېيتمىشمىنى) خالاۋاتىسەن. ئەگەر ئېيتمىسام خاپا بولىسەن. قېنى ئەمدى، ئەمەل ئىستىسەڭمۇ، بىز ئۇنى ساڭا كۆرسەتسەك. بۇ دۇنيادا بىز ئەمەل تەلەپكارى بولغان بىر مەردنى خالايمىز. ئەمما ئەمەل خېرىدارىنى تاپالمىدۇق، بىراق سۆز خېرىدارى مەۋجۇت بولغىنى ئۈچۈن بىزمۇ سۆز بىلەن مەشغۇلمىز. سەن ئەمەلدىن نېمە چۈشىنىسەن؟ (ھېچ نەرسە.) چۈنكى ئەمەل قىلغۇچى ئەمەسسەن. ئەمەل ئەمەل ئارقىلىق، ئىلىم ئىلىم بىلەن، مەنە مەنە ۋاستىسىدە، شەكىل بولسا شەكىل ياردىمىدە چۈشىنىلىدۇ. سەن بۇ يولدا يولۇچى ئەمەسسەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭدا ئەمەل بىلەن نېمىنى كۆرەلەيسەن؟ بۇ ئەمەل نېمىدىن ئىبارەت، ناماز ۋە روزىدىنمۇ؟ بۇلار ئەمەلنىڭ سۈرىتى (شەكلى) دۇر. ئەمەل ئىچكىرىدىكى مەنە: ئادەمدىن مۇستاپا زامانىغىچە ناماز ۋە روزا ھازىرقى شەكىلدە ئەمەس ئىدى. ئەمما ئەمەل مەۋجۇت ئىدى. دېمەك، بۇ سۈرەت (شەكىل) ئەمەل بولامدۇ؟ ئەمەل ئىنساندىكى مەنىدۇر. مەسىلەن: «سەن دارا تەسىر (ئەمەل) قىلدى» دەيسەن، ئەمما بۇ يەردە ئەمەلنىڭ شەكلى (سۈرىتى) يوق. بۇ بار - يوقى شۇ گەپتىكى مەنىدۇر. «مانا بۇ ئادەم پالانى شەھەرنىڭ ئەڭ كۆپ ئەمەل قىلغۇچىسى» دېگەندە ئۇنىڭ سۈرىتى ئەمەس، بەلكى ئىشلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دېمەك، ئەمەل خەلقنىڭ ئۇنىڭدىن چۈشەنگەن نەرسىسى ئەمەس. خەلق زاھىرەن كۆرۈنگەن نەرسىنى ئەمەل، دەپ چۈشىنىدۇ. ئىچى باشقايۇ تېشى باشقا بولغان ئادەم ئەمەلنىڭ كۆرۈنۈشىنى بەجا كەلتۈرسە (دىنىنىڭ پەرزلىرىنى زاھىرەن ئادا قىلسا - تەر.)، بۇنىڭ ئۇنىڭغا پايدىسى بولامدۇ؟ (بولمايدۇ.)! چۈنكى ئۇنىڭدا باغلانغانلىق، توغرىلىق ۋە ئىشەنچنىڭ مەنىسى يوقتۇر. ھەربىر نەرسىنىڭ ئەسلى سۆز. سېنىڭ سۆزدىن خەۋىرىڭ يوق ۋە ئۇنى مەنسىتمەيسەن.

www.uyghurkitap.com



سۆز ئەمەل دەرىخىنىڭ مېۋىسىدۇر. چۈنكى ئۇ ئەمەلدىن تۇغۇلىدۇ. ئۇلۇغ تەڭرى ئالەمنى سۆز بىلەن ياراتتى ۋە «بول دېيىشى بىلەن ئالەم پەيدا بولدى» (قۇرئاندىن.)

ئىمان قەلبتىدۇر. بىراق ئۇنى سۆز بىلەن ئىپادە قىلمىساڭ، پايدىسى بولمايدۇ. نامازمۇ پېئىلدۇر (ئەمەلدۇر.) ئەگەر «قۇرئان» ئوقۇمىساڭ، ئوقۇغان نامىزىڭ سەھىھ (توغرا) بولمايدۇ. سەن هازىر «سۆزنىڭ ئەهمىيىتى يوق» دېيىشىڭ بىلەن ئۆز ـ ئۆزۈڭنى ئىنكار قىلىۋاتىسەن. چۈنكى سەن شۇ پىكرىڭنىمۇ سۆز بىلەن ئىپادە قىلىۋاتىسەن.

بىرى: «بىز خەير قىلغىنىمىز، ئىزگۈ ۋە توغرا ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىمىز بەدىلىگە تەڭرىدىن بىر ئېھسان كۈتسەك، بۇنىڭ بىزگە زەرەرى بولامدۇ ـ يوق؟» دەپ سورىدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: ۋەللاهى، ئۈمىدلىك ۋە ئىمانلىق بولۇش زۆرۈر. قورقۇنچ ۋە ئۈمىدمۇ شۇدۇر. بىرسى ماڭا: «ئۈمىد گۈزەل ۋە خۇشتۇر، ئەمما قورقۇنچ نېمە؟» دەپ سوئال بەردى. ئۇنىڭغا جاۋابەن شۇنداق دېدىم: ماڭا قورقۇنچسىز بىر ئۈمىد ياكى ئۈمىدسىز بىر قورقۇنچنى كۆرسەتكىنچۇ؟ ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىم ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، نېمىشقا بۇ سوئالنى بېرىۋاتىسەن؟ ئالايلى، بۇغداينى تېرىغان ئادەم ئۇنىڭ دان بېرىشىگىمۇ ئۈمىد باغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «ئاللاھ ساقلىسۇن، بىرەر ئاپەت بولۇپ، زەرەر كەلتۈرمىسۇن!» دەپ يەنە قورقىدۇ. دېمەك، قورقۇنچسىز ئۈمىد يوق، ئۈمىدسىز قورقۇنچ بولسا تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ. ئىنسان ئۈمىدلىك بولسايۇ ھېچقانداق ئېھسان كۈتمىسە، ئۇ چوقۇم تېخىمۇ ھەرىكەتچان ۋە جىددىي تەرزدە مۇناسىۋەتكە كىرىشىدۇ. ئۈمىد ۋە كۈتمەك ئىنساننىڭ قانىتىدۇر. قاناتلار قانچىلىك كۈچلۈك ۋە ساغلام بولسا، ئۇ شۇنچىلىك يۈكسەككە ئۇچالايدۇ. ئۈمىدسىز قالسىچۇ، ھورۇنلىشىدۇ، ئۆزى ياخشى-

لىق قىلالمىغىنى يەتمىگەندەك، بەندىلىك ۋەزىپىلىرىنىمۇ ئادا ئېتەلمەيدۇ. مەسىلەن: كېسەل تاتلىق يېمىشلەرنى تەرك ئېتىپ، ئاچچىق دورىلارنى ئىچىشكە باشلايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ساقىيىشقا ئۈمىدى بولمىسا ئىدى، بۇنىڭغا قانداق تاقەت قىلاتتى؟

«ئىنسان سۆزلىگۈچى ھايۋاندۇر». ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ھايۋانلىقتىن ۋە سۆزلەشتىن ئىبارەت. ھايۋانلىق ئۇنىڭدا دائىمىيدۇر، ئايرىلماستۇر. سۆز ھەم شۇنداق. ئىنسان كۆرۈنۈشتە ھېچ نەرسە دېمىسىمۇ، ئىچىدە ھەمىشە سۆزلەيدۇ. بۇ ھال گويا لاي ئارىلاشقان سۇ تاشقىنىغا ئوخشايدۇ. تاشقىنىنىڭ تازا سۈيى ئىنساننىڭ سۆزى (نۇتقى)، لاتقىلىرى بولسا ھايۋانلىقىدۇر. بىراق لاي ـ لاتقىلار ئۇنىڭدا ئۆتكۈنچى بولۇپ، ۋاقتى كەلگەندە ئۇلاردىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. ياخشى ياكى يامان بولۇشىغا قارىماي، سۆزلەر، ھېكايىلەر ۋە بىلىملەر قالىدۇ. كۆڭۈل ئەھلى بىر پۈتۈندۇر. سەن ئۇنى كۆرۈشنىڭ بىلەن ھەممىسىنى كۆرگەن بولىسەن. چۈنكى، «ئوۋنىڭ بارى چوپان ئېشىكىنىڭ ئىچىدىدۇر» دېيىشىدۇ. دۇنيادىكى جىمىكى خىلقەتلەر ئۇنىڭ جۈزئىلىرىدۇر (قىسىملىرى، بۆلەكلىرى) ۋە كۇللىدۇر (پۈتۈندۇر.)

بېيىت: (بارچە ياخشى ۋە يامان نەرسىلەر دەرۋىشنىڭ جۈزئىلىرىدۇر، ئەگەر بۇنداق بولمىسا، ئۇ دەرۋىش ئەمەستۇر.)

كۇللىنى (شۇبھىسىز رەۋىشتە) كۆرگىنىڭ ئۇچۇن پۈتۈن ئالەمنى ۋە كېيىنرەك ھەر كىمنى كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ سۆزى شۇ كۇللىنىڭ ئىچىدە ۋە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغىنىڭ سەۋەبلىك ئەمدى ئاڭلايدىغان ھەربىر سۆزۈڭ تەكراردىن ئىبارەت.

بېيىت: (كىم ئۇنى بۇ يەردە كۆرگەن بولسا، گويا ھەر ئىنساننى ۋە ھەر يەرنى كۆرگەن بولىدۇ.)

شېئىر: (ئەي تەڭرىم كىتابىنىڭ نۇسخىسى بولغان سەن ۋە ئەي



شاھلىق جامالىنىڭ ئەينىكى بولغان سەن! ئالەمدە سەندىن خالىي بولغان نەرسە يوقتۇر. ھەر ئىستىگىنىڭنى ئۆزۈڭدىن ئىزلە، چۈنكى ھەممە نەرسە سەنسەن.)

پەسىل. نائىب: «بۇرۇنلاردا كاپىرلار بۇتقا تېۋىنىشاتتى. ھازىر بىزمۇ شۇنداق قىلىۋاتىمىز. موغۇللار ھۇزۇرىدا ئېگىلىپ، ئۇلارغا ھۆرمەت كۆرسىتىۋاتىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان دەپ ھېسابلاۋاتىمىز. ئىچىمىزدىمۇ ھېرىس، ھەۋەس، قىزغىنىش كەبى كۆپلەپ بۇتلىرىمىز بار. بىز ئۇلارغا ئىتائەت قىلماقتىمىز. دېمەك، ھەم ئىچىدىن ھەم تاشقىرىدىن كاپىرلار قىلغان ئىشنى بىزمۇ قىلماقتىمىز. يەنى ھەم تېۋىنىۋاتىمىز، ھەم ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان دەپ بىلىۋاتىمىز» دېدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: بۇ يەردە باشقا نەرسە بار. ناۋادا بۇنى يامان نەرسە دەپ بىلەر ئىكەنسىز، دېمەك، سىزنىڭ قەلب كۆزىڭىز تەڭداشسىز ۋە ناھايىتىمۇ ئۇلۇغ بىر نەرسىنى كۆرگەن بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار كۆزىڭىزگە خۇنۇك ۋە نۇقسانلىق كۆرۈنمەكتە. تاتلىق سۇ ئىچىپ يۈرگەن ئادەملا شور سۇنىڭ تۇزلۇق ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. يەنى ھەرقانداق شەيئىنىڭ سۈپىتى قارشىسى ئارقىلىق مەلۇم بولىدۇ. ئۇلۇغ تەڭرى سىزنىڭ قەلبىڭىزنىڭ ئىمان نۇرى بىلەن بېزىگىنى ئۈچۈنمۇ قەلبىڭىزگە بۇ نەرسىلەر چىركىن تۇيۇلماقتا. ئەگەر قەلبىڭىز شۇنداق بولمىغاندا، نەرسىلەرگە بۇنداق قارىماس ئىدىڭىز. باشقىلار بولسا سىزدىكى دەردتىن مەھرۇم بولغانلىقلىرى ئۈچۈنمۇ ئۆز مۇھىتلىرىدىن مەمنۇندۇر ۋە «ئاساسىي نەرسە بۇدۇر» دەيدۇ. ئۇلۇغ تەڭرى سىزگە ئىستىگىنىڭىزنى بېرىدۇ، نېمىگە ئېرىشىش يولىدا ھىممەت كۆرسەتسىڭىز، شۇنىڭغا سىزنى مۇيەسسەر ئەيلەيدۇ. چۈنكى «قۇش قاناتلىرى بىلەن يۈكسىلىدۇ، مۆمىن ھىممىتى بىلەن».

يارىتىلغانلار ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچىسى: مەلەكلەر.



www.uyghurkitap.com

بۇلار ساپ ئەقىلدۇر. ئىبادەت، قۇللۇق ۋە زىكىر تەبىئەتلىرىدە بار. مەلەكلەر شۇلار ئاساسىغا ياشايدۇ، گويا بېلىقتەك. بېلىقنىڭ تىرىكلىكى سۇدىن، ياتىقى ـ سۇ. مەلەكلەر شەھۋەتتىن يىراقتۇر. شەھۋەت بىلەن مەشغۇل بولماسلىق، نەپس ئىستەكلىرىنى ئادا ئەتمەسلىك، بۇلارنىڭ بارچىسىدىن پاكىز بولماقلىق ـ بۈيۈك بىر دۆلەت! شۇنداق ئىكەن، مەلەكلەر ئۈچۈن ئۆز تەبىئەتلىرى بىلەن ھېچقانداق مۇجاھەدە (كۈرەش) بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار ئىبادەتلىرىنى ئىبادەت ھېسابلىمايدۇ، چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ يارىتىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتىدۇر ۋە ئىبادەتسىز ياشىيالمايدۇ.

ئىككىنچىسى: ھايۋانلار. بۇلار نوقۇل شەھۋەتتىن ئىبارەت. ئۇلارنى يامانلىقتىن قايتۇرغۇچى ئەقىللىرىمۇ يوق.

ئۈچىنچىسى: ئەقىل ۋە شەھۋەتتىن تەشكىل تاپقان زاۋاللىق ئىنساندۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسان ئۈچۈن تەكلىپ بار (يەنى تاللاش ئىمكانى بار ـ تەر.)، ھايۋان ۋە مەلەكلەر ئۈچۈن بۇ ـ ئىستىسنا ئىدى. دېمەك، ئىنساننىڭ يېرىمى شەھۋەت، يېرىمى ھايۋان، يېرىمى يىلان، يېرىمى بېلىق. بېلىق قىسمى ئۇنى سۇغا تارتسا، يىلان قىسمى تۇپراققا سۆرەيدۇ. ئەنە شۇ تەرزدە دائىم جەڭ بولۇپ تۇرىدۇ. «ئەقلى شەھۋىتىدىن ئۈستۈن كەلگەن كىشى مەلەكلەردىن ئەۋزەل، شەھۋىتى ئەقلىدىن غالىب چىققان كىشى بولسا ھايۋاندىن تۆۋەندۇر» (ھەدىس.)

بېيىت: (مەلەك بىلىمى بىلەن، ھايۋان بىلىمسىزلىكى بىلەن قۇتۇلىدۇ. بەنى ئادەم بولسا شۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ئاراسەتتە قالدى.)

بەزى ئىنسانلار ئەقىلگە شۇ قەدەر ئەگەشتىكى، نەتىجىدە پۈتۈنلەي مەلەكلەشتى، نۇر بولدى. بۇلار ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيالاردۇر. ئۇلار ئۈمىد ۋە قورقۇنچتىن قۇتۇلغان. «ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئەلۋەتتە



ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە) بىرەر خەۋپ ـ خەتەر يوقتۇر ۋە ئۇلار غەمكىن بولمايدۇ». شەھۋەتنى ئەقىلللىرىدىن ئۈستۈن كەلگەن كىشىلەر تامامەن ھايۋانلىشىدۇ، بەزىلىرى بولسا ئىككى ئوت ئارىـ سىدا قېلىپ قىينالماقتا. ۋەلىيلەر مۆمىنلەرنى ئۆز دەرىجىلىرىگە يەتكۈزمەك ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە كېلىشلىرىنى كۈتەتتى. شەيتانلار ھەم ئۆز نۆۋىتىدە، مۆمىنلەرنى ئۆز تەرىپىگە ۋە جەھەننەم تۈۋىگە تارتىدۇ.

بېيىت: (ئۇنى بىزمۇ ئىستەيمىز، باشقىلارمۇ ئىستەيدۇ. كۆرىدـ مىز، تەلەي كىمگە كۈلۈپ باقاركىن ۋە دوست كىمنى سۆيەركىن؟.)

«ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلسە» قۇرئاننىڭ زاھىرىغا باقـ قان مۇپەسسىرلەر ئۇشبۇ ئايەتنى تۆۋەندىكىچە تەپسىر ئېتىشىدۇ: مۇستاپا: «پۈتۈن دۇنيانى مۇسۇلمانلاشتۇراي، ھەق يولىغا باشلاي» دەپ كۈرەشتى. بىراق ئۆلۈشىنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن: «خەلقنى ئىستىگىنىمدەك دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ياشىيالمىدىم!» دېـ دى. جاۋابەن ئۇلۇغ تەڭرى بۇيرۇدىكى: خاپا بولما، سەن بۇ دۇنيادىن كېتىۋاتقان دەمدە قوشۇن ۋە قىلىچ بىلەن ئالغان ۋىلايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ساڭا قوشۇنسىز ئىتائەت قىلدۇرۇپ، ئىمانغا كەلتۈردـ مەن. خەلقنىڭ بىر ـ بىرلەپ مۇسۇلمان بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەـ نىڭ ـ سېنىڭ دەۋىتىڭنىڭ كامالى ئىكەنلىكىگە شاھىدلىق بېرىدـ دۇ. تەڭرىگە تەسبىھ ئېيت ۋە ئۇنىڭدىن گۇناھلىرىڭ ئۈچۈن كەچۈـ رۈم سورا. چۈنكى بۇ سېنىڭ ئۇ يەرگە كۆچۈشىڭدىن ئىشارەتتۇر.

مۇھەققىقلەر بولسا ئايەتنىڭ مەنىسىنى شۇنداق تەلقىن قىلىدـ شىدۇ: ئىنسان يامان سۈپەتلىرىنى ئۆز ئەمەل ۋە غەيرىتى ياردىمىدە بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلايدۇ. بۇ يولدا ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋە ئىمكانىنى سەرپلەيدۇ. شۇندا ئۇلۇغ تەڭرى بۇيرۇدىكى: سەن بۇ ئىشنى ئۆز كۈچىڭ بىلەن ئادا ئەتمەكچى بولغانىدىڭ. بۇ





مېنىڭ بىر قائىدەمدۇر، يەنى سەن بىزنىڭ بەخشەندىمىزگە يېتىشىش ئۈچۈن بارلىق ۋە يوقىڭنى يولىمىزدا پىدا قىلمىقىڭ كېرەك. سېنىڭ بۇ تۈگىمەس يولنى زەئىپ پۇتلىرىڭ بىلەن تۈگىتەلمەسلىكىڭنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن يۈرۈشنى ئەمىر ئەتمەكتىمىز. سەن ھەتتا يۈز مىڭ يىلدىمۇ بۇ يولنىڭ بىر مەنزىلىگە يېتەلمەيسەن. بىراق يولدا يۈرۈۋېتىپ كۈچتىن، تاقەتتىن قالساڭ، ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىنايىتى سېنىڭ قولۇڭدىن تۇتىدۇ. مەسىلەن: گۆدەك ئۇلغىيىپ ئۆزى ماڭىدىغان بولغۇچە ئۇنى قولىدىن يېتەكلەيدۇ، كېيىن ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىدۇ. نىھايەت، سېنىڭ قۇۋۋىتىڭ تۈگىدى. كۈچ ـ قۇدرىتىڭ باريدا، كۆرەش ئەسناسىدا بىز ساڭا دەمبە ـ دەم لۇتپىمىزنى كۆرسىتەتتۇق، سەنمۇ ئۈمىدلىنەتتىڭ. ئەمدى بۇ ۋاستە (كۈچ ـ تەر.) قالمىغان ئىكەن، بىزنىڭ لۇتپلىرىمىز ۋە ئىنايەتلىرىمىزگە باق. ئۇلار ئېقىپ كەتمەكتە. سەن ئىلگىرى قانچە غەيرەت كۆرسەتمىگىن، بۇنىڭ زەررىسىنىمۇ كۆرمىگەن ئىدىڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن «دەرھال پەرۋەردىگارىڭىزغا ھەمد ئېيتىش بىلەن ئۇ زاتنى ھەرقانداق شېرىكلەردىن پاكلاڭ ۋە ئۇ زاتتىن مەغپىرەت سوراڭ!» دەپ بۇيرۇلغان. سەن ئىشنىڭ بىزنىڭ قولىمىزدا ئىكەنلىكىنى كۆرمەي، ئۆز قولىدىن كېلىشىنى ئويلايتتىڭ. شۇ چۈشەنچەڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن كەچۈرۈم سورا.

بىز ئەمىرنى دۇنيا مەنپەئەتلىرى ياكى ئۇنىڭ تەربىيەسى، بىلىمى ۋە ئەمەلى ئۈچۈن سۆيگىنىمىز يوق. باشقىلار بولسا ئۇنى شۇلار ئۈچۈن سۆيىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەمىرنىڭ يۈزىنى ئەمەس، ئارقىسىنى كۆرىدۇ. ئەمىر ئەينەككە ئوخشايدۇ. بۇ سۈپەتلەر بولسا ئەينەكنىڭ ئارقىسىغا ئىشلەنگەن ئالتۇن ۋە قىممەت باھالىق ئۈنچىلەر كەبىدۇر. ئۇلار ئەنە شۇ ئۈنچىلەرگە بېقىشىدۇ، كۆزلىرى ئەينەكنىڭ ئارقىسىدا. ئەينەككە ئاشىق بولغانلارنىڭ كۆزلىرى بولسا

www.uyghurkitap.com

ئالتۇنلاردا ئەمەس. بۇلار ئەينەكنى ئەينەك ئىكەنلىكى ئۈچۈن سۆيىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا گۈزەل بىر يۈزنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن قاراش بىلەن ئىچى سىقىلمايدۇ. خۇنۇك بولغانلار بولسا ئەينەكتىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئۈنچىلەرنى تاماشا قىلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەينەكنىڭ ئارقىسىغا مىڭ تۈرلۈك جەۋھەرلەردىن شەكىللەر ياسىشىدۇ. بىراق بۇنىڭ ئەينەككە نېمە زەرەرى بار؟

ئۇلۇغ تەڭرى ھەر ئىككىلىسىنىڭ مەلۇم بولۇشى ئۈچۈن ئىنسانلىق بىلەن ھايۋانلىقنى بىر يەرگە توپلىغان. ئاخىر، ھەربىر شەيئىنىڭ قىممىتى زىتى بىلەن مەلۇم ۋە ئايان بولىدۇ. زىتى بولمىغان نەرسىنى تەرىك ئەتمەك ئىمكانى يوقتۇر. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ زىتى بولمىغىنى ئۈچۈن ھەم «مەن يوشۇرۇن بىر خەزىنە ئىدىم، بىلىنمەكنى ئىستىدىم» (ھەدىس) دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، نۇرنىڭ ئاشكارا بولۇشى ئۈچۈن قاراڭغۇ قىلىپ يارىتىلغان مەزكۇر ئالەمنى مەۋجۇت ئەيلىدى. پەيغەمبەرۇ ئەۋلىيالارنىمۇ «مېنىڭ سۈپەتلىرىم بىلەن چىق، خەلققە كۆرۈن» دەپ ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئۇلار تەڭرى زىياسىنىڭ مەزھەرىدۇر. دوست دۈشمەندىن شۇلار ۋاستىسىدە پەرق ئېتىلىدۇ. چۈنكى مەنىنىڭ مەنە سۈپىتىدە زىتى يوقتۇر، بىراق بۇنى سۈرەت (شەكىل) يولىدا كۆرسىتىش مۇمكىن. مەسىلەن: ئادەمنىڭ قارشىسىدا ئىبلىس، مۇسانىڭ قارشىسىدا فىرئەۋن، ئىبراھىمنىڭ قارشىسىدا نەمرۇد ۋە مۇستاپانىڭ قارشىسىدا ئەبۇ جەھىل پەيدا بولغىنىدەك. شۇ ھالدا مەنە ئېتىبارى بىلەن زىتى بولمىسىمۇ، ئەۋلىيالار ۋاستىسىدە تەڭرىگە زىت پەيدا بولماقتا. چۈنكى، «ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى (يەنى ئىسلامنى) ئېغىزلىرى (يەنى بىھۇدە گەپلىرى) بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ. ئاللاھ بولسا، گەرچە كاپىرلار خالىمىسىمۇ، ئۆز نۇرىنى (يەنى دىنىنى) تولۇق (ھەممە تەرەپكە) يايغۇچىدۇر» دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، ئۇلار قانچە دۈشمەنلىك قىلغانسىرى

بۇلارنىڭ ئىشلىرى شۇنچىلىك ئىلگىرىلەيدۇ، ئەتراپقا يېيىلىدۇ.

شېئىر: (ئاي نۇر تارقىتىدۇ، ئىت بولسا قاۋايدۇ. ئاخىر ئىتنىڭ يارىتىلىشى شۇنداق بولسا، ئاي نېمە قىلسۇن؟ كۆكتىكىلەر ئايدىن نۇر ئالماقتا. بىلىۋىرىنىڭ ئورنىدىكى بۇ ئىت كىم بولدى؟)!

شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلۇغ تەڭرى ئۇلارنى مال، نېمەت، ئەمىرلىك ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بېرىپ ئازابلايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ روھلىرى بۇنداق نەرسىلەردىن قاچىدۇ. پېقىر بىر ئەرەب يۇرتىدا بىر ئەمىرنىڭ ئاتقا مىنگىنىنى كۆرۈپ، پېشانىسىدە نەبىي ۋە ۋەلىيلەرنىڭ نۇرىنى مۇشاھىدە ئەتتى ۋە: «مەن قۇللىرىنى نېمەتلەر ۋاستىسىدە ئازابقا ئۇچراتقان ئاللاھقا مەدھىيە ئېيتىمەن» دېدى.

پەسىل. بۇ ئوقۇغۇچى «قۇرئان»نى توغرا ئوقۇيدۇ. بىراق پەقەت سۇرىتىنى، ئۇنىڭ مەنىدىن خەۋىرى يوق. ئەگەر ئۇنىڭغا مەنە چۈشەندۇرۇلسىمۇ، بەرىبىر، كور - كورانە ئوقۇۋېرىدۇ. بۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ: قولىدا قۇندۇز تۇتۇپ تۇرغان ئادەمگە ئۇنىڭكىدىن ياخشىراق بىر قۇندۇز بەرسىڭىز، ئالمىسا، دېمەك، ئۇ قۇندۇزنى بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا كىمدۇر قۇندۇزنىڭ قۇندۇز ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، خالاس. بۇ ئادەم تەقلىدەن قولىغا قۇندۇز ئالغان. يەنە بىر مىسال: ياغاچ ئويناۋاتقان بالىغا ياغاچ مېغىزىنى ياكى يېغىنى بەرسىڭىز ئالمايدۇ. چۈنكى بالا ياغاقتىن چىقىۋاتقان ئاۋازغا ئىشقىۋاز. مېغىز ۋە ياغ بولسا ئاۋاز چىقارمايدۇ. ئاللاھنىڭ خەزىنىلىرى ۋە ئىلىملىرى بىھېساپ. قۇرئاننى چۈشىنىپ ئوقۇغان ئادەم تەڭرىنىڭ باشقا كىتابىنى نېمىشقا قوبۇل قىلمىسۇن؟ قۇرئان ئوقۇغان بىر ئادەمگە چۈشەندۇردىمكى: «قۇرئان» ئېيتىڭلار: «ئەگەر بارچە دېڭىز پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرى (يەنى ئىلمۇ ھېكمەتلىرىنى پۈتۈش) ئۈچۈن سىياھ بولسا ۋە يەنە شۇنچە سىياھ كەلتۈرسەكمۇ، پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرى پۈتۈشىدىن ئەۋۋەل ئۇ دېڭىزلار تۈگەپ كېتىد-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دۇ!» دەپ بۇيرۇدى. قۇرئان ئەللىك دەرھەملىك سىياھ بىلەن يېزىل-
لىشى مۇمكىن. ئۇ (قۇرئان – تەر.) ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن بىر پارچە،
خالاس. ئۇنىڭ (تەڭرىنىڭ – تەر.) پۈتۈن بىلىمى بۇنىڭدىنلا ئىبارەت
ئەمەس. ئاخىر، بىر ئەتتار قەغەزگە ئازغىنە دورا ئوراپ بەرسە، سەن:
«پۈتۈن دۇكان شۇنىڭ ئىچىدىمۇ؟» دەمسەن؟ بۇ ئەخمەقلىق بولار
ئىدى. نىھايەت، مۇسا، ئەيسا ۋە يەنە باشقىلارنىڭ زامانىدىمۇ قۇرئان
مەۋجۇت ئىدى، ھەقنىڭ كالامى بار ئىدى. پەقەت ئەرەبچە ئەمەس ئى-
دى. مانا شۇنى ئېيتماقچى ئىدىم، ئوقۇغۇچىغا قارىسام، تەسىر
قىلمايۋېتىپتۇ، مەنمۇ ئۇنىڭ ياقىسىنى بوشاتتىم (يەنى ئۇنى ئۆز
ھالىغا قويدۇم – تەر.)

رىۋايەت قىلىدۇلەركى: پەيغەمبەر زامانىدا ساھابىلەردىن كىمدە –
كىم يېرىم ياكى بىر سۈرە ئۆگەنسە، ئۇنى ئۇلۇغ ئادەم ھېسابلاپ،
«يېرىم ياكى بىر سۈرە بىلىدۇ» دەپ بارماق بىلەن كۆرسىتەتتى.
چۈنكى ئۇلار ئادەتتە قۇرئاننى يېيىشەتتى(ھەزىم ئېتىشەتتى.) بىر
ياكى يېرىم پاتمان ناننى بىردىنلا يېيىش ھەقىقەتەن قىيىن ئىش.
بىراق ئاز – ئازدىن چايناپ يېسە، يۈز مىڭ ئېشەككە يۈك بولىدىغان
نانىنىمۇ يېيىش مۇمكىن. پەيغەمبەر: «قانچە قۇرئان ئوقۇغان باركى،
قۇرئان ئۇلارغا لەنەت ئېيتىدۇ» (ھەدىس) دېمىگەنمىدى؟ بۇ قۇرئاد-
نى ئوقۇغان، ئەمما مەنىسىنى چۈشەنمىگەن كىشى ھەققىدە ئېيتىل-
غاندۇر.

دۇنيانى كۆرۈش ۋە ئۇنى باشپاناھ ئەيلەشلىرى ئۈچۈن ئاللاھ
بىر قەۋمنىڭ كۆزىنى غەپلەت بىلەن باغلىدى. ئەگەر ئادەملەرنىڭ
بىر گۇرۇھىنى ئەنە شۇ تەرزدە دۇنيادىن غاپىل ئەتمىسە ئىدى، بۇ
دۇنيا باشپاناھ بولار ئىدىمۇ؟

مەمۇرلۇقنى ئۇ دۇنيادىن غاپىل بولماقلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈر-
گەن. چۈنكى ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز ۋە بوش بولغىنى ئۈچۈن بالا

ئۇلغىيىدۇ، ئۆسىدۇ. ئەقلى كامالىغا يېتىشى بىلەن ئۇلغىيىش
توختايدۇ. دېمەك، قورغۇچىلىقنىڭ سەۋەبى ــ غەپلەت، بۇزغۇچى-
لىقنىڭ سەۋەبى بولسا ــ ئەقىللىقلىق. بۇلارنى ئېيتىشتىن مەقسى-
تىمىز سۆيۈملۈك دوستىنى مەنە تەرەپكە تارتماقتۇر.

ھېكايە قىلىدۇلەركى: بىر ئادەم ھەجگە كېتىۋاتقاندا چۆلدىن
ئۆتۈۋېتىپ ناھايىتى چاڭقىدى. ئۇزاقتىن كۆرۈنگەن چېدىرغا يې-
قىنلىشىپ، ئۇ يەردە بىر خوتۇننى كۆردى ۋە: «قىسقىسى، مەن مۇ-
ساپىرمەن!» دېدى ــ دە، ئولتۇردى. سۇ سورىغانىدى، بەردى، بىراق
سۇ ئوتتىن ئىسسىق، تۇزدىن شور ئىدى. مۇساپىرنىڭ لەۋلىرىنى.
تامىقىنى، ئاشقازىنىنى كۆيدۈردى. بىراق ئۇ ناھايىتىمۇ مەرھەمەت-
لىك ۋە شەپقەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن خوتۇنغا نەسىھەت قىلىشقا
باشلىدى: «ماڭا سىزنىڭ ھەققىڭىز ئۆتتى. ئەمدى گەپلىرىمگە قۇلاق
سېلىڭ. باغداد، بەسرە ۋە ياسىق شەھەرلىرى بۇ يەرگە يېقىن. پۇتى
دەسسىمەس ئادەممۇ ئۆمىلەپ ــ ئۆمىلەپ ئۇ يەرلەرگە بارالايدۇ.
چۈنكى شەھەرلەردە ھەممە ياخشى نەرسىلەر بار». شۇ تەرزدە يولۇچى
ئۇ يەرلەرنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن، نېمەتلىرىدىن گەپ قىلىپ تۇرغا-
نىدى، ئايالنىڭ ئېرى كەلدى. ئۇ بىر چوڭ ھايۋاننى ئوۋلىغانىدى.
خوتۇنغا پىشۇرۇشنى بۇيرۇدى. گۆشتىن مېھمانغا بېرىشتى. تۈن
يېرىمىدىن ئاشقاندا يولۇچى چېدىر سىرتىدا يېتىپ ئۇخلىدى. ئايال
ئېرىگە مېھماننىڭ ئېيتقانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. جاۋابەن ئېرى
شۇنداق دېدى: «ئەي خوتۇن، بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىما، چۈنكى دۇن-
يادا قىزغانچۇق ئادەملەر كۆپ. ئۇلار بەزى كىشىلەرنىڭ دۆلەت ۋە
راھەتكە ئېرىشكەنلىرىنى كۆرەلمەيدۇ. بايلىقلىرىدىن، ياشاۋاتقان
جايلىرىدىن مەھرۇم قىلماقچى بولىدۇ». خەلقمۇ خۇددى شۇنداق.
بىراۋ شەپقەت يۈزىسىدىن ئولتۇرۇپ ئۆگۈت بەرمەكچى بولسا، بۇنى
قىزغانچۇقلۇققا جورۇيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا بىر ئاساس (قابىلىيەت)

www.uyghurkitap.com

بار بولسا، نەسىھەتلەر تەسىرىدە مەنىگە يۈز تۇتىدۇ.

مەنىگە يۈزلىنىشنى ئىنسان دەسلەپ ئۈنچىلىك ياخشى كۆرمەيدۇ. بىراق ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ياقتۇرۇشقا باشلايدۇ. بۇ جەريان سۈرەتتە (شەكىلدە) ئەكسىچە كېچىدۇ. چۈنكى سۈرەت بېشىدا خۇش ۋە لەتىپ تۇيۇلىدۇ. بىراق ئۇنىڭ بىلەن قانچە كۆپ بىرگە بولغانسېرى، ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك تېز سوۋۇپ بارىسەن. قۇرئاننىڭ سۈرىتى قايدىيۇ مەنىسى قايدا! خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانغا باق! ئەگەر ئىنسان سۈرىتىدىن مەنىسى كەتسە، جەستى قالىدۇ. جەسىتىنى بولسا ھېچكىم تۇتۇپ تۇرمايدۇ (يەنى تېزلىكتە كۆمىدۇ ــ تەر.)

مەۋلانا شەمسىددىن بۇيرۇدىكى: يولۇچىلارنىڭ كاتتا بىر گۇرۇھى چۆلدە كېتىۋاتقانىدى. قاتتىق چاڭقىدى. تاسادىپىي چېلەكسىز بىر قۇدۇق تېپىۋېلىشتى. ئۆزلىرىنىڭ چېلەكلىرىنى تانىغا باغلاپ قۇدۇققا چۈشۈرۈشتى. بىراق چېلەك قايتىپ چىقمىدى. ئەھۋال بىرنەچچە مەرتە تەكرارلاندى. كېيىن ئادەملەرنى چۈشۈردى. ئادەملەرمۇ قايتىپ چىقمىدى. نىھايەت، بىر ئەقىللىق ئادەم چۈشۈشكە باشلىغانىدى، قۇدۇقنىڭ تۈۋىدە قورقۇنچلۇق بىر ئەرەبكە دۇچ كەلدى. ئەمما ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىدى: «باشقا كەلگەننى كۆرمىز، مۇھىمى ئەقلىمنى يوقاتماي» دېدى. زەڭگى: «مېنىڭ ئەسىرىمسەن، ئەمما سوئالىمغا توغرا جاۋاب بەرسەڭ، ئازاد قىلىمەن. ئېيتقىنچۇ، ئەڭ ياخشى جاي قەيەردۇر؟» دېدى. ئەقىللىق ئادەم ئۆزىگە ئۆزى: «مەن ھازىر ئۇنىڭ تۇتقۇنىمەن. ئەگەر باغداد ياكى باشقا جاينى ياخشى دېسەم، ئۇنىڭ ياشاۋاتقان جايىنى يامان دېگەن بولىمەن» دەپ، «ئەڭ ياخشى يەر ئىنسانىنىڭ دوستى ياشاۋاتقان جايىدۇر ۋە بۇ ماكان يەرنىڭ ئاستىدا، چاشقان ئۇۋىسىدا بولسىمۇ، ئەڭ خۇش جايدۇر» جاۋابىنى بەردى. زەڭگى سۆيۈنۈپ: «ئاپىرىن، قۇتۇلدۇڭ. يەر يۈزىدىكى يېگانە ئىنسان سەنسەن! سېنى ۋە سېنىڭ شارا-





پىتىڭ ئۇچۇن قالغانلارنىمۇ ئازاد قىلىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن قان
تۆكمەيمەن. ساڭا بولغان سۆيگۈم تۇپەيلى بارچە ئادەملەرنى ساڭا بې-
غىشلىدىم» دېدى. ئاندىن پۈتۈن يولۇچىلارنى سۇغا قاندۇردى.

دېمەك، مەقسەت مەنىدۇر. مەنىنى باشقا شەكىل بىلەنمۇ سۆز-
لىمەك مۇمكىن. ئەمما تەقلىدچىلەر پەقەت ماددىي ۋە ئېنىق بولغان-
دىلا سۆزنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلارغا سۆز چۈشەندۇرمەك - مۇشكۇل.
چۈنكى ئۇلارغا شۇنى باشقىچە ئېيتساڭ ئاڭلىمايدۇ.

پەسىل. بۇيرۇدىكى: تاجىددىن قۇبائىيغا: «بۇ ئىلىم تالىپى
ئارىمىزغا كىرىپ، خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا پۈتۈر يەتكۈزمەكتە»
دېدى. ئۇ: «ياق، ئۇلار بۇنداق قىلمايۋاتىدۇ، خۇدا ساقلىسۇن، ئۇلار
بىزدىن ئەمەستۇر. مەسىلەن: ئىتقا ئالتۇندىن تاسما تاقىساڭمۇ ئۇ
ئوۋ ئىتىغا ئايلانماي ئاشۇ كوچا ئىتى پەدىدە تۇرىۋېرىدۇ. ئوۋ ئىتى
باشقا بىر ھۇنەر. بۇ ھۇنەر يىپەك ياكى بوز ئىچىدە بولسۇن، پەرقى
يوق. مەسىلەن: پەيغەمبەر زامانىدا ئىككى يۈزلىمچى كىشىلەر دىن-
غا توسقۇن بولماق نىيىتىدە ئىمانى زەئىپ كىشىلەرگە ئۆزلىرىنى
مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسەتتى.« بەس، نامازلىرىنى «ئۇنتۇپ» قالىدى-
غان كىشىلەردىن بولغان «نامازخانلارغا» ھالاكەت بولغايكى، ئۇلار
رىياكارلىق قىلىدىغان ۋە روزغار بۇيۇملىرىنىمۇ (كىشىلەردىن)
مەنئى قىلىدىغان (يەنى بىرەر كىشىگە پايدىسى تەگمەيدىغان) كىشى-
لەردۇر!» . پۈتۈن سۆز - شۇنىڭدىن ئىبارەت. سەندە ئاشۇ نۇر بار،
بىراق ئىنسانلىق يوق. سەن ئىنسانلىق تىلە. ئىستەلگەن نەرسە بۇ-
دۇر، قالغىنى سۆزنى ئۇزارتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. سۆز كۆپەي-
گەندە، مەقسەت ئۇنتۇلىدۇ، يوقىلىدۇ.

باققال بىر ئايالنى سۆيەتتى. ئۇنىڭغا خىزمەتچىسى ئارقىلىق
خەۋەر ئەۋەتتى: «مەن سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆيدۇم، ياندىم، ئۆلدۈم.
ھۇزۇرۇم يوق، پەقەت سېنى ئويلايمەن...». خىزمەتچى ئۇ ئايالنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئالدىغا كېلىپ، باقىقالنىڭ «سۆيىمەن» دېگەن گېپىنىلا ئېيتىپتى. ئايال: «شۇ قەدەر سوغۇق ئېيتتىمۇ؟» سورىغاندى، خىزمەتچى: «ئۇزاق ۋە كۆيۈپ سۆزلىدى، بىراق دېمەكچى بولغىنى شۇ ئىدى» دەپ جاۋاب بەردى. دەرھەقىقەت، ئاساس بولغىنى مەقسەتتۇر، قالغىنى باش ئاغرىقى.

بۇيرۇدىكى: كېچە ـ كۈندۈز جاڭجال قىلىپ بىر ئايالنىڭ پېئىلىنى تۈزەتمەك ۋە گۈزەللەشتۈرمەكنى ئويلاۋېتىپسەن. ئۇنىڭ ناپاكلىقىنى ئۆز پاكلىقىڭ بىلەن تازىلىماقچى بولۇۋېتىپسەن. ئەسلىدە ئۆزۈڭنى ئۇنىڭ بىلەن تازىلىشىڭ، ئۇنى ئۆزۈڭ بىلەن تازىلىشىڭدىن ياخشىراقتۇر. سەن ئۇ تەرەپكە قاراپ يۈر ۋە ئۇنىڭ ۋاسىتىسىدە گۈزەللەش. ئىمكانسىز بولسىمۇ ئۇ ئېيتقان نەرسىنى قوبۇل قىل. رەشك ھەرقانچە ئەركەكلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچ. ئۇ ئايال باشقا ئەركەكلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى ساڭا ئېيتسىمۇ قىزغانما، چۈنكى سەندىكى ياخشى سۈپەتلەردىن كېيىن يامان سۈپەتلەرمۇ مەيدانغا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پەيغەمبەر: «مۇسۇلمانلىقتا بويتاقلىق يوق» (ھەدىس) دېگەن. راھىبلار يالغۇز ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەركىدۇنيا قىلىدۇ. ئۇلۇغ تەڭرى پەيغەمبەرگە ناھايىتىمۇ نازۇك بىر يولنى كۆرسەتتى. بۇ قانداق يول؟ بۇ ئاياللارنىڭ ئىنجىقلىقلىرىغا، يامانلىقلىرىغا سەۋر قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق يالغان ـ ياۋىداق گەپلىرىنى ئاڭلىماق ۋە ئۇلارغا نىسبەتەن قاتتىق قوللۇق بىلەن ياندىشىش يولىدا ئۆزىنى تۈزەتمەك مەقسىتىدە ئۆيلەنمەكتۇر. ئاللاھ: «سەن يۈكسەك ئەخلاق ساھىبىسەن» دەپ بۇيرۇغان.

ئادەملەرنىڭ يامانلىقلىرىغا سەۋر قىلماق گويا ئۆز ناپاكلىقىنى ئۇلارغا سۈرتۈپ تازىلىغان بىلەن ئوخشاش. سېنىڭ خۇي پەيلىڭ چىدام بىلەن ياخشىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بولسا زۇلۇم ۋە يامان مۇئامىلە

سەۋەبلىك بۇزۇلىدۇ. بۇنى بىلىۋالدىڭ. ئەمدى ئۆزۈڭنى پاكلا. ئۇلار-
نى بولسا ئۆز كىرلىرىڭنى سۈرتۈپ تازىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان
لاتا پارچىسى دەپ قوبۇل قىل. نەپسىڭگە بەس كېلەلمىسەڭمۇ، ئەق-
لىڭگە شۇنداق بىر دەرس بەر. پەرەز قىلايلى، ئۇ، ئوتتۇرىمىزدا نىد-
كاھ بولمىغان مەھبۇبە. شەھۋەت ئۈستۈن كەلگەندە ئۇنىڭ ئالدىغا
بارىمەن. دېمەك، بۇ ھالدا، ئار - نومۇس ۋە رەشكتىن ۋاز كەچمەك
كېرەك. نەپسىڭنى تەربىيە قىلىپ مۇجاھەدە (كۈرەش) ۋە تەھەممۇل
(سەۋر - تاقەت، چىدام) زەۋقى ۋۇجۇدقا كەلگىچە ھەمدە ئۇلارنىڭ
ئىمكانسىز بولغان نەرسىلىرىدىن ئۆزۈڭدە تۇرلۇك ھاللار ھاسىل
بولغانغا قەدەر بۇنى شۇ تەرزدە قوبۇل قىلىشقا ئىنتىل. كېيىنچە
ئۆز - ئۆزۈڭگە بەرگەن دەرسىسىزمۇ مۇجاھەدە ۋە پۇشايمانىنىڭ شا-
گىرتى بولۇرسەن. چۈنكى ئەمدى ئۆز پايدىلىرىڭنى ئەمدى ئۇنىڭدا
ئۇچۇق كۆرىدىغان بولىسەن.

رىۋايەت قىلىدۇلەركى: پەيغەمبەر ساھابىلىرى بىلەن ئۇرۇش-
تىن قايتتى ۋە: «بۇ كېچە شەھەر سىرتىدا ئۇخلاپ ئەتە ئىچىگە كىد-
رىمىز» دېدى - دە، ناغرا چېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭدىن سوراشتى:
«ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟». جاۋاب بەردى:
«خوتۇنلىرىڭىزنى باشقا ئەرلەر بىلەن كۆرسىڭىز خاپا بولىسىز».
بىراق ساھابىلەرنىڭ بىرسى قولاق سالماي، ئۆيىگە باردى. ئۇ يەردە
خوتۇنىنى باشقا بىر ئەر بىلەن ياتقان ھالەتتە تاپتى. خۇددى شۇنىڭ
ئۈچۈنمۇ پەيغەمبەرنىڭ يولى (ئالەمى مۇھەممەدىي) يۈز ئاچقىچە (يە-
نى ئىنساندا شەرىئەت روھى ھاسىل بولغىنىچە) رەشك ۋە ئار - نو-
مۇسنى تەرك ئەتمەك، خوتۇنىنىڭ خىراجىتى، كىيىم - كېچەك ئار-
زۇسى كەبى يۈز مىڭلارچە ھېسابسىز تەشۋىشكە سەۋر قىلماق، زەھ-
مەت چەكمەكتۇر. ئەيسانىڭ يولى يالغۇز قالماق ۋە شەھۋەتنى
كورلاشتۇرماق ئۈچۈن ئىنتىلمەك ئىدى.

www.uyghurkitap.com

مۇھەممەدنىڭ بولسا ئادەملەرنىڭ ۋە خوتۇنلارنىڭ زەھمەتلىرىگە تەھەممۇل(سەۋر ـ تاقەت) ئەتمەك، غەملەرنى تارتماق ئىدى. مۇبادا مۇھەممەدنىڭ يولىدىن كېتەلمىسەڭ، ھېچ بولمىسا ئەيسانىڭ يولىنى تۇتقى، ئايرىم نەرسىلەردىن مەھرۇم بولمىغايسەن. ئەگەر يۈز تەستەك يېمەكتىن بىر لەززەت تۇيساڭ، بۇنىڭ سەمەرىسىنى كۆزۈڭ بىلەن كۆرىسەن ياكى «مۇبادا شۇنىڭغا بۇيرۇدى ۋە خەۋەر بەردى، دېمەك، بۇ يەردە بىر نەرسە بار. بىر ئاز كۈتەيلىچۇ، ۋەدە قىلىنغان نەتىجىگە بەلكى ئېرىشەرمەن!» دەپ غايىبقا ئىشىنىسەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا: «زەھمەتلەر بەدىلىگە مۇكاپاتقا ھازىر مۇيەسسەر بولمىسامۇ، نىھايىسىدە خەزىنىلەرگە ئۇلىشىمەن» دەپ كۆڭلۈڭنى توق قىلغىنىڭ ئۈچۈن نىيىتىڭ ھاسىل بولۇر. ھەتتا خالىغىنىڭدىن، كۈتكىنىڭدىن ئەلالىرىغا ئېرىشىسەن. سۆزلىرىم ھازىر ساڭا تەسىر قىلمىسىمۇ كامالغا يەتكەنسېرى ئۇلار ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ بارىدۇ. سەنمۇ خوتۇن نېمەيۇ دۇنيا نېمە چۈشىنىسەن. سەن نېمە دېسەڭ ھەم، دېمىسەڭ ھەم ئۇلار ئۆز بىلگەنلىرىدىن قالمايدۇ. مەسىلەن: سەن بىر ناننى ئېلىپ، قوينۇڭغا يوشۇرۇ ۋە ئادەملەرگە كۆرسەتمە. شۇندا خەلقنىڭ يوشۇرۇلغان نانغا قىزىقىشى كۈچىيىدۇ. ئەگەر كوچىلاردا ئەرزان نانلار تولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار سېنىڭ قولتۇقۇڭ ئاستىدىكى ئاشۇ زاغرىنى كۆرۈش ئىستىكىدە يانىدۇ. ناننى قانچە ئۇزاق مۇددەت يوشۇرساڭ، ئۇلارنىڭ ئىچىلىرىمۇ شۇنچە شىددەت بىلەن قىززىيىدۇ. چۈنكى ئادەم مەنئى قىلىنغان نەرسىگە ئاچ كۆز بولىدۇ. مەسىلەن: سەن خوتۇنغا: «ئۇستىبىشىڭ ئوچۇق يۈرمە، يۈزۈڭنى ياپ» دېسەڭ، ئۇنىڭدا ئۆزىنى كۆرسىتىش ئارزۇسى بارغانچە كۈچىيىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە يۈزىنى يېپىۋالغان ئايالنى كۆرۈشكە خەلقمۇ شۇنچە ئىشتىياقمەن بولىدۇ. مەركۇر ئىش بىلەن سەن ئىككى تەرەپلىمە ـ كۆرمەك ۋە كۆرۈنمەك

ئىستىكىنى ئارتتۇرماقتىسەن. بىراق سەن ئۆزۈڭچە «ئۇنى ئىسلاھ قىلدىم» دەپ ئويلايسەن. ئەسلىدە بولسا بۇ ئىشىڭ پاساتچىلىقتىن (بۇزغۇنچىلىقتىن ــ تەر.) ئۆزگە نەرسە ئەمەس.

ئەگەر ئۇنىڭدا يامان ئىش قىلماسلىق جەۋھەرى (تەبىئىتىدە) بولسا، سەن ھەتتا بۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلساڭمۇ، ئۇ ئەلۋەتتە ئۆزى-نىڭ گۈزەل يارىتىلىشىغا مۇۋاپىق ئىش تۇتىدۇ. سەن ئەندىشە قىلما ۋە ئۇنىڭ ئەقلىنى، كۈچىنى، نىھايەت ئىشىنى ئىلەشتۈرمە. ئۇ بە-رىبىر ئۆزى بىلگەن يولدىن قالمايدۇ. ئۇنىڭغا توسقۇن بولۇش-رىغبىتىنى ئارتتۇرۇشتىن باشقا نەرسىگە يارىمايدۇ.

ئادەملەر: «بىز شەمسىددىن تەبرىزىينى كۆردۇق!» دېيىشمەكتە. ئەي ئەخلاقسىزلار! ئۇنى قەيەردە كۆردىڭىز؟ ئۆگزىدە تۇرغان تۆگىنى كۆرمىگەن ئادەم «مەن يىڭنە تۆشۈكىگە يىپ ئۆتكۈزدۈم» دېمەكتە. بىر گۈزەل ھېكايە بار: ئىككى نەرسىگە كۈلگۈم كېلىدۇ: بىرى، زەڭگىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنى قارا بويىشى، ئىككىنچىسى، كورنىڭ تاشقىرىنى تاماشا قىلىش نىيىتىدە بېشىنى دېرىزىدىن چىقىرىشى. ئۇلارمۇ شۇلارغا ئوخشايدۇ. كۆزلىرى كور بولۇپ تۇ-رۇقلۇق، ۋۇجۇد دېرىزىسىدىن باشلىرىنى تاشقىرىغا چىقىرىدۇ. گو-يا بىر نەرسىنى كۆرىدىغاندەك! ئەقىللىق ئادەم ئۇچۇن ئۇلار بەرگەن باھانىڭ نېمە قىممىتى بار؟ چۈنكى ئۇلار ھېچ نەرسە كۆرمىگەن.

ئەۋۋەل كۆرۈش خۇسۇسىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئاندىن قارىماق لازىم. دۇنيادا ناھايىتى كۆپ كۆرگەن، ۋەسلىگە ئېرىشكەن ئەۋلىيالار باركى، ئۇلارنى ھەقنىڭ يوشۇرغانلىرى، مەخپىي تۇتقاند-لىرى (مەستۇرانى ھەق) دېيىشىدۇ.

ۋەلىيلەر: «ئەي تەڭرىمىز! يوشۇرغىنىڭدىن بىرىنى بىزگىمۇ كۆرسەت!» دەپ يىغلاپ يالۋۇرمىغىچە ئىستەكلىرى ئىجابەت بول-ماس. چۈنكى تاشقى كۆزلەر بىلەن ئىستەلگەن نەرسىنى كۆرۈپ



بولمايدۇ. بۇ ئىش ئاسان ئەمەس، ھەتتا مەلەكلەرمۇ بۇ مەسىلىدە ئاجىز قالغان. «بىز ھەمدۇ سانا ئېيتىش بىلەن سېنى ئۇلۇغلايمىز ۋە سېنىڭ نامىڭنى دائىم پاك تۇتىمىز».

بىزمۇ ئاشىقمىز، روھانىيمىز، نۇرىمىز. بەنى ئادەم بولسا ئاچ، يەپ تويماس ۋە قانخوردۇر. «قانلار تۆكىدىغان» ئايىتى شۇلار ھەققىدە نازىل بولغاندۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىدىن قورقمىقى ئۈچۈندۇر. روھانىي بولغان پەرىشتىلەرنىڭ نە مېلى، نە مەۋقەئى ۋە نە پەردىلىرى بار. ئۇلارنىڭ بار ـ يوقى نۇردىن ئىبارەت. تەڭرى جامالىغا بولغان ئىشقلىرى ـ بىردىنبىر دەردىدۇر. ئۇزاقنى كۆرگەن كۆزلىرى بولسا ئىنساننىڭ: «مەن كىممەن، قەيەردىن بىلەي، ۋاي تو ۋا!» دەپ ئۆزىدىن ئۆزى قورقۇشى ۋە بىر زەۋق ياكى نۇر يۈز ئاچقاندا: «مەن بۇنىڭغا لايىقمەنمۇ؟» دەپ تەڭرىگە مىڭ مەرتە شۈكۈر ئېيتىشى ئۈچۈن ئىقرار بىلەن ئىنكار ئوتتۇرىسىدا ياشايدۇ.

سىز ئەمدى شەمسىددىننىڭ سۆزىدىن كۆپ زەۋق ئالىسىز. چۈنكى ئىنسان ۋۇجۇدى كېمىسىنىڭ يەلكىنى ئىمان. يەلكەن بولسا شامال كېمىنى زور بىر يەرگە ئېلىپ بارىدۇ. بولمىسىچۇ، سۆز يەلدىن ئىبارەتتۇر.

ئاشىق ۋە مەشۇق ئوتتۇرىسىدىكى تەكلىپنىڭ يوقلۇقى قانداق ياخشى! تەكلىپ، تەكەللۇپ ۋە تارتىنىشلار ـ ياتلار ئۈچۈن. ئاشىققا ئىشقتىن باشقا ھەممە نەرسە ھارامدۇر. بۇنى يەنىمۇ چوڭقۇرراق چۈشەندۈرگەن بولار ئىدىم، بىراق ئەمدى ۋاقتى ئەمەس. سۇنىڭ كۆڭۈل كۆلچىكىگە كېلىپ قۇيۇلۇشى ئۈچۈن كۆپلىگەن تاغلاردىن ئېشىپ ئۆتۈشى كېرەك بولىدۇ. بولمىسا ياكى سۆزلىگەن ياكى ئاڭلىغان سىقىلىدۇ. مىللەتنىڭ بىزارلىقىنى كەتكۈزەلمىگەن خاتىپ ـــ ئىككى پۇلغا قىممەت. ھېچبىر ئاشىق سۆيگىنىنىڭ گۈزەللىكى توغرىسىدا دەلىل كۆرسەتمەيدۇ ۋە ھېچكىم ئاشىقنىڭ كۆڭلىدىن

مەشۇققە قارشى گېپ تاپالمايدۇ. بۇ يەردە دەلىلىنىڭ پايدىسى يوق، بۇ يەردە پەقەت ئىشق تالىپى بولماق كېرەك. تۆۋەندىكى بېيىتتا مۇبالىغە قىلىنغان بولساقمۇ، ئىشق توغرىسىدا مۇبالىغە ئەمەس: «ئەي سېنىڭ سۈرىتىڭ مىڭلارچە مەنىدىن گۈزەلرەك بولغان (سۆيگىنىم!)» دەپ بۇيرۇلغىنىدەك مۇرىتنىڭ شەيخى سۈرىتى ئۈچۈن ئۆز مەنىسىنى پىدا قىلغانلىقىنى كۆرمەكتىمىز. چۈنكى بىر شەيخ ھۇزۇرىغا كەلگەن مۇرىت ئۆز مەنىسىدىن كېچىپ شەيخقە موھتاج بولغان كىشىدۇر.

بەھائۇددىن: «بۇلار بەلكى ئۆز مەنىلىرىنى شەيخنىڭ مەنىسى ئۈچۈن تەرك ئېتىشىۋاتقاندۇر» دېدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: بۇنداق بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر بۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى شەيخ ھېسابلىنىدۇ. ئەمدى ئىچىڭدە بىر نۇر ھاسىل قىلماق ئۈچۈن غەيرەت كۆرسەتمىكىڭ شەرت. نۇر ياردىمىدە سېنى پەرىشان قىلغان ئوتتىن قۇتۇلىسەن ۋە ئىشەنچ ئىچىدە ياشاشقا باشلايسەن. كېيىن كۆڭۈلدە ئەمىرلىك، ۋەزىرلىك كەبى دۇنيا ھاللىرى چاقماقەك يېنىپ ئۆچىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش دۇنيا ئەھلىنىڭ ئىچىدىمۇ تەڭرى قورقۇنچى، ئەۋلىيا ئالىمىنىڭ شەۋقى جىنسىدىن غەيب ئالىمىنىڭ ئەھۋالى پارلايدۇ ۋە ئۇلارمۇ چاقماقتەك يېنىپ ئۆچىدۇ. شۇندا ھەق ئەھلى تەڭرىگە يۈزلىنىدۇ. شەھۋەتكە ئوخشاش دۇنياغا ئائىت ھەۋەسلەر باش كۆتۈرىدۇيۇ قارار تاپالماي، ئۆتۈپ كېتىدۇ.

پەسىل. شەرىفى را سۇختە دەركى: «مۇقەددەس ۋە نېمەتلەر بېغىشلىغان (تەڭرى) دۇنيادىن مۇستەغنىيدۇر (يەنى ئېھتىياجى يوقتۇر، موھتاج ئەمەستۇر.) ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ جېنىدۇر، بىراق ئۆزى جانغا موھتاج ئەمەستۇر. سېنىڭ ۋەھىمەڭنى ئىھاتە قىلغان ھەممە نەرسە ئۇنىڭ قىبلە تەرىپىدۇر. بىراق ئۇنىڭ ئۆزى ھەرقانداق تەرەپ-



www.uyghurkitap.com

تىن خالىيدۇر (موھتاج ئەمەستۇر.) بۇ پىكىرلەر ئەپقاچتى گەپلەر-دۇر. ياكى شاھنى ياكى ئۆزىنى ماختىغانلىق ئەمەستۇر. ئاخىر ئۇ سەندىن مۇستەغنىي بولسا، بۇنىڭدىن سەن نېمە زەۋق ئالىسەن؟ بۇ دوستلارنىڭ ئەمەس، دۈشمەنلەرنىڭ خىتابىدۇر. چۈنكى دۈشمەن: «مەن سەندىن مۇستەغنىيمەن، ساڭا موھتاج ئەمەسمەن» دەيدۇ. ئەمدى سەن ئاتەشىن ئاشىق بولغان ئۇشبۇ مۇسۇلمانغا قارا! زەۋقلىنىدۋېتىپ سۆيگىنىنىڭ ئۆزىدىن مۇستەغنىي ئىكەنلىكىنى سۆزلىمەكتە. بۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ: ھامىمامغا ئوت ياقىدىغان بىر گۈلخانچى ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ: «سۇلتان مەندىن مۇستەغنىيدۇر، ئۇنىڭ ماڭا ئېھتىياجى يوق، پۈتۈن گۈلخانچىلاردىن ۋاز كەچتى» دېسە ۋە ھەقىقەتەنمۇ پادىشاھ ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكەن بولسا، بۇنىڭ نېمىسى زوقلىنارلىق؟

بىر شەيخ: «ئاۋۋال كۆرمەك، ئاندىن ئاڭلىماق ۋە گەپلەشمەك كېلىدۇ. مەسىلەن: ھەممە سۇلتاننى كۆرىدۇ، بىراق ئۇنىڭ بىلەن پەقەت خاس ئادەملەرلا گەپلىشىدۇ» دېدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: «بۇ خاتا، ئەپقاچتى گەپ ۋە تەلەيسىزلىكتۇر. چۈنكى مۇسا ئالدىن گەپلەشتى، كېيىن ئاللاھ دىدارىغا تالىب بولدى. سۆز ئېيتماق مەقامى مۇسانىڭ، كۆرمەك مەقامى بولسا مۇھەممەدنىڭدۇر. شۇنداق ئىكەن، سېنىڭ سۆزۈڭ قانداق قىلىپ توغرا بولۇشى مۇمكىن؟»

بىرسى مەۋلانا شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ ھۇزۇرىدا: «مەن ئېنىق بىر دەلىل بىلەن تەڭرىنىڭ بارلىقىنى ئىسپات ئەتتىم» دېدى. ئەتىسى ئەتىگەندە مەۋلانا شەمسىددىن بۇيرۇدى: «ئاخشام كېچىدە مەلەكلەر كېلىشتى» ۋە: «ئاللاھ ئۇنىڭغا (تەڭرىنى ئىسپات ئەتكەنگە - تەر.) ئۆمر بەرسۇن ۋە ياراتقانغا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، بۇ ئادەم بىزنىڭ تەڭرىمىزنى ئىسپات ئەتتى» دەپ دۇئا قىلىشتى. ئەي بىچارە ئىنسان، تەڭرىنىڭ بارلىقى سابىتتۇر (قەتئىيدۇر، شەكسىز-

دۇر.) بۇ، دەلىل تەلەپ قىلمايدۇ. ئەگەر بىرەر ئىش قىلماقچى بول-ساڭ، دەرىجەڭ ۋە ماقامىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭنى ئىسپات قىل. ئۇنىڭ ئۆزى بولسا دەلىلسىز ھالدا سابىتتۇر. «يەتتە ئاسمان، يەر ۋە ئۇلاردىكى بار جانزات (ئاللاھنى) پاكلار». بۇنىڭغا شۇبھە يوق-تۇر.

بۈيۈك مەۋلانا بۇيرۇدى: ئۇ دۇنيا دېڭىز كەبىدۇر. بۇ دۇنيا بولسا ئۇنىڭ كۆپۈكى. ئەزىز ۋە ئۇلۇغ ئاللاھ كۆپۈك پارچىسىنى مەمۇر قىلماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن بىرقانچە ئادەملەرنىڭ ئارقىسىنى دې-ڭىزغا ئۆرىدى. ئۇلار ئەگەر شۇنىڭ بىلەن بەند بولمىسا، بىر - بىر-لىرىنى يوق قىلىدۇ. كۆپۈك پارچىسىمۇ يىقىلىپ خاراب بولىدۇ. دېمەك، بۇ، شاھ ئۈچۈن قۇرۇلغان چېدىر. مىللەتنى بولسا چېدىرنى رېمونت قىلماق ئۈچۈن مەشغۇل ئەيلەيدۇ.

بىرى دېدى: «ئەگەر بۇ يىپنى تارتمىسام، چېدىر تىك تۇراتتى-مۇ؟» باشقىسى ئېيتتى: «ئەگەر قوزۇق قاقمىسام، يىپنى قەيەرگە باغلايتتىڭ؟». شۇ تەرزدە ئۇلارنىڭ ھەربىرى شاھنىڭ قۇللىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە بۇلارمۇ چېدىردا ئولتۇرۇپ، سۆيگەنلى-رىنى كۆزىتىدۇ. ئەگەر بوزچى ۋەزىرلىك ئۈچۈن ئۆز ئىشىدىن ۋاز كەچسە، پۈتۈن دۇنيا يالىڭاچ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭغا ئۆز ئىشىغا نىسبەتەن زەۋق ئاتا قىلىنغان. بۇ زەۋق ئۈچۈن بوزچى ھەم-مە نەرسىگە رازى بولىدۇ. شۇ تەرزدە، ئۇلۇسنى كۆپۈك پارچىسى بولغان دۇنياغا تەرتىپ بەرمەككە، ئالەمنى بولسا ۋەلىينىڭ نىزامى ئۈچۈن ياراتقاندۇر. ئالەمگە تەرتىپ بەرمەك ئۈچۈن يارىتىلغانلار ئەمەس، بەلكى ئىشلىرىنى نىزامغا سالماق ئۈچۈن ئالەم يارىتىلغان زاتلار بەختلىكتۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە سۆيۈنۈش ۋە زەۋق بېغىشلايدۇ. بۇلار بولسا ئىنساننىڭ ئۆز ئىشىنى بېجىرىشىدە ياردەم ۋە ھۇزۇر بېرىدۇ. «يەتتە ئاسمان، يەر ۋە ئۇلاردىكى بار جانزات



www.uyghurkitap.com

ئاللاھنى پاكلار». دېمەك، چېدىرنىڭ يىپىنى تارتقاننىڭ، تۆۋرۈك قويغاننىڭ، قوزۇق قاققاننىڭ، بوز توقۇغاننىڭ ۋە نىھايەت چېدىردا ئولتۇرۇپ ئايلانغان ۋەلىيلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم تەسىرى بارذۇر.

بىر توپ ئادەم ھۇزۇرىمىزغا كېلىشمەكتە. ئەگەر ئىندىمىسەك، خاپا بولۇشىدۇ. ئەگەر گەپ قىلساق، بۇنىڭغا مەجبۇر بولغانلىمىز ئۈچۈن بىز خاپا بولىمىز. چۈنكى ئۇلار كېيىن: «بىزدىن بەزدى، زېرىكتى ۋە قاچتى»، دەپ غەيۋەت قىلىشىدۇ. بىراق ئوتۇن ئىدىشتىن نېمە ئۈچۈن قاچسۇن؟ قاچىدىغان بولسا ئىدىش قاچىدۇ. چۈنكى، ئوت يالقۇنىغا چىدىيالمايدۇ. ئوتۇننىڭ ۋە ئوتنىڭ قېچىشى قېچىش ئەمەس. ئادەتتە، زەئىپ بولغان نەرسىدىن ئۈزاقلىشىش ئومۇمىي ئەھۋال. دېمەك، بارچە ھاللاردا قاچقان ـــ ئىدىش. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بىزنىڭ قېچىشىمىز ئەسلىدە ئۇلارنىڭ قېچىشىدۇر. چۈنكى بىز بىر كۆزگۈمىز. ئۇلار قاچسا، بىزدە ئەكس ئېتىدۇ. كۆزگۈ ئادەملەر ئۈنىڭدا ئۆزلىرىنى كۆرىدىغان نەرسىدۇر. ئەگەر ئۇلار بىزنى سىقىلغان ھالدا كۆرگەن بولسا، دېمەك، بۇ ئۇلارنىڭ غەملىرى ھېسابلىنىدۇ. غەم ۋە خاپىگەرچىلىك زەئىپلىكنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەرگە غەم سىغمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ يەردە ھېچقانداق ئىشى يوق.

ھامامدا شەيخ سالاھىددىنگە كەمتەرلىك قىلدىم. ئۇ بۇنىڭغا جاۋابەن شۇنداق بىر مۇلازىمەت كۆرسەتتىكى جىددىيلىشىپ قالدىم ۋە ئۆزۈمچە دېدىم: «كەمتەرلىكنىڭ چېكىدىن ئېشىۋاتىسەن. ئاستا ـ ئاستا تەۋازۇ (كەمتەرلىك) كۆرسىتىش ياخشىراقتۇر. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى يۇ، ئاندىن پۇتىنى. بۇلارنى دېيەرلىك سەزدۇرمەي قىل. شۇنداق ئۇ بۇلارغا كۆنىدۇ ۋە مۇلازىمەتكە نىسبەتەن تەۋازۇ بىلەن جاۋاب بېرىش ھېسسىنى تۇيمايدۇ. شۇ تەرزدە ئۇنى كەمتەر-

لىككە ئۆگەتكەن بولىسەن. دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىكنىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ـ تەدرىجىي كۆرسەتمەك لازىم. مەسىلەن: دۈشمەنگە ئالدى بىلەن پەندى ـ نەسىھەت قىلىسەن، ئاڭلىمىسا ئۇردسەن، يەنە بولمىسا، ئۇنى ئۆزۈڭدىن ئۇزاقلاشتۇرىسەن. «قۇرئان»دا: «خوتۇنلىرىڭلارنىڭ ئىتائەتسىزلىكىنى كۆرسەڭلار، ئاۋۋال ئۇلارغا پەندى ـ نەسىھەت قىلىڭلار، كېيىن (يەنى نەسىھەت كار قىلمىسا) ئۇرۇڭلار» دەپ بۇيرۇلغان.

دۇنيانىڭ ئىشلىرى شۇ هالدا يۈرىدۇ. باهارغا قارا! دەسلەپ ئازراق ئىللىتىدۇ، بارا ـ بارا ئۆز هارارىتىنى ئارتتۇرىدۇ. دەرەخلەرمۇ شۇنداق. ئىسسىقنى ئاستا ـ ئاستا سېزىپ ئاۋۋال كۆلۈمسىرەيدۇ، ئاندىن يوپۇرماق چىقىرىپ مېۋە بېرىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىبادەت، تائەت، خىلۋەت ۋە نامازغا تەۋەججۇھ ئېتىشتە (يۈزلىنىشتە) ئاساندىن مۇرەككەپكە قاراپ مېڭىلىدۇ. ئاخىر، ئاۋۋال يالغۇز ناماز ئوقۇمىغان ئىنسان قانداق قىلىپ ئاللاھ يولىغا كىردۇ؟ دەسلەپ بىر مەرتە بەش ۋاق نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا ئارتتۇرىدۇ. بۇنىڭ داۋامى يوق.

پەسىل. ئىبىن چاۋۇشقا لازىم بولغىنى شەيخ سالاهىددىن هەققىدە يامان سۆز ئېيتىشتىن تىلىنى تىيماقتۇر. بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق. چۈنكى قەلب كۆزىنى توسۇپ قويغان پەردىلەر ئېچىلىپ زۇلمەت چېكىنىدۇ.

ئىبىن چاۋۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىلەر دېدى؟ ئىنسانلار بۇنداق ئۇلۇغ زاتقا يېتىشمەك مەقسىتىدە يۇرتلىرىنى، ئاتا ـ ئانىلىرىنى، بالا ـ چاقىلىرى ۋە قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ هىندىستاندىن سىندقا كەلدى. تۆمۈردىن ئىشلەنگەن ئاياغ كىيىملىرى پارچە ـ پارچە بولدى. ئۇلار قىيىنچىلىقلارنى ئۇ ئالەمنىڭ بۇيىنى ئالغان ئۇلۇغ زاتنى كۆرۈش ئۈمىدى بىلەن تارتتى. نى ـ نى ئادەملەر نىيەتلىرى هاسىل

www.uyghurkitap.com

بولماي ئۆلۈپ كەتتى. سەن بولساڭ ئاشۇ ئۇلۇغ زات بىلەن بىر ئۆيىدە يۈزمۇيۈز ئولتۇرۇپ تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەكچىسەن. ئاخىر، بۇ سەن ئۈچۈن زور بالا ۋە غەپلەت ئەمەسمۇ؟

ئىبىن چاۋۇش دىنىنىڭ ۋە شەيخلەرنىڭ سەلاھى (تۈزلىشى، ياخشىلىنىشى ـ تەر.) توغرىسىدا كۆپ ياخشى گەپلەرمۇ ئېيتتى: «ئۇ بۈيۈك ئادەمدۇر. بۈيۈكلۈكى شۇنداقلا يۈزىدىن مەلۇم». ئاندىن: «ئىگىمىز، ئەپەندىمىز، تەڭرىمىز، يارانقۇچىمىز!» دېدى. ئۇ بۇ تەبىرلەرنى ھېچقاچان ئۆزگەرتمىگەن ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ يامان ۋە بۇزۇق نىيەتلەر كۆزلىرىگە پەردە بولدىمۇ؟ بۈگۈن شەيخ سالاھىددىن ھەققىدە گەپ قىلىۋېتىپ «ئۇ ھېچكىم ئەمەس» دېدى. سالاھىددىن ئۇنىڭغا نېمە يامانلىق قىلدى؟

ئەگەر سالاھىددىن ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى قىلساڭ تامامەن ئۇنىڭ قەھرىگە ئۇچرايسەن. ئۇ ساڭا: «قەھر ۋە غەزەپ، لۇتىپ ۋە مەرھەمەت ئۆيۈمدىن كۆچ. ئەگەر ئۆزۈڭگە ياقىدىغان بىر ئىش قىلساڭ، مېنىڭ لۇتپ ۋە مەرھەمەت ئۆيۈمگە كىرىسەن. بۇنىڭدىن ئىچىڭ يورۇيدۇ» دېدى. ئۇ پەقەت سەن سېنىڭ پايداڭ ئۈچۈن ئۆگۈت بەرمەكتە. سەن بولساڭ بۇ ياخشىلىققا قانداقتۇر بولمىغۇر چۈشەنچىلەر بىلەن جاۋاب قىلىۋاتىسەن. ئاخىر، بۇنداق بىر ئادەمنىڭ ساڭا قانداق دۈشمەنلىكى ۋە يامانلىقى بولۇشى مۇمكىن؟ مەسىلەن: ھارام بولغان شارابتىن ياكى ئەپيۇندىن ئىچىپ، سەرھۇشلۇقتىن زەۋق ئالىسەن ۋە دوستۇ دۈشمەننىڭ قول ـ پۇتلىرىغا سۆيۈپ، ئۇلارغا مۇلازىمەت كۆرسىتىسەن. بۇ لەھزىدە سەن ئۈچۈن ئىمانلىق بىلەن ئىمانسىزنىڭ پەرقى بولىدۇ. شەيخ سالاھىددىن بولسا سەن ئالغان ئەنە شۇ زەۋق قۇياشلىرىنىڭ ئەسلىدۇر. شەۋق ۋە خۇشاللىق دېڭىزلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدىدىدۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ كىمگە قارشى غەرىزى بولۇشى مۇمكىن؟ نەسىھەت قىلىۋاتقان بول-

سا، پۈتۈن قۇللارغا بولغان شەپقەت ۋە مۇھەببىتى تۆپەيلى قىلىۋې-
تىپتۇ. ئۆزىدە بۇ قەدەر بۈيۈكلۈك ۋە سەلتەنەت بولغان زات سەندەك
مىسكىنلەر بىلەن بىر بولامدۇ؟

ھايات سۈيى قاراڭغۇ بىر يەردە بولىدۇ. بۇ يەر ۋەلىيلەرنىڭ
جىسمىدۇر. ھايات سۈيى شۇ يەردە. ئىنسان بۇ سۇغا پەقەت قاراڭغۇ-
لۇقتا يېتىشەلەيدۇ. سەن بولساڭ قاراڭغۇلۇقنى سۆيمەيسەن، ئۇنىڭ-
دىن نەپرەتلىنىسەن. ئۇ ھالدا ھايات سۈيىگە قانداق يېتىشىسەن؟
قورقۇنچاقلاردىن قورقۇنچاقلىقنى، پاھىشەلەردىن پاھىشىلىكنى
ئۆگەنمەكچى بولساڭ، ساڭا ياقمايدىغان كۆپلىگەن نەرسىلەرگە سەۋر
قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بولمىسا، مەقسىتىڭ ھاسىل بولمايدۇ.

نەبىيلەر ۋە ۋەلىيلەرنىڭ مەقامى ھېسابلانغان ئۆلۈمسىز ھاياتـ-
قا يېتىشمەكچى بولساڭ، نەپسىڭدىكى يامانلىقلاردىن ۋاز كەچمىكىڭ
ۋە ياقتۇرمايدىغان نەرسىلىرىڭگە تەھەممۇل (سەۋر) ئەتمىكىڭ كېـ-
رەك بولىدۇ. ھازىرقى شەيخلەر بۇرۇنقىلىرىدەك ھۆكۈم چىقارمايۋا-
تىدۇ. بار ـ يوقى: «خوتۇنىڭنى، بالا ـ چاقاڭنى، مال ـ دۇنيارىڭنى
تەرك ئەت!» دەيدۇ. بۇرۇنقى شەيخلەر: «خوتۇنىڭنى تەرك ئەت، ئۇنى
بىز ئالىمىز» دېيىشەتتى ۋە مۇرىتلىرىمۇ بۇنىڭغا سەۋر قىلىشاتتى.
سىز بولسىڭىز شەيخنىڭ ئاسان تەكلىپىگە نېمە ئۈچۈن سەۋر قىلـ-
مايۋاتىسىز؟ سىز ياقتۇرمىغان بىرقانچە نەرسىلەر باركى، بەلكى
ئۇلار سىز ئۈچۈن خەيرلىكتۇر. نەپسلىرىنى كورلۇق ۋە بىلىمسىز-
لىك قاپلىغان بۇ ئادەملەر نېمە دېيىشىۋاتىدۇ ئۆزى؟ ئۇلار ئويلاپ
كۆرەمدۇ، ئىنسان بىر ئايالغا ئاشىق بولغاندا نى ـ نى مۇشەققەتلەر-
گە دۇچار بولىدۇ. ئۇنىڭ (ئايالنىڭ) كۆڭلىنى ئالماق ئۈچۈن بار ـ
يوقىنى پىدا قىلىدۇ. بۇ يولدا ھېچ چارچىمايدۇ، زېرىكمەيدۇ، سىد-
قىلمايدۇ. ئاللاھنىڭ ۋە شەيخنىڭ مۇھەببىتى بۇنىڭدىن تۆۋەنمىدۇ-
كى، بېجىرىلىشى ناھىيىتىمۇ قولاي بولغان ھېكمەتلەر ئىبىتىلغاـ



دىمۇ شەيخلەر تەرك ئېتىلىدۇ. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇ تېخى ھەقىقىي ئاشىق بولمىغان. ئەگەر ھەقىقىي ئاشىق بولسا ئىدى، بۇ- نىڭدىن بەتتەر ئېغىر شەرتلەرگىمۇ سەۋر قىلغان ۋە بۇلار ئۇنىڭغا ھەسەلدىنمۇ، شېكەردىنمۇ شېرىنراق تۇيۇلاتتى.

پەسىل. بىركۇنى بىر يىغىلىشتا ۋەز ئوقۇلۇۋاتاتتى. ئۇنىڭغا قاتناشقان مۇسۇلمان ۋە كاپىر ھەممە يىغلاپ، تۈرلۈك ئەھۋاللارغا چۈشۈشكە باشلىدى. بىرى: «كاپىرلار نېمىشقا يىغلىشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىلنى بىلىشمەيدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭمۇ مىڭدىن بىرى ئاران چۈشىنىۋاتقان ۋەزدىن ئۇلار تۆكۈلۈپ يىغلىغىدەك نېمىنى چۈشەن- گەندۇر؟» دەپ سورىدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: سۆزنىڭ ئۆزىنى چۈشى- نىشكە ھاجەت يوق. ئۇلار ماھىيەتنى، مەقسەتنى چۈشىنىۋاتىدۇ. ئۇلارمۇ ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى تەن ئالىدۇ. ئۇنىڭ ياراتقۇچى، رازراق (رىزىق بەرگۈچى)، ھەممە نەرسىنى ئۆز تەسەررۇپىدا تۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى، نىھايەت ھەركىم ئۇنىڭغا قايتىدىغانلىقىنى، ئەپۇ ۋە جازا ئۇنىڭدىن بولىدىغانلىقىنى بىلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تەڭرى- نىڭ سۈپىتى ۋە زىكرى بولغان سۆزلەرنى ئاڭلىشى بىلەن ئىزتىراپ- قا چۈشۈپ، قەلبلىرىدە سۆيۈنۈش ۋە زەۋق تۇيماقتا. بۇ سۆزدىن ئۇلارغا سۆيگەنلىرى ۋە ئىستىگەنلىرىنىڭ بۇيى كەلمەكتە. يوللار تۈرلۈك ـ تۈمەن بولسىمۇ غايە بىردۇر. ئاخىر، كۆرمەيۋاتامسەن، كەئبىگە ئېلىپ بارىدىغان قانچە يوللار بار. كىم رۇمدىن، كىم شام- دىن، كىم ئەجەمدىن، كىم چىندىن ۋە يەنە كىم ھىندۇ يەمەندىن يولغا چىقىدۇ. ئەگەر يوللارغا قارايدىغان بولساق، زور پەرقلەر بار. مەقسەتكە، غايىگە نەزەر سالساقچۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ـــ كەئ- بىگە يۆنەلگەندۇر. بۇ يەردىكى ئىشق ناھايىتىمۇ ئۇلۇغدۇر. چۈنكى، بۇندا ـ ھېچقانداق چۈشەنمەسلىك، باشباشتاقلىق يوق. كەئبىگە كەلگەندىن كېيىن يوللاردىكى غەۋغالار، ئۇرۇشۇپ ـ تىللىشىشلار

بەرھەم تاپىدۇ. چۈنكى يولدا بىر ـ بىرلىرىگە: «كاپىرسەن، پالاز-
سەن، پىستانسەن» دېگەنلەر، كەئبىگە كېلىشلىرى بىلەن مەقسەت-
لىرى بىر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. مەسىلەن: چىنىنىڭ جېنى
بولسا، ئۆزىنى ياسىغانىنىڭ قولى بولىدۇ. چىنە ياسىغانلارنىڭ بەزى-
سى: «بۇنداق شۇ پېتى داستىخانغا قويۇش كېرەك» دېسە، باشقىسى:
«ئۇنىڭ ئىچىنى يۇيۇش كېرەك» دەيدۇ. يەنە بىرى «ئۇنىڭ تېشىنى
يۇيۇش لازىم» دېسە، باشقىسى: «ئۇنىڭ ھەممە تەرىپىنى يۇيۇش كې-
رەك» دەيدۇ. نىھايەت، يەنە شۇنداقلار باركى: «يۇيۇشقا ھاجەت يوق»
دەيدۇ. كېلىشەلمەسلىك مانا شۇنداق نەرسىلەردىدۇر. بىراق ئۇلار-
نىڭ بارچىسى چىنىنىڭ ياسىغۇچىسى بار ئىكەنلىكىدە، يەنى ئۇنىڭ
ئۆز ـ ئۆزىدىن پەيدا بولۇپ قالمايدىغانلىقىدا بىردەك پىكىردە. بۇ-
نىڭدا كېلىشەلمەسلىك يوق.

ئەمدى ئادەملەرگە قايتايلى. ئادەملەر ئاللاھنى چىن دىلىدىن
سۆيىدۇ. ئۇنىڭدىن سورايدۇ، ئۇنىڭغا يېلىنىدۇ، ھەممە نەرسىنى
ئۇنىڭدىن كۈتىدۇ، بار ۋە يوق نەرسىلىرىنىمۇ ئۇنىڭدىن دەپ بىلى-
دۇ. ئۇنىڭدىن باشقىنى ئۆز ئۈستىلىرىدىكى قۇدرەت ساھىبى دەپ
بىلمەيدۇ. بۇ مەنە ئىنكار قىلىشمۇ، ئىمان كەلتۈرۈشمۇ ئەمەس. ئۇ-
نىڭ بىر ئىسمى يوق. بىراق مەنە سۆز ۋە شەكىلگە ئايلىنىشى بىلەن
كۈپۈر ياكى ئىمانغا ئايلىنىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش يەردىن
ئەمدى چىقىۋاتقان ئۆسۈملۈكلەرنىڭمۇ دەسلەپتە مۇئەييەن شەكلى
بولمايدۇ، ئاستا ـ ئاستا ئۆسۈپ دۇنياغا كۆز ئاچقانسېرى لەتىپ ۋە
نازۇك كۆرۈنىدۇ. ياشىغانسېرى بولسا كىرلىشىدۇ، قوپاللىشىدۇ،
رەڭلىرى ئۆزگىرىپ خۇنۈكلىشىدۇ. بىر ـ بىرلىرى بىلەن گەپ-
لەشمىگەن مۆمىن ۋە كاپىر زاھىرەن بىر خىلدۇر. چۈشەنچە ئەيىب-
لەنمەيدۇ. ئىنسانىنىڭ ئىچى ھۆرىيەت ئالەمىدۇر، چۈشەنچىلەر لە-
تىپدۇر، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىنمايدۇ. «بىز كۆرۈنگەنگە

(زاھىرغا، ئايانغا ـ تەر.) ھۆكۈم قىلىمىز. سىرلارنى ئاللاھ بىلىدۇ» (ھەدىس.) ئۇلارنى سەندە ئۇلۇغ ئاللاھ مەيدانغا كەلتۈرمەكتە ۋە سەن ئۇلاردىن ئۆزۈڭنى ئۇتقا ـ چوغقا ئۇرۇپمۇ، «لاھەۋلە»نى ئېيتىپمۇ قۇتۇلالمايسەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «تەڭرىنىڭ قورالغا ئېھتىياجى يوق» دېيىشىدۇ. ئۇ تەسەۋۋۇر ۋە چۈشەنچىلەرنى قەلەم ۋە بوياق كەبى ۋاسىتىلەرسىز سەندە ھاسىل قىلىدۇ. چۈشەنچىلەر پەرۋازدىكى قۇشلار ۋە چۆل جەرەنلىرى كەبىدۇر. مەنە ئىبارە ھالىغا كېلىشى بىلەن ئىنساننىڭ مۇسۇلمان ياكى كاپىرلىقىغا، ياخشى ياكى يامانلىقىغا ھۆكۈم بولۇشى مۇمكىن. جىسىملار ئالەمى بولغىنى كەبى تەسەۋۋۇر، تەخەييۇل (خىياللار) ۋە ۋەھىملەرنىڭمۇ ئۆز ئالەمى باردۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ بولسا بارچە ئالەملەردىن خەۋەرداردۇر ھەممىدە ئىچىدىمۇ، تېشىدىمۇ ئەمەستۇر.

ئەمدى سەن ئاللاھنىڭ ئۇشبۇ تەسەۋۋۇرلار ئۇزرە تەسەررۇپىغا باق. ئۇلارنىڭ ۋاسىتىسىز ھالدا قاي يوسۇن تەسەۋۋۇر ئەتمەكتە؟ خىيال ۋە تەسەۋۋۇرنى كۆرمەك ئۈچۈن كۆكرەكنى يېرىپ، پارچە ـ پارچە قىلساڭمۇ، ئىستەلگەن چۈشەنچىنى تاپالمايسەن. ئۇنى قازدىنمۇ، تومۇردىنمۇ، پەستىنمۇ، يۇقىرىدىنمۇ، قىسقىسى، ھېچ قەيەردىن ئىزدەشنىڭ پايدىسى يوق. ياخشىسى سەن ئۇنىڭ بۇلارنى يارىتىش ئۈچۈن نەقەدەر لەتىپ ۋە تەڭداشسىز، نىشانسىز بولغانلىقىنى ئويلا. مەزكۇر قېلىپلار ئىنساندىكى مەنىگە نىسبەتەن چەكسىز قۇۋۋەتلىكتۇر (زىچتۇر، قاتتىقتۇر ـ تەر.) لەتىپ، تەڭداشسىز ۋە خۇسۇسىيەتسىز بولغان مەنىلەر بولسا تەڭرىنىڭ لۇتپىلىرىغا نىسبەتەن كۈچلۈك (زىچ، قاتتىق ـ تەر.) جىسىملار كەبىدۇر.

ئۇلۇغ ئاللاھ تەسەۋۋۇر ئالەمىگە، ھەتتا ھېچبىر ئالەمگە سىغمايدۇ. ئەگەر تەسەۋۋۇر ئالەمىگە سىغسا ئىدى، تەسەۋۋۇر قىلغان (كىشى) ئۇنى قامرىغان بولار ئىدى ۋە ئۇ تەسەۋۋۇرلارنىڭ ياراتقۇ-

چىسى دېيىلمەس ئىدى. دېمەك ئۇ بارچە ئالەملەرنىڭ ئۈستىدە ئىد-كەنلىكى چۈشىنىلمەكتە.

ئۇلۇغ تەڭرى پەيغەمبىرىگە چۈش كۆرگۈزدى. «قەسەمكى، ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرىگە (ئۇ كۆرگەن) چۈشنى ھەقىقىي ـ راست قىلدى: ئەلۋەتتە، سىلەر (ئەي مۆمىنلەر)، ئىنشائاللاھ مەسچىت ـ ئەل ـ ھەرەمگە ... كىرۈرسىزلەر» ، ھەممە: «كەئبىگە كىرىمىز!» دېسە، پەقە بەزىلىرىلا: «ئىنشائاللاھ، كەئبىگە كىرىمىز!» دەيدۇ. بۇ «ئىنشائاللاھ» دېگەنلەر ئاشىقلاردۇر. چۈنكى ئۇلار بۇ نەرسە ئۆز قوللىرىدا ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. ئۇلار ھەممە نەرسىنىڭ يارغا باغ-لىق ئىكەنلىكىگە ئىقرار ۋە: «ئەگەر يار خالىسا، ئۇ يەرگە كىرىمىز» دېيىشىدۇ. زاھىرنى كۆرگەنلەر ئۇچۇن مەسچىتى ھەرەم زىيارەت قىلىنىدىغان كەئبىدۇر. ئاشىقلار ۋە تەڭرىنىڭ خاس قۇللىرى نە-زىرىدە بولسا مەسچىتى ھەرەم تەڭرىنىڭ ۋىسالىدۇر. شۇنىڭ ئۇ-چۇنمۇ: «ئاللاھ خالىسا، دىدارىغا يېتىشىمىز!» دەيدۇ. بىراق يارنىڭ «ئىنشائاللاھ» دېيىشى ناھايىتىمۇ نادىر ھادىسە. بۇنىڭ ھېكايىسى غەيرىي ئاددىي ۋە غەلىتىدۇر. غەيرىي ئاددىي ھېكايىنى ئاڭلىماق ئۇچۇن غەيرىي ئاددىي ئادەم كېرەك.

ئاللاھنىڭ شۇنداق قۇللىرى باردۇركى، ئۇلار ئەزىزدۇر، سۆ-يۈملۈكتۇر. ئاشىقلارنىڭ بارچە ۋەزىپىسىنىمۇ پەقەت شۇلار ئۇچۇن ئادا قىلىدۇ. ئاشىقنىڭ: «ئىنشائاللاھ، ئېرىشىمىز!» دېگىنىدەك، ئۇلۇغ تەڭرىمۇ: «ئۇ غەرب (ئەزىز) خالىسا!» دەيدۇ. بىراق بىز ھازىر بۇنى شەرھىسىگە قىزىقىپ كەتسەك، ۋىسالغا ئېرىشكەن ۋەلىيلەر تۇگۇنچەكىنىڭ ئۇچىنى يوقىتىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇنداق ئەھۋالغا چۈشسە، بۇ خىل سىرلار خەلققە قانداق ئېيتىلىدۇ؟ قەلەمنىڭ ئۇچى شۇ يەردە سۇندى...

مۇنارنىڭ ئۈستىدىكى تۆگىنى كۆرەلمىگەن (كىشى)، تۆگىنىڭ

ئاغزىدىكى قىلنى قانداق كۆرسۇن؟

ئەمدى بىرىنچى ھېكايىگە كېلەيلى: «ئىنشائاللاھ!» دېگەن ئاشىقلار: «ئىشنى بىجىرگەن باردۇر، ئۇ خالىسا كەئبىگە كىرىمىز!» دېمەكچى بولىدۇ. بۇلار ئاللاھقا غەرق بولغاندۇر. ئارىغا ئۆزگە بىراۋ سىغمايدۇ. ھەتتا بۇ ھەقتە سۆزلىمەك ھارامدۇر. ئۆزىنى پاناھ ئەتمىگۈچە ئارىغا ھېچكىم كىرەلمەيدۇ. «ئاللاھتىن باشقا زات يوقتۇر». قەسەمكى، ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرىگە (ئۇ كۆرگەن) چۈشنى ھەقىقىي ـ راست قىلدى». بۇ ئاشىقلار ۋە سادىقلارنىڭ چۈشىدۇر. شەرھىسى ئۇ دۇنيادا مەلۇم بولىدۇ. پۈتۈن ئالەمنىڭ ھاللىرىمۇ بەلكى بىر چۈشتۇر ۋە بۇلارنىڭ شەرھىسىمۇ ئۇ دۇنيادا بىلىنىدۇ. مەسىلەن: چۈشۈڭدە ئاتقا مىنسەڭ، مۇرادىڭ ھاسىل بولۇر. بىراق ئاتنىڭ مۇراد بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ سېنى دارغا ئاسقانلىقىنى (چۈشۈڭدە) كۆرسەڭ، دېمەك، بىر ئۇلۇسنىڭ بېشى بولىسەن، دار بىلەن ئەلگە باش بولۇشنىڭ نېمە يېقىنلىقى بار؟ دۇنيانىڭ ھالىمۇ چۈشكە ئوخشايدۇ. «دۇنيا ئۇخلىغان ئادەمنىڭ چۈشىگە ئوخشايدۇ» (ھەدىس.) بىراق ئۇ دۇنيانىڭ شەرھىسى ئۆزگىچە خاس بولۇپ، بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىلاھى شەرھىدۇر. ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئۈچۈن كەشىپ ئېتىلگەن. مەسىلەن: باغقا كىرگەن باغۋەن دەرەخلەر شېخىدىكى مېۋىلەرگە قارىماستىن: «بۇ خورما، بۇنىسى ئەنجۈر، ئاۋۇ نەشپۈت، بۇ ياقتىكىسى ئالما» دېيەلەيدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش چۈشلەرنىڭ تەبىرىنى بىلىش ئۈچۈنمۇ قىيامەتكە ھاجەت يوق. باغۋەننىڭ قايسى دەرەخ قانداق مېۋە بېرىشىنى بىلگىنىدەك، ئۇمۇ چۈشلەر تەبىرىنى ئالدىن بىلىدۇ. مال ـ دۇنيا، خوتۇن، كىيىم ـ كېچەك ۋەھاكازالار ئەترابتىكى نەرسىلەردۇر. ئاخىر، ئاچ ـ يالىڭاچ ھالدا نان تاپالمىساڭ، چۈنتەككىدىكى يۈز دەرھەم پۇلدىن نېمە پايدا؟ ئۇنى يېگىلى بولامتىمۇ؟ دېمەك، خوتۇن، بالا ـ چاقا، شەھۋەت





ۋە ئۇستىباش كىيىملەر سوغۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر. شۇ تەرزدە بارچە نەرسىلەر بىر ـ بىرىگە باغلىق بولۇپ، تا ئۇلۇغ ئاللاھ ـ قا قەدەر ئۆزىراپ بارىدۇ. ئىستەلگەن، قېدىرلىغان ئۇدۇر ۋە ئۇنى باشقا نەرسە ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئۈچۈن ئىستەيدۇ. چۈنكى ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ئۇستىدە، ھەممىسىدىن ئەلادۇر، يۈكسەكتۇر، شەرەپلىكتۇر، گۈزەل ۋە خۇشتۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۇنى ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان نەرسە ئۈچۈن خالاش قانداق بولىدۇ. ئاخىرقى چەك ئۇنىڭدىدۇر. ئۇنىڭغا يېتىشىش بىلەن بارچە ئارزۇلارنىڭ ھەممىسى رويابقا چىققۇسى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىسى ۋە باشقىسى يوقتۇر.

ئىنسان نەپسى شۈبھە ۋە تەخمىن ماكانىدۇر. سەن ئۇنىڭدىن (ئىنساندىن ـ تەر.) بۇ نەرسىلەرنى ھېچقاچان ھېچقانداق ۋاستە بىلەن يوق قىلالمايسەن. بۇنى پەقەت ئاشىق بولۇش بىلەنلا بىرتەرەپ قىلىش مۇمكىن. ئىنسان ئاشىق بولۇش بىلەن (ئۇنىڭ) ئىچىدە ھېچبىر شۈبھە ۋە تەخمىن قالمايدۇ. سېنىڭ سۆيگۈڭ سېنى كور ۋە گاس قىلىدۇ» (ھەدىس) دەپ بۇيرۇلغان.

ئىبلىس ئادەمگە سەجدە قىلماي، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قارشى چىقىپ: «مېنى ئوتتىن، ئۇنى بولسا لايدىن ياراتتىڭ» دېدى. يەنى مېنىڭ زاتىم ئوتتىن، ئۇنىڭكى تۇپراقتىندۇر. يۇكسەك بولغانىنىڭ تۆۋەن بولغانغا سەجدە قىلىشى توغرىمۇ؟ ئىبلىس ئاللاھ بىلەن شۇ تەرزدە تالاش ـ تارتىش قىلدى ۋە ئۇنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىدى، ھۇزۇ ـ رىدىن قوغلاندى. ئۇ «ئاھ ئاللاھىم! ھەممىسىنى سەن قىلدىڭ. بۇلار سېنىڭ بۇزغۇنچىلىقىڭدۇر. ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنى لەنەتلەپ، ھۇزۇ ـ رىڭدىن قوغلاندى قىلىۋاتىسەن» دېدى. ئادەممۇ گۇناھ قىلدى. ئاللاھ: «ئەي ئادەم، گۇناھىڭ ئۈچۈن سېنى جازالىدىم. ھەممىسىنى ئۆزۈم قىلغان تۇرۇقلۇق، سېنى قىلدى، دېدىم. سەن بولساڭ مەن بىلەن تارتىشمىدىڭ ياكى دەلىلىڭ يوقمىدى؟» ئاخىر، سەنمۇ:

«ھەممىسى سەندىن، سەن قىلدىڭ، چۈنكى دۇنيادا سەن خالىغان نەرسە بولىدۇ، خالىمىغىنىڭ بولمايدۇ» دېيىشىڭ مۇمكىن ئىدى. شۇ قەدەر ئېنىق دەلىلىڭ تۇرۇپ، ماڭا قارشى لام ـ جىم دېمىدىڭ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟» دەپ بۇيرۇدى. ئادەم: «ئەي تەڭرىم! بىلىمەن. بىراق سېنىڭ ھۇزۇرۇڭدا تەربىيەمنى قولدىن چىقارماقنى خالىمىدىم. چۈنكى، ساڭا بولغان ئىشقىم ساڭا قارشى چىقىشقا مېنى قويۇپ بەرمىدى» دېدى.

بۇيرۇدىكى: بۇ شەرىئەت سۆيى ئىچىدىغان جايدۇر، يەنى بۇلاقتۇر ـــ مەنبەدۇر. بۇ گويا شاھ دىۋانىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا تۈرلۈك بىھېساب ھۆكۈملەر مەۋجۇت. ئالەمنىڭ قارارى شۇنىڭ بىلەن تىنچ تۇرىدۇ. بىراق دەرۋىشلەر ۋە پېقىرلەرنىڭ ھاللىرى پادىشاھ بىلەن كۆرۈشمەكتۇر. ھاكىمنىڭ ئىلمىنى بىلمەك قەيەردەيۇ ئىلمى ئەھكامنى بىلمەك قەيەردە ۋە پادىشاھ بىلەن كۆرۈشمەك قەيەردە؟ بۇلار ئارىسىدا كاتتا پەرقلەر بار. ساھابىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى مەدرىسىگە ئوخشايدۇ. مەدرىسىدە موللىلار باردۇر. ھەربىر موللىنىڭ بىر غوجىسى بولىدۇ ۋە ئۇ موللىنىڭ چۈشىنىشىگە، ئۆزىگە باغلىقلىق دەرىجىسىگە قاراپ ئايلىق بېرىدۇ. كىمگە ئون، كىمگە يىگىرمە ۋە كىمگە ئوتتۇز كىشىلىك مائاش تەيىن قىلىدۇ. بىزمۇ ھەركىمنىڭ چۈشىنىشى، قوبۇل قىلىشى دەرىجىسىدە سۆز ئېيتىمىز. چۈنكى پەيغەمبەر: «ئىنسانلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئەقىللىرى دائىرىسىدە گەپلىشىڭ» (ھەدىس) دەپ بۇيرۇغان. ئاللاھ ياخشىراقنى بىلگۈچىدۇر.

پەسىل. ھەممە ئىمارەتنى (مەقبەرە قۇرۇش ياكى رېمونت قىلىشنى) يا مەردلىكنى كۆرسەتمەك ئۈچۈن ياكى نام چىقارماق ياكى بولمىسا ساۋاب تاپماق نىيىتىدە سالىدۇ. تەڭرىنىڭ بۇنىڭدىن مەقسىتى ۋەلىيلەرنىڭ دەرىجىلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرمەك ۋە مەقبەرد-

لىرىگە ھۆرمەت كۆرسەتمەكتۇر. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ بۈيۈك، ھۆرمەت-
كە مۇناسىپتۇر، بىراق ئۇنىڭغا موھتاج ئەمەس. مەسىلەن: چىراغ
ئېگىز بىر جايغا قويۇلۇشنى خالىسا، بۇنى ئۆز ئۈچۈن ئەمەس باش-
قىلار ئۈچۈن خالايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزى قەيەردە تۇرمىسۇن نۇرلۇق
بىر چىراغدۇر. ئۇنىڭ مەقسىتى نۇرنىڭ باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈش-
تۇر. كۆكتىكى قۇياش پەستە بولغان تەقدىردىمۇ يەنە شۇ قۇياشتۇر،
نۇرلۇق مەنبەدۇر. پەقەت ئۇ پەسكە چۈشسە دۇنيا زۇلمەت ئىچىدە قا-
لىدۇ. دېمەك، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى باشقىلار ئۈچۈن يۈك-
سەكتە ياشىماقتا. خۇلاسە شۇكى، ئۇلار يۇقىرىدا ياكى پەستە بولۇ-
شىدىن، خەلقنىڭ ھۆرمەت كۆرسىتىشىدىن ئازادىدۇر. ئەگەر ساڭا-
مۇ ئۇ ئالەمنىڭ بىر قەترە لۇتپى ۋە بىر زەررە زەۋقى كۆرسىتىلى-
دىغان بولسا، سەن تۆۋەنلىك ۋە يۈكسەكلىك، ھەتتا بۇلارنىڭ بار-
چىسىدىن يەنىمۇ يېقىن بولغان ئۆزۈڭدىنمۇ زېرىكىپ سىقىلىسەن.
شۇنداق ئىكەن، نۇر ۋە زەۋقنىڭ مەنبەسى ۋە ئاساس ھېسابلانغان ۋە-
لىيلەرنىڭ تۆۋەن، يۇقىرى دېگەن قەيدلەردىن خالىي ئىكەنلىكىنى
ئويلىمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئاللاھ بىلەن ماختىنىدۇ. ئاللاھ بولسا يۇقىرى –
تۆۋەنلىكتىن مۇستەغنىيدۇر (خالىيدۇر، موھتاج ئەمەستۇر.) ئۇنىڭ
تەجەللىسى ھەممە جايدا مەۋجۇت. يۇقىرى ۋە تۆۋەنلىك بىزگە ئوخ-
شاش بېشى، ئايىغى بولغان ئىنسانلار ئۈچۈندۇر.

شۇنداق ئادەملەر باركى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدا ئۆز ئىستەكلىرى
باشقا، تەڭرىنىڭ مەقسىتى باشقا بولىدۇ. ئاللاھ مۇھەممەد دىنىنىڭ
يۈكسىلىشىنى ۋە دۇنيا تۇرغانغا قەدەر تۇرۇشىنى خالىغانلىقى ئۈچۈن
قۇرئانغا ناھايىتىمۇ كۆپ تەپسىر يېزىلىدۇ. تەپسىر يازغانلارنىڭ
مەقسەتلىرى ئۆز بىلىملىرىنى كۆرسەتمەك ئىدى. زەمەخشەرىيمۇ
تىل ۋە دىنىنىڭ پۈتۈن نازۇكلۇقىنى ئۆزىنىڭ ناھايىتىمۇ گۈزەل ۋە
پاساھەتلىك جۈملىلىرى بىلەن پۈتكەن «كەششاف» (كەشىپ قىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غۇچى ـ تەر.) كىتابىدا ئەكس ئەتتۈردى. بۇنى ئۇ ئۆز پەزلىنى كۆرسەتمەك ۋە خالىغان نەرسىنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن قىلدى. ھالبۇكى، بۇمۇ مۇھەممەد دىنىنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

بارچە ئىنسانلار ئاللاھ ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، بىراق ناھايىتى تەبىئىيكى، (تەڭرىنىڭ) بۇ ئىشتىكى مەقسىتىنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنسانلارنىڭمۇ ئىشلىرىنى بىجىرىشتىكى غايىلىرى باشقىدۇر. چۈنكى ئاللاھ دۇنيانىڭ تۇرۇشىنى خالايدۇ، ئادەملەر بولسا شەھۋەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ ۋە پەرزەنت تۇغۇلىدۇ. ئۇلار ئۆز لەززەتلىرى بىلەن بەند بولۇپ ئۆزلىرىمۇ بىلمىگەن ھالدا دۇنيانىڭ داۋام ئېتىشىنى تەمىنلەيدۇ. شۇ يوسۇندا ئاللاھقا قۇللۇقنى ئادا قىلغان بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇلار ھەشەمەتلىك مەسچىتلەر قۇرۇشىدۇ، ئىشىكى، تاملىرى ۋە باشقىسى ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ قىممىتى قىبلىدە ۋە مەقسەت قىبلىدۇر. ئۇلارنىڭ نىيىتى شۇ بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە قىبلىنىڭ قەدرى، بۈيۈكلۈكى ئارتقان بولىدۇ.

ۋەلىيلەرنىڭ بۈيۈكلۈكى كۆرۈنۈشتە ئەمەس. ۋەللاھى ئۇلار ئۈچۈنمۇ يۇقىرى ۋە تۆۋەنلىك مەۋجۇتتۇر. پەقەت بۇ نەرسە خۇسۇسىيەتسىز ۋە تەڭداشسىز كېچىدۇ. مەسىلەن: كۈمۈش پۇل مىس پۇلدىن كۈچلۈكتۇر، دېيىش نېمە بېرىدۇ؟ زاھىرەن بۇنداق ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىراق ھەممە گەپ ئۇلارنىڭ ئاساسىدا، ئاساستىكى جەۋھەردە. ئاخىر، كۈمۈش پۇلنى تام ئۈستىگە قويساڭمۇ ئالتۇن پۇلنى يەرگە تاشلىساڭ، كۈمۈش ئالتۇندىن ئۈستۈن بولالامدۇ؟ ياكى كېپەك ئەلگەكنىڭ ئۈستىدە، ئۇن بولسا ئاستىدا قالىدۇ. كۆرۈنۈشتىن كېپەك ئۇندىن ئۈستۈندەك تۇيۇلىدۇ، ئەسلىدىچۇ؟ دېمەك، ئۈستۈنلۈك سۈرەتتە ئەمەس، ماھىيەتتە، ئۇنىڭدىكى جەۋھەردىدۇر.

پەسىل. بىرى ئېچكىرى كىردى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: ئۇ ئەزىز ـ

دۇر، كەمتەردۇر ۋە بۇلار ئۇنىڭدىكى جەۋھەردىن مەيدانغا كەلمەكتە. مەسىلەن: مېۋىلىك شاخ ئېگىلىدۇ. مېۋىسىز دەرەخ بولسا غادىيىپ تۇرىدۇ. پەيغەمبەرمۇ ناھايىتى كەمتەرىن بولغان. چۈنكى ھەر ئىككى ئالەمنىڭ مېۋىلىرى ئۇنىڭدا مۇجەسسەم ئىدى.

«سالام بېرىش جەھەتتە ھېچكىم ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدىن ئۈستۈن بولالمىغان» (ھەدىس.) پەيغەمبىرىمىزدىن ئالدىن بىراۋ سالام بېرىشكە ئۈلگۈرمىگەن. چۈنكى ئۇ خاكسار بولغىنى سەۋەبلىك ھەر قېتىم ئۆزى ئاۋۋال سالام بېرەتتى. زاھىرەن ئۇ ئاۋۋال سالام بەرمىسىمۇ، كەمتەر بولغىنى ئۈچۈن سۆزنى باشلايتتى. ئەتراپىتىكىلەر سالام بېرىشنى پەيغەمبەردىن ئۆگەنگەن ئىدى. كېلىپ - كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سايىسىدۇر. ئىنساننىڭ سايىسى ئۆزىدىن ئاۋۋال ئۆيگە كىرگەندەك تۇيۇلسىمۇ، ئەسلىدە ئاۋۋال كىرگەن ئۇنىڭ ئۆزىدۇر.

بەزىلەر نەرسىلەرنىڭ ئىبتىداسىغا (بېشىغا) باقسا، باشقىلار ئۇنىڭ ئىنتىھاسىغا (ئاخىرىغا) نەزەر سالىدۇ. ئىبتىداغا قارىغانلار ئاللاھقا يېقىن ئىنسانلاردۇر. چۈنكى ئۇلار: «نىھايىگە ئېتىبار بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ئاخىر، بۇغداي تېرىساڭ، ئارپا ئۈنەمدىغۇ؟» دېيىشىدۇ. دېمەك بۇلارنىڭ قاراشلىرى باشقىدۇر. ئىنتىھاغا باققانلار ئەزىز ۋە بۈيۈكتۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئاخىرەتتىدۇر. يەنە شۇنداق بىر قەۋم باركى، ئۇلار تەڭرىگە تېخىمۇ يېقىندۇر ۋە باشقىمۇ، ئاخىرىغىمۇ نەزەر سالمايدۇ. ئاۋۋال ۋە ئاخىر بۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھقا غەرق بولغانلاردۇر. باشقا بىر قەۋم بولسا پۈتۈنلەي دۇنياغا غەرق بولغان ۋە ھەددىدىن زىيادە غاپىل بولغانلىقى سەۋەبلىك باشقىمۇ، ئاخىرغىمۇ باقمايدۇ. بۇلار دوزاق ئوتىنىڭ ئوتۇنلىرىدۇر. شۇ تەرزدە مۇھەممەدنىڭ ئەسلى ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا. چۈنكى ئۇ توغرىسىدا: «سەن بول-

مىساڭ ئىدىڭ، پەلەكلەرنى ياراتماس ئىدىم» (قۇدسى ھەدىس) دەپ بۇيرۇلغان. شەرەپ. تەۋازۇ، ھېكمەت ۋە يۈكسەك مۇقاملارنىڭ بارچىسى ئۇنىڭ ھەدىيەسى ۋە سايىسىدىندۇر. چۈنكى بۇلار ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان. مەسىلەن: قول نېمە قىلسىمۇ ئەقىل شاراپىتى بىلەن قىلىدۇ. ئەقىلنىڭ سايىسى ھەرقانچە يوقتەك تۇيۇلسىمۇ، بەرىبىر بىر كۆلەڭگىسى باردۇر. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، مەنىنىڭمۇ بارلىقسىز بىر بارلىقى مەۋجۇت. ئىنساننىڭ ئەقلى ساق بولمىسا، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى ئىشلىمەيدىغان ھالغا كېلىدۇ. ئايىغى تۈز يولدا يۈرەلمەيدۇ، كۆزى كۆرەلمەيدۇ، قۇلىقى سۆزنى توغرا ئاڭلىيالمايدۇ. شۇنداق ئىكەن بارچە ئىش ـ ھەرىكەت ئەقىلنىڭ شاراپىتى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئەزالار ۋاسىتىدۇر. بۇ گويا زاماننىڭ خەلىپىسى كەبىدۇر. ئۇلۇغ ئىنسان مىسالى ئەقلى كۇللى. خەلقنىڭ ئەقىللىرى بولسا ئۇنىڭ ئەزالىرىدۇر ۋە نېمە قىلسا ئەقلى كۇللىنىڭ سايىسىدە قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىرەر خاتاغا يول قويسا، بۇ ئەقلى كۇللى سايىسىدىن چەتكە چىققانلىق بىلەن ئىزاھلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەقلىدىن ئېزىۋاتقان ئادەم ئەقىل سايىسىدىن، ھىمايىسىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئەقىل پەرىشتە جىنسىدىندۇر. گەرچە مەلەكنىڭ قولى ۋە قانىتى بولسىمۇ، ئەسلىدە بۇلارنى ھەممىسى بىر نەرسىدۇر، ئەقىلدىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى ئۇنى ئاڭلىساڭ، ئەقىلدىن ئۆزگە نەرسە قالمايدۇ. ئاخىر، مومدىن تەييارلانغان قۇشنى قىزدۇرساڭ، ئۇ يەنە مومغا ئايلىنىدۇ، خالاس. چۈنكى موم بەرىبىر مومدۇر، ئۇنىڭدىن ياسالغان قۇشمۇ يەنە شۇ مومدىن ئىبارەت. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، مۇزمۇ سۇدۇر. بۇنى بىلمەك ئۈچۈن ئېرىتىش كۇپايە. مۇز سۇ ھالىتىدە تۇرغاندا قول بىلەن تۇتقىلى بولماس ئىدى، ئەمدى مۇز بولدى ۋە ئۇنى تۇتۇش، ئېتەككە ئېلىش مۇمكىن. ئوتتۇرىدىكى پەرق شۇدۇر ۋە بۇنىڭدىن ئارتۇق ئەمەس. مۇزمۇ سۇ،

دېمەك، ئىككىسى بىر نەرسىدۇر.

ئىنساننىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداقتۇر. ئېشەك بەلكى پەرىشتىنىڭ نۇرى بىلەن ئورتاق يۇرۇش سايىسىدە پەرىشتىگە ئايلىنىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە پەرىشتىنىڭ قانىتىنى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا باغلىشىپتۇ. ئېشەكنىڭ مەلەككە ئايلىنىشى پەقەت مۇئەييەن خۇسۇسىيەتلەر بولغاندىلا مۇمكىندۇر. ئىنساننىڭ ئەقلىدىن بىر قانىتى بار ئىدى، شۇڭا كۆككە ئۇچتى. ئەگەر ئېشەكتىمۇ ھېچبولمىغاندا يېرىم قانات بولسا ئىدى، ئۇمۇ ئېشەك بولۇپ قالماستى. بەلكى ئىنسانغا ئايلىناتتى. ئاللاھ ھەر نەرسىنى قىلالايدۇ. مەسىلەن: بالا كىچىكلىكىدە ئېشەكتىنمۇ بەتتەردۇر. ھەر تۈرلۈك مەينەتلەرگە قولىنى پاتۇرۇپ ئاغزىغا ئېلىپ بارىدۇ. پەقەت ئانىسىلا بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. ئېشەكنىڭ ھېچبولمىسا بىر خىل تازا خۇسۇسىيىتى بار. يەنى سىيىۋاتقاندا پۇتلىرىغا چاچرىماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى كەڭرەك ئاچىدۇ. مانا شۇ ئېشەكتىن بەتتەررەك بولغان بالىنى ئۇلۇغ تەڭرى ئىنسان ئەيلەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئېشەكنىمۇ ئىنسانغا ئايلاندۇرالىشىغا نېمە ئۈچۈن ھەيران بولۇش كېرەك؟ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا غېرىب بولغان ھېچقانداق نەرسە يوقتۇر.

قىيامەتتە ئىنساننىڭ پۇت ـ قوللىرى ۋە باشقا ئەزالىرى تىلغا كىرىدۇ. پەيلاسوپلار: «ئۇلار قانداق قىلىپ گەپ قىلالايدۇ؟« دېيىشىدۇ. ئاخىر، ئەزالار ھال تىلى بىلەن گەپ قىلامدۇ؟ مەسىلەن: قولغا بىرەر يارا چىقسا، ئۇ: «ئىسسىقمنى ئاشۇرىدىغان تاماق يېدىم، شۇڭا مۇشۇنداق بولدى« دەپ ھال تىلى بىلەن چۈشەندۈرۈش بېرىدۇ. ئىنسان ئەزالىرىنىڭ گەپ قىلىشى شۇ تەرزدە بولىدۇ.

سۈننىيلەر دەيدۇ: قىيامەت كۈنىدە ئەزالار تىلغا كىرىدۇ. شۇندا ئىنسان: «سىلەر گەپ قىلمايتتىڭلار، ئەمدى قانداق گەپ قىلىۋاتىسىلەر؟» دەپ سورايدۇ. «ئۇلار تېرىلىرىگە، نېمە ئۈچۈن بىزگە قار-

شى گۇۋاھلىق بەردىڭلار! دېيىشكەندە، (تېرىلىرى) «بىزلەرنى بارچە نەرسىنى سۆزلەتكەن زات ـــ ئاللاھ سۆزلەتتى، دېدى». قول: «ماڭا ھەممىنى سۆزلەتكەن. ھەتتا ئىشىكنى، تامنى، كېسەكنىمۇ تىلغا كىرگۈزگەن ـ ياراتقۇچى سۆز بەردى. ئاخىر، سېنىڭ تىلىڭنى قانداق سۆزلەتتى؟» دېدى. تىلمۇ سېنىڭ ئاغزىڭدا بىر گۆش پارچىسىدۇر، قولمۇ شۇنداق. بىر پارچە گۆشنىڭ، يەنى تىلنىڭ گەپ قىلىشى سىـ. نىڭچە ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، چۈنكى بۇنىڭغا كۆنگەنسەن. ئەسـ. لىدە تىل تەڭرى ھۇزۇرىدا بىر باھانىدۇر. ئۇنىڭغا «گەپ قىل!» دەپ ئەمىر قىلىنغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ سۆزلىگەن. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەممە نەرسە تىلغا كىرىدۇ.

سۆز ئىنساننىڭ قىممىتى دەرىجىسىدە قەدىرلىكتۇر. بىزنىڭ سۆزىمىز سۇغا ئوخشايدۇ. سۇنى سۇ بېشى(مىراب) ئاققۇزىدۇ. سۇ ئۆزىنى مىراب قايسى چۆلگە ھەيدىگەنلىكىنى قەيەردىن بىلسۇن؟ بەلكى، سەۋزە، بەلكى پىياز دالىسىغا، گۈل بېغىغا بولۇشى ھەم مۇمكىن. شۇنىسىنى بىلىمەنكى، سۇ كۆپ كەلسە، يەرمۇ شۇنىڭغا يارىشا كەڭ بولىدۇ، ئاز كەلسىچۇ، سۇغۇرۇلىدىغان مەيدان ياكى بىر باغ ياكى تۆت تەرىپى تاملار بىلەن قورشالغان كىچىك بىر يەردۇر. «ئاللاھ ئۆز ھېكمەتلىرىنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممەتلىرى مىقدارىدا ۋائىزلارنىڭ تىلىغا قويىدۇ». مەن بىر موزدۇزمەن، مەندە تېرە كۆپ، ئەمما ئۇنى خېرىدارىمىنىڭ پۇتىغا لايىق قىلىپ كېسىمەن. مەن بىر كىشىنىڭ سايىسىمەن، ئۇنىڭ بويى قانچىلىك بولسا، مەنمۇ شۇنچىـ. لىكمەن.

يەردە بىر قۇرت مەۋجۇتتۇر. ئۇ يەر ئاستىدا، زۇلمەتتە ياشايدۇ. كۆز ۋە قۇلاقسىز. ئەسلىدە ئۇنىڭ كۆز ۋە قۇلاققا ئېھتىياجىمۇ يوق. ئەگەر موھتاجلىقى يوق ئىكەن، ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن كۆز ۋە قۇلاق بەرسۇن؟ تەڭرى ئاز بولغىنى ئۈچۈن ياكى خەسىسلىكى سەۋەبلىك

ئۇنى كۆز ۋە قۇلاقسىز قالدۇردىمۇ؟ ياق! ئۇ بۇلارنى ئېھتىياجىغا قاراپ بەردى. ئېھتىياجى بولمىغان كىشىگە بېرىلگەن ھەرقانداق نەرسە ئارتۇقچە يۈكتۇر. بىراق تەڭرىنىڭ لۇتپى، كەرەمى ۋە ھېكمى يۈك بولىدۇ ئەمەس، بەلكى كىشى زىممىسىدىكى يۈكنى چۈشۈرىدۇ. مەسىلەن: ياغاچچىنىڭ ئۈشكە، ھەرە، بولقا دېگەندەك ئەسۋابلىرىنى تىككۈچىگە بەرسەڭ، بۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت كېرەكسىز تاشتىن ئىبارەت، خالاس. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ نەرسىنى ئېھتىياجىغا قارىتا بېرىدۇ.

قۇرتنىڭ يەر ئاستىدا، زۇلمەتتە ياشىغىنىدەك، بەزىبىر ئادەملەرمۇ بۇ دۇنيانىڭ زۇلمىتى بىلەن كۆپايىلىنىدۇ. بۇلار ئۇ ئالەمگە ئېھتىياجى بولمىغىنىغا ئوخشاش، ئاللاھ دىدارىغىمۇ مۇشتاق ئەمەس. ئۇلار كۆزلىرى بىلەن پەقەت دۇنيانىڭ ئىشىنىلا كۆرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئاخىرەت سائادىتىنى كۆرۈشكە يارايدىغان كۆزلەر بۇلارغا نېمە ئۈچۈن كېرەك؟

رۇبائىي: (ئويلىمىغىنكى، ئاللاھ يولىغا چۈشكەن ئەرلەر يوق، دەپ. كامىل سۈپەتلىكلەر نىشانسىزمۇ ئەمەس. سەن سىرلارنىڭ مەھرەمى بولمىغىنىڭ ئۈچۈن ئۆزگىلەرنىمۇ ئۆزۈڭ قاتارى ھېساپلاۋاتامسەن؟)

دۇنيا غەپلەت بىلەن تىك تۇرىدۇ. غەپلەتسىز ـ بۇ ئالەمدىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. تەڭرى زەۋقى(ئىشقى)، ئاخىرەت چۈشەنچىسى، سەرھۇشلۇق، ئۆزىدىن كېچىش ھەمدە ۋەجد(ئىلاھىي ھاياجان) ـ ئۇ ئالەمنىڭ مىمارلىرىدۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ بارچىسى يۈز ئاچسا، بىز ھەممىمىز پۈتۈنلەي ئۇ ئالەمگە كېتىمىز، بۇ يەردە قالمايمىز. ئۇلۇغ ئاللاھ ئىككى ئالەمنىڭ بار بولۇشى ئۈچۈن بۇ يەردە ياشىشىمىزنى خالايدۇ. خۇددى شۇ مەقسەتتە ئىككى ئالەمنىڭ مەمۇر بولۇشى ئۈچۈن بىرىنى غەپلەت، ئىككىنچىسىنى بولسا ئويغاق بولۇشى شەرتى ئاساسىدا ئىككى خادىمنى ۋەزىپىگە قويدى.



www.uyghurkitap.com

پەسىل. بۇيرۇدىكى: ئەگەر سىزنىڭ (مەن بار ياكى يوقىمدا) ماڭا كۆرسەتكەن لۇتپىڭىزغا، غەيرىتىڭىزگە ۋە تەربىيەڭىزگە جاۋابەن تەشەككۇر ئېيتماق، ھۆرمەت بىلدۇرمەك، ئۇزرە سورىماق خۇسۇسىدا ئەيىبكە يول قويساق، بۇ ئۆزۈمنى چوڭ تۇتقىنىم ياكى بۇلارغا ئېھتىياجىم يوقلۇقىدىن، نىھايەت پەرزەنتىنىڭ ھەققىنى سۆز ياكى ئىش بىلەن تۆلەش كېرەكلىكىنى بىلمىگەنلىكىمدىن ئەمەس. ئەسلا! بەلكىم، سىزنىڭ پاكىز ئىمانىڭىزنى بىلگىنىم ۋە بۇنى خالىس ھەمدە تامامەن ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلغانلىقىڭىز-نى چۈشەنگەنلىكىمدىن جاۋابىنىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە ھاۋالە قىلىۋاتىمەن. چۈنكى سىز نېمە قىلغان بولسىڭىز ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلدىڭىز. شۇڭا تەڭرىدىن قايتىدىغان مۇكاپات ۋە ساۋابنىڭ ھەممىسى تولۇقى بىلەن سىزگە يېتىشىنى خالايمەن. ئەگەر سىزنى مەدھىيىلەيدىغان بولسام، سىزگە نىسبەتەن كەمتەرلىك بىلەن مۇناسىۋەتكە كىرىش-سەم، تەڭرى مۇكاپاتىنىڭ بىر قىسمىدىن مەھرۇم قالارمىكىن، دەپ قورقىمەن. ئەسلىدە، ھەمدۇسانا، كەمتەرلىك، ئۇزرە سوراش-بۇلارنىڭ بارچىسى بۇ دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدۇر. ئەگەر دۇنيادا بىر مالنى ياكى بىر مەرتىۋىنى بېرىش يولىدا قىيىنچىلىق ۋە زەھمەت-لەرگە تەھەممۇل (سەۋر) ئەيلىدىڭ، دېمەك، ئۇنىڭ جاۋابىنىمۇ ئاللاھنىڭ ئۆزىدىن كۆرۈشۈڭ تېخىمۇ ياخشىراقتۇر. شۇنىڭ ئۈ-چۈنمۇ مەن ئۇزرە سوراۋاتىمەن. ئۇزرە سورىماق دۇنيانى خالىماق-تۇر. چۈنكى بايلىق يېيىلمەيدۇ، باشقا نەرسە ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدۇ. بايلىق بىلەن ئات، كېنىزەك ۋە قۇل ئېلىنىدۇ. ماختانماق ئۈ-چۈن لاۋازىم ۋە مەرتىۋە خالايدۇ. قىسقىسى، دۇنيا بۈيۈك ھۆرمەت تە-لەپ ھەمدە مەدھىيە ئېيتىلگەن نەرسىدۇر (دۇنيا دېگىنى دۇنيا ۋاسى-تىسىدە قولغا كىرگۈزۈلگەن نەرسىدۇر.)

شەيخ نەسساجى بۇخارىي بۈيۈك ۋە كۆڭۈلچان بىر زات ئىدى.

ئوقۇغان ئادەملەر ۋە ئۇلۇغلار ئۇنى زىيارەت قىلغىلى كېلىشىپ، ئالدىدا تىز چۆكۈپ ئولتۇرۇشاتتى. شەيخنىڭ ئوقۇش ـ يېزىشتىن ساۋاتى يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەرنىڭ تەپسىرىنى ئاڭلاشنى ئىستىگەنلەرگە: «مەن ئەرەبچە بىلمەيمەن، سىز ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئېيتىڭ مەن شەرھلەپ بېرەي» دەيتتى. ئۇلار تەرجىمە ـ سىنى ئېيتقاندىن كېيىن شەيخ: «بۇ ئايەت نازىل بولغاندا مۇستاپا پالان مەقامدا ئىدى. مەقامىنىڭ ئەھۋالى مانا بۇنداق» دەيتتى ۋە بۇ مەقامىنىڭ دەرىجىلىرى، ئۇنىڭغا يېتىش يوللىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرەتتى.

بىركۈنى ئەلەۋىيى مۇئاررىپ شەيخ نەسساجى بۇخارىي ھۇزۇ ـ رىدا بىر قازىنى ماختىدى: «بۇنداق قازى ھېچ قەيەردە يوق. پارا ئال ـ مايدۇ، ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم چىقارمايدۇ، خالىس ۋە ئادالەتپەر ـ ۋەر» دېدى. بۇنىڭغا جاۋابەن شەيخ: «سېنىڭ پارا توغرىسىدىكى گې ـ پىڭ يالغان. سەن ۋە ئەلەۋىي بىر ئادەمسىلەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇستاپانىڭ نەسلىدىن بولۇپ تۇرۇپ، ئۇنى ماختاۋاتىسەن، بۇ پارا بولماي نېمە؟ مەدھىيە ئېيتىشتىنمۇ كاتتىراق پارا بارمۇ؟» دېدى.

شەيخۇل ئىسلام تىرمىزى: «سەئىد بۇرھانىددىنىنىڭ تەھقىقتە ئائىد پىكىرلىرى ناھايىتىمۇ گۈزەلدۇر. بۇ نەرسە ئۇنىڭ شەيخلەر كىتاب ـ لىرىنى ياخشى ئوقۇغانلىقىدىن دالالەتتۇر» دېدى. بىرى: «ئاخىر، سەنمۇ ئوقۇغانسەن. نېمىشقا ئۇنىڭ پىكىرلىرىگە ئوخشاش گۈزەل سۆزلەر ئېيتمايسەن؟» دېگەندىن كېيىن، شەيخۇل ئىسلام: «ئۇنىڭ بىر ئىشقى، دەردى، بىر جەھدى، بىلىم ۋە ئەمىلى بار» دەپ جاۋاب بەردى. ھېلىقى ئادەم: «ئۇنداق بولسا، نېمىشقا شۇنىڭدىن گەپ ئاچ ـ ماي، مۇتالىئە توغرىسىدا سۆزلەيسەن. ئاخىر، ئاساس ئۇدۇر، بىز ئۇنى خالايمىز. سەنمۇ ئۇنىڭ ھەققىدە گەپ قىل!» دېدى.

ئۇلاردا نېرىقى دۇنيانىڭ دەردى يوق ئىدى. كۆڭۈللىرى تامامەن

www.uyghurkitap.com





بۇ دۇنياغا باغلانغان ئىدى. بەزىلىرى نان يېيىشكە، بەزىلىرى ناننى تاماشا قىلىشقا كەلگەنىدى. بۇ سۆزنى ئۆگىنىپ، ئاندىن ساتماقچى بولىدۇ. چۈنكى سۆز بىر كېلىندۇر، بىر گۈزەلدۇر. گۈزەل كېنىزەكنى، ئادەتتە سېتىش ئۈچۈن ئالىدۇ. شۇنداق ئىكەن، كېنىزەك ئۆزىنى ئالغان كىشىنى قانداق سۆيسۇن؟ ئاخىر، ئۇ سودىگەر كېنىزەكنى سېتىشتىن زوق ئالىدۇ. ئۆزىگە ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدا مەردلىك ۋە ئىنسانلىق يېتىشمەيدۇ. ئاجىز ۋە قورقۇنچاق ئادەمنىڭ قولىغا ياخشى بىر ھىندى قىلىچى ياكى پالۋانلارغا مۆلچەرلەپ ياسالغان يا (كامان) چۈشسە، ئۇ بۇلارنى سېتىش مەقسىتىدە ئالىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا كاماننى تارتالايدىغان كۈچ يوق. قورقۇنچاق ئۇنى سېتىپ پۇلغا ئەتىر ـ ئۇپا سېتىۋالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا نېمىمۇ قىلالايتتى؟

بۇ سۆز سۇرىيانچىدۇر (مەلۇم بىر تىل، بۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلق خىرىستىيان دىنىغا مەنسۇپ ـ تەر.) ۋە سەن ئۇنى چۈشەندىم، دېمىگىن. چۈنكى بۇ سۆزنى قانچە چۈشەنسەڭ، ئۇ سەندىن، سېنىڭ دائىرەڭدىن شۇنچە ئۇزاقلىشىدۇ. بەلكى چۈشىنىش ـ چۈشەنمەسلىك ئارقىلىق مۇمكىندۇر. سەن دۇچار بولغان بارچە بالا ـ قازالار، قىيىنچىلىقلار دەل شۇ يېڭىلىش چۈشىنىشتىن ھاسىل بولىدۇ. بۇ سېنىڭ تورىڭدۇر. سەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشۇڭ كېرەك. مەسىلەن: سەن دېڭىزدىن بىر كوزا سۇ ئالدىڭ ۋە: «دېڭىز مېنىڭ كوزامغا سىغدى» دەيسەن. بىراق بۇ خاتا. ئەگەر «كوزام دېڭىزدا يوقالدى» دېسەڭ، توغرا بولىدۇ. ئاساس شۇ. ئەقلىڭ سېنى پادىشاھ دەرۋازىسىغا كەلتۈرگەنگە قەدەر ياخشىدۇر. دەرۋازا ئالدىدا سەن ئۇنى ھەيدە. چۈنكى ئۇ ئەمدى زەرەرلىكتۇر، يولۇڭنى توسقۇچىدۇر، ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايسەن، ئۆزۈڭدىن ۋاز كەچ. ئەمدى سېنىڭ «نېمە ئۈچۈن، نېمىشقا؟»لار بىلەن ئىشىڭ يوق. ئالايلى، تون تىككۈزمەك

ئۇچۇن كېسىلمىگەن رەختكە ئېھتىياجىڭ بار. ئەقىل سېنى تىك-
كۇچىنىڭ دۇكىنىغا ئېلىپ بارىدۇ. تىككۇچى ھۇزۇرىدا بولسا ئۇنىڭ-
غا موھتاج ئەمەسسەن، بەلكى ئۇنى تەرك ئېتىشىڭ، پۈتۈن ئىختىد-
يارىڭنى تىككۇچىگە تاپشۇرۇشىڭ پايدىلىقتۇر. خۇددى شۇنىڭغا
ئوخشاش بىتاپنىڭ ئەقلىمۇ ئۇنى ھەكىم ئالدىغا ئېلىپ بارغىچە
يارامىلىقتۇر. ھەكىم قوبۇلىدا بولسا ئۇنىڭغا (ئەقىلگە) ھاجەت يوق.
بىتاپ ئۆزىنى شىپاكارغا تاپشۇرۇشى كېرەك بولىدۇ.

سېنىڭ يوشۇرۇن ئىگىرشىڭنى ئەسھابىنىڭ قۇلاقلىرى ئاڭلايد-
دۇ. بىر نەرسىلىك ئادەم، يەنى جەۋھەرى ياكى بىرەر دەردى بولغان
كىشى دەرھال بىلىنىدۇ. مەسىلەن: تۆگىلەر قاتارىدىكى بىر تۆگىد-
نىڭ سەكرەپ يۈرۈشى، ئاغزىدىن ئاققان شۆلگىيى، غەلىتە كۆزى ۋە
باشقا بەلگىلىرى ئۇنىڭ مەستلىكىدىن دالالەت. «ئۇلارنىڭ يۈزلىرد-
دە سەجدە ئىزىدىن (قالغان) بەلگە ـ ئالامەتلىرى باردۇر» دەپ ئەمىر
قىلىنغان. ئاخىر، دەرەخ يىلتىزى ئالغان ئوزۇق ئۇنىڭ شاخ ـ
شۇمبىلىرى، يوپۇرماقلىرىنىڭ رەڭگى، مېۋىسىدىن ئاشكارا بولىد-
دۇ. ئوزۇق ئالمىغان باشقا بىر دەرەخنىڭ سارغىيىپ سولىشىمۇ
كۆزدىن نىھان ئەمەس.

بىر ساھە توغرىسىدىكى كىتابنى ئوقۇغان ئادەم شۇ ساھەگە
دائىر بىر سۆز ئاڭلىشى بىلەن ئاۋۋال ئوقۇغانلىرىنى ئەسلەيدۇ.
چۈنكى ئۇ بۇ دەرىجىگە يېتىشى ئۇچۇن كېچىلىرى كىرپىك قاقماي
ئوقۇغان، مېھنەت قىلغان. قۇرئاندا: «(ئەي مۇھەممەد) بىز سىزنىڭ
قەلبىڭىزنى ئىمان ۋە قۇرئان(نۇرى) بىلەن كەڭ نۇرلاندۇرۇپ قويد-
مىدۇقمۇ؟» دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، ئۇمۇ بىر ئىشارەت بىلەن كۆپ مە-
نىلەرنى چۈشىنىدۇ. يەنى باشلىغۇچى كىشى بولسا ئېيتىلغان سۆز-
نىڭلا مەنىسىنى چۈشىنىدۇ، خالاس. چۈنكى ئۇ ۋەقەدىن تېخى خە-
ۋەردار ئەمەس.





سۆز ئاڭلىغۇچىنىڭ چۈشىنىش دەرىجىسىدە كېلىدۇ. ھېكمەت تەلەپ قىلىنىپ، كولاشتۇرۇلمىغىچە يۈز كۆرسەتمەيدۇ. كىم قانچە ئىستىسە ئۇمۇ شۇنچە كۆپ ئايان بولۇپ بارىدۇ. ئەگەر كىشى: «ماڭا سۆز (ھېكمەت) ئاشكارا بولمايۋاتىدۇ» دېسە، جاۋاب شۇ: «سەن نېمىشقا ئۇنى تەلەپ قىلمايسەن، ئىستىمەيسەن، كولاشتۇرمايسەن؟». ساڭا ئاڭلاش قۇدرىتىنى بەرمىگەن زات، سۆزلىگەنگىمۇ سۆزلەش سالاھىيىتىنى بەرمىگەن.

پەيغەمبىرىمىز زامانىدا بىر باشقا كاپىرنىڭ مۇسۇلمان قۇلى بار ئىدى. كۈنلەردىن بىر كۈن غوجايىن ئۇنىڭغا: «ئىدىشلارنى ئال، ھاممامغا بارىمىز» دېدى. يول ئۈستىدىكى مەسچىتتە مۇستاپا ساھابىلىرى بىلەن ناماز ئوقۇۋاتقان ئىدى. قۇل: «غوجايىن، بۇ ئىدىشلارنى تۇتۇپ تۇرۇڭ، مەن كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋالاي ــ دە، يۈگۈرۈپ كېلىپ خىزمىتىڭىزنى قىلاي» دېدى. قۇل بېرىپ نامىزىنى ئادا ئەتتى. مۇستاپا ساھابىلىرى بىلەن بىرگە چىقتى، بىراق قۇل ئۆزى يالغۇز قالدى. غوجايىنى ئۇنى ئۇزاق كۈتتى، ئاخىر بولماي، ۋارقىرىدى: «ئەي قۇل! چىق بۇياققا!» قۇل جاۋاب بەردى: «مېنى قويۇپ بەرمەيۋاتىدۇ». قۇلنى كىم تۇتۇۋالغاندۇ، دەپ غوجايىنى ئىچكىرىگە بېشىنى تىقتى. ئەمما ئۇ يەردە سايە ۋە بىر جۈپ كالاچتىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرمىدى. يەنە سورىدى: «تاشقىرىغا چىقىشىڭغا كىم توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ؟» قۇل دېدى: «سېنىڭ ئىچكىرىگە كىرىشىڭگە توسقۇنلۇق قىلغۇچى، بىراق سەن ئۇنى كۆرمەيۋاتىسەن».

ئىنسان ھەمىشە ئۆزى كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغان ۋە ئويلىمىغان بىر نەرسىگە ئاشىقتۇر. كېچە ـ كۈندۈز ئۇنى ئىزدەيدۇ، خالايدۇ. مەن ئاشۇ كۆرمىگەن كىشىمنىڭ قۇلىمەن. ئىنسان كۆرگەن ۋە چۈشەنگەن نەرسىدىن زېرىكىدۇ، قاچىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پەيلاسوپلار كۆرۈشنى ئىنكار قىلىشىدۇ. ئۇلار ئېيتىشىدۇكى: «كۆرسەم تويۇ-

مەن، سىقىلىمەن، بۇ توغرا ئەمەس». سۈننىيلەر بولسا: «ئۇنى بىر ھالدا ۋە بىر رەڭدە بولغاندا كۆرۈش مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ زات ھەر كۈنى ئىش ـ ئەمەلدىدۇر» دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، يۈز خىل رەڭگە كىرىدۇ. ھەتتا يۈز مىڭ مەرتە تەجەللى قىلغاندىمۇ، كۆرۈنۈشلىرى-نىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە قىلچە ئوخشىمايدۇ. سەن شۇ ئەسنادا تەڭرىنى بارچە ئەسەرلىرى ۋە ئىدىشلىرىدا ھەر لەھزە ھەر تۈرلۈك كۆرۈۋاتىسەن. ئاللاھنىڭ بىر ئىشى باشقىسىغا زادىلا ئوخشىمايدۇ. خۇرسەنچىلىكتە باشقا، قورقۇنچتا باشقا، يىغىدا يەنە باشقىچە ئەكس ئېتىدۇ. دېمەك، تەڭرىنىڭ ئىشلىرى، ھەرىكەتلىرى، تەجەللىسى ۋە ئەسەرلىرى تۈرلۈك ـ تۈمەن ئىكەن، ئۇنىڭ زاتىنىڭ تەجەللىسىمۇ شۇنداقتۇر. يەنى گويا ئىشلىرىنىڭ تەجەللىسى كەبى سەن ئاللاھ قۇدرىتىنىڭ بىر قىسمى بولغىنىڭ ئۈچۈن، لەھزىدە مىڭ تۈرلۈك تاۋلىنىسەنۇ، ئۇنىڭ ئۆزى جىلۋىلەنمەمدۇ؟ قىياس قىل. تەڭرىنىڭ شۇنداق قۇللىرى باركى، ئۇلار ھەققە قۇرئان ۋاستىسىدە يېتىشىد-دۇ. بەزى قۇللار بولسا تەڭرىدىن كېلىدۇ ۋە قۇرئاننى ئۆگىنىپ، ئۇ ئاللاھنىڭ كىتابى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. «ئەلۋەتتە بۇ ئەسلەتمىنى (يەنى قۇرئاننى) بىز ئۆزۈمىز نازىل قىلدۇق ۋە شۈبھىسىز بىز ئۆزىمىز ئۇنى ساقلىغۇچىمىز».

مۇپەسسىرلەر ئۇشبۇ ئايەتنىڭ قۇرئان ھەققىدە نازىل بولغان-لىقىنى ئېيتىشىدۇ. بۇ ياخشى، بىراق يەنە شۇمۇ بار: سېنىڭ ئىچىڭنى ئارزۇ، شەۋق بىلەن تولدۇردۇق. ئارزۇ ۋە شەۋقنى بىز قويدۇق ۋە بىز ئۇلارغا زىيان يەتكۈزمەيمىز. بىر مەنزىلگە مۇيەسسەر ئەيلەيمىز. سەن بىر مەرتە «ئاللاھ!» دە، كېيىن سەۋر قىلكى، پۈتۈن بالالار بېشىڭغا ياغسۇن، دېمەكتۇر.

بىرى مۇستاپاغا دېدى: «سېنى سۆيىمەن!» پەيغەمبەر: «ئەقلىڭ-نى يىغ! نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىدى. ھېلىقى زات



يەنە تەكرارلىدى: «سېنى سۆيىمەن!» مۇستاپا: «ئېسىڭنى يىغ! نىمە دەۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟» دەپ قايتا سورىدى. ئۇ ئادەم يەنە شۇ جاۋابنى بەردى: «سېنى سۆيىمەن!» نىھايەت، پەيغەمبەر: «ئۇنداق بولسا شۇ گېپىڭدە تۇر (سەۋر قىل) كى، ئەمدى سېنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرىمەن، ھالىڭغا ۋاي!» دېدى.

مۇستاپانىڭ ھۇزۇرىغا بىر ئادەم كەلدى ۋە: «مەن سېنىڭ دىنىڭنى خالىمايمەن، قايتۇرۇپ ئال. چۈنكى قوبۇل قىلغىنىمدىن بىرى خانىۋەيران بولدۇم، ئارامىمنى يوقاتتىم، خوتۇنۇم ۋە مالۇ دۇنيارىمدىن ئايرىلدىم. بالام ئۆلدى، مېنى كىشىلەر كۆزۈڭگە ئىلمايدىغان بولدى. قۇۋۋەت ۋە شەھۋىتىم تۈگىدى» دېدى. پەيغەمبەر جاۋابەن بۇيرۇدى: «بىزنىڭ دىنىمىز قەيەرگە بارمىسۇن، بارغان يەردە ئادەمنىڭ تومۇرىنى سۇغۇرۇپ ئالمىغىچە، ئۆيىنى بۇزۇپ، ئورنىنى سۈپۈرمىگىچە قايتىپ كەلمەيدۇ. «ئۇنى پەقەت تاھارەتلىك ـ پاك كىشىلەرلا تۇتىدۇ». ئۇ شۇنداق بىر ياردۇركى، سەندە ئۆزۈڭگە بولغان سۆيگۈڭدىن قىلچىلىك قالغان بولسىمۇ (ساڭا) يۈزىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۆز ۋىسالىغا ئىجازەت بەرمەيدۇ. دوستۇڭنىڭ ساڭا يۈز ئېچىشىنى ئىستىسەڭ، ئۆزۈڭدىن ۋە دۇنيادىن زېرىكىپ تويۇشۇڭ ھەمدە ئۆز ـ ئۆزۈڭگە دۈشمەن بولۇشۇڭ لازىم. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بىزنىڭ دىنىمىزمۇ ئۆزى كىرگەن كۆڭۈلنى ھەققە يەتكۈزمىگىچە قويمايدۇ. پەيغەمبەر ھېلىقى ئادەمگە: «مانا سەن شۇ سەۋەبتىن ئارامىڭنى يوقاتتىڭ ۋە غەمگە پاتتىڭ. غەم يېمەكلىك سېنى ئالدىغان سۆيۈنۈشلەرنى قۇسماقتۇر. ئاشقازىنىڭدا ئازلا نەرسە قالسىمۇ سېنى بىئارام قىلىۋېرىدۇ. قۇسۇۋاتقاندا ئىنسان يېيەلمەيدۇ. سەن سەۋر قىل ۋە قايغۇر. چۈنكى غەم تارتماق ۋە مەھزۇن بولماق قۇسماقتۇر. پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا ھەقىقىي سۆيۈنۈش ھاسىل بولىدۇ. بۇ سۆيۈنۈش بولسا غەم ۋە تەقدىردىن ئازادە، تىكەنسىز چۆل

ۋە باش ئاغرىتمايدىغان شارابتۇر. ئاخىر سەن كېچەيۇ كۈندۈز دۇنيادىن ھۇزۇر ئىزدىمەكتىسەن. بىراق مەقسىتىڭنىڭ بۇ دۇنيادا رويابقا چىقىشى ئىمكانسىزدۇر. شۇنىڭغا قارىماي، سەن ئۇنى ئىزلەشتىن بىر لەھزىمۇ توختىمايۋاتىسەن. دۇنيادا تاپقان راھىتىڭ بولسا خۇددى چاقماقتەكلا يېنىپ ئۆچىدۇ. چاقماقمۇ مۆلدۈر، يامغۇر، قارلار بىلەن تولغاندۇر. نېمىشقا بۇ دۇنيادا ھۇزۇرغا ئۇلىشالمايسەن. مەسىلەن: ئەنتەلىيەگە (تۈركىيەنىڭ بىر شەھىرى ـ تەر.) بېرىش نىيىتى بىلەن يولغا چىقتىڭ، بىراق يولدا ئادىشىپ قەيسەرى (تۈركىيەنىڭ يەنە بىر شەھىرى ـ تەر.) تەرەپكە كېتىپ قالدىڭ. شۇنداقتىمۇ ئەنتەلىيەگە بارىمەن دەپ ئويلىساڭ، خاتا قىلىسەن. چۈنكى قەيسەرىنىڭ يولىدىن ئەنتەلىيەگە بېرىش مۇمكىن ئەمەستۇر. ئەگەر ئەنتەلىيە يولىغا مېڭىلسىچۇ، يولۇچى چولاق ياكى مەجرۇھ بولسىمۇ مەنزىلگە يەتكۈسى. چۈنكى مەنزىلنىڭ ئۆزى شۇ يەردۇر. دۇنيا ئىشى ئەجىرسىز قولغا كەلمىگىنى كەبى ئاخىرەت ئىشى ھەم شۇنداقتۇر. شۇڭا ھېچ بولمىسا ئاخىرەت ئۈچۈن زەھمەت چەككىنكى، مېھنىتىڭ زايە كەتمىسۇن. سەن: «ئەي مۇھەممەد! دىنىڭنى ئال، چۈنكى مەن ئۇنىڭدىن پەقەت ئارامسىزلىق كۆردۈم» دەيسەن. بىزنىڭ دىنىمىز كىشى مەقسىتىنى ھاسىل قىلماستىن، ئۇنى تىنچ قويمايدۇ.

رىۋايەتلەرگە كۆرە ناھايىتىمۇ پېقىر بىر مۇئەللىم بار ئىدى. كەمبەغەللىكى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، قىشتا بىر قېلىن تون كىيەتتى، خالاس. بىركۈنى سەل كەلدى. سۇدا بىر ئېيىق بېشى ئېقىۋاتاتتى. مۇئەللىمگە بالىلىرى (ئوقۇغۇچىلىرى ـ تەر.) «بىر جۇۋا ئېقىپ كېلىۋاتىدۇ، ئېلىڭ، كېرەك بولىدۇ» دېيىشتى. مۇئەللىم كىيىمگە موھتاجلىقى تۈپەيلى، ئۆزىنى سۇغا ئاتتى ۋە بېرىپ «جۇۋا»نى تۇتتى. بىراق شۇ زامان ئېيىقنىڭ چاڭگىلىغا چۈشتى. شاگىرتلارنىڭ:



«ئەي مۇئەللىم، يا جۇۋىنى كەلتۈرۈڭ، يا ئۆزىڭىز كېلىڭ» دەپ ۋارقىراشلىرىغا مۇئەللىم: «مەن جۇۋىنى قويۇپ بەردىم، بىراق ئۇ مېنى قويۇپ بەرمەيۋاتىدۇ، نېمە قىلاي!» دەپ جاۋاب بەردى. ئاخىر، تەڭرىنىڭ شۈكرى سېنى قانداقمۇ قويۇپ بەرسۇن؟ ئۆز قولىمىزدا ئەمەس بەلكى تەڭرىنىڭ ئىختىيارىدا بولغىنىمىز ئۈچۈن شۈكرانە ئېيتمىغىمىز لازىم. مەسىلەن: بالىنىڭ كىچىكلىكىدە، يەنى ئانا بىلەن سۈتتىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان بىر پەيتتە ئاللاھ ئۇنى ھېچ تەرك ئەتتىمۇ؟ ئەكسىچە، ئۇنى ئۆستۈردى، بېقىپ پەرۋىش قىلدى. ئۇنىڭغا ئەقىل بەردى. بالىنىڭ ئىچىدە مەۋجۇت بولغان شۇ (كېيىنكى) ھال گويا ئۇ ئالەمگە ئوخشايدۇ. ئىنسان نۆۋەتتىكى ھاللارغا ئېرىشكەنسېرى ئاۋۋالقى ھالىنىڭ خاملىق، بالىلىق ئىكەن-لىكىنى ۋە ھەتتا ھېچ نەرسە ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ بارىدۇ. «زەن-جىرلەر بىلەن جەننەتكە سۆرەپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قەۋمگە ھەيرانمەن. ئۇلارنى تۇتۇڭ، باغلاڭ ۋە ۋۇسلەتكە (ۋىسالغا) يەتكۈ-زۈڭ. كېيىن جامالغا، ئۇنىڭدىن كېيىن كامالغا (كامالەتكە) ئېلىپ بېرىڭ» (قۇرئان.)

بېلىقچى بېلىقنى بىر قېتىمدىلا تارتىپ سۇدىن چىقارمايدۇ. بەلكى، ئالدى بىلەن ئاستا تارتىپ كۆرىدۇ، ئاندىن يەنە تەكرارلايدۇ. بۇنى ئۇ ئۆلجىسىنىڭ قېنىنى ئاققۇزۇش، كۈچىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن قىلىدۇ. ئىشق ئېلىمىكىمۇ ئىنساننىڭ تامىقىغا سانجىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ھارام قېنى ئېقىشى ۋە قۇۋۋەتتىن قېلىشى ئۈچۈن تەڭرى ئۇنى ئاستا ـ ئاستا تارتىدۇ. «چۈنكى (رىزقىڭىزنى) تار ۋە كەڭ قىل-لىدىغان ئاللاھتۇر».

«لا ئىلەھە ئىللەللاھ». بۇ ئاۋامنىڭ ئىمانىدۇر. خاس قۇللارنىڭ ئىمانى: «لاھۇۋلە ئىللا ھۇۋە»دۇر. ئۇنىڭ (ئاللاھنىڭ ـ تەر.) ھۇۋۋىيەتىدىن (كىم ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى دەلىل، ھۆججەت ـ تەر.)

ئۆزگە ھۆۋىيەت يوقتۇر. مەسىلەن: بىر كىشى چۈشىدە ئۆزىنى شاھ سۈپىتىدە كۆرسە، ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ پەرۋانە بولۇشىغا قاراپ تۇرۇپ: «ھۆكۈمدار مەنمەن، مەندىن ئۆزگە پادىشاھ يوق!» دەيدۇ. ئەمما ئويغىنىپ، ئۆيدە بىر ئۆزىنى كۆرۈشى بىلەن: «بۇ مەنمەن ۋە مەندىن باشقا ھېچكىم يوق» ـ دەيدۇ. بۇ ھەقىقەت. ھەقىقەتنى كۆرمەك ئۈچۈن ئويغاق كۆز كېرەك. ئۇيقۇلۇق كۆز كۆرمەيدۇ.

ھەر تائىپە باشقا تائىپىنى يامانلايدۇ. ۋە: «بىز توغرىمىز، بىز ھەقلىقمىز. ۋەھيى بىزگە كەلگەن. ئۇلار ئاداشقانلار» دېيىشىدۇ. ئەيىبلەنگەن تائىپىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە خۇددى شۇ گەپلەرنى بۇ تائىپىگە قارشى ئېيتىدۇ. شۇ تەرزدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەھيىنىڭ يوقلۇقىغا ئورتاق پىكىردە بولۇشىدۇ. بىراق شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر كىشى ئۈچۈن ۋەھيىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىمۇ بىرلىشىدۇ.

«مۆمىن زەكىيدۇر. ھەق ۋە باتىلنى ئايرىتالىغۇچىدۇر. ئەقىل ۋە چىدام ساھىبىدۇر» (ھەدىس) دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، ئاشۇ بىر كىشىنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ھەقنى باتىلدىن پەرقلەندۈرەلەيدىغان زەكىي بىر مۆمىن زۆرۈر. ئىمان دېگىنىمىزمۇ خۇددى شۇ پەرقلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتى ۋە چۈشىنىشتۇر.

بىرى: «بىلمىگەن ناھايىتى كۆپ، بىلگەن بولسا ئاز. ئۇلارنى ئايرىتىش ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت كېرەك بولمامدۇ؟» دەپ سورىدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: بىلمىگەنلەر كۆپ، بىراق ئۇلاردىن بىرنەچچىسىنى بىلىش ئارقىلىق ھەممىسىنى تونۇغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: بىر سىقىم بۇغدايىنى تونۇش ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى ھەممە بۇغدايلارنى تونۇيسەن. ياكى ئازراقلا شېكەر يەپ كۆرگەن كىشى ھەر تۈرلۈك ھالۋىلارنىڭ ئىچىدە شېكەر بارلىقىنى ئايرىتالايدۇ.

ئەگەر بۇ سۆز سىزگە تونۇشتەك (تەكرارلانغاندەك) تۇيۇلسا، دېمەك، ئاۋۋالقى دەرسىڭىزنى چۈشەنمىگەنسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر

كۆنى بىر نەرسىنى تەكرارلاشقا ھاجەت بار. بۇ ـ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ: مۇئەللىمنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى ئۈچ ئاي داۋامىدا ئېلىپبەدىن باشقا نەرسە ئۆگىنەلمەپتۇ. ئاتىسى «ياق دېگىن» دەپتۇ. بالا شۇنىمۇ ئەيى-لەشتۈرەلمەپتۇ. شۇندا ئوقۇتقۇچى: «ئەھۋال ئېغىر. شۇنىڭ ئۈچۈن-مۇ مەن يېڭى دەرس بېرەلمەيۋاتىمەن. ئاخىر، كونىسىنى ئۆگىنىپ بولمىغىچە، قانداق قىلىپ باشقىسىنى ئۆگىتەي؟» دېيىشى بىلەن بالىنىڭ ئاتىسى «ئاللاھنىڭ ئىگىسىگە ھەمدلەر بولسۇن!» دەپ دۇئا قىپتۇ. بۇ، ئاللاھنىڭ نېنى ۋە نېمەتى كېمەيدى، دېگەنلىك ئەمەس. گەپ شۇ يەردىكى، بىزدە ئىشتىھا قالمىدى ۋە مېھمانلارمۇ تويدى. ھەمدۇسانا شۇنىڭ ئۈچۈندۇر، تەڭرى ئۈچۈندۇر (ئەلھەمدۇ-لىللاھ.) بۇ نان دۇنيانىڭكىگە ئوخشمايدۇ. دۇنيانىڭ نېنى ۋە ئۆزگە يېمىشلىرىنى ئىشتىھايىڭ بولمىسىمۇ، مەجبۇرىيەت ئۈچۈن خالى-غىنىڭچە يېيەلەيسەن ھەمدە خالىغان جايىڭغا ئەكېتەلەيسەن. ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارمۇ سەن باشلىغان يەرگە كېتىۋېرىدۇ. كەتمەيدىغانغا جېنى يوق. ھېكمەتتىن ئىبارەت بولغان ئاللاھنىڭ نېمىتى بۇنىڭ-دىن پەرقلىق ھالدا تىرىكتۇر. ئۇنى پەقەت ئىشتىھا بىلەنلا ئىستې-مال ئېتىش مۇمكىن. ئەكسىچە ھاللاردا ئۇ ساڭا يۈزىنىمۇ كۆرسەت-مەيدۇ.

كارامەتنىڭ ھېكايىسى: ئەگەر بىر كىشى بۇ يەردىن بىر كۈندە ياكى بىر دەقىقىدە كەئبىگە يەتسە بۇنىڭغا ھەيران قېلىشنىڭ ھاجە-تى يوق ۋە بۇ كارامەتمۇ ئەمەس. ئاخىر، بۇ ئىش شامالنىڭمۇ قولى-دىن كېلىدۇ. كارامەت سېنى تۆۋەن ھالدىن يۇكسەك ھالغا كەلتۈ-رۈشتۇر. بۇندا سەن بىلمىسىزلىكتىن ئەقىلگە، ئۆلۈكلىكتىن تى-رىكلىككە ئېرىشىسەن. مەسىلەن: سەن تۇپراق ئىدىڭ، ئۆسۈملۈك-كە ئايلاندۇردى. ئۆسۈملۈكتىن ھايۋانلىققا، ئۇنىڭدىن ئىنسانلىققا سەپەر قىلدىڭ. كارامەت مانا شۇدۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ بۇنداق سەپەرنى

ساڭا راۋا كۆردى ۋە سەن ئۆزۈڭ بىلمىگەن ھالدا شۇ يەرگە قەدەر كەلدىڭ. شۇ تەرزدە سېنى يەنە باشقا تۈرلۈك ـ تۈمەن ئالەملەرگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنى ئىنكار قىلما ۋە ساڭا شۇنىڭدىن خەۋەر بېرىشسە، قوبۇل ئەيلە. ئۆمەرگە قاچىغا لىق تولدۇرۇلغان زەھەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ: «بۇ نېمىگە يارايدۇ؟» دېدى. ئۇلار: «بىراۋنى ئاشكارا ئەمەس، بەلكى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشكە يارايدۇ. قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرگىلى بولمايدىغان دۈشمەننى، بۇنىڭ بىر زەررىسىنى بېرىپ يوق قىلىش مۇمكىن» دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئۆمەر: «ناھايىتى ياخشى قورال ئىكەن، ماڭا بېرىڭلار، مەن ئىچەي. چۈنكى ئىچىمدە قىلىچ بىلەن يېتەلمەيدىغان بىر دۈشمىنىم بار، دۇنيادا ئۇنىڭدىن كۆپ يامانلىق قىلغان دۈشمىنىم يوق» دېدى. ئۇنىڭغا: «بۇنىڭ ھەممىسىنى ئىچىشكە ھاجەت يوق. ئازراقىمۇ يۈز مىڭ كىشىنىڭ ياستۇقىنى قۇرۇتىدۇ» دېيىشتى. ئۆمەر: «مېنىڭ ئىچىمدىكى دۈشمەنمۇ بىر ئەمەس، بەلكى مىڭدۇر ۋە يۈزمىڭ كىشىنى يەرگە ئۇرغاندۇر» دېدى ـ دە، قاچىنى ئېلىپ زەھەرنىڭ ھەممىسىنى ئىچتى. بۇنى كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى: «سېنىڭ دىنىڭ ھەق ئىكەن» دېيىشىپ مۇسۇلمان بولدى. ئۆمەر: «ھەممىڭلار مۇسۇلمان بولدۇڭلار، بىراق بۇ كاپىر تېخىچە ئىمان كەلتۈرمىدى» دېدى. ئۆمەرنىڭ بۇ ئىماندىن مەقسىتى ـ ئاۋامنىڭ ئىمانى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدا بۇ ئىمان ئارتۇقى بىلەن بار ئىدى، ھەتتا سىددىقلارنىڭ ئىمانىغا ئىگە ئىدى. بىراق ئۇ نەزەردە تۇتقىنى ۋە ئىستىگىنى ـ نەبىيلەرنىڭ، خاس قۇللارنىڭ ئىمان ئىدى ۋە ئەينەل يەقىن ئىدى. بۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ: بىر ئارسلاننىڭ شۆھرىتى پۈتۈن دۇنياغا يېيىلدى. بىر ئادەم ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن ئورمانغا يول ئالدى. مەنزىلگە يەتكۈچە كۆپ قىينالدى، بىر يىللىق ئۆمرى ئۆتتى. نىھايەت ئورمانغا يېتىپ كەلدى ۋە ئۇزاقتىن ئارسلاننى كۆرۈشى بىلەن تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغا: «سەن

www.uyghurkitap.com

ئارسلاننىڭ دەردىدە شۇنچە يول باستىڭ. ئۇنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى بار — ھۇزۇرىغا قورقماستىن كېلىپ سىيلاپ - سىيپىغانغا تەگمەيدۇ. ئەگەر قورقۇپ كېلەلمىسە، غەزىپى قوزغىلىدۇ، ھەتتا بىر نەرسە قىلىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنچە زەھمەتلەردىن كېيىن بۇ قاراپ تۇرۇش نېمىسى، ئاخىر؟» دېيىشتى. يولۇچىمۇ ئۆز - ئۆزىگە دېدى: «كەلگەن ئىكەنمەن، تۇرۇشنىڭ مەنىسى يوق، ئارسلان تەرەپكە قەدەم ئال!». لېكىن ئۇ ئاشۇ قەدەمنى ئالالماي تۇراتتى. ئۆمەرنىڭمۇ ئىماندىن قەستى شۇ - ئارسلان تەرەپكە قويۇلىدىغان بىر قەدەم ئىدى. بۇ قەدەم نادىردۇر ۋە پەقەت ئاللاھنىڭ خاس قۇللىرى بىلەن يەقىنىي (ئەينەل يەقىن دەرىجىسىگە يېتىشكەن - تەر.) بولغانلارنىڭ ئىشىدۇر. قەدەم - شۇ قەدەم، ئارقىدا قالغىنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدۇر. بۇ ئىمان بولسا قولىرىنى جانلىرىدىن يۇيۇپ ئالغانلاردىن باشقىغا نېسىپ بولمايدۇ.

يار خۇشتۇر. چۈنكى يار يارنىڭ خىيالىدىن قۇۋۋەت ئالىدۇ، ئۆسىدۇ ۋە ياشايدۇ. بۇنىڭغا ھەيران بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئاخىر، مەجنۇن لەيلىنىڭ خىيالىدىن كۈچ ئالمىغانمىدى؟ ئۇنىڭ يېيىش - ئىچىشى شۇنىڭدىن ئەمەسمىدى؟ مەجازىي بىر يارنىڭ خىيالى ئۇنىڭغا شۇنداق قۇۋۋەت بېغىشلار ئىكەن، ھەقىقىي يار بېغىشلايدىغان قۇدرەتكە نېمە ئۈچۈن ھەيرەتتە قېلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ خىيالى سۈرەت ۋە غەيۋەتتە (يوقلۇق پەيتىدە - تەر.) مەۋجۇتتۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۇنى نېمىشقا خىيال دەيمىز؟ ئۇ خىيال ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتلەرنىڭ روھىدۇر. ئالەم خىيال بىلەن تىك تۇرىدۇ ۋە كۆرۈنگەنى، ھېس قىلىنغىنى ئۈچۈن ئۇنى ھەقىقەت دەپ ئويلايسەن؟ ھالبۇكى، ئالەم سەن خىيالا دېگەن مەنىلەرنىڭ بىر نۇرىدۇر، خالاس. خىيال بولغان نەرسە ئەكسىچە قارالسا، ئۇ ئالەمنىڭ ئەينەن ئۆزىدۇر. ئۇ مەنە بولسا بۇنىڭغا ئوخشىغانلارنىڭ يۈز دانىسىنى ۋۇجۇدقا





كەلتۈرۈپ، يەنە يوق قىلىدۇ. بۇ ئالەم يىقىلىپ تۈگەيدۇ. مەنە بولسا
يىقىلغاندىن گۈزەلرەك، ياخشىراق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كونىرد-
مايدىغان باشقا بىر ئالەم بەرپا ئەتكۈسى. ئۇ كونىلىق ۋە يېڭىلىقتىن
خالىي، نۇرلىرىمۇ بۇلار بىلەن سۈپەتلەنگەندۇر. بۇلانى مەيدانغا كەل-
تۈرگەن ئۇدۇر ۋە بۇلارنىڭ بارچىسىدىن ئازادىدۇر، ئۈستۈندۇر.
ئېيتايلى، بىر مىمار «ئۆينىڭ ئېگىزلىكى مۇنچە، كەڭلىكى مۇنچە،
خانىلىرى بۇنداق، سەھنىسى ئۇنداق بولىدۇ» دەپ تەخمىن قىلسا،
بۇنى خىيال دېيىشمەيدۇ. چۈنكى ئۇشبۇ ھەقىقەت خىيالدىن تۇغۇ-
لىدۇ، ئۇنىڭ (خىيالنىڭ) نۇرىدۇر. ئەگەر مىمار بولمىغان باشقا بىر
ئادەم شۇنداق ئويلىسا، ئۇنىڭكى خىيال بولىدۇ. ئاللاھ تېخىمۇ ياخ-
شىسىنى بىلگۈچىدۇر.

پەسىل. پەقىردىن ھېچ نەرسە سورىماسلىق دۇرۇستۇر. چۈنكى
سوراش بىلەن ئۇنى خىجالەتتە قويغان ۋە يالغاننى توقۇشقا مەجبۇر
قىلغان بولىسەن. نەرسىنى جىسمانىي (دۇنياۋى ـ تەر.) بولغان
كىشى سورىغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇۋاپىق جاۋاب ئېيتىش مۇمكىن
ئەمەس. چۈنكى ئۇ بۇنداق جاۋابقا مۇناسىپ ئەمەس. شۇ نۇقتىئىنە-
زەردىن ئۇنىڭ قىسمىتىگە ئۇيغۇن جاۋاب بەرمەك ئۈچۈن بىر يالغان
ئويدۇرماق لازىمدۇركى، ئۇ كەتسۇن. پەقىرنىڭ ھەممە گېپى توغرى-
دۇر، بىرەر سورىغۇچىغا كۆرە توغرىدۇر. ئەسلىدە بولسا يالغان ھې-
سابلىنىدۇ. شۇنىڭغا قارىماستىن ئاڭلىغۇچىغا نىسبەتەن توغرا،
ھەتتا توغرىدىنمۇ بەكرەك توغرىدۇر. بىر دەرۋىشنىڭ مۇرىتى دەر-
ۋىش ئۈچۈن تىلەمچىلىك قىلاتتى. كۈنلەردىن بىر كۈن مۇرىتى
كەلتۈرگەن لوقمىنى يېگەن دەرۋىش كېچىچە قىينىلىپ چىقتى. ئە-
تىسى ئەتىگەندە مۇرىتتىن: «بۇنى كىمدىن ئالغان ئىدىڭ؟» دەپ سو-
رىدى. مۇرىت: «گۈزەل بىر قىز بەرگەن ئىدى» دېگەندە، دەرۋىش:
«خۇدا ھەققى، مەن يىگىرمە يىلدىن بېرى مەن بۇنچىلىك راھەتسىز

www.uyghurkitap.com

بولغان ئەمەستىم، بۇ ئاشۇ قىزنىڭ لوقمىسىدىن بولدى» دېدى. شۇ سەۋەبلىك دەرۋىش ئېھتىيات قىلىشى، ئۇدۇل كەلگەنلا ئادەمنىڭ لوقمىسىنى يەۋەرمەسلىكى كېرەك. چۈنكى ئۇ لەتىپ ۋە نازۇكتۇر. چۈنكى، تاپتازا، ئاپئاق كۆڭلەكتىكى كىچىككىنە بىر داغمۇ «يالت» قىلىپ كۆزگە تاشلىنىدۇ. بىرنەچچە يىلدىن بېرى يۇيۇلماي كىيىلىۋاتقان، كىرلىقىدىن ئاق رەڭگى قارىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن كۆڭلەككە تامغان داغنى بولسا كىيگەنمۇ، كۆرگەنمۇ پەرق ئېتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەرۋىش زالىملار، ھارام يېگەنلەر ۋە دۇنياۋى كىشىلەر بەرگەن لوقمىنى يېمەسلىكى كېرەك. چۈنكى بۇلار دەرۋىشنى ھېلىقى قىزنىڭ لوقمىسىغا ئوخشاش ئازابلايدۇ. راھىتىنى ئېلىپ قاچىدۇ. ئاللاھ تېخىمۇ ياخشىسىنى بىلگۈچىدۇر.

پەسىل. تالىپلار ۋە سالىكلارنىڭ تەسبىھى مۇجاھەدە ۋە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولماق، ھەر ئىشنى ۋاقتىدا قىلماقتۇر. مەسىلەن: تاڭ سەھەردىكى بىرىنچى ئىش، ئەلۋەتتە، ئىبادەت ۋە بۇ بارچە ئىشلاردىن ئالدىن كېلىدۇ. چۈنكى ئەتىگەندە نەپەس ساپ ۋە مۇقىم بولىدۇ. ھەركىم ئۆزىگە ياراشقان ۋە نەپسىگە ئۇيغۇن بولغان ئىبادەتنى، تەڭرىگە قۇللۇقنى ئادا قىلىدۇ. «قۇرئان»دا: «دەرھەقىقەت، بىزلەر (ئاللاھ يولىدا) سەپ تارتىپ تۇرغۇچىلاردۇرمىز. دەرھەقىقەت بىزلەر (ئاللاھنى ھەرقانداق ئەيىب ۋە نۇقساندىن پاكلاپ) ـ تەسبىھ ئېيتقۇچىلاردۇرمىز» دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، يۈز مىڭ خىل سەپ مەۋجۇتتۇر. كىشى ئىچىنى قانچە پاكىز تۇتسا، شۇنچە ئالدىنقى سەپكە ئۆتىدۇ. ئىچىنى بوشراق تازىلىغان كىشى بولسا، ئارقا سەپكە بېرىپ تۇرىدۇ. چۈنكى «ئۇلارنى ئاللاھ تەيىن ئەتكەن يەرگە ئەۋەتىڭ» (ھەدىس) دەپ ئەمىر ئېتىلگەن. بۇ ھېكايە ئۇزۇندۇر ۋە ھېچكىم بۇ ئۇزۇنلۇقتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇنى قىسقارتقان زات ئۆز ئۆمرىنى قىسقارتقان بولىدۇ. ئەلۋەتتە «ئاللاھنىڭ قورىغانلىرى

مۇستەسنادۇر» (قۇرئان.)

ۋاسىللارنىڭ (ۋىسالغا يەتكەنلەرنىڭ ــ تەر.) تەسبىھىگە كەل ـ سەك، بۇنى سىلەر چۈشىنەلەيدىغان دەرىجىدىكىنى ئېيتىمەن. بۇنىڭ بايانى شۇدۇر. مۇقەددەس روھلار ۋە پاك مەلەكلەر ھەمدە تەڭرىنىڭ قەھرىمانلىرى سۇبھى پەيتىدە بۇلارنىڭ زىيارىتىگە «قۇرئان»دا: ئا ـ دەملەر توپ ــ توپ بولۇشۇپ ئاللاھنىڭ دىنى (ئىسلام) غا كىرىۋاتـ ـ قانلىقىنى كۆرسىڭىز» ۋە «ھەر ئىشىكتىن پەرىشتىلەر كىرىدۇ» دەپ بۇيرۇلغىنىدەك كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بولساممۇ مې ـ نى كۆرمەيسەن. ئېيتىلىۋاتقان سۆزلەر، سالام ۋە كۈلۈمسىرەشلەر ـ دىن ھېچ نەرسە چۈشەنمەيسەن. بۇ بولغاندۇر ۋە ھەيران قالارلىق بىر ئىش ئەمەس. مەسىلەن: ئۆلۈمى يېقىنلاشقان كېسەل، ئۆزىنىڭ ئال ـ دىدا ئولتۇرغان كىشىنى بايقىماي، خىيالغا بېرىلىدۇ. ھالبۇكى، ھەقىقەت ئۇنىڭ خىيالىدىن مىڭ كەررە لەتىپتۇر. ئىنسان كېسەل بولمىغىچە بۇنى سەزمەيدۇ. ھەقىقەتنى بولسا «ئۆلمەستىن بۇرۇن ئۆلمىگىچە» كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس.

زىيارەتچى ۋەلىيلەرنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى، نازۇكلۇقىنى، تاڭ سەھەردە بۇ قەدەر كۆپ مەلەك ۋە روھلارنىڭ ئۇلارغا ھۆرمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، ئۇزاق ــ ئۇزاق كۈتۈپ تۇرغاند ـ لىقىنى كۆرىدۇ. مەسىلەن: قۇللار شاھ سارىيى ئالدىدا ھازىر تۇرۇ ـ شىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر كۈنكى ئىشلىرى ــ بەلگىلەنگەن جايدا ھۆرمەت بىلەن تۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. كىمدۇر ئۇزاقتىن خىزمەت قىلىدۇ ۋە شاھ ئۇنى كۆرمەيدۇ. كىمدۇر ــ ئەكسىچە. ئۇلاردىن بىرى پادىشاھ بولغاندا، ئۇنىڭ ئىشى قۇللارنىڭ ھەر تەرەپتىن ھۇزۇرىغا كېلىشىد ـ دۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇللۇق قالمىغان ۋە «ئاللاھنىڭ سۈپەت ـ لىرى بىلەن سۈپەتلىرىنىڭ» (ھەدىس)، دېگەن ھەقىقەت ھاسىل بولغاندۇر. بۇ، ناھايىتىمۇ يۇكسەك بىر مەقام(ئورۇن، مەرتىۋە.)

www.uyghurkitap.com





ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ـ ئەيىن، مىم ۋە تى ھەرپلىرى بىلەن چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇنىڭ بۈيۈكلۈكىدىن ئازراقى سېنىڭ ئالدىڭدا ئايان بولسا، ئەيىنمۇ، ئەيىن چىققان يەرمۇ قالمايدۇ. قولمۇ، ھىممەتمۇ شۇ. نۇرلار قوشۇنى بىلەن ۋۇجۇد شەھىرى خاراب بولىدۇ. «ئېنىقكى، پادىشاھلار قاچان بىر قىشلاقتا (باستۇرۇپ) كىرسە، ئۇنى ۋەيران قىلىدۇ». كىچىككىنە بىر ئۆيگە تۆگە كىرسە، ئۆي يىقىلىدۇ. بىراق بۇ خارابىدە مىڭلارچە خەزىنە بولۇشى مۇمكىن.

بېيىت: (خەزىنە ۋەيرانىدا، ئىت بولسا ئاۋات جايدا بولىدۇ.)

سالىكلار مەقامىنى ئۆزۈن چۈشەندۈرگىنىمىز بىلەن ۋاسىللار توغرىسىدا نېمە دەيمىز؟ بىراق سالىكلارنىڭ نىھايىسى بار، بۇ ۋىسالدۇر. ۋاسىللارنىڭ بولسا نىھايىسى يوق. بەلكىم ۋاسىللىق (ئېرىشكەنلىك) ئايرىلىشى بولمىغان قوشۇلۇشتۇر. ئاخىر پىشقان مېۋە قايتىدىن خام بولاتتىمۇ؟

بېيىت: (ئادەملەر بىلەن گەپلەشىشنى ھارام ھېسابلايمەن. بىراق سېنىڭ ھەققىڭدە بولسىچۇ، سۆزنى ئۇزارتىمەن.)

خۇدا ھەققى، مەن سۆزنى ئۇزارتىۋاتقىنىم يوق، بەلكى قىسقا قىلىۋاتىمەن!

شېئىر: (مەن قان ئىچىۋاتىمەن، سەن شاراب، دەپ ئويلاۋاتىسەن. سەن جان ئېلىۋاتىسەن، ئەمما جان بېرىۋاتىمەن، دەپ ھېسابلاۋاتىسەن.)

بۇنى ئىنكار قىلغان، توغرا يولنى قويۇپ، پالانى دەرەخ يەقىن، دەپ قورقۇنچلۇق دەشت ـ چۆل يولنى تۇتقانغا ئوخشايدۇ.

پەسىل. نەسرانىي بىر جەرراھ (ئوپېراتسىيە دوختۇرى) شۇنداق ھېكايە قىلدى: شەيخ سەدرىددىنىنىڭ سۆھبەتداشلىرىدىن بىرنەچچىسى ھۇزۇرىمىزغا كەلدى ۋە مەندىن: «ئەيسا سىز ئويلىغاندەك ئاللاھمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «بىز بىر ئاللاھ بارلىقىنى بىلىمىز،

بىراق دىنىمىزنى قوغداش نىيىتىدە بۇنى ئالاھىدە يوشۇرىمىز ۋە ئىنكار قىلىمىز» دېدىم.

مەۋلانا بۇنى ئاڭلىشى بىلەن: «ئاللاھنىڭ دۈشمىنى يالغان سۆزلەۋېتىپتۇ! بۇ، مۆمىن ئەمەس. بۇ، شەيتاننىڭ شارابىدىن سەرخۇش بولۇپ، يولنى يوقاتقان ۋە ئاللاھنىڭ ئىشىكىدىن قوغلاند-غان زاۋال تاپقۇچىنىڭ گېپى، يەھۇدىيلارنىڭ ئويۇن ۋە ھېيلىلىرى-دىن قاچقان، بويى ئىككى ئەرشىندىن (بىر ئەرشىن 68 سانتىمې-تىر ـ تەر.) مۇ قىسقا، ئاجىز بىر ئادەم قانداق قىلىپ يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ قۇرغۇچىسى بولالايدۇ؟ ئاخىر بۇ ئاسمانلارنىڭ ھەربىرى-نىڭ قېلىنلىقى بەش يۈز يىللىق يول ۋە ئىككى كۆكنىڭ ئارىسىمۇ شۇنچىلىكتۇر. بۇلارنى زەئىپ كىشى قايسى قۇدرەت بىلەن ئىدارە قىلىدۇ؟ سەن بۇنىڭغا ئىشىنەمسەن؟ ئەيسادىن ئاۋۋال يەرۇ كۆكلەر-نىڭ ياراتقۇچىسى كىم ئىدى؟ ئاللاھ زالىملارنىڭ گەپلىرىدىن مۇ-نەززەھدۇر» (پاكىزدۇر ـ تەر.)

نەسرانىينىڭ: «ئەيسانىڭ تۇپراق قىسمى تۇپراققا، پاك قىسمى پاكلىققا كەتتى» دېگەن پىكرىگە جاۋابەن مەۋلانا بۇيرۇدى: «ئەگەر ئەيسانىڭ روھى تەڭرى بولسا، ئۇ ھالدا روھ قەيەرگە كېتەلىشى مۇمكىن؟ روھ پەقەت ئەسلىگە، ياراتقۇچىغا كېتەلەيدۇ. ئەگەر ئەيسا ئەسلى ۋە ياراتقان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ كېتىدىغان جايى قەيەر؟» نەسرانىي دېدى: «بىز بۇ ئىشەنچنى ئاتىمىزدىن ئالدۇق ۋە ئۇنى ئۆزىمىز ئۈچۈن دىن ئەيلىدۇق». مەۋلانا بۇيرۇدى: «ئەگەر ئاتاڭدىن ساڭا ساختا ئالتۇن قالغان بولسا ۋە ئۇنى ساپ ئالتۇنغا ئالماشتۇ-رۇش ئىمكانى تۇغۇلسا، ئالماشتۇرمامسەن؟ ياكى ئاتاڭدىن چولاق بىر قول مىراس قالسا، ئۇنى داۋالاش مۇمكىن بولسا، تېۋىپ ۋە دورا ـ دەرمان تېپىلسا، سەن مەجرۇھلۇقنى ئەۋزەل كۆرەمسەن؟ بۇ، ئاتاڭ-دىن قالغان، ئۇنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايمەن دەمسەن؟ ئەقلى جايىدا

ۋە تۇيغۇسى ساغلام كىشى بۇنداق دېمەيدۇ. ئاخىر ئاللاھ ساڭا ئاتاق-ىنىڭ ئەقلىدىن باشقا ئەقىل، دۇنيا قارىشىدىن باشقا دۇنيا قاراش ۋە نىھايەت ياخشى - يامانىنى پەرق ئېتىش خۇسۇسىيىتىدىن ئۆزگىچە خۇسۇسىيەت بەرگەن. سەن ئۇلارنى ئىشلەت ۋە يوقلۇقتا سۆرىگەن ئەمەس، بەلكى، توغرا يولغا باشلىغان ئەقىلگە رىئايە قىل.»

مەسىلەن: ئىت قانچىلىك تۆۋەن بولۇشىغا قارىماي، سۇلتانىنىڭ قولىدا ئوۋغا بېرىشنى ئۆگىنىدۇ. ئاتا - ئانىسىدىن ئۆگەنگەن، كۆرگەن نەرسىلىرىنى - ئۇدۇل كەلگەن يامان جايلاردا يېتىپ يۇ-رۇشنى، تاپقان ئۆلۈمتۈكنى يەپ كېتىشنى ئۇنتۇيدۇ. قۇرغۇيمۇ شۇنداق: سۇلتانىنىڭ تەربىيەسى ئاستىدا ئوۋ سەنئىتىنى ئۆگىنىدۇ، ئۆلۈمتۈك يېيىشنى بەس قىلىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ھەتتا ئۇ-چار قۇش ۋە ھايۋانمۇ ياماندىن ياخشىنى پەرق ئېتىدۇ. ئەقىل ۋە پا-كىزلىقتا ھەممىدىن ئۈستۈن بولغان ئىنسانىنىڭ بۇ جەھەتتىكى سۇسلۇقى ناھايىتى ياماندۇر. بىز بۇنىڭدىن ئاللاھنى سېغىنىمىز. ئەگەر «ئەيسانىڭ تەڭرىسى ئۇنى ئېزىزلىدى، ئۆزگە يېقىنلاشتۇردى. كىم ئۇنىڭغا (ئەيساغا - تەر.) خىزمەت قىلسا، تەڭرىگە خىزمەت قىلى-غان، كىم ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلسا تەڭرىگە ئىتائەت قىلغان بولىدۇ.

ئەگەر تەڭرى ئەيسادىن ئۈستۈن بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولسا، ئەيسا ۋاستىسىدە كۆرسەتكىنىنى شۇنىڭ بىلەن (ئەيسادىن ئۈستۈن پەيغەمبەرنى ئەۋەتىش بىلەن - تەر.) ئىسپات قىلغاندۇر. پەيغەمبەر-گە رىئايە، ئاللاھقا رىئايە قىلماق، ئۇنى سۆيمەك، ئاللاھنى سۆيمەك-تۇر. شۇ تەرزدە بۇ سېنى ئاللاھقا يەتكۈزىدۇ. ھەر نەرسىنىڭ ئاخىر ئۇنىڭغا بارىدۇ. يەنى سەن ھەر نەرسىنى غايە ئۈچۈن سۆيىسەن. باش-قىسى ئۈچۈن ئۇنى تەلەپ قىلىسەن ۋە شۇ ھالدا سۆيگۈڭ ئاللاھتا نىھايە تاپىدۇ. ئىنتىھادا ئۇنىڭ زاتىنى، ئەينىنى سۆيىسەن» دېيىلسە توغرىدۇر.

بىيىت: (كەئبىنى بىزنىمەك ھەۋەسىدىندۇر. بەيت كەلىمىسىدىكى «ي» ھەرپى ئۇنى بۇتلۇقتىن چىقىپ، بەيتۇللاھ (ئاللاھنىڭ ئۆيى) بولۇشى ئۈچۈن كۇپايە بىزەكتۇر.)

كۆزنىڭ تەبىئىي قارا رەڭگى سۈرمە بىلەن بويالغاندەك قارا رەڭدە ئەمەس. كىيىمنىڭ گۈزەللىكى پەقىرلەر سىيمالىرى، گۈزەللىكى ۋە كامالىنى يوشۇرغىنىدەك، ئۇنىڭ يىرتىق بولۇشى بەدەۋلەتلىكنىڭ (بايلىقنىڭ) لاتاپەت ۋە ھەيۋىتىنى يوشۇرىدۇ. پەقىرلەرنىڭ ئۇستىبېشى پارە ـ پارە بولۇشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئېچىلىدۇ ۋە تەجەللىلەرنىڭ ئورنى بولىدۇ.

پەسىل. «ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى قىلغان بىر نەرسىمۇ ياكى ئىككى نەرسە؟» دەپ سورىدى. جاۋاب: «مۇنازىرە ھالىدا بولغانلىقىغا كۆرە پۈتۈنلەي ئىككى نەرسە بولۇشى كېرەك. چۈنكى بىر ئىنسان ئۆزىگە قارشى مۇخالىپەتتە (قارشىلىقتا) بولالمايدۇ. شۇ نۇقتىئىنەزەردىن يامانلىق ياخشىلىقتىن ئايرىلمايدۇ. ياخشىلىق شۇ يامانلىقنى تەرك ئەتمەكتۇر. يامانلىق بولمىسا ئۇنى تاشلىماقمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر يامانلىق قىلىش سەۋەبى بولمىسا ئىدى، ياخشىلىقتىن ۋاز كېچىشمۇ بولماس ئىدى. دېمەك، فائىل (قىلغان، بىجىرگەن ـ تەر.) ئىككى ئەمەس، بىردۇر.

مەجۇسىيلەر دېيىشىدۇكى: تەڭرى ياخشىلىق، ئەھرەمەن يامانلىق ياراتقۇچىلىرىدۇر. بىز بۇنىڭغا قارشى دەيمىزكى: خۇش نەرسىلەر ناخۇشلاردىن بۆلەك ئەمەستۇر. چۈنكى ناخۇش نەرسە بولمىغىچە، خۇش نەرسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەستۇر. سۆيۈلگەن سۆيۈلمىگەنىنىڭ زاۋالى ھېسابلىنىدۇ. سۆيۈنۈش غەم ـ قايغۇنىڭ بەرھەم تېپىشىدۇر. غەم ـ قايغۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە سۆيۈنۈش بىلەن يوق بولىدۇ. دېمەك فائىل (ئىشنى قىلغۇچى، بىجىرگۈچى) بىردۇر، پارچىلارغا ئايرىلمايدۇ.



www.uyghurkitap.com

دېدىكىم: بىر نەرسە پانىي بولمىغىچە، پايدىسى بىلىنمەيدۇ. ئارىپنى يامانلىغان، ئەسلىدە ئارىپنىڭ ياخشىلىقىنى سۆزلىگەندۇر. چۈنكى ئارىپ تىلغا ئېلىنغان بولمىغۇر سۈپەتلەردىن قاچىدۇ ۋە بۇ سۈپەتلەر ئۇنىڭ دۈشمىنىدۇر. شۇنىڭغا كۆرە ئۇشبۇ سۈپەتلەرنى يامانلىغان ئەسلىدە ئارىپنىڭ دۈشمىنىنى تىللىغان ۋە ئۆز نۆۋىتىدە ئارىپنى ماختىغان بولىدۇ. چۈنكى ئارىپ يامان ئاتىلىشتىن ئۇزاقلىشىدۇ. «شەيئىلەر زىتى بىلەن مەلۇم بولىدۇ». ئارىپ بىلىدۇكى (ۋە دەيدۇكى): «مېنىڭ دۈشمىنىم مېنى يامانلىغان ئەمەس، مېنى يامانلىغان مېنىڭ دۈشمىنىمنىڭ دۈشمىنىدۇر». مەن بەختىيارمەن. بىراق ئەتراپىمدا ئۈستى تىكەن بىلەن قاپلانغان تام توسۇق بار. تاشقىرىدىن قارىغانلار ئىچكىرىدىكى گۈلزارنى كۆرمەيدۇ، بەلكىم كۆزلىرى تامنىڭ ئۈستىدىكى تىكەنلەرگە چۈشۈپ، ئۇنى يامانلايدۇ. گۈلزار بولسا بۇنىڭدىن ھېچ زەرەر كۆرمەيدۇ. يامانلاشنىڭ زىيىنى يامانلىغان ئادەمنىڭ ئۆزىگىدۇر. چۈنكى ئۇ ئۆز سۆزلىرى بىلەن گۈلزاردىن ئۇزاقلاشماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مۇستاپا: «مەن كۆپ كۈلگۈچى ۋە كۆپ ئۆلتۈرگۈچىمەن» (ھەدىس) دەپ بۇيرۇغان. يەنى ھېچكىمنى غەزەپ بىلەن ئۆلتۈرمەيدۇ. كاپىرنىڭ ئۆزىنى يۈز تۈرلۈك ئۆلۈم بىلەن ئۆلتۈرمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى بىر خىل ئۆلۈم بىلەن ئۆلتۈرىدۇ ۋە بۇنىڭدىن كۆپ كۈلىدۇ.

پەسىل. مىرشاب ئوغرىنى تۇتۇش ئۈچۈن دائىم ئىزدەيدۇ. ئوغرى بولسا ئۇنىڭدىن قېچىپ يۈرىدۇ. بىراق شۇنداق بىر غەلىتە ھال بولدى: بۇ قېتىم ئوغرى مىرشابنى ئىزدىمەكتە، ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن تەرەپ ــ تەرەپكە چاپماقتا.

ئۇلۇغ ئاللاھ بايەزىدگە: «ئەي بايەزىد! نىمە خالايسەن؟» دەپ ئەمىر قىلدى. بايەزىد: «بىر نەرسە ئىستىمەسلىكنى (خالىماسلىقنى) ئىستەيمەن (خالايمەن)» دېدى.

ئىنسان ئۇچۇن پەقەت ئىككى ھال مەۋجۇت: ياكى خالايدۇ ياكى خالىمايدۇ. مۇتلەق خالىماسلىق سۈپىتى بولسا ئىنساننىڭكى ئەمەستۇر. ئەگەر بۇنداق ئىنسان بولسا، ئۇ ئۆزىدىن قۇتۇلغان، يوق بولغان ۋە قالمىغاندۇر. بۇنداق بولمىسا ئىدى، ئۇنىڭدا ئىنسانلىق سۈپىتى ياشىغان بولار ئىدى ۋە ئەلۋەتتە يا ئىستەر(خالار) يا ئىستىمەس(خالىماس) ئىدى. ئۇلۇغ تەڭرى ئۇنى مۇكەممەل ئەيلىمەكچى ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ھېچ نەرسە خالىماسلىقنى خالايدۇ. بۇ ھال بىرلىكتۇر، قوشۇلۇش (ۋىسال)دۇر. ئەمدى ئارىغا ئىككىلىك سىغمايدۇ، بەلكى ئارىنىڭ ئۆزى يوق. پۈتۈن جاپالار، قايغۇلار ئىستەلگەن (كۆڭۈل خالىغان) نەرسىنىڭ يوقلۇقىدىن پەيدا بولىدۇ. ھېچ نەرسە ئىستىمىگەندە غەم ـ تەشۋىشمۇ بولمايدۇ.

ئادەملەر قىسىملارغا ئايرىلغاندۇر. ئۇلار ئۈچۈن يولدا دەرىجىلەر ۋە مەرتىۋىلەر مەۋجۇت. كىملەردۇر ئىچكىرىدىن چۈشەنچىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرمايدۇ. ئەسلىدە، بۇ بەشەرنىڭ قولىدا. بىراق قەلبىدە ئارزۇ ۋە پىكىرنىڭ پەيدا بولۇشى ئىنسان قۇدرىتىدىن خالىي جەرياندۇر. بۇنى ئاللاھ جەزبىسىدىن ئۆزگە نەرسە ئىنساندا يوق قىلالمايدۇ. دېدىكى: «ھەق كەلدى، باتىل يوق بولدى». «ئەي مۆمىن، (ئىچكىرى) كىر. سېنىڭ نۇرۇڭ مېنىڭ يالقۇنىمنى ئۆچۈردى» (ھەدىس.)

ئەگەر مۆمىن كىشى ھەقىقىي ئىمانغا ئىگە بولسا، ئۇ ئەڭ مۇۋاپىق ئىشنى قىلغان بولىدۇ. مۇستاپادىن كېيىن ھېچكىمگە ۋەھيي كەلمەيدۇ، دېيىشىدۇ. نېمىشقا كەلمىسۇن؟ كېلىدۇ. بىراق بۇنىڭغا ۋەھيي دېيىلمەيدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى «مۆمىن ئاللاھنىڭ نۇرى بىلەن باقىدۇ (رەزم سالىدۇ)» دېگەن ھەدىسنىڭ مەنىسى بىلەن بىردۇر. ئاللاھنىڭ نۇرى بىلەن نەزەر سالغان زات (مۆمىن) ھەممە نەرسىنى، ئاۋۋال ۋە ئاخىرنى، ئۇلاردا بولغان ۋە بولمىغاننى كۆرەلەيدۇ. چۈنكى

www.uyghurkitap.com

ئاللاھ نۇرىدىن پىنھان قالالماس. ئەگەر پىنھان قالسا، دېمەك، ئۇ ئىلاھىي نۇر ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭغا ۋەھيى دېيىلىسمۇ، ئۇ ۋەھيىنىڭ مەنىسىدۇر.

ئوسمان خەلىپە بولۇشى بىلەن مۇنبەرگە چىقتى. خەلق: «ئەجەبا ئۇ نېمە دەيدىغاندۇ؟» دەپ كۈتتى. بىراق ئوسمان ئىندىمىدى، ئەقەللى بىر سۆزمۇ ئېيتمىدى. پەقەت باقتى ۋە خەلقتە شۇنداق بىر ھال پەيدا قىلدىكى، سىرتقا چىقىشقا ئۇلاردا مادار قالمىدى. شۇ ۋاقىتقىچە قىلىنغان يۈزلەپ زىكىر، ۋەز ۋە خۇتبەلەردىن خەلقتە بۇنداق ھال ھاسىل بولمىغانىدى. ھەمدا ئۇلار بۇنداق ھال سايىسىدە ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدا ۋە سىرلارنى ھېچقاچان بۇنچىلىك كۆپ كەشىپ ئەتمىگەنىدى. يىغىلىش ئاخىرىغا قەدەر ئوسمان گەپ قىلمىدى. پەقەت مۇنبەردىن چۈشمەكچى بولغاندىلا: «سىلەر ئۈچۈن پائال ئىمان مەمەدان ئىماندىن خەيرلىكتۇر» (ھەدىس) دەپ بۇيرۇدى. ئۇ ھەق گەپنى ئېيتتى. چۈنكى سۆز ئېيتماقتىن مەقسەت بىرەر پايدا بەرمەك، قەلبگە تەسىر قىلماق، ئەخلاقنى ئۆزگەرتمەك ۋەھاكازا ياخشىلىقلارنى قىلماقتۇر. ھالبۇكى، ئوسمان لام ــ مىم دېمەستىن، گەپ قىلغان ۋاقىتتىكىدىن كۆپرەك پايدا كەلتۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېيتقىنى تامامەن ساۋابتۇر.

ئوسمان ئۆزىنى پائال دېدى. ھالبۇكى، مۇنبەردە تۇرغىنىدا كۆز بىلەن كۆرۈش مۇمكىن بولغان بىرەر ئىش قىلمىدى. ناماز ئۆتۈمىدى، ھەجگە بارمىدى، سەدىقە بەرمىدى، زىكىر ئەتمىدى ۋە ھەتتا خۇتبە ئوقۇمىدى. دېمەك، ئەمەل ۋە پېئىل پەقەت بۇ كۆرۈنگەن ھەرىكەت ۋە پائالىيەتلەردىن ئىبارەت ئەمەس. بۇلار بەلكى ئۇ ئەمەلنىڭ سۈرىتىدۇر ۋە ئۇ (ئەمەل) جاندۇر. مۇستاپا: «مېنىڭ ئەسھابىم يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ قايسىبىرىگە ئەگەشسىڭىزمۇ ھىدايەتكە ئېرىشىسىز» (ھەدىس) دەپ بۇيرۇدى. ئىنسان يۇلتۇزغا

قاراپ يولنى تاپىدۇ. لېكىن يۇلتۇز ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە دەمدۇ؟
ياق، ئەسلا! خۇددى كىشى يۇلتۇزغا بېقىپ توغرا يولنى خاتا يولدىن
ئاجرىتىپ ئالغىنىدەك، ئەۋلىيالارغا قاراپمۇ مەقسىتىگە يېتىشىدۇ.
ۋەلىيلەر ئۇنى ۋۇسلەت (ۋىسال) مەنزىلىگە ئېلىپ بارىدۇ.

ئاللاھ ئالەمدە ھېچ نەرسە ئىمكانى بولمىغان نەرسىگە تاقەت
قىلماق قەدەر ئېغىر ئەمەس. مەسىلەن: سەن ئوقۇپ، تۈزىتىپ، بەل-
گىلەر قويغان بىر كىتابنى باشقا بىرسى يېنىڭدا ئولتۇرۇۋېلىپ خا-
تا ئوقۇسا، سەۋرىڭ چىدامدۇ؟ ئەگەر كىتابتىن بىخەۋەر بولساڭ ،
ئادەمنىڭ توغرا ياكى خاتا ئوقۇۋاتقىنىنى ئاجرىتالماس ئىدىڭ. شۇ
نۇقتىئىنەزەردىن، ئىمكانى يوق نەرسىگە تاقەت قىلماق ناھايىتىمۇ
بۈيۈك بىر مۇجاھەدەدۇر (جەڭدۇر.)

ئەۋلىيا ۋە ئەنبىيالار ھېچقاچان مۇجاھەدىدىن چېكىنگەن ئەمەس
ۋە ئۇلارنىڭ بىرىنچى كۈرەشلىرى نەپس، ئارزۇ ۋە شەھۋەتلىرىنى
تەرك ئەتمەكتۇر. بۇ ناھايىتىمۇ بۈيۈك جەڭ ھېسابلىنىدۇ. ۋاسىل
بولۇپ مۇقىملىق (ئەمىنىيەت) مەقامىغا يېتىشكەندىن كېيىن ئەگ-
رى ۋە توغرىنىڭ سىرلىرى كەشىپ ئېتىلىدۇ. توغرىنى ئەگرى بىد-
لەن كۆرىدۇ ۋە شۇنداق بىلىدۇ. مۇجاھەدە ئىچىدە قالىدۇ. چۈنكى بۇ
خەلقنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى ئەگرى ۋە يېغىلىشتۇر. نەبي ۋە ۋەلىي-
لەر بۇلارنى كۆرىدۇ ۋە ئۇلارغا سەۋر قىلىدۇ. ئەگەر بۇنداق قىلماي
ئۇلارنىڭ ئەگرى ئىشلىرىنى ئوچۇق ئېيتسا، ھەممە ئۇلاردىن قاچى-
دۇ ۋە مۇسۇلمانلىق سالىمىنىمۇ قىزغىنىدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇلارغا
ناھايىتىمۇ كۈچلۈك سەبىر ئاتا قىلغانلىقى تۈپەيلى ئۇلار بارچە
ئەگرىلىككە چىدايدۇ ۋە خەلققە ئېغىر كەلمىسۇن، دەپ ئاشكارا بو-
لۇۋاتقان يۈز گۇمراھلىقتىن ئادەتتىكى بىرەرسىنى ئېيتىپ قالغى-
نىنى يوشۇرىدۇ. شۇنداق بولىدۇكى، ھەتتا ئادەملەرنى ماختاشقا
توغرا كېلىدۇ: «بۇ ئىشىڭ ناھايىتى توغرا». شۇ تەرزدە پۈتۈن ئەگ-

www.uyghurkitap.com

رىلىكنى بىر ـ بىرلەپ تۈزىتىشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىغا ھەرپنى بىر ـ بىرلەپ ئۆگىتىدۇ. نۆۋەت سۆزنى يېزىشقا كەلگەندە، ئۇستاز ئوقۇغۇچىنىڭ يېزىقىغا قاراپ: «ياخشى، پەقەت بىر ھەرپنى سەل ئەگرىرەك يېزىپسەن» دەيدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ كۆزىدە بارچە ھەرپلەر ئەگرىدۇر. ئەمما ئوقۇتقۇچى بىردىنلا بۇنى ئېيتمايدۇ. شۇ يوسۇندا ئوقۇغۇچىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماي، ئۆزىدىن بەزدۈرمەي، ئۇنىڭ خېتىنى ياخشىلايدۇ.

ئىنشائاللاھ، بىزمۇ ئۇلۇغ تەڭرىدىن ئەمىرنىڭ ئارزۇلىرىنى روياپقا چىقىرىشىنى سورايمىز. ئەمىرگە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بارچە ئىزگۈ ئىستەكلىرى ھەمدە ئۆزى تېخى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن دۆلەتلەر نېسىپ ئەتسۇن. نىھايەت، ئۇنىڭ ئۆزى بۇلارنى كۆرۈشى بىلەن بۇرۇن قىلغان نىيەتلىرىنىڭ ئاجىز ۋە ئەرزىمەسلىكىدىن ئۇيالسۇن.

ئاتا (سەدىقە) ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە خىيالىغا كەلمىگەن نەرسىدۇر. ئىنسان سەدىقىسى ئۇنىڭ ئۆز ھىممىتى ۋە قەدىر ـ قىممىتى ئۆلچىمىدە بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئاتاسىمۇ ئۇنىڭ بۈيۈكلۈكى نىسبىتىدۇر. قۇلنىڭ ھىممەت ۋە ۋەھىمىگە كۆرە بولغىنى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ لايىقىدا ھەقىقىي بېغىشلاشتۇر. «ھېچبىر كۆز كۆرمىگەن، ھېچبىر قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ھېچبىر كۆڭۈل تۇيمىغان» (ھەدىس) دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، سەن ئۈمىد قىلغان ئاللاھنىڭ ئاتاسى كۆزلەر كۆرمىگەن، قۇلاقلار ئاڭلىمىغان ۋە قەلبلەر تەسەۋۋۇر قىلمىغان بولۇشىغا قارىماي، بۇلارنىڭ بارچىسىدىن خالىيدۇر.

پەسىل. «يەقىن» (تولۇق ۋە ئېنىق بىلىم) سۈپىتى شەيخى كامىلدۇر. بۇلار دەرىجە ـ دەرىجە بولىدۇ. تەخمىن، كۈچلۈك تەخمىن، ئەڭ كۈچلۈك تەخمىن ۋەھاكازا. تەخمىن قانچە كۈچلۈك بولسا، «يەقىن»گە شۇنچە يېقىن بولىدۇ ۋە ئىنكاردىن ئۇزاقلىشىدۇ. «ئەبۇ

بەكرىنىڭ ئىمانى تارتىلسا، پۈتۈن دۇنيا ئىماندىن ئېغىر كېلىدۇ» (ھەدىس.) بارچە توغرا تەخمىنلەر «يەقىن»دىن سۈت ئېمىدۇ ۋە شۇنداق ئۆسىدۇ. سۈت ئەممەك ۋە ئۆسمەك تەخمىنىنىڭ بىلىم (ئىلىم) ۋە ئەمەلدە ئارتىشىنىڭ، يېتىشىنىڭ ئالامىتىدۇر. شۇ تەرزدە ھەر بىر تەخمىن «يەقىن» بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدا يوقىلىدۇ. چۈنكى «يەقىن» ھاسىل بولغاندا، تەخمىن قالمايدۇ. «يەقىن» شەيخلىرى ۋە مۇرىتلىرىنىڭ سۈرەتلىرى بولغان بۇ جىسىم ئالىمىدە (دۇنيادا) شەيخلەر ۋە مۇرىتلارمۇ يوق بولىدۇ. چۈنكى بۇ سۈرەتلەر (نەقىشلەر) دەۋردىن دەۋرگە، ئەسىردىن ئەسىرگە ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ھالبۇكى، «يەقىن» شەيخلىرى ۋە ئۇلارنىڭ توغرا تەخمىنلىرى ھېسابلانغان باللىرى - مۇرىتلار دەۋرلەر ۋە ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشىگە قارىماي، ئۆزگەرمەس بولۇپ، ئالەمدە تىك تۇرىدۇ. يېڭىلىش، بۇزۇق ۋە مۇنكىر (ئىنكار ئەتكۈچى - تەر.) تەخمىنلەر «يەقىن» شەيخلەرنىڭ سۈرگۈن قىلغانلىرىدۇر. بۇ تەخمىنلەر ھەر كۈنى «يەقىن» شەيخلىرىدىن يەنىمۇ ئۇزاقلىشىدۇ. ئۆز قەدىرلىرىنى يوقىتىپ بارىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھەر كۈنى يامان تەخمىنلەرنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا. «ئۇلارنىڭ دىللىرىدا مەرەز بار ئىدى، بەس، ئاللاھ مەرەزلىرىنى يەنىمۇ زىيادە قىلدى». «مەگەر ئىمان كەلتۈرۈپ، ياخشى ئەمەللەر قىلغان زاتلارلا (ئازابقا دۇچار قىلىنمايدۇ.) بەس، ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ ۋە ئۇلارغا ھېچقانداق زۇلۇم قىلىنمايدۇ». «مەگەر كىم تەۋۋا قىلسا ۋە ئىمان كەلتۈرۈپ ياخشى ئەمەللەر قىلسا، بەس، ئاللاھ يەنە شۇلارنىڭ يامانلىق گۇناھلىرىنى ياخشىلىق ساۋابلىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ».

تەخمىننى بۇزماق ۋە يامانلاشتۇرماق ئۈچۈن ئېلىنغان ھەر تەھسىل نەتىجىدە ئۇنىڭ پايدىسىغا (تۈزۈلۈشىگە) خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: بىر ۋاقىتىدا ئۈچىغا چىققان ئوغرى بولغان مىرشاب ئۆز

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ھەمكەسىپلىرىدىن ئۇستۇندۇر. (ئۇنىڭ چۈنتەك كېسىشكە ئىشلى-تىلگەن كۈچى ئەمدى ئادالەتنى ياقلايدۇ.) ئۇ ئوغرىلارنى، ئۇلارنىڭ ھىيلىلىرىنى، ھەرىكەتلىرىنى بەش قولدەك بىلىدۇ. خۇددى شۇ-نىڭغا ئوخشاش بىر زات ۋاقتى كېلىپ شەيخ بولسا، ئۇ كامىل ۋە بۇ-يۈك بولۇپ يېتىشكۈسى.

پەسىل. دېدىلەركى: «بىزدىن قېچىڭ، بىزگە يېقىنلاشماڭ!» جاۋاب بەردىلەركى: «سىزگە موھتاجمەن، شۇنداق ئىكەن، قانداق قىلىپ سىزدىن قاچاي؟»

شۇنى ياخشى بىلىش كېرەككى، ئىنسان قەيەردە بولمىسۇن، ھەمىشە ئۆز ئېھتىياجىنىڭ يېنىدىدۇر. ھايۋانمۇ شۇنداق. ئېھتىياج ئۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ يېقىنراق. گويا ئۇنىڭغا يېپىشقان، ئۇنىڭدىن ئاجرالماستۇر. ئىنسان ئۆز ـ ئۆزىنى باغلىمايدۇ. چۈنكى ئۇ دائىم باغدىن قۇتۇلماقچى بولىدۇ. ھەرقانداق باغدىن ئازاد بول-ماقنى ئىستىگەنىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى باغلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ئۇنى باشقا بىراۋ باغلىسا ئىشىنىش مۇمكىن. مەسىلەن: ساغلام بو-لۇشنى خالىغان ئادەم ئۆزىنى كېسەلگە گىرىپتار قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى ئىنسان ھەم ساقلىقنى، ھەم كېسەللىكنى بىرلا ۋاقىتتا خالىيالمايدۇ. كىشى دائىم ئۆز ئېھتىياجىنىڭ يېنىدا بول-غىنى ئۈچۈن، شۇ ئېھتىياجنى قاندۇرغانلىقىمۇ ھوزۇرىدا بولىدۇ. يەنى يىپقا باغلانغان بولغىنى ئۈچۈن، كىشى يىپنى تارتقانغىمۇ تە-ۋەدۇر. بىراق كۆزى ئارقاندا، يىپتا بولغانلىقى ئۈچۈن (بۇنداق ئا-دەمنىڭ ـ تەر.) قەدىر ـ قىممىتى يوق. ئەگەر كۆزى ئارقاننى تارت-قاندا بولۇپ ئۆزى ئارقاندىن قۇتۇلسا ئىدى، ئارقاننى تارتقان ئۇنىڭ ئۆزى بولاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈشىگە سەۋەب ـ ئارقاننى تۇت-قۇچىنىڭ كەينىدىن يىپسىز ـ ئارقانسىز كەتمىگەنلىكى ھەمدە كۆ-زى ئۇنىڭدا (ئارقاننى تارتقاندا) بولمىغانلىقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن

ئۇنى باغلىدى.

«بىز ئۇنىڭ بۇرنىغا تامغا باسىمىز» (قۇرئاندىن) دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، ئۇنىڭ ئاغزىغا يۈگەن سالىمىز ۋە (مېڭىشنى) خالىماي قالغاندا، يۈگەننى تارتىمىز. چۈنكى يۈگەنسىز ھالدا ئارقىمىزدىن كەلمەيدۇ.

نەزم: (ئۇلار: «سەكسەندىن كېيىن ئويۇن بولامدۇ؟» دېدى. مەنمۇ ئۇلارغا جاۋاب سۈپىتىدە: «سەكسەندىن بۇرۇن ئويۇن بولامدۇ؟» دېدىم.)

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۆز پەزلى بىلەن ياشانغانلارغا بالىلىق بېغىشلايدۇ. باللار دۇنيانى بىلمىگەنلىكى، ئۇنىڭدىن زېرىكمىگەنلىكى ئۈچۈن بىغۇباردۇر ۋە ئويناش ئارزۇسى بىلەن ياشايدۇ. ياشانغان ئادەممۇ خۇددى بالىغا ئوخشاش ھەممىنى تاپتازا كۆرىدۇ، ئويىنماقنى ئىستەيدۇ. قېرىلىقنىڭ ئەھمىيىتى ۋە شەرىپى بۈيۈكتۇر. ئىنساندا قېرىلىق ئالامەتلىرى كۆپەيگەنسېرى ئۇنىڭدا ئويناش ۋە ئايلىنىش ھەۋىسى كۈچىيىدۇ. دېمەك، قېرىلىقنىڭ شىددىتى تەڭرىنىڭكىدىن كۆپرەك بولىدۇ. چۈنكى تەڭرى جامالىنىڭ باھارىنى قېرىلىقنىڭ كۆزى يېڭىدۇ. شۇڭا تەڭرى پەزلىنىڭ باھارى زەئىپتۇر. بىر (ئىنسان) چىشىنىڭ تۆكۈلۈشى بىلەن تەڭرى باھارىنىڭ كۈلۈمسىرىشى كونىرايدۇ ۋە بىر (تال) چاچنىڭ ئاقىرىشى بىلەن تەڭرى پەزلىنىڭ يېشىللىقى سولىدۇ. كۆز يامغۇرىنىڭ يىغلىرى ئىچرە ھەقىقەتلەر بېغى بوغۇلىدۇ، ھاياتنىڭ پەيزى قاچىدۇ. تەڭرى زالىملارنىڭ سۆزلىرىنى ناھايىتىمۇ يۈكسەلدۇرىدۇ.

پەسىل. مەن ئۇنى ۋەھشىي بىر ھايۋان شەكلىدە كۆردۇم. ئۇ تۈلكە تېرىسىنى يېپىنغان ئىدى. قىزىقتىم، ئالماقچى بولدۇم. ئۇ كىچىك بىر خانىدا تۆشۈكلەردىن تاشقىرىغا قاراپ، ئۇياقتىن بۇياققا چاپاتتى. كېيىن جەلالۇت تەبرىزىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا بىر ھايۋان كە-

بى كۆرۈندى. ئۇ مەندىن سەكرەپ قاچماقچى بولغانىدى تۇتۇۋالدىم. مېنى چىشلىمەكچى بولدى. كاللىسىنى پۇتلىرىم ئاستىغا قويۇپ شۇنداق دەسسىدىمكى، ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە بولسا ھەممىسى تاشقىرىغا ئېتىلىپ چىقتى. كېيىن گۈزەل تېرىسىگە قارىدىم، ئۇنىڭ ئالتۇن ۋە ياقۇتلاردىن قىممەت ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇنىڭغا: «مەن ئالىدىغىنىمنى ئالدىم، ئەي ھۇركىگەك ھايۋان، ئەمدى سەن قەيەرنى خالىساڭ، كېتىۋەر» دېدىم. ئۇ خاتا ھالدا قېچىۋاتاتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ سائادىتى مەغلۇبىيەتتە ئىدى.

ئارىپ شۇنداق بىر ھالدا بولىدۇكى، ئۇنى تۇزاقلار بىلەن ئوۋلاش ـ خام خىيال. تۇزاقلار قانچىلىك پىششىق ۋە مۇستەھكەم بولۇشىغا قارىماي، بۇ ئوۋغا لايىق ئەمەستۇر. ئارىپنىڭ ئىختىيارى ئۇنىڭ ئۆز قولىدا. ھېچكىم ئۇنى ئىختىيارىدىن مەھرۇم قىلماي تۇرۇپ، تۇتالمايدۇ. مەسىلەن: سەن كۆزىتىش ئورنىدىن تۇرۇپ، قانداقتۇر بىر جانىۋارنى پايلاۋاتىسەن، دەيلى. لېكىن ئۇ سەن ۋە سېنىڭ پىلانلىرىڭدىن خەۋەردار بولسا، ھېچ قىينالمايلا قېچىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئىختىيارى ئۆز قولىدا. شۇڭا خالىغان تەرىپىگە كېتەلەيدۇ. ئۇ سەن تۇزاق قۇرغان يىگانە يولدىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغىنى يوق. چۈنكى «ئاللاھنىڭ يېرى كەڭدۇر». كېيىن بۇ دەقىقىلەر سېنىڭ تىل ۋە ئىدراكىڭغا ئۆتۈشى بىلەن ھەقىقىي ھالىنى يوقىتىدۇ. بىر ھەرىكەت بىلەن بۇزۇلىدۇ. بۇزۇلغان ۋە بۇزۇلمىغان بارچە نەرسىلەر ئارىپنىڭ ئاغزىغا چۈشۈشى ۋە ئىدراكىغا كېچىشى بىلەن بۇرۇنقى ھالىدا قالماي، باشقا نەرسىگە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن: مۇسانىڭ قولىدا ھاسا تامامەن باشقا نەرسىگە ئۆزگەردى.

«كاپىرنىڭ ئاشقازىنى بار» (ھەدىس.) بۇ جاھىل فىرراش تاللاپ كەلتۈرگەن ئىشەك يەتمىش ئاشقازان بىلەن يەم يەيدۇ. ئەگەر بىرلا ئاشقازىنى بولغاندىمۇ، يەتمىش دېيىلەتتى. چۈنكى يېقىمسىز كى-

شىنىڭ قىلغان ھەربىر ئىشىمۇ يېقىمسىزدۇر. ئەكسىچە يېقىملىق كىشىگە تېگىشلىك ئىشلار سۆيۈملۈك بولىدۇ.

پەسىل. بۇ ھاپىزلار ئارىپلارنىڭ ئەھۋالىنى نېمىشقا چۈشەنمەيدۇ – مەن ھەيرانمەن. «قەسەم ئىچىپ تۇرغان مىسكىندۇر» دېيىلگىنىدەك، ئۇلار پىتىنچىدۇر. «پالانچىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالما، ئۇ نېمە دېسىمۇ ساڭا ئۇنداق بولىدۇ، مۇنداق بولىدۇ» دېيىشىدۇ. «قۇرئان» ھەممە نەرسىدىن ئەيىب ئىزدىگۈچى، سۆز توشۇغۇچى، ياخشىلىقنى توسقۇچى ۋە ئۇرۇشقاقلارنىڭ گۇناھقا پاتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. «قۇرئان» سېھىرگەردۇر، ئۆزىگە شۇنداق رام قىلىدۇكى، ھەتتا ياۋنىڭمۇ قۇلىقىغا ئاڭلىنىدىغان بىر تەرزدە ئۇچۇق شىۋىرلايدۇ. بىراق ياۋنىڭ ئۇنىڭدىن (ئۇ مەنىدىن) ۋە ئۇنىڭ تەمىدىن خەۋىرى بولمايدۇ.

«ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرى ۋە قۇلاقلىرىنى مۇھۆرلەپ قويغان» دەپ بۇيۇلغىنىدەك، ئۇمۇ نەقەدەر ياخشى ئاڭلايدۇ، خاتىم قىلىدۇ، بىراق چۈشەنمەيدۇ. ئۇنىڭدىن گەپ قىلىدۇ، ئەمما ئۇنى ئىگىلىمەيدۇ، ھېس قىلمايدۇ. ئاللاھ لەتىپتۇر، قەھرى ۋە (چۈشىنىش) ئاچقۇچى ھەم لەتىپ. بۇ لەتىپلىك شۇ قەدەركى، چۈشەندۇرۇش ئىمكانى يوق. ئەگەر مېنىڭ پارچىلىرىم پۈتۈنۈمدىن ئايان بولسا، بۇ ئۇنىڭ چەكسىز لۇتپىدىن ۋە كەشپىياتچىلىقىدىن، تەڭدىشى يوق غالىبلىقىدىندۇر. ئۆلۈم ۋە خەستىلىكنى مەن ئۇچۇن ئەيىبلىمەڭ. چۈنكى ئۇلار ئىشىنىڭ ئەسلىنى يوشۇرماق ئۇچۇن ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت. مېنى ھەقىقىي ئۆلتۈرگەن ئۇنىڭ تەڭداشسىز لۇتپىدۇر. چىپىلغان قىلىچ بولسا ياتلار كۆزلىرىنىڭ قەتل ھەقىقىتىنى كۆرمەسلىكى ئۇچۇندۇر.

پەسىل. سۇرەت (يۈز) ئىشق نۇرىدۇر. چۈنكى ئىشقسىز ئۇمۇ قىممەتتىن مەھرۇم. نۇر ئەسلىي مەنبەسىز مەۋجۇت بولالمايدۇ.

شۇنىڭغا ئاساسەن، تەڭرىگە سۈرەت دېيىلمىگىنىدەك، نۇر ھەم دې-يىلمەيدۇ. چۈنكى سۈرەت نۇردۇر.

بىرسى: «ئىشق سۈرەتسىز بولمىغىنىغا، رويابقا چىقمىغىنىغا كۆرە، سۈرەتنىڭ نۇرى بولۇشى كېرەك» دېدى. بىز: «ئىشق سۈرەتسىز نېمە ئۈچۈن تەسەۋۋۇر قىلىنمىسۇن؟» دەيمىز. ھەتتا سۈرەتنى ئىشق مەيدانغا كەلتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن يۈزمىڭلاپ سۈرەت ھاسىل بولىدۇ. بۇلار ئەينى زاماندا رويابقا چىققان، شەكىلگە كىرگەن سۈرەتلەردۇر. رەسسامسىز رەسىم بولمىغىنىدەك، رەسىمسىزمۇ رەسسام بولمايدۇ. پەقەت رەسىم نۇر، رەسسام بولسا ئەسلىي مەنبەدۇر. بۇ گويا بارماقنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئۈزۈكنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشايدۇ.

يۈرىكىدە ئۆي قۇرۇش ئىشقى بولمىسا، مىمار ئۆينىڭ خىرىتىسىنى سىزمايدۇ. بۇغداي بىر يىل ئالتۇننىڭ باھاسىدا، باشقا بىر يىلى تۇپراق قىممىتىدە سېتىلىشى مۇمكىن. ھەر ئىككى يىلدىمۇ ئۇنىڭ سۈرىتى بىر خىل ـ بۇغدايدۇر. بىراق ئۇنىڭ قەدرى ئۇنىڭغا بولغان ئىشق (ئېھتىياج ـ تەر.) تۈپەيلى مەيدانغا كەلمەكتە. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش سېنىڭ سەنئىتىڭمۇ پەقەت سەن ئۈچۈن ئەزىزدۇر. ئۇنىڭغا رىغبەت كۆرسىتىپ، ئۇنى سۆيۈپ ئۆگەنگۈچى (ئىشق) تېپىلمىغىچە ئۇ يەنە شۇ ھالدا قېلىۋېرىدۇ.

«ئىشق ـ نېمىگىدۇر موھتاجلىق. ئۇ ھالدا ئېھتىياج ـ ئەسلىي مەنبە، ئىشق بولسا ـ نۇر» دېيىشىدۇ. بىز دەيمىزكى: «سەن ئېھتىياجنىڭ بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتىسەن. دېمەك، ئېھتىياجنىڭ ئالدىن مەيدانغا كېلىدۇ، سۆز بولسا، ئۇنىڭدىن تۇغۇلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، سۆز بولمىسىمۇ ئېھتىياج مەۋجۇت. شۇنىڭغا كۆرە، ئىشق ۋە ئېھتىياج ئۇنىڭ (سۆزنىڭ ـ تەر.) نۇرى بولالمايدۇ. ئۇ: «ئېھتىياجدىن مەقسەت سۆز ئەمەسمىدى؟ ئۇ ھالدا مەقسەت قانداق قىلىپ

نۇر بولالايدۇ؟» دېدى. بىز «مەقسەت ھەر دائىم نۇردۇر. چۈنكى دەرەخنىڭ يىلتىزىدىن مەقسەت ئۇنىڭ نۇرى، يەنى گەۋدىسى، شاخلىرى ۋەھاكازالىرىدۇر» دېدۇق.

پەسىل. ئىنساننىڭ ئىچى دەلىز، دۇنيا بولسا ئۆي. ئەۋۋەل دەلىزگە، ئاندىن ئۆيگە كىرىلىدۇ. دەلىزدە كۆرۈنگەن ھەممە نەرسە مۇتلەق ھالدا ئۇنىڭ ئىچكىرىسىدىمۇ زاھىردۇر (ئاشكارىدۇر.) مەسىلەن: شۇ ئولتۇرغان ئۆيىمىزنىڭ خەرىتىسى ئاۋۋال مىمارنىڭ مېڭىسىدە پەيدا بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭ ئۆزى مەيدانغا كەلگەن. دۇنيانى ئۆي دېدۇق. چۈشەنچە ۋە پىكىرلەر شۇ ئۆينىڭ دەلىزلىرىدۇر. دەلىزدىكى بارلىق ئۆينىڭ ئىچىدىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى بىلىش كېرەك. دۇنيادا پەيدا بولغان بارچە خەيرلىك ۋە خەيرسىز ئىشلار، ئالدى بىلەن دەلىزدە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. چۈنكى ئۇلۇغ ئاللاھ ئارزۇ ۋە ئىستەكنى ئىنساننىڭ ئىچىگە قويىدۇ. بۇلاردىن بىز كۆرۈپ تۇرغان ئالەم بەرپا بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بۇ دۇنيادا كۆرگەن بارچە نەرسىلەرنىڭ ئۇ دۇنيادىمۇ بارلىقىنى بىل. مەسىلەن: نەم بار يەردە مەۋجۇت بولغان نەرسە دېڭىزدىمۇ بار. چۈنكى نەملىك دېڭىزدىن كېلىدۇ.

يەر، كۆك، ئەرش ۋە كۇرسى (ئەرشنىڭ ئاستىدىكى مەنىۋى مەقام ـ تەر.) ھەمدە باشقا ئاجايىپ نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش ئىستىكىنى ئۇلۇغ تەڭرى دەسلەپ روھلارغا بەرگەندى. ھېچ شۈبھە يوقكى، دۇنيا شۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر.

خەلق: «ئالەم قەدىمدۇر» دەيدۇ. بۇ گەپنى قوبۇل قىلىش مۇمكىنمۇ؟ بەزىلەر باركى، «ھادىسىدۇر» دېيىشىدۇ. بۇلار ئالەمدە يەنىمۇ قەدىم بولغان ۋەلىيلەر ۋە نەبىيلەردۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ ئالەمنىڭ يارىتىلىش ئىرادىسىنى ئۇلارنىڭ روھلىرىدا ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئالەم مەيدانغا كەلگەن. ئۇلار ئالەمنىڭ ھادىس (كېيىن يا-



رىتىلغان ـ تەر.) ئىكەنلىكىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ، ئۆز مەقاملىرىدىن خەۋەر بېرىشىدۇ. مەسىلەن: ئۆمرىمىز ئاتمىش، يەتمىش يىل ئىكەنلىكىنى ۋە ياشاۋاتقان ئۆيىمىز ناھايىتىمۇ ئىلگىرى قۇرۇلغان بولماي، بىرقانچە يىل ئىلگىرى بىنا بولغانلىقىنى بىلدۇق. ئەگەر شۇ ئۆينىڭ ھويلىسىدا، تاملىرىدا دۇنياغا كەلگەن ئىشەك، يىلان، چاشقان كەبى جانىۋارلار كۆزلىرىنى ئېچىشلىرى بىلەن ئۆينى تىك ھالدا كۆرۈپ، ئۇنى «قەدىم» دېيىشسە، بۇ بىز ئۈچۈن دەلىل بولالمايدۇ. چۈنكى، بىز ئۇنىڭ يېقىندا قۇرۇلغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ھايۋانلار ئۆيدىن باشقا جاينى كۆرمىگىنى ۋە بىلمىگىنىدەك، دۇنيا ئۆيىدىن چىققان ۋە ئۇلغايغان شۇنداق ئىنسانلار باركى، ئۇلارنىڭ قەدىمىي بىر ئەسلىي يوقتۇر. بۇ يەردىن كەتكىنى كەبى شۇ يەردە يوق بولغىسىدۇر. ئەگەر بۇلار دۇنيانىڭ قەدىم (كونا) ئىكەنلىكىنى ئېيتىشسا، بۇ دەلىل ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ۋەلىيلەر ۋە نەبىيلەر دۇنيادا مىڭلارچە يىل ئاۋۋال مەۋجۇت ئىدى. يىل نېمە دېمەك، ھېساب نېمە دېمەك؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ يىلىمۇ، ھېسابىمۇ يوق ئىدى. ئۇلار دۇنيانىڭ كېيىن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرگەن. خۇددى سىنىڭ بۇ ئۆينىڭ يېقىندا قۇرۇلغانلىقىنى كۆرگىنىڭدەك.

بىچارە پەيلاسوپلار سۇننىيلەرگە: «ئالەمنىڭ ھادىسلىكىنى قانداق بىلدىڭىز؟» دەيدۇ. ھوي ئېشەك، ئالەمنىڭ قەدىملىكىنى سەن قانداق بىلدىڭ؟ «ئالەم قەدىمدۇر» دېيىشىڭنىڭ مەنىسى، ھادىسە ئەمەستۇر، دېمەكتۇر. ۋە بۇ دەلىل ئىنكار ئۈچۈندۇر. ئىسپات ئۈچۈن دەلىل كەلتۈرمەك بۇنىڭدىنمۇ ئاسان. چۈنكى ئىنكار ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ مەنىسى شۇ: مەسىلەن: «بۇ ئادەم پالانى ئىشنى قىلمىغان. بىراق بۇنى بىلىش مۈشكۈل». بۇنى ئېيتقان كىشى ئۇنىڭ بىلەن كېچە ـ كۈندۈز بىللە بولۇشى كېرەككى، نەتىجىدە: «شۇنداق،

ئۇ بۇ ئىشنى قىلمىغان!» دېيەلىسۇن. ھەتتا بۇمۇ يېتەرلىك ئەمەس. چۈنكى بۇ كىشى ئۇخلاش ياكى كېرىلىۋېلىش ئۈچۈن بىر چەتكە ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن. يەنى ھەربىر دەقىقىدە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشنىڭ ئىمكانى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىنكار ئۈچۈن گۇۋاھلىق توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ بىر ئىنساننىڭ ئىمكان دائىرىسىگە سىغ-مايدۇ. ئىسپات ئۈچۈن بولسا گۇۋاھلىق بېرىش مۇمكىن ۋە ناھايى-تىمۇ قولاي. چۈنكى: «ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغىنىمدا، ئۇنداق دېدى، بۇنداق قىلدى» دېسە بولىدۇ.

بۇنداق گۇۋاھلىق ئىنسان ئىمكانى دائىرىسىدىدۇر. ئەي ئىت! ئالەمنىڭ ھادىسە بولۇشىغا دەلىل كەلتۈرۈش، ئالەمنىڭ قەدىم ئىكەنلىكىگە دەلىل كەلتۈرۈشتىن قولاي ئەمەسمۇ؟ سېنىڭ شاھىد-لىقىڭنىڭ ئۆزىمۇ ئالەمنىڭ ھادىسە ئىكەنلىكى نەتىجىسىنى بېرى-دۇ. شۇ ھالدا ئىنكار ئۈچۈن بىر دەلىل كەلتۈرگەن بولىسەن. دې-مەك، ھەر ئىككىسى ئۈچۈنمۇ دەلىلىڭ يوق. ئەمدى ئېيتقىنچۇ، ئا-لەم ھادىسىمۇ ياكى قەدىم؟

پەسىل. مۇستاپا ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇراتتى. كاپىرلار ھەربىر مەسىلىدە ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرەتتى. شۇندا ساھابىلەردىن بىرى: «دۇنيادا بىر كىشى بار، ۋەھيي ئۇنىڭغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئالا-مەتلىرى بولىدۇ ۋە بۇلار ئۇنىڭ سۆزىدە، پۈتۈن ھەرىكەتلىرىدە زاھىردۇر. سىز ھازىر ئەنە شۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپسىز، دې-مەك، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭكى، ئۇمۇ سىزنىڭ قولىڭىزنى تۇتسۇن» دې-دى. كاپىرلار بۇنداق قىلىشقا ئۇيالدى ۋە كېلىپ ساھابىلەرنى ئۇر-دى. مۇستاپا: «سەۋر قىلىڭلار، ئۇلار ھازىرچە غالىبدۇر. مەجبۇرىي ھالدا دىنلىرىنى قوبۇل قىلدۇرماقچى بولىۋاتىدۇ، دېمىسۇن. بۇ دىنىنىڭ قەددىنى ئاللاھ ئۆزى كۆتۈرىدۇ» دېدى. مۇسۇلمانلار ئۇزۇن ۋاقىت يوشۇرۇنچە ناماز ئوقۇشتى ۋە مۇستاپانىڭ نامىنى ئاشكارا

ئېيتمىدى. نىھايەت، «سىلەرمۇ قورال ئېلىپ بۇ يولدا كۈرىشىڭلار» دېگەن ۋەھيى كەلدى. مۇستاپانىڭ ساۋاتى يوق دېيىشىدۇ. بىراق بۇ ئۇنىڭ يېزىشى ۋە ئوقۇشى بولمىغىنى ئۈچۈن ئەمەس. ئۇنىڭ يېزىش، ئوقۇش، بىلىم ۋە ھېكمىتى ئاندىن تۇغما بولۇپ، بۇلارنى كېيىن ئوقۇپ قولغا كەلتۈرمىگىنى ئۈچۈن (مۇستاپانى) ساۋاتسىز دېيىشىدۇ. ئەسلىدە، دۇنيادا ئۇ بىلمىگەن نېمە بار؟ ھەممە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدۇ. جۇزئى ئەقلىنىڭ كۈللى ئەقىلدە بولمىغان نېمىسى بار؟ ئۇ كۆرمىگەن نەرسىنى ئۆزىدىن تاپماق، ياراتماق قابىلىيىتىدىن يىراق. ئادەملەر يازغان كىتابلار ـ ئۇلار بەرپا قىلغان بىنالار ئەمەستۇر. ئادەملەر بۇنىڭغا ھېچ نەرسە ئىلاۋە قىلغانلىرى يوق. ئۆزلۈكىدە يېڭى نەرسە تاپقانلار كۈللى ئەقىلدۇر. چۈنكى جۇزئى ئەقىل ئۆگىنىشكە ـ كۈللى ئەقلىنىڭ ئۆگىتىشىگە موھتاج. ئەقلى كۈللى مۇئەللىمدۇر. ئۇنىڭ ئۆگىنىشكە ئېھتىياجى يوق.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئەڭ ئاۋۋال پەيدا بولغان بارچە نەرسىلەرنى تەتقىق قىلساق، ئەسلى ۋە ئىنتىھا (ئاخىر) ۋەھيىدۇر. پەيغەمبەرلەردىن ئۆگىنىلگەندۇر. نەبىيلەر ئەقلى كۈللىدۇر. ھېكايە: قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، مۇردىنى نېمە قىلىشنى بىلمەي بېشى قېتىپ تۇرغاندا، شېرىكىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بىر قاغىغا كۆزى چۈشۈپتۇ. قاغا ئۆلۈكنى يەرنى كولاپ كۆمۈپتۇ. (شۇ تەرزدە) قابىل قاغىدىن جەسەت كۆمۈشنى ئۆگىنىۋالدى. مازار شۇ تەرزدە ۋۇجۇدقا كەلدى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بارچە سەنئەتلەردىمۇ جۇزئى ئەقىل ئىگىسى ئۆگىنىشكە موھتاج. ئەقلى كۈللى بولسا ھەممە نەرسىنى ئۆگەتكەن، تاپقان ۋە مەيدانغا كەلتۈرگەندۇر. ئەقلى كۈللىنى ئەقلى جۇزئىگە باغلىغان ۋەلىيلەر ۋە نەبىيلەردۇر. مەسىلەن: قول، پۇت، كۆز، قۇلاق ۋە ئىنساننىڭ بارچە تۇيغۇلىرى قەلب ۋە ئەقىلدىن ئۆگىنىش قابىلىيىتىگە ئىگىدۇر. ئەقىل ۋە قەلبسىز

www.uyghurkitap.com

ئىنسان تۇيغۇلىرىنىڭ ھېچبىرى ھەرىكەتكە كەلمەس ئىدى. سېنىڭ جىسمىڭ ئەقلىڭ ۋە قەلبىڭگە نىسبەتەن قوپال ۋە قېلىندۇر. ئەقىل ۋە قەلب بولسا ـ لەتىپ. قوپال جىسمىڭ لەتىپ بولغانلار (قەلب ۋە ئەقىل) بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ساپلىقى ۋە لاتاپىتىمۇ قەلب ۋە ئەقلىنىڭ شاراپىتى بىلەن بولىدۇ. لەتىپ بولغانلارسىز جىسمىڭ ھۇرۇن، ئىش خۇشياقماس، مەينەت ۋە كىردۇر. جۈزئى ئەقلىمۇ كۇللى ئەقلىنىڭ قورالى. ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدۇ ۋە كۇللى ئەقلىنىڭ ئالدىدا ناھايىتى قوپالدۇر.

بىرى دېدىكى: «بىزنى ھىممەت بىلەن ئەسلە! ئەسلىي بولغان نەرسە ھىممەتتۇر. ئۇ سۆزسىزمۇ مەۋجۇت، چۈنكى ھىممەت ـ نۇر».
مەۋلانا بۇيرۇدىكى: ھىممەت جىسىملار ئالەمىدىن ئاۋۋال روھلار ئالەمىدىمۇ بار ئىدى. دېمەك، بىزنى جىسىملار ئالەمىگە قۇرۇق كەلتۈرمىدى. بۇنىڭغا ئىمكان يوق. شۇنداق ئىكەن، سۆزنىڭمۇ مۇئەييەن ئورنى بولۇشى كېرەك. ئاخىر ئۈچىنىڭ پەقەت ئىچىدىكى مېغىزىنىلا ئاجرىتىپ تېرىساڭ، ئۇنمەيدۇ. ھالبۇكى شاكىلى بىلەن بىللە يەرگە تاشلىساڭ، ئۆسۈپ چىقىدۇ. شۇ نۇقتىئىنەزەردىن قارالغاندا، سۈرەتنىڭمۇ ئەھمىيىتى بارلىقى ئايان بولماقتا.

«قەلب ھۇزۇرسىز قىلىنغان ناماز ناماز بولمايدۇ» (ھەدىس) دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، نامازمۇ ئىچىدىدۇر (قەلبىدىدۇر.) بىراق سەن ئۇنى شەكىللەرگە ئورايسەن. كۆرۈنۈشتە رۇكۇ (ئېگىلمەك) ۋە سەجدە بىلەن نامازغا سۈرەت بېرىش لازىم. بۇلارنى بېجىرىپ ئۇنىڭدىن ئۆز نېسىۋەڭنى ئالىسەن، مۇرادىڭغا يېتىسەن.

«ئۇلار نامازلىرىدا دائىم ــ مۇقىم تۇرغۇچى زاتلاردۇر» ــ دېگەن ئايەتتىكى ناماز روھلارنىڭ نامىزىدۇر. كۆرۈنۈشتە، شەكلەن قىلىنغان ناماز ۋاقىتلىقتۇر، دائىمىي ئەمەس. چۈنكى روھ دېڭىز ئالەمدۇر، چەكسىزدۇر. جىسىم بولسا دېڭىز ساھىلىدۇر، چەكلىك ـ

ئۆلچەملىكتۇر. شۇنىڭغا كۆرە دائىمىيلىق ناماز روھنىڭدۇر. روھمۇ رۇكۇ ۋە سەجدىلەردىن خالىي ئەمەس. بىراق بۇلارنى ئوچۇق شەكىل- لەر بىلەن كۆرسەتمەك كېرەك. چۈنكى مەنىنىڭ سۈرەت (شەكىل) بىلەن باغلىنىشلىقى بار. ئىككىلىسى بىرلەشمىگۈچە پايدىسى بول- مايدۇ. سۈرەت مەنە نۇردۇر. سۈرەت ــ پۇقرا، كۆڭۈل ــ پادىشاھ دې- گىنىڭدە، بۇ ئىسىملار ئىزاپىدۇر (باغلىغۇچىدۇر.) «بۇ ئۇنىڭ نۇر- دۇر»، دېدىڭ. نۇرى بولمىسا، ئۇ قانداق قىلىپ ئەسلىي (مەنبە) بو- لۇشى مۇمكىن؟ چۈنكى «ئايال» دەر ئىكەنسەن، ئىلاجسىز «ئەركەك» ھەم دېيىشىڭ كېرەك ياكى «ئاللاھ» دېگەندىن كېيىن «قۇل»نىمۇ ئېسىڭدىن چىقارماسلىق زۆرۈر.

پەسىل. ھۇسامىددىن ئەرزىنجانىي دەرۋىشلەر مەجلىسىگە كىرمەستىن ئىلگىرى ناھايىتىمۇ مۇنازىرىچى ئىدى. قەيەرگە بارسا شۇ يەردە تالاش ــ تارتىش، بەس ــ مۇنازىرىنى باشلىۋېتەتتى. ئۆزى- مۇ ناتىق بولغاچقا ئۇزاق ۋە چىرايلىق سۆزلەيتتى. پەقەت دەرۋىش- لەرگە يېقىن يۈرۈشى بىلەن بەس ــ مۇنازىرە قىلىش ئادىتىنى تەرك ئەتتى.

مىسرا: (ئىلاھىي ئىشقتىن باشقا نەرسە سۇندۇرالماس.)

«ئاللاھ بىلەن بىلەن بىرگە ئولتۇرماقچى بولغان زات تەسەۋۋۇپ ئەھلى بىلەن بىرگە ئولتۇرىدۇ» (ھەدىس.)

بۇ بىلىملەر پەقىرلەر (دەرۋىشلەر) ھۇزۇرىدا قولغا كەلتۈرۈل- دىغان پايدىلارغا نىسبەتەن «ئەلۋەتتە بۇ ھاياتى ــ دۇنيا پەقەت (بىر نەپەسچىلىك) ئويۇن ــ كۈلكىدۇر» دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، ئويۇن ئوي- نىماق ۋە ئۆمۈرنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەكتىن ئىبارەتتۇر. ئىنسان ۋايە- غا يېتىپ ئەقىل ــ پاراسەتلىك بولغاندا، ۋاقتىنى ئويۇنغا سەرپ قىلمايدۇ ياكى بەزەن ئويۇنىسىمۇ بۇنى يوشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. زاھى- رىي ئىلىملەر ۋە دۇنيا ھەۋەسلىرىنىڭ ھەممىسى يەل (شامال)،

ئىنسان بولسا تۇپراقتۇر. شامالغا ئارىلىشىپ ئۇچقان تۇپراق كۆزنى ئاچۇرمايدۇ، ئۇنىڭغا ئازاب كەلتۈرىدۇ. پەقەت ئۇلار پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قۇرئاننى ئاڭلىشى بىلەن «ھەقنى تونۇغانلىقلىرى ئۈچۈن كۆزلىرى ياشلارغا تولۇپ تاشىدۇ» (قۇرئاندىن) دەپ ئەمىر قىلىنغىنىدەك، تۇپراق بولۇشلىرىغا قارىماي يىغلايدۇ. ئەمدى شامال ۋە تۇپراقتا سۇ قوشۇلغانلىقى ئۈچۈن گۈل ۋە گۈلزارلار ئۆسىدۇ.

بۇ — پەقىر يولى شۇنداق بىر يولدۇركى، ئۇنىڭدا بارچە ئارزۇ-ئارمانلىرىڭغا ئېرىشىسەن. دۈشمەننى يەڭمەك، قوشۇنلارنى تارمار قىلىپ، مەملىكەتلەر ئالماق، ئادەملەرنى ئەسىر قىلماق، ئۆز تەڭداشلىرىڭدىن ئۈستۈن بولماق ۋە يەنە قانداق ئىستەكلىرىڭ بولسا، ئەگەر سەن پەقىر يولىنى تاللىغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ بارچىسى ئەمەلگە ئاشقاي. باشقا يوللارنىڭ يولۇچىلىرىدىن پەرقلىق ھالدا، بۇ يولنى تۇتقان زات ھېچقاچان شىكايەت قىلمايدۇ. ئۆزگە يوللاردىكى ئادەملەرنىڭ ئەقەللى يۈزمىڭدىن بىرەرىنىڭ ئىستىكى روياپقا چىققان ۋە بۇمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى سۆيۈندۈرىدىغان دەرىجىدە ئەمەس. چۈنكى مەقسەتنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن ھەر يولنىڭ بىرقانچە ئۇسۇل ۋە ۋاستىلىرى مەۋجۇت. ئارزۇلار يوللار ۋاستىسىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ يول ئۇزۇندۇر، ئاپەت ۋە توسۇقلار بىلەن تولغاندۇر. ۋاستىلىرىمۇ، ئېھتىمال، ئىستەلگەن نەرسىگە مۇۋاپىق كەلمەس. ئەگەر سەن ھەقىقىي تۈردە پەقىر ئالەمى بىلەن مەشغۇل بولساڭ، ئۇلۇغ ئاللاھ ساڭا خىيالىڭغىمۇ كەلمىگەن مۈلكلەر، ئالەملەر بېغىشلايدۇ. شۇندا سەن: «ئاھ، بۇنداق نەرسىلەرمۇ بار ئىكەن! بۇرۇنلاردا ئەھمىيەتسىز ۋە ئەرزىمەس نەرسىلەرنى ئىستەپ يۈرگەن ئىكەنمەن، نېمە ئۈچۈن؟» دەپ ئۆز-ئۆزۈڭدىن ئۇيىلىسەن. ئۇلۇغ تەڭرى: «گەرچە سەن بۇلاردىن بەزدىڭ، ئەمدى ئۇلارنى خالىمايسەن. بىراق ئىلگىرى تەلەپكار بولغانىدىڭ ۋە نىھايەت، بىز

ئۇچۇن ئۇلاردىن ۋاز كەچتىڭ. كەرىممىز كەڭدۇر. ساڭا، ئەلۋەتتە ئۇنىمۇ مۇيەسسەر ئەيلەيمىز» دەپ بۇيرۇدى. مەسلەن: مۇستاپامۇ ھەقىقەتكە ئېرىشمەستىن ۋە شۆھرەت قازانماستىن بۇرۇن ئەرەبنىڭ پاساھەت ۋە بالاغىتىنى كۆرۈپ: «كاشكى، مەنمۇ شۇنداق پاساھەت ۋە بالاغەت ساھىبى بولسام» دەيتتى. ئاللاھ ئۇچۇن ئۆزىدىن كەچكەندىن كېيىن ئىچىدىكى ئەنە شۇ ئارزۇ سوۋۇدى ۋە يوق بولدى. ئۇلۇغ تەڭرى دېدىكى: «تىلىكىڭ ــ پاساھەت ۋە بالاغەتنى ساڭا بەردىم». مۇھەممەد: «ئەي تەڭرىم، بۇ مېنىڭ نېمە ئىشىمغا يارايدۇ؟ خالىمايمەن، ۋاز كەچتىم» دېدى. ئۇلۇغ تەڭرى: «خاپا بولما، بۇمۇ بولسۇن. پاراغەتنىڭ ئورنىدا قالسۇن، زىيىنى يوق» دېدى ۋە مۇھەممەدكە شۇنداق سۆز بەردىكى، پۈتۈن ئالەم شۇندىن تارتىپ تا بۈگۈنگىچە ئۇنى شەرھلەپ جىلد ــ جىلد يازدى، يازماقتا ۋە تېخى ئۇ سۆزنى چۈشىنىشتىن، ھەزىم قىلىشتىن ئاجىزدۇر. ئۇلۇغ تەڭرى يەنە بۇيرۇدىكى: ساھابىلەر زەئىپ بولغانلىقى ئۈچۈن ھەمدە جانلارنى ئاياپ ۋە قىزغانچۇقلارنىڭ يامانلىقىدىن قورقۇپ سېنىڭ ئىسمىڭنى خەلق قۇلىقىغا شىۋىرلاپ ئېيتىدۇ. مەن سېنىڭ ئۇلۇغلۇقىڭنى شۇنداق يۈكسەكلەرگە كۆتۈرىمەنكى، دۇنيادىكى جىمى ئىقلىم ئەللىرىدە ۋە ھەر تەرەپتىكى ئېگىز مۇنارلاردا كۈندە بەش مەھەل نامىڭ گۈزەل ۋە يېقىملىق ئاۋازدا زىكىر (ياد) ئېتىلىدۇ ۋە شۇ تەرزدە سەن مەشرىق ۋە مەغرىبدە مەشھۇر بولىسەن.

كىم شۇ يولدا ئۆزىنى پىدا قىلسا، دىن ۋە دۇنيا بىلەن باغلىق بارچە ئارزۇلىرى روياپقا چىققاي. بىزنىڭ سۆزىمىز نەقد (نەق، بار)، باشقىلارنىڭ بولسا نەقىل. نەقىل نەقدنىڭ نۇرىدۇر. نەقد ئىنساننىڭ ھەقىقىي پۇتى بولسا، نەقىل ياغاچ پۇتقا ئوخشايدۇ. چۈنكى ياغاچ پۇت ھەقىقىي پۇتقا تەقلىد قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىنىپ ياسىلىدۇ. ئەگەر دۇنيادا پۇت بولمىسا، قانداق قىلىپ ئۇنىڭغا تەق-

لىدىي ياسالما پۇت تەييارلىنىدۇ؟ شۇنىڭ ئۇچۇن بەزى سۆزلەر نەقد ۋە بەزى سۆزلەر نەقىلدۇر. بىراق ئۇلار بىر ـ بىرىگە ناھايىتىمۇ ئوخشايدۇ. ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۇچۇن تەمىز (پاكىز، ساپ) كىشى لازىم. تەمىز ـ ئىمان. كۇپۇر بولسا تەمىزدىن مەھرۇملۇقتۇر.

مەسىلەن: فىرئەۋن زامانىدا مۇسانىڭ ھاسىسى يىلان ۋە سېھىرگەرلەرنىڭ تاياقلىرى ۋە يىپلىرى ئەجدىرھا بولغاندا تەمىز بولمىغانلار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر رەڭدە كۆرۈپ، ھېچ نەرسىنى پەرق ئېتەلمىدى. بىراق تەمىزلىك (پەرقلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىنسانلار ـ تەر.) كىشىلەر تەمىز ۋاسىتىسىدە سېھىرنى ھەقىقەتتىن پەرقلەندۈرەلىدى. دېمەك، ئىمان تەمىزدۇر.

فىقھىنىڭ ئەسلى ۋەھىي ئەمەسمۇ؟ بىراق خەلقىنىڭ تۇيغۇلىرى، چۈشەنچىلىرى ۋە تەسەررۇپلىرى بىلەن ئارىلاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ گۈزەللىكى ۋە خۇشلۇقى يوقالغان. تاغدىن شەھەرگە قاراپ ئېقىۋاتقان سۇ نەقەدەر تازا ۋە نەقەدەر ساپ. پەقەت شەھەردىن ئېقىپ ئۆتۈش جەريانىدا ئۇ ئىپلاسلىنىدۇ. بۇ ئىپلاس ۋە كىر سۇنىڭ ئەۋۋەل، يەنى باشلانغۇچتا ـ مەنبەدە پاكىز بولۇپ، مەينەتلىك ئۇنىڭغا كېيىن قوشۇلغانلىقىنى چۈشەنمەك ۋە پەرقلەندۈرمەك ئۇچۇن كىشى تەمىزلىك بولمىقى كېرەك. «مۆمىن زەكىيدۇر، تەمىزلىكتۇر، ئەقىللىقتۇر» (ھەدىس.) قېرى بىر ئادەمنىڭ يېشى يۈزدە بولسىمۇ، ئەگەر ئويۇن بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزسە، ئەقىللىق ھېسابلانمايدۇ، بەلكى تېخى بالىدۇر، خامدۇر. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئويۇن ئوينىمىغان بالىمۇ قېرىدۇر. بۇ يەردە ياشنىڭ ئەھمىيىتى يوق. «ئايندىمىغان سۇ» دۇنيانىڭ بارچە ئىپلاسلىقلىرىنى تازىلىسىمۇ، بەربىر ساپتۇر، تىنىقتۇر، چۈچۈكتۇر. چۈنكى ئۇ ھايات سۇيىدۇر.

ئەگەر ئادەم نامازدا پەرياد چېكىپ يىغلىسا، قىلغان نامىزى بىھۇدە بولامدۇ يوقمۇ؟ جاۋاب ئۇزۇن ۋە تەپسىلىيدۇر. ئەگەر ئۇ نامازغا

www.uyghurkitap.com

تېگىشلىك ۋە نامازنى مۇكەممەل قىلىدىغان نەرسىنى كۆرۈپ، شۇ-نىڭغا يىغلىغان بولسا، تۆككەن كۆز يېشى بىھۇدە ئەمەس. ئەگەر دۇنيا ئۈچۈن ياكى ئۆچ ئېلىش تۇيغۇسىغا بېرىلىپ پەرياد قىلغان بولسا، نامىزى نۇقسانلىقتۇر، پايدىسىزدۇر. دېمەك، ئىمان توغرا بىلەن خاتانى، نەقد بىلەن نەقىلنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان تەمىزدۇر. ئەگەر كىشى بۇنىڭدىن مەھرۇم بولسا، بۇ سۆز ئۇنىڭ نەزىرىدە زىيان ـ زەھمەتتۇر. تەمىزلىك زاتلار ئېيتىلغانلاردىن ئۆز ئۇلۇشلىرىنى ئالىدۇ.

مەسىلەن: ئىككى ئەقىللىق شەھەرلىك بىر يېزىلىقنىڭ پايدىسى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بەرسەيۇ، يېزىلىق ساددىلىقى ۋە ساپلىقىغا ئېلىپ ئۆز ھىمايىچىلىرىنىڭ گېپىگە قارشى بىر گەپنى ئېيتسا، شەھەرلىكلەرنىڭ بارچە مېھنەتلىرى زايا كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ: «يېزىلىقنىڭ گۇۋاھى ئۆزى بىلەن بىرگىدۇر» (يەنى ئۆزىدۇر) دېيىشىدۇ.

سەرھۇشلۇق مېڭىگە ئۆتۈشى بىلەن كىشى ئاغزىغا كەلگەننى قايتۇرماي، ھېچكىمگە قارىماي بىلجىرلايدۇ. مەسىلەن: خوتۇننىڭ كۆكرەكلىرى سۇتكە تولۇپ، ئاغرىشقا باشلىغان ھامان مەھەللىنىڭ كۈچۈكلىرىنى توپلاپ، سۇتىنى ئۇلارغا (سېغىپ) بېرىدۇ.

قىممەت باھالىق بىر گۆھەرنى بالىغا بەرسەڭ، سەن كېتىشىڭ بىلەن ئۇنىڭ قولىغا بىر ئالما تۇتقۇزۇپ گۆھەرنى ئېلىپ كېتىشىدۇ. چۈنكى بالىدا تەمىز (پەرقلەندۈرۈش) خۇسۇسىيىتى يوق. يەنى ئالما بىلەن گۆھەرنىڭ پەرقىگە بارمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تەمىز بۈيۈك نېمەتتۇر. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بىزنىڭ سۆزىمىزمۇ تەمىز ساھىبى بولمىغان كىشىنىڭ قولىغا چۈشتى.

ئەبايەزىدنى ئاتىسى فىقھ ئۆگەنسۇن، دەپ مەكتەپكە ئېلىپ باردى. مۇدەررىسنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىشى بىلەن ئەبايەزىد: «بۇ فىق-





ھۇللاھمۇ؟» دېدى. ئۇنىڭغا: «ياق، بۇ ھەنىفەنىڭ فىقھى» دېدى. شۇ چاغدا ئەبايەزىد: «مەن فىقھۇللاھنى ئۆگەنمەكچىمەن» دېدى. ئاتىسى ئۇنى نەھۋ (گىرامماتىكا) مۇئەللىمىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئەبايەزىد: «بۇ نەھۋۇللاھمۇ؟» دەپ سورىدى. مۇئەللىم: «ياق، بۇ سىبەۋەيھ نەھۋىدۇر» دېگەندىن كېيىن، ئۇ: «مەن بۇنى خالىمايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. شۇ تەرزدە ئاتىسى ئەبايەزىدنى قايسى ئوقۇتقۇچىنىڭ قېشىغا باشلاپ بارسا، ئۇ بىر خىل نەرسىنى ئېيتتى. نىھايەت، ئاتىسى ئەبايەزىدنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويدى. ئۇ شۇ ئارزۇ بىلەن باغدادقا كەلدى ۋە جۇنەيدنى كۆرۈشى بىلەن: «ئەنە فىقھۇللاھ!» دەپ ۋارقىرىدى. (كۆزى قانداق قىلىپ ئۆز ئانىسىنى تونۇمىسۇن؟) چۈنكى ئۇ ئەقىل ۋە تەمىزدىن دۇنياغا كەلگەن. سەن سۇرەتنى تاشلىۋەت!

بىر شەيخ بار ئىدى. مۇرىتلىرىنى دائىم ئۆز ھۇزۇرىدا تىك تۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇنىڭغا: «ئەي شەيخ، ئۇلارنى نېمىشقا ئۇلتۇرغۇزمايسەن؟ ھالبۇكى، بۇ دەرۋىشلەرنىڭ ئەمەس، بەلكى پادىشاھلارنىڭ ئادىتىدۇر» دېيىشتى. شەيخ: «ئەسلا ئۇنداق ئەمەس! سۆزلىمەڭ. مەن مۇرىتلىرىمنىڭ پەيز تېپىشىنى ۋە تەرەققەتكە پەۋقۇلئاددە ھۆرمەت كۆرستىشىنى خالايمەن. ھۆرمەت ھەرقانچە ئىچىدە بولسىمۇ «تېشى ئىچىنىڭ ئەينىكىدۇر» (ئۇنۋانىدۇر) دېيىلگەن.

ئۇنۋاننىڭ مەنىسى نېمە؟ مەسىلەن: مەكتۇپنىڭ ئۇنۋانىدىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىمگە يېزىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، كىتابنىڭ ئۇنۋانىدا (مۇندەرىجىسىدە ـ تەر.) ئۇنىڭ بۆلۈملىرى، پارچىلىرى ۋە ماۋزۇلىرى ئاشكارىدۇر. ھۆرمەتنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن، يەنى باش ئەگمەك، ئورنىدىن تۇرماققا ئوخشاش ھەرىكەتلىرىدىن ئىنساننىڭ ئىچىدىكى (كۆڭلىدىكى ـ تەر.) ھۆرمەتنىڭ قانداقلىقى ۋە تەڭرىگە بولغان تەزىمىنىڭ دەرىجىسى مە-



لۇم بولىدۇ. تاشقى كۆرۈنۈشتە كۆرسىتىلمىگەن ھۆرمەت شۇنى بىلدۈرىدۇكى، بۇ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئاللاھتىن قورقۇش يوق ۋە ئۇ ئاللاھ ئادەملىرىنى مەنسىتمەيدۇ.

پەسىل. جەۋھەر خادىمى سۇلتان: «بۇ كىشىگە كۈندە بەش قېتىم تەلقىن قىلىنسىمۇ، ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدۇ ۋە ئېسىدە تۇتمايدۇ. ئەگەر ئۆلسە، ئۇنىڭدىن نېمىنى سورايدۇ، ئاخىر، ئۇ ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇدىغۇ؟» دەپ سورىدى. دېدىمكى: ئۆگەنگەن نەرسىنى ئۇنتۇۋاتقان بولسا، دېمەك، ئۇنىڭ ئىچى ۋە مېڭىسى ساپ، تازا ھەمدە ئۆگەنمىگەن، بىلمىگەن باشقا بىر سوئالنىڭ سورىلىشىغا تەيياردۇر. سەن شۇ سائەتتە ھازىرغىچە مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلاۋاتىسەن ۋە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى قوبۇل قىلىۋاتىسەن. چۈنكى بۇرۇنمۇ شۇ خىل پىكىرلەرنى ئاڭلىغان ۋە قوبۇل قىلغانسەن. ئەمدى ئۇلاردىن قايسىبىرلىرى ئۈستىدە توختاپ قېلىۋاتىسەن؟ سېنىڭ ئىچىڭدىكى تارتىنىشلارنى كىم ئاڭلاۋاتىدۇ؟ ئوتتۇرىدا ھېچقانداق ۋاستە يوق. گەرچە قۇلىقىڭ بولسىمۇ، ئىچىڭدىكى ئاۋازنى ئاڭلىيالمىدى. سېنىڭ بۇ زىيارەتكە كېلىشىڭ تىلسىز ھالدا ئېيتىلغان سوئالدۇر ۋە بىزگە بىر ئۇچۇق ـ ئايدىڭ يول كۆرسىتىڭ دېمەكتۇر. بىزنىڭ سىز بىلەن گەپلەشمەي ياكى گەپلىشىپ ئولتۇرۇشىمىزمۇ سىزنىڭ يوشۇرۇن سوئاللىرىڭىزغا جاۋابتۇر. پادىشاھ ھېچ سۆز ئېيتماي: «قانداق تۇرۇۋاتىسەن؟ نېمە يەۋاتىسەن؟ نېمىگە قاراۋاتىسەن؟» دەپ ئۆز قۇللىرىدىن سورايدۇ. كىشىنىڭ قارىشى (نۇقتىئىنەزىرى) ئەگرى بولسا، شۈبھىسىز، ئۇنىڭ جاۋابىمۇ ئەگرىدۇر. چۈنكى توغرا جاۋاب بەرمەك ئۈچۈن ئۇ ئۆزىگە ھاكىم بولالمايدۇ. مەسىلەن: كېكەچ ئادەم ئېنىق گەپ قىلماقچى بولۇپ ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ پايدىسى يوق. زەرگەرنىڭ ئالتۇننى مەخسۇس تاشقا ئۇرۇپ كۆرۈشى ئالتۇنغا بېرىلگەن سوئالدۇر. ئۇ «مەن ساپمەن ياكى ئارىلاشمەن!» دەپ

جاۋاب بېرىدۇ.

ئاچلىق ـ بىر سوئال. ۋۇجۇد ئۆيىدە بىر بۇزۇقلۇق بولۇشى بىلەن: «كېسەك بەر، لاي بەر» دەيدۇ. تاماق يېمەسلىك بولسا: «بۇنىڭغا تېخى ئېھتىياج يوق!» دېيىلگەن بىر جاۋابتۇر. تېۋىپنىڭ قولنى تۇتۇشى سوئال بولسا، تومۇرنىڭ سوقۇشى جاۋابتۇر. ئادەمنىڭ يۈزىگە بېقىش ـ سوئال، ئۇنىڭ رەڭگىرويى سۆزسىز جاۋاب. ئۇرۇق چاچماق ـ سوئال، دەرەخنىڭ ئۇنۇپ چىقىشى ـ تىلسىز ئېيتىلغان جاۋاب. جاۋابلار ئاۋازسىز بولغىنى ئۈچۈن سوئاللارمۇ ئاۋازسىز بولۇشى كېرەك. ئۇرۇق سېپىپ ھېچ نەرسە ئۇنۇپ چىقماسلىقمۇ جاۋابتۇر. چۈنكى جاۋاب بەرمەسلىكمۇ ئۆزىگە خاس جاۋابتۇر. بىر پادىشاھ بىر ئادەمدىن ئۈچ پارچە مەكتۇپ ئالدى. بىراق جاۋاب بەرمىدى. ئۇ ئادەم يەنە: «ئۈچ مەرتە بولدى خەت يازىمەن، ياكى قوبۇل قىلىڭ ياكى قوبۇل قىلمايمەن دەپ ئېيتىڭ!» دەپ يازدى. شاھ خەتنىڭ ئارقىسىغا: «جاۋاب بەرمەسلىكمۇ جاۋابتۇر، پەقەت ئەخمەققە بېرىلىدىغان جاۋاب ـ ئۇندىمەسلىك» دەپ يازدى ۋە چىقارتىپ بەردى.

ئىنساننىڭ ھەربىر قىلغان ھەرىكىتى سوئالدۇر ۋە سۆيۈنۈش ياكى قايغۇسى جاۋاب بولىدۇ. گۈزەل جاۋاب ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكرانە ئېيتىش، يامان جاۋاب ئۈچۈن بولسا ئاللاھقا تۆۋە قىلىش لازىم. شۈكۈر ۋە تۆۋە سوئاللارنىڭ خىلىدىن بولۇشى ۋە تۆۋىدىن كېيىن ئۇنىڭ (شۇ سوئالنىڭ) خىلىدىن باشقا سوئال بەرمەسلىك زۆرۈر.

«بىزنىڭ بالايىمىز يەتكەندىمۇ تەزەررۇ قىلمىدىمۇ؟! (ئەلۋەتتە تۆۋە ـ تەزەررۇ قىلىشلىرى لازىم ئىدى.) لېكىن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ قالغان» دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، ئۇلار جاۋابىنىڭ سوئالغا مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىدى. «ۋە شەيتان قىلىپ يۈرگەن ئىشلارنى ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرسىتىپ قويغان». يەنى ئۇلار ئۆز سوئاللىرىغا بېرىلگەن جاۋابلارغا قاراپ: «بۇ خۇنۇك جاۋاب سوئالغا

لايىق ئەمەستۇر» دېدى. ئۇلار تۇتۇن ئوتتىن ئەمەس، بەلكى ئوتتۇندىن ئىكەنلىكىنى بىلمىدى. گۈل بىخىدىن يامان ھىد كەلسە، ئەيىب گۈلدىمۇ؟ ياق، ئەسلا! بۇ يەردە ئەيىبدار باغۋەندۇر.

دېدىكى: «ئاناڭنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟». دېدى: «ئۇنىڭغا ياراشمىغان بىر ئىشنى كۆردۈم». دېدىكى: «ياخشى، ئەمما ئاناڭنى ئەمەس، پۇتۇنلەي يات بولغان ئەرنى ئۆلتۈرسەڭ بولماسمىدى؟». دېدى: «ھەر كۈنى بىردىن ئۆلتۈرەيمۇ؟» خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، سېنىڭ بېشىڭغا كەلگەن بارچە بالالار ــ نەپسىڭدىن كېلىدۇ. سەن ئۇنى تۈزەت ۋە تەربىيە قىلغىن، ھەركىم بىلەن كالتەكلىشىشكە ئورۇن قالمىسۇن.

«ھەممە نەرسە ئاللاھدىندۇر» دېيىشسە، بۇنىڭغا جاۋاب سۈپىتىدە ئېيتىمىزكى، ئۆز نەپسىنى ئەيىبلىمەك ۋە ئالەمنى قۇتقۇزماقمۇ ئاللاھتىندۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم باغقا ئوغرىلىققا كىردى ۋە باغۋەننىڭ قولىغا چۈشتى. «ئاللاھتىن قورقمامسەن؟». ئوغرى: «نېمىشقا قورقاي، ئاخىر، مېۋىمۇ ئاللاھنىڭكى، مەنمۇ ئۇنىڭ قۇلدمەن. دېمەك، ئاللاھنىڭ قۇلى ئاللاھنىڭ مېۋىسىنى يەۋاتىدۇ» دېدى. باغۋەن ئارقان كەلتۈردى ۋە ئوغرىنى ئاپىرىپ بىر دەرەخكە باغلاپ كالتەكلەشكە باشلىدى. شۇندا ئوغرى ۋارقىرىدى: «ئاللاھتىن قورقمامسەن؟» باغۋەن جاۋاب بەردى: «ئاخىر سەن ئاللاھنىڭ قۇلى، بۇ بولسا ئاللاھنىڭ تايىقىدۇر. ئاللاھنىڭ تايىقى ئاللاھنىڭ قۇلىنى ئۇرۇۋاتىدۇ، مەن نېمىدىن قورقاي؟»

نەتىجە شۇكى، ئادەم بىر تاغقا ئوخشايدۇ. ياخشى ياكى يامان سۆزۈڭنىڭ ئەكسى ئۆزۈڭگە، پەقەت ئۆزۈڭگە قايتىدۇ. مەن ياخشى گەپ ئېيتقاندىم، تاغ يامان جاۋاب قايتۇردى دېيەلمەيسەن. بۇ مۇمكىن ئەمەس! چۈنكى تاغدا بۇلبۇل سايرىسا، ئەكس سادا بولۇپ ھېچقاچان ئېشەك ياكى قاغىنىڭ ئاۋازى قايتمايدۇ. ئەكس سادا ئېشەك

ئاۋازى بولسا، دېمەك، بىلگىنكى، بۇ ياقتا ھاڭرىغانمۇ ئېشەكتۇر.

پەسىل. بىز سۇنىڭ ئۈستىدە تۇرغان قاچىغا ئوخشايمىز. قاچىنىڭ سۇ ئۈستىدە ئېقىشى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەمەس، بەلكى سۇنىڭ ئىختىيارى ۋە ھۆكمى بىلەندۇر. بىراق بەزىلەر سۇ ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، بەزىلەر بىلمەيدۇ. ھېچ شۈبھە يوقكى، بارچە قاچىلار ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە سۈيى ئۈستىدىدۇر. بىراق ئۇنىڭغا چىركىن نەرسىلەرنى ئىزاپە ئېتىشى تەربىيەسىزلىكتۇر. مەسىلەن: ئۇنىڭغا «ئەي ئىپلاسلىقلارنىڭ ياراتقۇچىسى» دېمەسلىك لازىم. ئەكسىچە، «ئەي كۆكلەرنىڭ ياراتقۇچىسى، ئەي ئەقىللەرنىڭ ياراتقۇچىسى!» دېيىش - ئومۇمىي بولۇش بىلەن بىرگە بۇنداق تەھسىنىنىڭ پايدىسىمۇ بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر نەرسىنىڭ تەھسىنى ئۇنىڭ ئەۋزەللىكىگە دالالەتتۇر.

خۇلاسە شۇكى، قاچىنى سۇ شۇنداق بىر تەرزدە ئاققۇزىدۇكى، باشقا قاچىلار تاماشا قىلىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن قاچىنى سۇ شۇنداق ئاققۇزۇشقا باشلايدۇكى، تاماشىبىن قاچىلار قېچىشقا باشلايدۇ. سۇ بۇلارغا قېچىش ئىلھامىنى ۋە قۇدرىتىنى بېرىدۇ. شۇ تۈپەيلى ئۇلار: «ئاللاھىم بىزنى ئۇنىڭدىن ئۇزاقلاشتۇر» دېيىشىدۇ. بۇ ئېيتقانلىرى ياخشىدۇر. نەرسىلەرگە ئومۇمىي نەزەر بىلەن قارايدىغان كىشى: «بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى (قاچقان ۋە قېچىشقا مەجبۇر بولغا قاچاتەر.) مۇ سۇ تەرىپىدىن سېھىرلەنگەندۇر» دەيدۇ. بۇ پىكىردە بولمىغان زات بولسا: «ئەگەر سەن سۇنىڭ قاچىنى قانداق ئاققۇزغىنىنى ۋە بۇنىڭدىكى لاتاپەتۇ گۈزەللىكنى كۆرگەن بولساڭ ئىدىڭ، ئۇنىڭغا بۇ ئومۇمىي سۈپەتنى بېرىشكە جاسارىتىڭ يەتمەستى» دېگەن جاۋابنى قىلىدۇ. مەسىلەن: بىر كىشىنىڭ سۆيگىنى بارلىق نۇقتىئىنەزەرىدىن تۇرلۇك ئىپلاسلىقلار كەبى ئومۇمىي سۈپەتلەردىن خالىي ئەمەسلىكى ئاشىقنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيدۇ. ئەگەر بۇنداق پىكىر-



لەر ئۇنىڭ خىيالىغا كەلسە ئىدى، ئۇ ئۆز مەشۇقىغا شەيتانغا قارىـ غاندەك قارايتتى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش سەنمۇ بار ـ يوقى مۇـ شۇنچىلىكىنىلا بىلدىڭ ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي ھەم ئورتاق سۈپەتلىرىگە باقتىڭ. بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس گۈزەللىكىمىزنى كۆرەلەيدىغان ئادەم بولمىغىنىڭ ئۈچۈن سەن بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىشىمىز توغرا ئەمەس. چۈنكى بىزنىڭ مۇنازىرىمىز گۈزەللىك بىلەن يۇغۇـ رۇلغان. شۇ سەۋەبتىن گۈزەللىك ئەھلىدىن بولمىغانغا گۈزەللىك كۆرستىش ئۇنىڭغا قىلىنغان زۇلۇم بولىدۇ. نەرسىنى ئۇنىڭ ئەھـ لىگە كۆرسەتمەك لازىم.

پەيسىل. زاھىرىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ يۈرگەنلەر ئەگەر بىزـ گە قوشۇلسا، بۇرۇنقى ئىلىملىرىنى ئۇنتۇدۇق دەپ ھېسابلايدۇ. ھالبۇكى بۇ يەردە ئۇلارنىڭ بارچە ئىلىملىرى جانلىنىدۇ. ئىلىملەرـ نىڭ ھەممىسى شەكىلدۇر. ئۇلارنىڭ جانلىنىشى ئۆلۈك بەدەنگە جان كىرىشكە ئوخشايدۇ. پۈتۈن ئىلىملەرنىڭ ئەسلىي ئۇ يەردىندۇر. ئۇ ھەرپسىز ۋە ئاۋازسىزدۇر. چۈنكى «مۇسا بىلەن ئاللاھنىڭ ئۆزى (بىۋاستە) گەپلەشتى» دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، ئۇلۇغ تەڭرى مۇسا بىلەن گەپلەشتى. بىراق ئۇ ھەرپلەر ۋە ئاۋاز بىلەن سۆز ئېيتمىدى، تىل ـ تاماق بىلەن سۆزلىمىدى. ئۇلۇغ ئاللاھ ئېغىز، لەۋ ۋە تاماقـ تىن خالىيدۇر. ئاۋازسىز ئالەمدە نەبىيلەرنىڭمۇ سۆزلىشىشلىرى بار. شۇنداقكى، جۇزئى ئەقىللەرنىڭ ۋەھىمىسى بۇنى چۈشىنەلمەيـ دۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نەبىيلەر ھەرپسىز ئالەمدىن ھەرپ ئالىمىگە كېـ لىدۇ ۋە بالا بولىدۇ. پەيغەمبەر: «باللار ئۈچۈن مۇئەللىم بولۇپ ئەۋەتىلدىم» (ھەدىس) دەپ بۇيرۇغان. ئادەملەر ئۇ ئالەمنىڭ ئەھۋاـ لىنى چۈشىنىدۇ، تىنچلىق ۋە ھوزۇرغا ئېرىشىدۇ. مەسىلەن: گۆدەك ئانىسىنى تونۇمىسىمۇ، ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئاۋۇنىدۇ، راھەتلىنىدۇ. مېۋىمۇ شاختا يېتىشىدۇ، پىشىدۇ، ئەمما دەرەخنىڭ نېمە ئىكەنلىـ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كىدىن خەۋەرسىزدۇر. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانلارمۇ ئۇ بۇ-يۇكتىن، ئۇنىڭ سۆزىدىن، ھەرپىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئېلىپ، ئۇنى يېتەرلىك دەرىجىدە بىلمىسىمۇ ئۇلارنىڭ (ئادەملەرنىڭ - تەر.) بار-چىسىدا ھەرپ ۋە ئاۋازنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى (ئالەمدىن - تەر.) بىر نەرسە بار. شۇڭا ھەربىر ئىنسان ناھايىتىمۇ بۈيۈك بىر ئالەم-دۇر. خەلقنىڭ ساراڭلارغا نىسبەتەن مەيلى بارلىقىنى كۆرمەيۋاتام-سەن؟ ئۇلار ساراڭلارنى زىيارەت قىلىپ: «بۇنىڭ ئۇلۇغ ئادەم بولۇش ئېھتىمالى بار» دەيدۇ. شۇنداق، بۇ توغرا. چۈنكى بۇنداق نەرسە بار. بىراق بىر خاتالىق مەۋجۇت. ئۇ نەرسە ئەقىلگە سىغمايدۇ، ئەمما ئەقىلگە سىغمىغان ھەممە نەرسە ئۇ ئەمەس. خۇددى ھەربىر ياڭاق يۇمىلاق، ئەمما بارچە يۇمىلاق نەرسىلەر ياڭاق بولمىغىنىدەك. بىز ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنى ئېيتتۇق. ئۇنىڭ ھالى ھەرقانچە سۆز ۋە زەبىت قىلىنىشقا كەلمىسىمۇ، ئەقىل ۋە جان ئۇنىڭدىن قۇۋۋەت ئالىدۇ، ئۇنىڭ سايىسىدە ئۆسۈپ ئۇلغىيىدۇ. خەلقنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن تەلۋىلەردە بولسا بۇنداق ئالامەت (مەنە) يوق. ئۇلارنىڭ سا-يىسىدە خەلقنىڭ ئەھۋالى ئۆزگەرمەيدۇ، ھۇزۇر - ھالاۋەت تاپمايدۇ. ئەگەر ئۇلار ھۇزۇر - ھالاۋەت تاپتۇق دېسە، بىز بۇنىڭغا ھۇزۇر - ھالاۋەت دېمەيمىز. مەسىلەن: بىر بالا ئۆز ئانىسىدىن ئايرىلىپ، قىسقا بىر مۇددەت ئېچىدە باشقا (ئانا) بىلەن ئاۋۇنسا، بۇنى ھالاۋەت دەيمىزمۇ؟ ئەلۋەتتە، ياق. تېبابەت ئەھلى ئېيتىدۇكى: «ئىنساننىڭ مىزاجىغا ياققان ۋە ئۇنىڭ ئىشتىھاسىنى ئاچقان ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا قۇۋۋەت بېرىدۇ، قاننى تازىلايدۇ». بىراق بۇ - شۇ ئىنسا-نىڭ بىرەر كېسەللىكى بولمىغان پەيتتە شۇنداق. مەسىلەن: تۇپراق يېگۈچى ئادەم ھەققىدە «تۇپراق ئۇنىڭغا پايدىلىق، قانچىلىك يېسىمۇ مىزاجىنى ياخشىلايدۇ» دېيەلەيمىزمۇ؟ ياق. چۈنكى ئۇنىڭ بىر دەردى (كېسىلى) باركى، تۇپراق يەيدۇ. دېمەك، خەستىلىك ۋە ئىللەتتىن



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

خالىي ھالدا ئىنسانغا ياققان نەرسە خۇشتۇر. مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ قولىنى سۇندۇرسا ۋە ئەگرى ھالدا تېڭىپ بوينىغا ئاسسا ھەمدە بۇ ھال ئۇنىڭغا ياقسا، دېمەك، ئۇ ساغلام ئەمەس. ئۇنىڭغا يېقىشۋاتقان بۇ يەردىكى خۇشلۇق يالغانچىدۇر. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، روھلار ئالەمدە مۇقەددەس مەلەكلەر تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە غەرق بولۇشتىن خۇشلىناتتى. ئەگەر ئۇلار جىسىملار بىلەن بىللە بولۇشتىن راھەتسىز ۋە قايغۇلۇق بولۇپ قالسا ھەم لاي يېيىشتىن خۇشلىنىدىغان بولسا ئۇلارنىڭ ھەكىملىرى ـ ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيالار: «سېنىڭ خۇش دېگىنىڭ خۇش ئەمەستۇر. خۇشلۇق باشقا نەرسىدۇر. يەنى سەن بۇرۇن خۇش بولغان ۋە ئەسلىي مىزاجىڭغا ئۇيغۇن كەلگىنىدۇر. ئەمدى بولسا سەن تۇپراق يېيىشتىن ھۇزۇر تېپىۋاتىسەن، بۇنىڭ كېسەللىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقاندا ئىشەنمەيۋاتىسەن» دەيدۇ.

رىۋايەت قىلىدۇلەركى، ھەسەن ۋە ھۈسەن بالىلىق چاغلىرىدا بىر ئادەمنىڭ شەرىئەتكە نامۇۋاپىق تەرزدە تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا نازاكەت بىلەن توغرىسىنى ئۆگەتمەكچى بولدى. ئۇ ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ماڭا سىزنى خاتا ھالدا تاھارەت ئېلىۋاتىدۇ، دەۋاتىدۇ. ھەر ئىككىمىز بىرگە تاھارەت ئالايلى، سەن قايسىبىرىمىزنىڭكى توغرا ئىكەنلىكىنى ئېيت» دېيىشىپتۇ. ئۇلار بىللە تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى ئادەم: «سىزنىڭكى توغرا، خاتاسىز ۋە شەرىئەتكە مۇۋاپىقتۇر. ئەمما مەن بىچارىنىڭ خاتا ئىكەن!» دەپتۇ.

پەسىل. سەيفۇل ـ بەھارىي مىسىرغا كەتتى. ھەممە كۆزگۈنى سۆيىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا ئۆز سۈپەتلىرىنى كۆرۈشكە ئاشىقتۇر. ئۇ (سەيفۇل ـ بەھارىي ـ تەر.) يۈزىنىڭ ھەقىقىتىدىن خەۋەردار ئەمەس. رومال (پەردە) نى يۈزۈم دەپ ئويلايدۇ. رومالىنىڭ ئەينىكى ئۇنىڭ يۈزىنىڭ ئەينىكىدۇر. ئۇ: «ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيالار يۈزۈق ۋە خاتا چو-

شەنچىدىدۇر. ئۇلاردا قۇرۇق دەۋادىن باشقا ھېچ نەرسە يوق» دېيىشى بىلەن مەۋلانا: «سەن بۇنى بىر لەتىپە سۆپىتىدە ئېيتىۋاتامسەن ياكى سېنىڭ ئۆزۈڭمۇ شۇ پىكىردىمۇسەن؟ ئەگەر شۇنداق ئويلاۋاتقان بولساڭ، دېمەك، بۇ سەن ئۇچۇن ھەقىقەتكە ئايلىنىپتۇ. كۆرمەك ۋە ھەقىقەت ۋۇجۇددىكى نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ئەزىزى ۋە شەرەپلىكىدۇر. بۇ بىلەن نەبىيلەرنىمۇ سۆپەتلىگەن بولۇۋاتىمىز. چۈنكى ئۇلارمۇ كۆرمەكتىن باشقا نەرسىنى داۋا قىلمىدى. سەنمۇ بۇنى ئېتىراپ قى-لىسەن. كۆرمەك كۆرۈلگەن نەرسىسىز مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى كۆ-رۈلگەن ۋاستىلىك پېئىلدۇر. كۆرمەك ئۇچۇن مۇتلەق ھالدا ئۇنىڭ يېنىدا كۆرۈلگەن بىرنەرسە بولۇشى لازىم. بۇ يەردە كۆرۈلگەن مەت-لۇب (تەلەپ قىلىنغان، ئارزۇ قىلىنغان)، كۆرگەن تالىبدۇر. ياكى ئەكسىچە. سېنىڭ ئىنكارىڭ بىلەن ۋۇجۇددىكى تالىب مەتلۇب ۋە كۆرمەك سابىت بولدى، دېمەكتۇر. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھلىق ۋە قۇل-لۇق ئىنكارىدا ئىسپاتى بولغان بىر تەكلىپ بولىدۇ. بۇنىڭ سابىت بولمىقى ئەلۋەتتە ۋاجىبتۇر. «مەزكۇر گورۇھ شۇ غاپىل شەيخكە مۇ-رىت بوپتۇ، ئۇنىڭغا تەزىم قىلماقتا» دەيدۇ. مەن: «ناھايىتى ياخشى! غاپىل شەيخ تاشتىن ياسالغان بۇتتىن تۆۋەن ئەمەسقۇ! ئاخىر، ئادەم-لەر بۇتقا سېغىنماقتا، ئۇنىڭدىن بىر نەرسىلەر سورىماقتا. بۇت بولسا ھېچ نەرسە چۈشەنمەيدۇ. مۇرىتلارنىڭ ئىشقى ئىشقى بۇزۇق شەيخنىڭ خىيالى بىلەندۇر. خىيال بولسا مۇرىتلارنىڭ ھېچبىر ھاللىرىدىن خەۋەردار ئەمەس. شۇ ئالدامچى خىيالنىڭ ئىشقى ئىن-سانىنى شۇنداق ھاياجانغا سالسا، ھەقىقىي، ھەممە نەرسىدىن خە-ۋەردار، ھەممە نەرسىنى كۆرگەن يارنىڭ ئىشقىدا ئىنسان نېمىلەر بولمايدۇ؟ مەسىلەن: ئاشىق يارنىڭ خىيالى بىلەن بىر تۇۋرۇكنى قۇچاقلاپ يىغلىسا، دەردىنى ئېيتسا، شىكايەتلەر قىلسىمۇ بۇنىڭدىن ھەقىقىي سۆيگىنىنىڭ ۋەسلىگە يېتىش لەززىتىنى تاپالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

پەسىل. ھەربىر ئادەم بىر جايغا بارماقچى ياكى ساياھەتكە چىقماقچى بولغاندا، كۆڭلىدە ئۆزىچە پىلانلار تۈزىدۇ. بىراق ئاللاھنىڭ ئىستىكى تامامەن باشقىچە بولىدۇ. ئادەمنىڭ شۇنچە چارە ـ تەدبىرلىرى ۋە پىلانلىرىنىڭ بىرەرسىمۇ ئىشقا ئاشماسلىقى مۇمكىن. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ يەنە ئۆز ئىختىيارى ۋە تەدبىرلىرىگە ئىشىنىدۇ.

بېيىت: (قول تەدبىر قىلىدۇ، بىراق تەقدىرنىڭ قايسى مەركەزدە بولۇشىنى بىلمەيدۇ، تەدبىر بولسا ئاللاھنىڭ تەقدىرى ئالدىدا يوق بولىدۇ.)

بۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ: بىر ئادەم چۈش كۆردى. چۈشىدە بىر يات شەھەردە ھېچكىمنى تونۇشمىز، نىمە قىلارىنى بىلمەي گاراڭ بولۇپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ ياققا چېپىپتۇ، بۇ ياققا چېپىپتۇ ـ بولماپتۇ. ئاخىر «نېمىشقا بۇ شەھەرگە كەلدىم؟» دەپ ئۆكۈنۈپ تۇرغاندا، بىردىن ئويغىنىپ كېتىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈش ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆكۈنگىنى ئۈچۈن پۇشايمان قىپتۇ. بىراق بىرئازدىن كېيىن يەنە ئۇخلاپتۇ ۋە يەنە ئۆزىنى شۇ شەھەردە كۆرۈپتۇ. ئاۋۋالقى چۈشىدىكىدەك ئۆكۈنۈشكە باشلاپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ خىيالىغا: «قايغۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئويغاق پەيتىمدە ئۆكۈنگىنىم ئۈچۈن پۇشايمان قىلغانىدىم» دېگەن ئوي كەلمەيدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئادەملەرمۇ تاپقان بىرەر تەدبىرلىرى يۈز مىڭ مەرتە يوققا چىقسىمۇ، ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن پەرىشانلىق تۇپەيلى بارچىسىنى ئۇنتۇيدۇ ۋە يەنە تەدبىر ئىزدەيدۇ، ئۇلارغا ئىشىنىدۇ. «ئاللاھ ھەربىر كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئوتتۇرىسىنى ئىگىلەپ تۇرۇر».

ئىبراھىم ئەدھەم پادىشاھلىق قىلىپ يۈرگەن ۋاقتىدا ئوۋغا چىقتى. يالغۇز بىر جەرەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. ئەمما ئۇنىڭ كەينىدىن يېتەلمىدى. ئات چارچىدى، بىراق پادىشاھ توختىمىدى.

نىھايەت، جەرەن تىلغا كىردى: «سە بۇ (ئىش) ئۈچۈن يارىتىلمىدىڭ. ئاللاھ سېنى مېنى ئوۋلىماق ئۈچۈن ياراتمىدى. مېنى ئوۋلىدىڭمۇ دەيلى، خوش، بۇنىڭ بىلەن نېمە بولىدۇ؟» ئىبراھىم بۇنى ئاڭلىشى بىلەن پەرياد سېلىپ، ئۆزىنى ئاتتىن تاشلىدى. شۇ ئەتراپتا بىر چوپاندىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا پۈتۈن كىيىم-كېچىكى، جەۋھەرلىرى ۋە ئېتىنى بېرىپ، چوپاننىڭ كىيىمىنى ئۆزى كىيدى ـ دە، يولغا راۋان بولدى. ئەمدى ئېيتقىنچۇ، ئۇنىڭ ئىستىكى نېمە ئىدىيۇ، ئاللاھنىڭ ئىستىكى نېمە ئىدى؟ ئىبراھىم جەرەن ئوۋلىماقچى بولدى، بىراق ئۇلۇغ تەڭرى ئۇنى جەرەن ۋاسىتىسىدە ئوۋلىدى. بىلگىنكى، بۇ دۇنيادا پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھنىڭ ئىستىكى بولىدۇ. مۇراد ـ ئۇنىڭ مۈلكى، مەقسەتلەر مۇلازىملىرىدۇر.

ئۆمەر مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. سىڭلىسى قۇرئان ئوقۇۋاتاتتى. «تاھا ما ئەنزەلنا». ئاكىسىنى كۆرۈشى بىلەن قۇرئاننى يوشۇردى. ئۆمەر قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ: «ئېيت، نېمە ئوقۇۋاتاتتىڭ؟ ئېيتمىساڭ ئۆلتۈرىمەن» دېدى. سىڭلىسى قورققىنىدىن ئېتىراپ قىلدى: «ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ مۇھەممەدكە چۈشۈرگەن كالامىنى ئوقۇۋاتاتتىم». ئۆمەر: «ئوقۇ، ئاڭلاي» دېگەندىن كېيىن سىڭلىسى «تاھا» سۈرىسىنى ئوقۇدى. ئۆمەر تېخىمۇ غەزەپلەندى ۋە «ھازىر سېنى ئۆلتۈرسەم ئاجىز كىشىنى ئۆلتۈرگەن بولىمەن، ئاۋۋال بېرىپ ئۇنىڭ بېشىنى ئالاي ـ دە، كېيىن سېنىڭ مەسىلەڭنى كۆرەي» دېدى ـ دە، مۇستاپانىڭ مەسچىتكە قاراپ ماڭدى. يولدا ئۇنى قۇرەيش قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئادەملەر كۆرۈشۈپ: «ئۆمەر مۇھەممەدنىڭ جېنىنى ئېلىشقا كېتىۋېتىپتۇ، بولسا ـ بولمىسا، بۇ ئىش پەقەت شۇ ئۆمەرنىڭ قولىدىن كېلىدۇ» دېيىشىپ قالدى. چۈنكى ئۆمەر ناھايىتىمۇ كۈچتۈڭگۈر ۋە مەرد كى-

شى ئىدى. شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، مۇستاپامۇ: «ئەي تەڭرىم، مېنىڭ
دىنىمنى ئۆمەر ياكى ئەبۇ جەھل ياردىمىدە قوللا» دەيتتى. نىھايەت،
ئۆمەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن يىغلاپ: «ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچى-
سى! ئەگەر ئەبۇ جەھلنىڭ ئىسمىنى مېنىڭ ئىسمىمدىن بۇرۇن
ئېيتقىنىڭدا مېنىڭ ھالىم نېمە كېچەر ئىدى؟» دېگەنىدى.
قىسقىسى، ئۆمەر قىنىدىن چىقىرىلغان قىلىچى بىلەن مەس-
چىتكە يېقىنلاشتى. شۇ ئەسنادا جەبرائىل مۇستاپاغا: «ئەي رەسۇ-
لۇللاھ! ئۆمەر كېلىۋاتىدۇ، مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن ئۇنى قۇچاقلا!»
دەپ ۋەھىي كەلتۈردى. ئۆمەر مەسچىتكە كىرە ـ كىرمەيلا مۇستاپا-
دىن ئۇچقان بىر نۇر ئۆز قەلبىنى ئىگىلىگەنلىكىنى ئېنىق كۆردى.
پەرياد كۆتۈرۈپ، ھوشسىز ھالدا يىقىلدى. روھىدا بىر ئىشق ۋە
سۆيگۈ ھاسىل بولدى، ئۇلارنىڭ ھاياجىنىدىن ئۆمەر شۇ لەھزە
مۇستاپادا ئېرىپ ، يوق بولماقنى ئىستىدى: «ئەي ئاللاھنىڭ ئەل-
چىسى! ماڭا ئىمان تەكلىپ ئەت ۋە ئۇ ئۇلۇغ قۇتلۇق كەلىمىنى
ئېيتكى، ئاڭلاي» دېدى. ئۆمەر مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن: «مەن قى-
لىچ يالىڭاچلاپ سېنى ئۆلتۈرۈشكە كەلگەنىدىم. بۇ گۇناھىمنىڭ بە-
دىلى سۆيىتىدە ئەمەدى تا تىرىك ئىكەنمەن، سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭگە
قارشى كۆرىشىمەن، شۇ قىلىچىم بىلەن ئۇلارنىڭ باشلىرىنى تەن-
لىرىدىن جۇدا قىلىمەن» دەپ قەسەم ئىچتى. مەسچىتتىن چىقا ـ
چىقمايلا ئاتىسىغا دۈچ كەلدى. ئاتىسى ئۇنىڭدىن: «دىنىڭدىن قايت-
تىڭ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۆمەر ئۇنىڭ بېشىنى ئال-
دى. يولدا ئۇنىڭ قانلىق قىلىچىنى كۆرگەن قورەيشنىڭ ئۇلۇغلى-
رى: «دۈشمەنىنىڭ بېشى قېنى؟» دېدى. ئۆمەر: «مانا!» دېدى. ئۇلار:
«ياق، بۇ ئۇنىڭ بېشى ئەمەس. بۇ باش بۇ يەرگە تېگىشلىك» دېدى.
ئەمدى، قارا، ئۆمەرنىڭ قەستى نېمە ئىدىيۇ، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ
ئۇنىڭدىن مۇرادى نېمە بولدى؟



www.uyghurkitap.com

بىيىت: (ئۆمەرنىڭ قولىدا قىلىچ. ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرمەك ئۈچۈن كېلىدۇ. (بىراق) ئاللاھنىڭ تۇزىقىغا ئىلىنىپ، بەختىدىن پەيغەمبەرنىڭ نەزىرىگە چۈشتى.)

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، سىزدىنمۇ: «نېمە كەلتۈردۈڭ؟» دەپ سورىسا، «باش كەلتۈردۈم!» دەڭ. ئەگەر: «بىز بۇ باشنى كۆرگەن ئىدۇق» دېيىشسە، ئېيتىڭكى: «بۇ سىز كۆرگەن باش ئەمەس، باشقىسىدۇر. سىرى بولغان باش ـ باشتۇر. سىرى بولمىغان مىڭ دانە باش ـ بىر پۇلغا قىممەتتۇر».

«بەيتۇللاھنى ئادەملەر ئۈچۈن زىيارەتگاھ ۋە تىنچ جاي قىلدۇق ۋە ئىبراھىمنىڭ (كەئبەتۇللاھنى زىيارەت قىلىۋاتقان ۋاقتىدا) تۇرغان ئورنىنى نامازگاھ قىلىپ ئېلىڭ (دېدى)». ئىبراھىم: «ئەي تەڭرىم، مېنى ئۆز رىزا خىلەتىڭ (ئېھسان) بىلەن شەرەپلەندۈردۈڭ ۋە ئەزىز قىلدىڭ. ئەمدى مېنىڭ ئەۋلادىمغىمۇ شۇنداق ۋە كارامتىڭنى نېسىپ ئەت» دېدى. ئۇلۇغ ئاللاھ: «مېنىڭ بۇ ئەھلىم (سېنىڭ ئەۋلادىڭ ھەققىدىكى) زالىم كىشلەرگە يەتمەيدۇ« دەپ بۇيرۇدى. يەنى زالىملار مېنىڭ خىلەتىم (بۇيەردە ئېھسان مەنىسىدە ـ تەر.) ۋە كارامىتىمگە لايىق ئەمەستۇر، دېمەكتۇر. ئىبراھىم بۇنىڭغا ئەمىن بولغاندىن كېيىن يەنە: «ئەي تەڭرىم، ئىمان كەلتۈرگەنلەرنى ۋە زالىم بولمىغانلارنى ئۆز رىزقىڭ بىلەن نېسىۋىلەندۈر، ئۇلاردىن بۇنى ئايىما» دېدى. ئۇلۇغ ئاللاھ بۇيرۇدىكى: «رىزىق ئومۇمىيدۇر. ھەربىر كىشىنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆز نېسىۋىسى بار ۋە بۇ مۇساپىرخانىدىن بارچە مەخلۇقلار پايدىلىنىپ، ئۆز ئۈلۈشلىرىنى ئالىدۇ». پەقەت ئاللاھنىڭ رىزا، خىلەت ۋە كارامىتى خاس ھەمدە تۇۋرۇك (ئەۋزەل، ئەزىز) قۇللىرىغا نېسىپ بولغاي. تاشقى كۆرۈنۈشكە بېقىپ تېشىدىنلا كۆرگەنلەر (ئەھلى زاھىر) دەيدۇكى: «بۇ ئايەتتىكى بەيتتىن (ئۆيدىن) مەقسەت كەئبەدۇركى، كىم ئۇنىڭغا سېغىنسا، ئاپەتلەردىن

ئۇزاق بولىدۇ ۋە ئۇ يەردە ئۇۋلىماق هارامدۇر. يەنى كىشىگە ئازار بەرمەك توغرا ئەمەس. ئۇلۇغ ئاللاھ توغرۇلۇق ۋە گۈزەللىكنى ئاللىدىغان». بۇ «قۇرئان»نىڭ زاھىرىي مەنىسىدۇر. مۇھەققىقلەر (ھەقىقەتچىلەر) ئېيتىشىدۇكى: «بەيت (ئۆي) ئىنساننىڭ ئىچىدۇر. يەنى، ئەي تەڭرىم ئىچىمنى نەپسنىڭ ئازدۇرۇشى ۋە ۋەسۋەسىلىرىدىن پاكىز قىل. بۇزۇق ۋە خاتا چۈشەنچىلەردىن تازىلىغىنكى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق قورقۇنچ قالمىسۇن. شۇ تەرزدە ئۇ يەر ئىشەنچلىك ۋە سېنىڭ ۋەھيي يېرىڭ بولسۇن. شەيتان ئارىلىمىسۇن. مەسىلەن: ئۇلۇغ ئاللاھ پەرىشتىلەر سىرىدىن شەيتانلارنىڭ خەۋەردار بولماسلىقى ئۈچۈن كۆك يۈزىدە ئاقار يۇلتۇزلارنى قاراۋۇل ئېتىپ تەيىنلىگەن. ئەي تەڭرىم، بىزنىڭ ئىچىمىزگىمۇ ئىنايەت ساقچىلىرىنى قويىكى، ئۇلار بىزنى شەيتان ۋە نەپس بالالىرىدىن قورىسۇن». مانا بىزگە باتىل ئەھلى (خاتا چۈشەنگۈچىلەر) ۋە مۇھەققىقلەرنىڭ ئىزاھلىرى. ھەركىم ئۆز ئورنىدىن تۇرىدۇ (قوزغىلىدۇ.) كىرورازنىڭ (پۇلنىڭ) ئىككى يۈزى (تەرىپى) بار. كىمدۇر ئۇنىڭ بۇ يۈزىدىن، كىمدۇر نېرىقى يۈزىدىن پايدىلىنىدۇ ۋە ھەر ئىككىسىمۇ توغرىدۇر. چۈنكى ئۇلۇغ ئاللاھ ھەر ئىككى قەۋمنىڭمۇ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىنى خالايدۇ. مەسىلەن: بىر ئايالنىڭ ئېرى ۋە گۆدەك بالىسى بولسا، ئۇ بۇلارنىڭ ئىككىسىدىن باشقا ـ باشقا زوق ئالىدۇ. بالىنىڭ زوقى ئانىنىڭ كۆكسى ۋە سۈتىدىن بولسا، ئېرىنىڭكى ئۇنىڭ ئۆز خوتۇنى ئىكەنلىكىدىن بولىدۇ. ئىنسانلار يولنىڭ بالىلىرىدۇر. ھەربىر كىشى قۇرئاندىن زاھىرىي تەم ئالىدۇ ۋە سۈتى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. پەقەت يېتۈك زاتلار ئۈچۈن قۇرئاننىڭ مەنىسىدە ئۆزگىچە بىر زوق بار ۋە ئۇلار (قۇرئاننى) باشقىچە چۈشىنىدۇ.

ئىبراھىمنىڭ مەقامى ۋە ناماز ئوقۇيدىغان جايى كەئبىگە يېقىن بىر يەر ئىدى. زاھىر ئەھلى: «ئۇ يەردە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش

كېرەك» دەيدۇ. بۇ ياخشى! بىراق مۇھەققىقلەر نەزىرىدە ئىبراھىمنىڭ يېرى شۇنداق بىر جايكى، ئۇ يەردە سەن ھەق ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئوتقا ئاتىسەن ۋە غەيرەت ھەم تىرىشىش بىلەن (يۈكسەك) مەقامغا ئېرىشىسەن. ئىبراھىم ئۆزىنى ئاللاھ يولىدا پىدا قىلدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە نەپس تەھلىكىسى قالمىغان ۋە ئۆزىدىن قىلچىمۇ قورقمىغان.

ئىبراھىمنىڭ مەقامىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇماق ياخشىدۇر. پەقەت بۇ شۇنداق نامازكى، ئۇنىڭ قىيامى بۇ دۇنيادا بولسا، رۇكۇسى ئۇ دۇنيادىدۇر.

كەئبىدىن مەقسەت ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيانىڭ كۆڭۈللىرىدۇر ۋە بۇ يەر( كۆڭۈللەر ـ تەر.) ۋەھىينىڭ جايىدۇر. كەئبە ئۇنىڭ نۇرى. ئاخىر، كۆڭۈلسىز كەئبە نېمە ئىشقا يارايدۇ؟ ۋەلىيلەر ۋە نەبىيلەر ئۆز مۇرىتلىرىنى تامامەن تەرك ئېتىپ، تەڭرىنىڭ مۇرىتلىرىغا شۇنداق رىئايە قىلمىشلەركى، ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى دەرھال بېجىردۇ ۋە ئۇنىڭ ئىنايىتى بولمىغان كىشىلەردىن، ئەگەر بۇلار ھەتتا ئاتا ـ ئانىلىرى بولسىمۇ نەپرەتلىنىدۇ.

سەن نېمە ئېيتساڭ، بەرى مىسال، مەسەل ئەمەس. مىسال ـ باشقا، مەسەل باشقىدۇر.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۆز نۇرىنى قەندىلگە، ۋەلىيلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى بولسا شىشىگە ئوخشاتقان. بۇلار ـ مىسال. بولمىسا، كەۋنۇ مەكانغا (بارلىق ئالەمگە) سىغمىغان ئاللاھنىڭ نۇرى قەندىلگە ۋە شىشىگە قانداق سىغسۇن. جەلالى (ئۇلۇغلۇقى) ئۇلۇغ بولغان ئاللاھ نۇرى تۇغۇلغان يەرلەر كۆڭۈلگىمۇ سىغمايدۇ، بىراق خالىغان پەيتىڭدە ئۇنى قەلبىڭدىن تاپىسەن. يەنى ئۇنىڭ ئەكسىنى ئەينەكتە كۆرگىنىڭ كەبى كۆرىسەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سېنىڭ رەسىمىڭ ئەينەكتە ئەمەس بەلكى كۆزگۈگە قارىغىنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەردە ئۆزۈڭنى كۆرىسەن. مەسىلەن: ئەقىلگە نامۇۋاپىق نەرسىلەرنى مىسال بىلەن

www.uyghurkitap.com

چۈشەندۈرسە ئەقلىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئەقلىي بولغان نەرسە مەخ-
سۇس بولىدۇ. «بىر ئادەم بار، كۆزىنى يۇمۇشى بىلەن غەلىتە ـ غە-
لىتە ۋەقەلەرنى كۆرىدۇ. كۆزىنى ئاچقاندا بولسا ھېچ نەرسە كۆرمەي-
دۇ» دېسەڭ، ھېچكىممۇ ئىشەنمەيدۇ. ئەمما «بىر ئادەم بار چۈشىدە
تۈرلۈك ـ تۈمەن نەرسىلەرنى كۆرىدۇ، ئويغىنىشى بىلەن بولسا
ئۇلاردىن بىرەرسىنىمۇ كۆرمەيدۇ» دەپ مىسال بىلەن سۆزلىسەڭچۇ،
ھەممە مەلۇم بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر كىشى بىر ئۆينى
تەسەۋۋۇر قىلسا، بۇنى ھېچكىم ئەقلىگە سىغدۇرالمايدۇ. بىراق مې-
مار (ئارخىتېكتور) ئەنە شۇ ئۆينىڭ پىلانىنى قەغەزگە چۈشۈرسە
قالغانلارمۇ ئۇنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ. لايىق تېپىلغان پىلان قە-
غەزدىن ئەمەلىيەتكە كۆچسە، يەنى ئۆي بولۇپ قۇرۇلسا، خىيال
مەخسۇس بىر شەكىلگە كۆچىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، دەسلەپ
ئەقىلگە ئۇيغۇن بولمىغان نەرسىلەر مىسال ۋاسىتىسىدە ماقۇل ۋە
مەخسۇس بولىدۇ. بۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ: «نېرىقى دۇنيادا ھەربىر
كىشىنىڭ ساۋاب ۋە گۇناھ دەپتەرلىرى تارقىتىلىدۇ ۋە بىراۋنىڭ
ئوڭ، بىراۋنىڭ سول قوللىرىغا بېرىلىدۇ» ياكى «نېرىقى دۇنيادا پە-
رىشتە، ئەرش، ئوت ۋە جەننەت بار. يەنە مىزان (تارازا) ۋە ھېساب ـ
كىتاب بولىدۇ» دېيىشىدۇ. بىراق بۇنىڭ (ھەرقانچە ئوخشىشى بول-
مىسىمۇ) بىر مىسال بېرىلمىگىچە ئەھۋال ئايانلاشمايدۇ. مىسال: پا-
دىشاھ، قازى، تىككۈچى، موزدۇز ۋەھاكازا ھەممە ئادەملەر كېچىسى
ئۇخلايدۇ. كىشى ئۇخلاش بىلەن ھوشى (پىكرى) بېشىدىن ئۇچىدۇ
ۋە ھېچكىمدە بىرەر چۈشەنچە قالمايدۇ. ئەمما ئىسرافىلنىڭ نەپىسى
يەڭلىغ بولغان تاڭ ئايدىڭلىقى ئادەملەر جىسىملىرىدىكى بارچە زەر-
رىلەرنى تىرىلدۈرگەن ۋاقىتتا چۈشەنچىلەرمۇ قايتىدۇ. يەنى ھېچ-
كىم ئاخشىمى تىككۈچى بولۇپ يېتىپ، ئەتىسى تاڭدا موزدۇز بولۇپ
تۇرمايدۇ. ئىنساننىڭ ئىشى ۋە كۈچى نېمە بولسا، ئۇ يەنە شۇنىڭ بى-

لەن مەشغۇل بولىدۇ. نېرىقى دۇنيادىمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئۇقمىقىڭ كېرەك. بۇ چۆچەك ئەمەس. بۇ ھەتتا مۇشۇ دۇنيادىمۇ ھەقىقەت بولغان (روياىقا چىققان.) دېمەك، كىم بۇ مىسالنىڭ ئىزىدىن چۈشسە ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلسا، مۇقەررەر رەۋىشتە نېرىقى دۇنيانىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى كۆرىدۇ، بۇيىنى ئالىدۇ، مۇشاھەدە ئېتىدۇ ۋە كەشىپ قىلىدۇ. شۇندا بۇلارنىڭ بارچىسى ئاللاھ قۇدرىتى دائىرىسىدە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

مانا، نىھايەت، ناماقۇلنىڭ مىسال ئارقىلىق ماقۇل بولغىنى ۋە مىسالنىڭ مەسەلگە ئوخشىمايدىغانلىقى چۈشىنىلدى. مەسىلەن: ئارىپ فەرەھلىك (شادلىق، خۇررەملىك) ۋە زەۋقنى باھار، قايغۇ ۋە ئەلەمنى بولسا كۈز دەيدۇ. چۈنكى بۇ مىسالدۇر (تەشبىھدۇر) ۋە بۇنىڭسىز مەنە چۈشىنىلمەيدۇ، تەسەۋۋۇر ۋە ئىدراك ئېتىلمەيدۇ. ئۇلۇغ تەڭرى بۇيرۇدىكى: «كور كىشى بىلەن كۆرگۈچى زات ، زۇلمەت بىلەن نۇر، سايە بىلەن جەزىرەمە باراۋەر ئەمەستۇر».

بۇ يەردە تەڭرى ئىماننى نۇرغا، كۇپۇرنى زۇلمەتكە، ياكى ئىماننى يېقىشلىق سايە ـ سالقىنغا، كۇپۇرنى بولسا ئادەمنى قىينايدىغان جەزىرىمە ئىسسىققا ئوخشىتىدۇ. ئىماننىڭ لاتاپىتى ۋە نۇرى ئۇ ئالەمنىڭ نۇرىغا، كۇپۇرنىڭ بولسا بۇ ئالەمنىڭ زۇلمىتىگە قانداق ئوخشاشلىقى بار؟ ئەگەر كىشى بىز گەپلىشىۋاتقان ۋاقىتتا ئۇخلىسا، بۇ ئۇنىڭ بوش (بىكار) قالغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئىشەنچىدىندۇر. مەسىلەن: كارۋانغا خەتەر ـ خەۋپ سىلىپ تۇرغان پەيتتە ھېچ نەرسىگە قارىماي تۆگىلەر چاپتۇرۇلىدۇ. قاچانكى خەتەر ئۆتۈپ كەتكەندىلا ئادەملەرنىڭ ئۇيقۇسى كېلىشكە باشلايدۇ. بىزنىڭ سۆزدىمىزمۇ ئەتراپقا ئىشەنچ ۋە مەمۇرلۇق تارقىتىۋاتىدۇ. روھلار تونۇشلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى بىلەن بۇيى كېلىدۇ. «ئەي مۇھەممەد، سەن ئۇقۇ ـ دە» (ھەدىس.) يەنى سېنىڭ زاتىڭ شۇ قەدەر لەتىپدۇر -

كى، نەزەرلەر ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ. بىراق سەن سۆزلىگەن ۋاقىتتا روھلار تەسكىن ۋە ھۇزۇر تاپىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن سۆزلە ئەي مۇھەممەد!

شېئىر: (جىسمىڭ شۇ قەدەر زەئىپكى، بار ـ يوقى بىر ئىنسان ئىكەنلىكىڭ مەلۇم بولماقتا. سەن بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ سۆزلەشمىسەم ساپلىقتىن مېنى كۆرەلمەيسەن.)

دالىدا شۇنداق بىر ھاشارات باركى كىچىكلىكىدىن كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. پەقەت ئاۋاز چىقارغاندىلا ئۇنى بايقاش مۇمكىن. سىنىڭ زاتىڭمۇ ناھايىتى لەتىپ بولغانلىقتىن كۆز ئىلغىمايدۇ. شۇڭا سىنىڭ تونۇشلار ئۈچۈن سۆز ئېيتمىقىڭ لازىمدۇر. بىر يەرگە بارماقچى بولساڭ، ئاۋۋال سىنىڭ كۆڭلۈڭ شۇ يەرگە كېتىدۇ. ئۇ يەرنىڭ شەرت ـ شارائىتلىرى، ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كېلىپ، كېيىن گەۋدەنى سۆرەيدۇ. بارچە خەلقەتلەر (ئىنسانلار) نەبىيلەر ۋە ۋەلىيلەرگە نىسبەتەن گەۋدىلەر كەبىدۇر. پەيغەمبەرلەر ۋە ئەۋلىيالار بولسا ـ ئالەم قەلبى. دەسلەپ ئۇلار مۇشۇ دۇنيادا ياشىدى ۋە بەشەرىيلىكتىن، ئەت (گۆش) ۋە تېرىدىن خالاس بولغاندىن كېيىن ھەم ئۇ دۇنيانىڭ، ھەم بۇ دۇنيانىڭ ئېگىز ـ پەسلىكىنى ئۆگەندى، مەنزىللەر ئاشتى. نىھايەت، ئەسلىي يولنى قانداق بىلىش مۇمكىنلىكىنى تاپتى ۋە كېلىپ ئادەملەرگە: «ئەسلىي ئالەمگە كېلىڭلار. چۈنكى بۇ يەر خارابىزاردۇر، پانىيلىق (يوقلۇق) سارىيىدۇر. بىز ئاجايىپ بىر يەر تاپتۇق ۋە بۇنىڭدىن سىلەرگە خەۋەر بەرمەك ئۈچۈن كەلدۇق» دەپ دەۋەت قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ روھى ھەمىشە يەر بىلەن بىرگىدۇر ھەمدە ئۇنىڭ مەنزىللىرى ئېشىشقا ئېھتىياجى بولمىغىنى كەبى ھەر خىل يول توسارلاردىن ۋەھاكازا خەۋپ ـ خەتەردىن قورقۇشقىمۇ سەۋەب يوق. بۇلارغا مۇپتىلا بولغان نەرسە زاۋال تاپىدىغان گەۋدىدۇر.

شېئىر: (قەلبىمگە: «ئەي قەلبىم، بىلمىسىزلىكىڭدىن كىمـ

نىڭ خىزمىتىدىن مەھرۇم بولغىنىڭنى بىلەمسەن؟» دېدىم. قەلبىممۇ ماڭا: «مېنى خاتا چۈشىنىپسەن. مەن دائىم خىزمەتتىمەن، بېشى گاراڭ بولۇپ قالغان ـ سەن» دېدى.)

قەيەردە ۋە قايسى ئەھۋالدا بولساڭ ـ بول، پەقەت دوست ۋە ئاشىق بولماققا تىرىش. مۇھەببەت سېنىڭ مۈلكىڭ بولسا، خاھ مازاردا بول، خاھ قىيامەتۇ جەننەتتە، ئاخىرغىچە دوست بولۇرسەن. ئەگەر سەن بۇغداي تېرىدىڭ، مۇقەررەركى، بۇغداي ئۈنىدۇ ۋە ئامباردىمۇ، تونۇردىمۇ شۇ (بۇغداي) بولىدۇ.

مەجنۇن لەيلىگە مەكتۇب پۈتمەكچى بولدى. قەلەمنى قولغا ئېلىپ يازدى: خىيالىڭ كۆزۈمدە، ئىسمىڭ تىلىمدا، يادىڭ دىلىمدا... شۇنداق ئىكەن مەن كىمگە ۋە قەيەرگە يازاي؟... ئاخىر، سېنىڭ ئۆزۈڭ شۇ يەردىسەنغۇ! ئۇ شارتتىدە قەلەمنى سۇندۇرۇپ، قەغەزنى پارچە ـ پارچە قىلدى.

قانچە ـ قانچە ئادەملەرنىڭ قەلبلىرى مانا شۇنداق ھېسلار بىلەن تولغان بولۇشى مۇمكىن. پەقەت بۇلارنى سۆز ھالىتىگە كەلتۈرەلمەيدۇ. ئۇلار ھەرىكەت قىلىشسايۇ بولمىسا، بۇنىڭغا ھەيران بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق ۋە بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئەھۋاللىرى ئىشققا قەسىدە ئەمەس. بەلكى، ئاساس بولغان نەرسە قەلبنىڭ تىلىكىدۇر. بۇ ئىشق ھەم سۆيگىدۇر. مەسىلەن: بوۋاق ـ سۈتنىڭ ئاشىقى، ئۇ سۈتتىن ئوزۇق ئالىدۇ. بىراق ئۇ سۈتكە تەبىر بېرەلمەيدۇ، (چۈشەندچىسىنى) سۆز ھالىغا كەلتۈرەلمەيدۇ. بالاغەتكە يەتكەن چوڭچوڭ ئادەم بولسا سۈت ھەققىدە يۈز خىل چۈشەندۈرۈشلەر، تەرىپلەر بەرگىنى بىلەن بۇلارنىڭ ھېچبىرىدىن ئۇ سۈتنىڭ تەمىنى ئالالمايدۇ.

پەسىل. ئاۋۇ ياشنىڭ ئىسمى نېمە؟ (دەپ سورىدى) . (بىرى): «سەيفىددىن» دېدى. جاۋابەن بۇيرۇدىكى: سەيف (قىلىچ) قىنىدىدۇر (غىلاپتىدۇر)، ئۇنى كۆرۈپ بولمايدۇ. سەفىددىن دىن ئۇچۇن

كۆرەشكەن، پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى تامامەن ئاللاھ يولىغا قاراتـ قان، توغرىنى خاتادىن پەرقلەندۈرگەن، ھەقنى باتىلدىن (خاتادىن) ئايرىشنى بىلگەن كىشىدۇر. پەقەت كۆرەشنى ئاۋۋال ئۆزى بىلەن جەڭ قىلىشتىن، يەنى ئۆز ئەخلاقىنى تۈزەشتىن باشلايدۇ. «ئەۋۋەل نەپسىڭدىن باشلا» (ھەدىس) دېيىلگىنىدەك، ئۆز ـ ئۆزىگە نەسىھەت قىلىدۇ: «مەن قانداق ئادەممەن؟ پۇت ـ قولۇم، كۆز ـ قۇلىقىم، ئە- قىل ـ پاراسىتىم بولسا، مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىپ، دۆلەتلەر تاپقان ئەنبىيا ـ ئەۋلىيالارمۇ ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ ئىككى قو- لى، ئىككى پۇتى بار ئىدى. ئۇلاردا قانداق مەنە مەۋجۇت ئىدىكى، يۈرگەن يوللىرىدا ئىشىكلەر ئېچىلاتتى. مەندە بۇ نېمەت يوق. مەن نېمىلەر قىلىپ قويدۇم؟ ئاخىر، ھېچكىم مېنى ياقتۇرمايۋاتىدۇ- غۇ؟!» ئۇ مانا شۇ تەرزدە ھەرىكەت قىلسا، سەيفۇللاھ ۋە لىسانۇل ھەق بولغۇسى. مەسىلەن: ئۇن كىشىدىن توقۇزى ئۆيگە كىرىپ، بىرسى تاشقىرىدا قالسا ۋە ئۇنى كىرگۈزمىسە، بۇ ئادەم مۇتلەق ھالدا ئۆز ـ ئۆزىگە: «قىزىق، مەن نېمە يامانلىق قىلدىمكى، ئۇلار مېنى ئۆيگە كىرگۈزمىگۈدەك؟» دەپ يىغلايدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىن- سانمۇ گۇناھىنى بوينىغا ئېلىپ، ئۆزىنى ئەدەپسىز ۋە نۇقسانلىق كۆرمىكى لازىمدۇر ھەمدە: «بۇنى ھەق قىلدى، ئۇ شۇنى خالىسا، مەن نېمە قىلاي. ئەگەر خالىسا ئىدى، ماڭىمۇ يول بېرەتتى» دېمەسلىكى كېرەك. بۇ ئاللاھقا قارشى كۇپۇرلۇق ۋە قىلىچ كۆتۈرمەكتۇر. ئۇ ھالدا ئۇ سەيفۇللاھ ئەمەس، سەيفۇللەل ھەق (ئاللاھقا قارشى كۆتۈ- رۈلگەن قىلىچ) بولىدۇ. ئۇلۇغ تەڭرى قېرىنداش ئۇرۇغ ۋە يېقىنلار- دىن خالىيدۇر. «ئۇ تۇغمىغان ۋە تۇغۇلمىغاندۇر». ھېچكىم ئۇنىڭغا يول تاپمىدى، پەقەت قۇللۇقتا يول تاپتى. «ئاللاھ (سىلەرنىڭ خەير ـ ئېھسانلىرىڭلاردىن) باي ـ موھتاج ئەمەس، سىلەر بولساڭلار (ئۇ زاتىنىڭ ئەجىر ـ ساۋابىغا) پەقىر ـ موھتاجسىلەر». ھەققە يول تاپ-





قان زات توغرىسىدا: «ئۇ مەندىن يېقىنراق، قەدىردانراق ئىدى»
دېيىشىڭ توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭغا يېقىنلىق پەقەت ۋە پەقەت
ئۇنىڭغا يېتەرلىك دەرىجىدە قۇللۇق قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئۇ
دېڭىزنىڭ قىرغىقىنى ئۈنچىلەرگە تولدۇرىدۇ. تىكەنگە گۈل خىلە-
تىنى (كىيىمىنى، تونىنى - تەر.) كىيدۈرىدۇ. بىر سىقىم تۇپراققا
ھايات، روھ بېغىشلايدۇ. ھېچقانداق غەرەزسىز، ھېچقانداق ئالاقى-
سىز ھالدا پۈتۈن ئالەمنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى ئۇنىڭدىن نېسى-
ۋە ئالىدۇ. ئادەملەرگە «پالانى شەھەردە بىر سېخىي زات ئېھسان قى-
لىۋېتىپتۇ» دېسەڭ يۈگۈرۈپ بېرىشىدۇ. بىراق ئاللاھنىڭ تەڭداش-
سىز لۇتپىدىن خەۋەردار تۇرۇپ، نېچۈن ئۇنىڭدىن تىلەشمەيدۇ؟
سەنمۇ ھېچ نەرسە ئۈمىد قىلمايسەن - دە، ھورۇنلۇق قىلىپ كو-
چىدا ئولتۇرغىنىڭچە «ئاللاھ خالىسا، ماڭا ئۆزى بېرىدۇ» دەيسەن.
ئىتنىڭ ئەقلى ۋە ئىدراكى يوق. شۇنداق بولسىمۇ، ئېچىرقىشى بى-
لەن ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، نان بەر دېگەندەك ھەرىكەت قىلىدۇ.
سەن ئىتتىنمۇ تۆۋەنمۇسەن؟ ئاخىر ئۇ يەردە يېتىۋېلىپ: «ئەگەر خا-
لىسا، ماڭا ئۆزى بېرىدۇ» دېيىشكە رازى بولماي، ئادەمگە يالۋۇرۇۋا-
تىدۇ، قۇيرۇقىنى ئويىنىتىپ سوراۋاتىدۇ. سەنمۇ شۇنداق قىل.
ئاللاھتىن سورا ۋە تىلىگىنىكى، بۇنداق ئاتا ساھىبىنىڭ ھوزۇرىدا
تىلەمچىلىك قىلىش ئەينى مۇددىئادۇر. ئەگەر سېنىڭ ئامىتىڭ
بولمىسا، ئۇ ھالدا سېخىي ۋە دۆلەتمەندىن ئامەت ئىستە. ئاللاھ ساڭا
ناھايىتىمۇ يېقىندۇر ۋە سەن ئويلىغان، تەسەۋۋۇر ئەتكەن ھەربىر
نەرسە بىلەن بىرگىدۇر. چۈنكى تەسەۋۋۇر، چۈشەنچىنىڭ ياراتقۇ-
چىسى ئۇدۇر. بىراق ساڭا ناھايىتىمۇ يېقىن بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى
كۆرەلمەيسەن. قانچىلىك بىچارە بولسىمۇ سەن قىلغان بارچە ئىشتا
ئەقلىڭ سەن بىلەن بىللە. سېنى ئىشقا باشلىغۇچىمۇ ئۇ (ئەقىل -
تەر.) پەقەت سەن بۇنىمۇ كۆرمەيسەن. گەرچە ئەسەرلىرى ئارقىلىق

كۆرسەتمۇ، ئاساسىنى، يەنى زاتىنى، ئۆزىنى كۆرەلمەيسەن. مەسىلەن: هامامغا كىرگەن ئادەم ئۇنىڭ قايىسى بۇرجىكىگە بارسىمۇ ئىسسىق ئۇ بىلەن بىرگە بولىدى. لېكىن ئىسسىقلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈۋاتقان ئوتنى كۆرەلمەيدۇ. قاچانكى، ئۇ تاشقىرىغا چىقىدۇ، ئوتنى كۆرىدۇ ۋە شۇنىڭ تەسىرىدە ئىسسىنغىنىنى بىلىدۇ. ئىنسازنىڭ ۋۇجۇدىمۇ مىسالى بىر غەلىتە هامام. ئۇنىڭدا روھنىڭ، ئەقىل ۋە نەپسىنىڭ ئىسسىقلىقى بار. پەقەت سەن قاچانكى، بۇ هامامدىن چىقىپ ئۇ ئالەمگە كېتىسەن، شۇندىلا ئەقلىڭ زاتىنى ئۇدۇلمۇئۇدۇل كۆرىسەن، روھ ۋە نەپسىڭ زاتىنى مۇشاھەدە ئېتىسەن. ئەقىللىقلىق ئەقىل هارارىتىدىن بولسا، زەكا، شەيتانلىق ۋە خىيال نەپسىدىندۇر. هايات روھنىڭ ئەسىرى ئىدى. شۇ تەرزدە سەن ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن ئوچۇق ـ ئايدىڭ كۆرىسەن. هازىرچۇ؟ ئەگەر هامامنى قىزدۇرۇۋاتقان ئوتنى ئۇنىڭ (هاممامنىڭ ـ تەر.) ئىچىدە تۇرۇپ كۆرۈش مۇمكىن بولماس ئىكەن، ئۇ هالدا، بۇنى ئەسىرى ئارقىلىق كۆرىمىز. مەسىلەن: ھېچقاچان ئاقار سۇ كۆرمىگەن ئادەمنى كۆزىنى باغلاغلىق هالدا سۇغا ئاتسا، ئۇ ۋۇجۇدىغا تەگكەن يۇمشاق، ھۆل نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. پەقەت كۆزىنى يەشكەندىلا سۇنى ئوچۇق ـ ئايدىڭ كۆرىدۇ. ئالدىن سۇنىڭ تەسىرىدىن ئازراق نەرسە چۈشەنگەن بولسا، ئەمدى سۇنىڭ ئۆزىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ سىنىڭ نېمە تىلىكىڭ بولسا، ئاللاھتىن سورىغىنىكى، «قۇرئان»دا: «ماڭا دۇئا ـ ئىلتىجا قىلىڭلار، مەن سىلەرگە(قىلغان دۇئالىرىڭلارنى) مۇستەجاب قىلۇرمەن» دەپ بۇيرۇلغىنىدەك دۇئالىرىڭلار بىھۇدە كەتمىگەي.

سەمەرقەندە ئىدۇق، شەھەردە تەڭدىشى يوق بىر گۈزەل قىزمۇ ئىستىقامەت قىلاتتى. خارازىمشاھ سەمەرقەندنى ئېلىش ئۈچۈن باستۇرۇپ كېلىپ قامال قىلغاندا، قىزنىڭ: «ئاللاھىم مېنى زالىم




دۇشمەنلەرنىڭ قولىغا تاشلىما. مەن بىلىمەنكى بۇنى سەن ھېچقاچان ماڭا راۋا كۆرمەيسەن» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. شەھەرنى ئوققا تۇتتى. خەلقنى ۋە گۈزەل قىزنىڭ دېدەكلىرىگىچە ئەسىر ئالدى. بىراق شۇنچە گۈزەل بولۇشىغا قارىماي، قىزغا بىراۋ تەگمىدى، ھەتتا قايرىلىپمۇ قارىمىدى. كىمدە ـ كىم ئۆزىنى ئاللاھقا تەسلىم ئەتسە، پۈتۈن ئاپەت ۋە پالاكەتلەردىن ئامان قالغۇسى. چۈنكى ئۇنىڭ ھوزۇرىدا ھېچكىمنىڭ تىلىكى بىھۇدە كەتمەس.

بىر دەرۋىش ئوغلىغا شۇنداق ئۆگەتكەنىدى: بالا ئاتىسىدىن نېمە سورىسا، ئاتا «ئاللاھتىن تىلە!» دەيتتى. بالا يىغلاپ ئاللاھقا يالۋۇراتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىستىكىنى (ئاتا ـ ئانىسى ـ تەر.) بەجا كەلتۈرەتتى. يىللار شۇ ئەھۋالدا ئۆتتى. بىر كۈنى بالا ئۆيدە يالغۇز قالدى ۋە خەرىسە (شورپىنىڭ بىر تۈرى ـ تەر.) ئىچكۈسى كەلدى. ئادىتى بويىچە: «خەرىسە خالايمەن!» دېدى. بىردىنلا غايىبتىن قاچىدا لىق خەرىسە پەيدا بولدى ۋە بالا تويغۇچە ئىچتى. ئاتا ـ ئانىسى ئۆيگە كېلىپ، «نېمە خالايسەن؟» دەپ سورىدى. بالا: «خەرىسە خالىغانتىم، يېدىم» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئاتا: «خۇداغا شۈكۈر، بۇ مەقامغا ئېرىشتىڭ. ئاللاھقا ئىشەن، تەۋەككۇلىڭ قۇۋۋەتلەندى» دېدى.

مەريەمنىڭ ئانىسى ئۇنى تۇغۇشى بىلەن، ئاللاھنىڭ ئۆيىگە (مەبەدكە) ۋەخپە ئېتىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىش بۇيرۇمايدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. (تۇغۇلۇشى بىلەن) مەريەمنى مەبەدنىڭ بىر بۇرجىكىدە قالدۇردى، زەكەرىيا ئۇنىڭغا قارىماقچى (پەرۋىش قىلماقچى) بولدى. ئوتتۇرىسىدا كېلىشەلمەسلىك چىقتى. شۇ زاماننىڭ ئادىتى بويىچە، بۇنداق پەيتلەردە، سۇغا ئوت ـ چۆپ تاشلىناتتى ۋە كىمنىڭ چۆكمىسە شۇ يەڭگەن ھېسابلىناتتى. تاسادىپىي زەكەرىيانىڭ ئامىتى كەلدى ۋە ھەر كۈنى مەريەمگە يېمەكلىك كەلتۈرىدىغان بولدى. بىراق ئۇ ھەر قېتىم قولىدا تاماق بىلەن كەلگەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دە، مەريەمنىڭ ئالدىدا شۇ تائام تۇرغانلىقىنى كۆرەتتى. ئاخىر سو-
رىدى: «ساڭا قارىغۇچى مەنمەن، بۇلارنى قەيەردىن ئالدىڭ؟» مەريەم:
«قورسىقىم ئاچقاندا ئۇلۇغ تەڭرىدىن سورايمەن، ئۇ ماڭا ئەۋەتىدۇ.
ئۇنىڭ كەرەمى ۋە رەھمىتى چەكسىزدۇر. ئۇنىڭغا ئىشەنگەننىڭ
ئىشەنچى زايا كەتمەس» دەپ جاۋاب بەردى. زەكەرىيا ئىلتىجا قىلدى:
«ئەي ئاللاھىم، ھەممىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇۋاتقان ئىكەنسەن،
مېنىڭمۇ بىر تىلىكىم بار، ماڭا پەرزەنت بەر ۋە ئۇ مېنىڭ تەشۋىقا-
تىم، سېنىڭ دوستۇڭ بولۇپ، سېنىڭ ئىبادىتىڭ بىلەن مەشغۇل
بولسۇن». ئۇلۇغ تەڭرى يەھيانى دۇنياغا كەلتۈردى. ئۇ تۇغۇلغاندا
ئاتىسى (زەكەرىيا ــ تەر.) مۆكچەيگەن چال، ياشلىقىدا ھامىلىدار
بولمىغان ئانىسى قېرىپ ئىككى پۈكۈلۈپ قالغان كەمپىر ئىدى. بۇ
مانا شۇنىڭغا ئوخشاش كۆپلەپ ۋەقەلەر ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا
باھانە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ھەممە نەرسە ئۇنىڭدىن ۋە ھەممە
نەرسە ئۇستىدە مۇتلەق ھاكىم ئۇ ئىكەنلىكىنى ئىنسان بىلىشى
كېرەك. مۆمىن كىم؟ مۆمىن: «تامنىڭ ئارقىسىدا كىمدۇر بار ۋە ئۇ
بىزنىڭ بارچە ھالىمىزنى كۆرۈپ، كۆزىتىپ، بىلىپ تۇرىدۇ، پەقەت
بىز ئۇنى كۆرەلمەيمىز. ئۇنىڭغا بارچە نەرسە ئاياندۇر» دېگەن ئادەم-
دۇر. مەسىلەن: سەن بىلىسەنكى، مەن تامنىڭ ئارقىسىدىمەن ۋە سەن
راۋاب چېلىۋاتىسەن. سەن ھېچقاياقىقا قارىماي، ئۈزۈلدۈرمەي چې-
لىشنى داۋام ئېتىۋاتىسەن. چۈنكى سەن راۋابچىسەن!

ناماز ــ كۈنبويى قىيام، رۇكۇ ۋە سەجدە دېگەنلىك ئەمەس.
ئۇنىڭدىن مەقسەت (ناماز ئوقۇغاندا) كىشىدە ھاسىل بولغان ھال-
دۇر. خۇددى مانا شۇ ھال ھەمىشە سەن بىلەن بىللە بولۇشى كېرەك.
ئۇيقۇدا، ئويغاقلىقتا، يېزىۋاتقاندا، ئوقۇۋاتقاندا، بارچە ــ بارچە
ھاللاردا ئاللاھنىڭ زىكرىدىن خالىي قالمىغايسەن. ئاخىر شۇنداق
ناماز قىلغانلار توغرىسىدا «ئۇلار نامازلىرىدا دائىم مۇقىم تۇرغۇچى

زاتلاردۇر» ئايىتى نازىل بولغان ـ دە! شۇ ھالدا ئىنساندىكى سۆز ـ لەش، سۈكۈت، يېمەك، ئۇخلىماق، ئاچچىقلانماق، ئەپۇ قىلماق ۋە ـ ھاكازا بارچە سۈپەتلەر تۈگمەننىڭ ئايلىنىشىغا ئوخشايدۇ. ئايلىنىش مۇتلەق سۇ ئارقىلىق بولىدۇ. چۈنكى تۈگمەن ئۆزىنى سۇسىز سىناپ كۆرگەن ۋە بۇ ھالدا ئايلىنالماسلىقنى بىلىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي ئۇ ئايلىنىشنى ئۆزىدىن دەپ بىلسە، بۇ ئۇچىغا چىققان بىلمەسلىك ۋە غەپلەتتۇر. تۈگمەننىڭ ئايلىنىش مەيدانى تار ۋە بۇ مەزكۇر ئالەم ـ نىڭ ئەھۋالىنى ئەسلىتىدۇ. سەن ئاللاھقا يالۋۇر ۋە ئېيتقىنكى: «ئاللاھىم ماڭا ئۇشبۇ ئايلىنىشتىن باشقا روھانىي بىر سەۋەب نە ـ سىب ئەت! چۈنكى بارچە تىلەكلەر سەندە ھاسىل بولىدۇ ۋە سېنىڭ كەرەمىڭ، رەھمەتىڭ پۈتۈن بارلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۆز ئېھتىياجىڭنى ئاندا ـ ساندا بىلدۈرۈپ تۇر ۋە ئۇنى خا ـ تىرىلەشتىن، ياد ئېتىشتىن چارچىماكى، ئۇنىڭ يادى روھ قۇشىغا قۇۋۋەت ۋە قاناتتۇر. ئەگەر مەقسەتلىرىڭ روياپقا چىقسا، نۇر ئۈس ـ تىگە نۇر بولىدۇ. ھەقنىڭ يادى بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئىچىڭ يورۇي ـ دۇ ۋە سەندە دۇنيادىن بىر ئۈزۈلۈش ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: كۆككە پەرۋاز قىلغان قۇش ئاسمانغا يېتەلمىسىمۇ يەردىن ئۇزاقلى ـ شىدۇ، باشقا قۇشلاردىن خېلى يۇكسەكلەرگە ئۇچىدۇ. ياكى ئاغزى تار ئىدىشتىكى مۇشكنى ئېلىش ئۈچۈن قولىنى سالغان كىشى مەقسىتىگە يېتەلمىسىمۇ، بارماقلىرى خۇشبۇي تارتىپ چىقىدۇ. بۇرنىمۇ ئۇنىڭدىن بەھرە ئالىدۇ. ئاللاھنى خاتىرىلىمەكمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ھەرقانچە قىلىپ ئۇنىڭ زاتىغا يېتىشەلمىسەڭمۇ، ياد ئېتىش بىلەن ئۇلۇغلۇقى يۇكسەك بولغان تەڭرىنىڭ سەندە مەيدانغا كەلتۈرگەن ئەسىرىنى سېزىسەن. ئۇنىڭ زىكرىدىن بۈيۈك پايدىلار ھاسىل بولىدۇ.

پەسىل. شەيخ ئىبراھىم ئەزىز بىر دەرۋىشتۇر. ئۇنى كۆرۈشىم

بىلەن دوستلارنى ئەسلەيمەن. مەۋلانا شەمسىددىننىڭ ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ئىنايىتى بار ئىدى ۋە دائىم «بىزنىڭ شەيخ ئىبراھىم» دەپ، ئۆزىگە ئىزافە (ئۆزىگە قوشۇش ـ تەر.) ئېتەتتى.

ئىنايەت ـ باشقا، ئىجتىھات باشقىدۇر. نەبىيلەر پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىگە ئىجتىھات بىلەن ئېرىشمىدى، بەلكى ئىنايەت بىلەن مۇشەررەپ بولدى. بىراق ئادەت مۇنداق: ئىنايەت ھاسىل بولغان زاتنىڭ تەبىئەت ۋە ياشاش تەرزى ئىجتىھا ۋە سالاھگە (تۈزىلىش، ياخشىلىنىشقا ـ تەر.)ئۇيغۇن بولمىقى كېرەك. بۇ ئاۋام ئۈچۈن. چۈنكى ئاۋام شۇ ھالدا ئۇلارغا ۋە سۆزلىرىگە ئىشىنىدۇ. ئاۋامنىڭ كۆزلىرى ئىچىنى كۆرمەي، پەقەت تېشىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ زاھىرىيىق ۋاستىسى ۋە بەرىكىتى بىلەن باتىنىغا يول تاپىدۇ. فىرئەۋنمۇ ئېھسان ۋە خەيرلەر قىلىش ئۈچۈن كۆپ ھەرىكەت قىلدى. ئەمما ئاللاھ ئىنايىتى بولمىغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ تائەت، ئىجتىھات ۋە ئېھسانى بىكار كەتتى. فىرئەۋنىدە ھېچقانداق نۇر يوق ئىدى. بۇ ئۇنىڭ بارچە ئىشلىرىنى يوشۇردى. مەسىلەن: بىر ئەمىر قەلئەدىكىلەرگە خەير ۋە ئېھسان بەردى. بىراق ئادەملەرنىڭ مەقسىتى شاھقا قارشى ئىسيان بولسا، بۇ خەير ۋە ئېھساندىن نەپ يوق. فىرئەۋنمۇ تەڭرى ئىنايىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم ئەمەستى. چۈنكى پادىشاھ ئۈچۈن قەھر ۋە مېھىر، زىندان ۋە زەرباب تون باراۋەر ۋە كېرەكلىكتۇر. بۇنى كۆڭۈل ئەھلى بولغانلار تەستىقلايدۇ، زاھىر ئەھلى بولسا، فىرئەۋننى ئاللاھ ئىنايىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان، دەپ بىلىدۇ. ھالبۇكى، كۆرۈنۈشنى جايىغا قويماق ئۈچۈن شۇنداق دېيىش لازىم. مەسىلەن: پادىشاھ ھەممىنىڭ كۆز ئۆڭىدە بىر ئەيىبدارنى ـ ئاسىينى دارغا ئاسىدۇ. ئەسلىدە بۇنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي، داغدۇغىسىز ھالدا بەجا كەلتۈرسىمۇ بولاتتى. ئەمما خەلقنىڭ كۆرۈپ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. دارنىڭ

ياغاچلىرىغا قار، ئۇتۇندىن ئىبارەت ئەمەسمۇ؟ ئەسلىدە دۇنيانىڭ
مەقامى (ئورنى)، دۆلىتى ۋە ھەشەمەتىمۇ ناھايىتى يۈكسەك بىر دار
ياغىچىدۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ بىرەر كىشىنى تۇتماقچى (جازالىماقچى —
تەر.) بولسا، دۇنيادا ئۇنىڭغا يۈكسەك مەۋقە، ئورۇن ۋە شاھلىق ئاتا
قىلىدۇ. خۇددى فىرئەۋىن، نەمرۇد ۋەھاكازالارغا ئوخشاش. دۇنيا —
دار ياغىچى. ئۇلۇغ ئاللاھ خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن بارچە مەۋ-
جۇداتلارنى مەيدانغا چىقىرىدۇ. چۈنكى ئۇ (ئاللاھ — تەر.) «مەن يو-
شۇرۇن خەزىنە ئىدىم، بىلىنمەكنى خالىدىم» (قۇدسى ھەدىس) دەپ
بۇيرۇدى. يەنى مەن پۈتۈن دۇنيانى ياراتتىم ۋە بۇندىن مۇراد بەزى
مېھىر (لۇتپ) ۋە بەزەن بولسا قەھر بىلەن كۆرۈنۈش. ئاللاھ مۈلكى-
نى ئەتراپلىق چۈشەندۈرمەك ئۈچۈن بىر شەرھلىگۈچى نېمىدېگەن
گەپ، ھەتتا ئالەمنىڭ بارچە زەررىلىرى ئۇنى تەرىپ ئەتسىمۇ يەنە
خاتاغا يول قويىدۇ، ئاجىزلىقلىرىنى سېزىدۇ. دېمەك، بارچە خىلقەت-
لەر كېچەيۈ كۈندۈز ھەقنى كۆرسەتمەكتە. پەقەت ئۇلارنىڭ بەزىلىرى
بۇنىمۇ بىلىدۇ ھەم كۆرسىتىدۇ، بەزىلىرى بولسا بۇنىڭدىن بىخەۋەر
ۋە غاپىلدۇر. پەقەت نېمە بولغاندىمۇ ئىزھارى ھەق سابىتتۇر. مەسى-
لەن: ئەمىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كالتەكلىنىۋاتقان پۇقرا ۋارقىراپ —
جارقىرىدى. شۇ ئورۇندا ئۇرغانمۇ، ئۇرۇلغانمۇ ئەمىرنىڭ بۇيرۇقىنى
ئادا قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق. بۇنى ھەممە بىلىدۇ. تەڭرىنىڭ بارلىقى-
نى ئىسپات قىلغان زات ھەمىشە ھەقنى ئىزھار ئېتىدۇ. شۇنىڭ بى-
لەن بىرگە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىنكار قىلغانمۇ ئەسلىدە ئۇنى ئىسپات
ئەتكەن بولىدۇ. چۈنكى ئىنكار قىلىنمىغان نەرسىنى ئىسپات
ئېتىش — تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ ۋە بۇنىڭ ھېچقانداق زەۋقى بولماي-
دۇ. مەسىلەن: بىر مۇنازىرىچى مەجلىستە ئوتتۇرىغا مەلۇم بىر مە-
سىلىنى تاشلىسا ۋە ئۇنىڭغا ھېچكىم قارشىلىق بىلدۈرمىسە، ئۇ
نېمىنى ئىسپات قىلىدۇ. چۈنكى ئىسپات ئىنكارغا قارشى قىلىنى-

غاندىلا ياخشى بولىدۇ. ئالەم ـ ئاللاھ ۋۇجۇدىنى كۆرسەتمەك ئۈچۈن چاقىرىلغان مەجلىس. ئاللاھنىڭ بارلىقىنى قوبۇل ۋە ئىسپات قىلىغان ياكى قىلمىغان بولمىسا گۈزەللىكمۇ بولمايدۇ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىمۇ (ئىسپاتچى ۋە ئىنكارچى ـ تەر.) ئىسپاتلىغۇچىدۇر.

ياران (دوستلار) ئەمىرى ئىغدىشاننىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندە، ئۇ سورىدى: «ھەممىڭلارنىڭ بۇ يەردە نېمە ئىشىڭلار بار؟» ياران جاۋاب بەردى: «كۆپچىلىك بولۇپ يۈرۈشىمىزدىن مەقسەت بىراۋغا يامانلىق قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۆز ـ ئۆزىمىزگە دالدا، سەۋر ـ تاقەت بېرىشتۇر. مەسىلەن: تەزىيەدىمۇ خەلق توپلىنىدۇ. بۇ ئۆلۈمنى ئۆزاقلاشتۇرماق ئەمەس. مەقسەت ـ بېشىغا مۇسىبەت كەلگەن ئادەمگە تەسەللى بەرمەك ۋە ئىچىدىكى قورقۇنچنى بىرئاز بولسىمۇ كەتكۈزمەك. «مۆمىنلەر بىر نەپسى ۋاھىد كەبىدۇر» (ھەدىس.) دەرۋىشلەر بىر ۋۇجۇد ھۆكمىدەدۇر. ئەگەر ئەزالىرىدىن بىرەرسى ئاغرىسا، قالغانلىرىمۇ ئاغرىيدۇ، ئىزتىراب چېكىدۇ. يەنى كۆز كۆرۈشنى، قۇلاق ئاڭلاشنى، تىل سۆزلەشنى تاشلاپ ئاغرىغان جايدا بىرلىشىدۇ. دوستلۇقنىڭ شەرتى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلماق ۋە كۈرەشكە ئاتلانماقتۇر. چۈنكى ھەممىنىڭ يۈزى بىر نەرسىگە قارىتىلغان ۋە بىر دېڭىزدا غەرق بولغاندۇر. ئىماننىڭ ئەسرى ھەمدە ئىسلامنىڭ شەرتىمۇ شۇ. ۋۇجۇد توشۇغان يۈك جان توشۇغان يۈككە قانداقمۇ ئوخشىسۇن؟ «زەرەرى يوق، چۈنكى بىز پەرۋەردىگارىمىزغا قايتقۇچىلاردۇرمىز». ئەگەر مۆمىن ئۆزىنى ھەققە پىدا قىلسا، ئۇ ھالدا بالاغا گىرىپتار بولغان چاغدا نېچۈن پۇت ـ قولىنى قويۇپ بەرمەيدۇ؟ ئەگەر ئۇ ھەق تەرەپكە كېتىۋاتقان ئىكەن، پۇت ـ قولغا نېمە ھاجەت بار؟ ۋاھالەنكى، پۇت ـ قول ساڭا ئۇنىڭدىن بۇ يانغا كېلىشىڭ ئۈچۈن بېرىلدى. ئەمدى ئۇلارنى بەرگەننىڭ قېشىغا

پۇت ـ قولسىز، خۇددى فىرئەۋنىنىڭ سېھىرگەرلىرىدەك كەتسەك نېمە بولىدۇ؟ كۈمۈش تەنلىك يارنىڭ قولىدىن زەھەر ئىچىش مۇمكىن. ئۇنىڭ ئاچچىق سۆزىنىمۇ شېكەرگە ئوخشاش يېسە بولىدۇ. چۈنكى يار تاتلىق، ناھايىتىمۇ تاتلىقتۇر. تۈز بار جايدا ھەتتا جىگەرمۇ يېيىشلىك. تېخىمۇ ياخشىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ.

پەسىل. ئۇلۇغ تەڭرى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ئىرادە ئەتكۈچىدۇر. بىراق ئۇ خەيردىن باشقا نەرسىگە رازى بولمايدۇ. چۈنكى «مەن يوشۇرۇن خەزىنە ئىدىم، بىلىنمەك ئىستىدىم» (قۇدسى ھەدىس) دەپ بۇيرۇلغاندۇر. ھېچ شۈبھە يوقكى، تەڭرى ئەمىر ئېيتىدۇ ۋە مەنئى قىلىدۇ. خادىمنىڭ تەبىئىتى بېرىلگەن ئەمىرنى خالىمىسا، دېمەك، بۇ يەردە خاتالىق بار. مەسىلەن: «ئەي ئاچ، شېرىنلىك ۋە شېكەر يە!» دەپ ئەمىر قىلىنمايدۇ. بۇ ئەمىر ئەمەس، بەلكى ئىكرامدۇر. مەنئى قىلىشمۇ ئىنسان ياقتۇرمايدىغان نەرسىگە نىسبەتەن بولمايدۇ. مەسىلەن: تاش ياكى تىكەن يېيىشنى مەنئى قىلىپ بولمايدۇ (چۈنكى تاش ۋە تىكەننى ھېچكىم يېمەيدۇ ـ دە.) بىر خەيرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ياكى يامانلىقتىن ساقلىماق ئۈچۈن خۇددى مانا شۇ يامانلىققا مەيل قىلغان بىر نەپس بولۇشى لازىم. بۇنداق نەپسنى خالاش يامانلىقنى خالاش دېمەكتۇر. بىراق ئۇ يامانلىققا رازى بولمايدۇ، بولسىدى ـ ياخشىلىقنى ئەمىر ئەتمەس ئىدى. مەسىلەن: دەرس بەرمەكچى بولغان مۇددەرىس تالىپلارنىڭ بىلىمسىز بولۇشىنى خالايدۇ. چۈنكى، بىلىمسىزلىك بولمىسا، ئوقۇتۇش ـ ئۆگىتىشمۇ بولمايدۇ. بىر نەرسە خالىماق، ئۆز نۆۋىتىدە، ئۇنىڭ زۆرۈرلىرىنىمۇ خالىماقتۇر. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمسىزلىكىنى خالىمىغان ئوقۇتقۇچى ئۇلارغا ھېچ نەرسە ئۆگەتمەيدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، تېۋىپمۇ ئۆز ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىش ئۈچۈن ھەممىنىڭ كېسەل بولۇشىنى ئىستەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تېۋىپلىقى خەلقنىڭ

www.uyghurkitap.com



خەستىلىكى بىلەن مەۋجۇت بولىدۇ. لېكىن خەلقىنىڭ بىمار بولۇشىنى رازى بولمايدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا رازى بولسىدى، كېسەللەرنى داۋالىماس ئىدى. پۇل تېپىش ئۈچۈن ناۋايمۇ خەلقنىڭ ئاچ بولۇشىنى خالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خەلقنىڭ ئاچلىقىغا ئۇنىڭ كۆڭلى رازى ئەمەس. بولمىسا نان ساتماس ئىدى.

ئەمىرلەر ئۆز پادىشاھلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى ۋە قارشى چىققۇچىلىرى بولۇشىنى خالايدۇ. چۈنكى بۇسىز ئۇلارنىڭ مەردلىكى ۋە سۇلتانغا ساداقەتلىرى يۈزگە چىقماس ئىدى. سۇلتانمۇ موھتاج بولمىسا ئەمىرلەرنى يېنىغا توپلىماس ئىدى. ئۆز نۆۋىتىدە بۇلار مۇخالىپەتكە (قارىمۇقارشىلىققا) رازى ئەمەس، بولمىسا ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلماس ئىدى. ئىنسانمۇ خۇددى شۇنداقتۇر. ئۇنىڭ نەپسىدە يامانلىق ئامىللىرىنىڭ بولۇشىنى تەڭرى ئىستەيدۇ. چۈنكى ئىنسان شۈكۈر ۋە تائەت قىلغاننى سۆيىدۇ. بۇ ـ ئىنسان نەپسىدە شۇنداق ئامىللارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا دالالەت. بىر نەرسىنى ئىستىمەك (خالىماق) ئۇنىڭ زۆرۈرلىرىنى (ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان نەرسىلەرنىمۇ) خالىماقتۇر. بىراق ئۇ (ئىنسان ـ تەر.) بۇنىڭغا رازى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ جەڭ بىلەن بۇ نەرسىلەرنى ئۆز نەپسىدىن قوغلىيالايدۇ.

مەلۇم بولىدۇكى، ئىنسان بىر تەرەپتىن ياخشىلىقنى، ئىككىنچى تەرەپتىن يامانلىقنى خالىماقتا. كىمدۇر ئېتىراز بىلدۈرۈشى مۇمكىن: «ئىنسان ھېچقاچان يامانلىقنى خالىمايدۇ». بۇ ـ مۇمكىن ئەمەس. ئاخىر، بىر نەرسىنى ئىستىمەك، ئۇنىڭ زۆرۈرلىرىنى ئىستىمەسلىك بىلەن مۇمكىن ئەمەس. تەبىئىتىدە يامانلىققا مەيىل بىلدۈرمەكلىك بىلەن خەيردىن نەپرەتلەنگەن تەرسا بىر نەپسمۇ ئەمىر ۋە مەنئى قىلىشنىڭ زۆرۈرلىرىدۇر. دۇنيادىكى بارچە يامانلىقلار خۇددى شۇ نەپسنىڭ زۆرۈرلىرى ھېسابلىنىدۇ. يامانلىق ۋە نەپسنى





ئىرادە ئەتمىگەن (خالىمىغان ـ تەر.) نەپسىنىڭ زۆرۈرى بولغان ئەمىر ۋە مەنئى قىلىشىنىمۇ خالىمايدۇ. ئەگەر ئىنسان ياخشىلىق ۋە يامانلىققا رازى بولسا ئىدى، ئۇلارنى ئەمىر ئەتمەس، مەنئى قىلماس ئىدى. خۇلاسە شۇكى، يامانلىق باشقا بىراۋ ئۈچۈن ئىستىلىدۇ. ئەگەر ئىنسان ھەربىر ياخشىلىقنى ئىستىگۈچىدۇر دېيىلسە، يامانلىقنى يوق قىلىشمۇ بىر ياخشىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر يامانلىق بىر تەرەپ قىلىنماقچى ئىكەن، بۇ پەقەت ئۇنىڭ (يامانلىقنىڭ) مەۋجۇتلۇقى بىلەن بولىدۇ. ياكى ئىمان تەلەپكارلىرىدىن بىرى دەيدۇكى: «ئىمان پەقەت كۈپۈردىن كېيىنلا مۇمكىندۇر». شۇنىڭغا كۆرە، كۈپۈر ئىماننىڭ زۆرۈرىدۇر. توغرىدىن ـ توغرا يامانلىقنى خالاش خۇنۇك، ئەمما خەير ئۈچۈن ئىستەلسىچۇ، خۇنۇك بولالمايدۇ. «سىلەر ئۈچۈن قىساستا ھايات بار» دەپ بۇيرۇلىدۇ. ھېچ شۈبھىسىز، قىساس يامانلىقتۇر. (بىراق) خەلقنى قاتىلدىن قۇتقۇزۇش ـ كۆللى بىر خەير (ياخشىلىق.) جۇزئى بىر يامانلىقنى كۆللى بىر خەير ئۈچۈن ئىستەش چىركىن ئەمەس. ئاللاھنىڭ جۇزئى ئىرادىسىنى تەرك ئېتىپ، كۆللى يامانلىققا رازى بولماق بولسا ـ چىركىن. ئانا بالىسىنىڭ كايىلىشىنى خالىمايدۇ، بىراق بۇنى ئاتا خالايدۇ. چۈنكى ئانا جۇزئى، ئاتا بولسا كۆللى يامانلىقنى كۆرىدۇ. ئاللاھ كۆپ مەدەت بەرگۈچى ۋە ئازابى شىددەتلىكتۇر. ئۇ گۇناھلارنى ۋۇجۇدى بىلەن قوللايدۇ. بىر نەرسىنى ئىرادە ئەتمەك (خالىماق ـ تەر)، ئۇنىڭ زۆرۈرلىرىنىمۇ ئىرادە ئەتمەكتۇر. مەسىلەن: بىزگە ئېھسان، تىنچلىق ۋە ئىسلاھ بىلەن ئەمىر قىلىدۇ. ئەگەر دۈشمەنلىك بولمىسا، بۇنداق بىر ئەمىرنىڭ پايدىسى يوق. سەدىر ئىسلام دەيدۇكى: «ئاللاھ يولىدا (كۈرەش ئۈچۈن ماللىرىڭلارنى) سەرپلەڭلار» دەپ بۇيرۇدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بىزگە مال تېپىشنىمۇ ئەمىر قىلدى. چۈنكى مال ئۇنى تېپىش بىلەن بولىدۇ. ئاخىر، كىشى بىراۋغا: «تۇر، ناماز ئوقۇ!»

دېسە، بۇنىڭ بىلەن ئۇ: «سۇ تاپ، تاھارەت ئال!» دېگەن، يەنى نامازنىڭ زۆرۈرلىرىنىمۇ بەجا كەلتۈرۈشنى ئەمىر قىلغان بولىدۇ.

پەسىل. شۈكۈر ـ بىر باغ بولسا، نېمەتلەر شىكاردۇر. ئاللاھ سۆيگەن قۇلىنى بالاغا دۇچار قىلىدۇ: سەۋر قىلسا، ئۆزى ئۇچۇن تاللايدۇ، شۈكۈر قىلسا، كۈچلۈكراق سۆيىدۇ، باشقىلاردىن ئايرىيدۇ. ئىنسانلارنىڭ بەزىلىرى ئاللاھ قەھرى ئۈچۈن، بەزىلىرى بولسا مېھرى (لۇتپى) ئۈچۈن شۈكرى قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىمۇ خەيرلىكتۇر. چۈنكى شۈكۈر قەھرنى لۇتپقا ئايلاندۇرغان زىتلىق زاھىرىدۇر. كامالەتكە ئېرىشكەن ئەقىللىق ئىنسان ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن رەۋىشتە جاپالارغا شۈكۈر قىلغان زاتتۇر. ئەگەر ئۇنىڭ مەقسىتى ئۇتقا بارماق بولسا، شۈكۈر بىلەن مۇرادىغا سەل ئاۋۋال يەتكۈسى. چۈنكى زاھىري شىكايەت باتىندىكىنى ئازايتىدۇ. پەيغەمبەر: «مەن كۆپ كۈلگۈچى ۋە كۆپ ئۆلتۈرگۈچى ئادەممەن» (ھەدىس) دەپ بۇيرۇغان. يەنى مېنىڭ جاپاكەشنىڭ يۈزىگە قاراپ كۈلۈشۈم ـ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈم. كۈلۈشتىن مەقسەت شىكايەت ئورنىغا شۈكۈردۇر.

ھېكايە: ئەسھابدىن بىرىنىڭ ئۆيىدە بىر يەھۇدىي ياشايتتى. كىر ۋە پۇت ـ قولىنى يۇغاندا ماغزىپىنى ئۆي ئىگىسى تۇرغان جايغا ئاققۇزاتتى. ئەسھابدىن بولغان زات بولسا شىكايەت ئورنىغا شۈكۈر قىلاتتى ۋە ئائىلىسىنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيتتى. ئارىدىن سەككىز يىل ئۆتتى، ئۆي ئىگىسى ۋاپات قىلدى. ھال سوراش ئۈچۈن كىرگەن يەھۇدىي ئۆز ماغزىپىنىڭ نېمىلەر قىلغانلىقىنى كۆردى ۋە شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى بۇ يەردە نى ـ نى كۆڭۈلسىزلىكلەر بولغانلىقىنى چۈشەندى. «ئاللاھ تەقدىرلىسۇن! نېمىشقا بۇنى شۇ ۋاقىتقىچە ئېيتمىدىڭلار؟ يەنە تېخى تەشەككۈر بىلدۈرۈپ تۇراتتىڭلار» دېدى. مەرھۇمنىڭ ئائىلىسى جاۋاب بەردى: «رەھمەتلىك ئاتىمىز

بىزگە شۈكۈر قىلىشنى ئەمىر قىلاتتى ۋە شۈكۈرنى تاشلىماڭلار دەپ بىزنى قورقىتاتتى». بۇلارنى ئاڭلاپ يەھۇدىي ھاياجانلاندى ۋە مۇ-سۇلمان بولدى.

بېيىت: (ئىنسانغا سازەندە بىلەن ناخشىچى قانداق سۆيۈنۈش ۋە زوق بەرسە، ياخشى ئادەملەرنى ئەسلىمەكمۇ كىشىنى ھەيرەتكە يې-تەكلەيدۇ.)

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاللاھ قۇرئاندا پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھ قۇللار-نى زىكىر ئېتىدۇ. ئۇلار ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىشلارغا قادىر بولغان ھالدا، گۇناھىنى مەغپىرەت ئەتكەنلەرگە شۈكرانە كەلتۈرىدۇ.

شۈكۈر نېمەت كۆكسىنى ساغماقتۇر. كۆكرەك سۈت بىلەن قانچە تولۇپ كەتسىمۇ ساغمىغىچە سۈت كەلمەيدۇ. «شۈكۈر قىلماس-لىق ۋە شۈكۈرگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان نەرسە نېمە زادى؟» دەپ سوراشتى. شەيخ بۇيرۇدى: ناشۈكۈرلۈكنىڭ سەۋەبى ئاچ كۆزلۈكتۇر. ئاچ كۆز كىشى ھەر دائىم قولىغا كىرگەندىن كۆپرەكىنى ئىستەيدۇ. ئۇنى بۇ كويغا سالغان بالا - ئاچ كۆزلۈك. كۈتكىنىدىن كەم كېلىشى - شۈكۈر يولىدىكى بىر توسۇقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئۆز نۇقسانى-دىن خەۋەردار بولمىغىنىدەك، بەرمەكچى بولغان نەرسىنىڭ قۇسۇرى-دىنمۇ غاپىلدۇر. شۈبھىسىزكى، ئاچ كۆزلۈك پىشمىغان خام مېۋە ياكى گۆشنى يېگەن بىلەن تەڭ ۋە ناشۈكۈرلۈك مۇتلەق ھالدا بىر كېسەلنىڭ چىقىشىغا سەۋەبتۇر. زىيانلىق يەمنى يەپ قويغىنىنى بىلگەن ئادەم ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشى زۆرۈر. ئۇلۇغ ئاللاھ ئۆز ھېكمى-تى بىلەن ئۇنى ناشۈكۈرلۈك كېسەلگە گىرىپتار قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇشبۇ يامان ئىللەتتىن قۇتۇلۇش چارىسىنى كۆرمىگەن زاتنىڭ بىر كېسىلى يۈز بولىدۇ. «ئۇلارنى (كۇپۇر ۋە ئىسياندىن) قايتىشلىرى ئۈچۈن كۆپ ياخشىلىق (نېمەتلەر) ۋە يامانلىقلار (بالالار) بىلەن سىناپ كۆردۇق». يەنى بىز ئۇلارغا كۈتۈلمىگەن يەر-



www.uyghurkitap.com

دىن زىرەھ (قوغدىنىش كىيىمى) كىيدۈرىمىزكى، بۇ غەيبىب ئالىمىدۇر. ئۇلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى (قاراشلىرى) ئاللاھقا يېقىن بولغان سەۋەبلەرنى كۆرۈشتىن نەپرەتلىنىدۇ.

بايەزىد دېدىكى: «يا رەببىم! مەن ساڭا ھېچ شېرىك كەلتۈرمىدىم!» ئاللاھ بۇيرۇدى: «ئەي بايەزىد، سۈت كېچىسىمۇ شېرىك كەلتۈرمىدىڭمۇ ۋە بۇ سۈت ماڭا دەخل قىلدى، دېمىدىڭمۇ؟ ھالبۇكى زەرەر ۋە پايدا بەرگەن مەنمەن!» بايەزىد سەۋەبكە باققىنى ئۈچۈن ئاللا ئۇنى مۇشرىك ھېسابلىدى ھەمدە ئۇنىڭغا سۈتتىن ئاۋۋال ۋە سۈتتىن كېيىن زەرەر بەردى. پەقەت سۈتنى بىر گۇناھ، بەرگەن زەرەرنى بولسا مۇئەللىمنىڭ ئۆگۈتى كەبى ئەيلىدى. ئەگەر ئوقۇتقۇچى مېۋە يېيىشنى مەنئى قىلسا، ئوقۇغۇچى قۇلاق سالمىسا، ئۇنىڭ پۇتىغا ئۇرۇشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىنىڭ: «مەن مېۋە يېدىم، زەرەرى پۇتۇمغا تەگدى» دېيىشى توغرا ئەمەس. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، كىمدە ـ كىم تىلىنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ساقلىسا، ئاللاھ ئۇنىڭ روھىنى شېرىكتىن تازىلايدۇ.

ھەمد ۋە شۇكۇر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئاددىي: شۇكۇر نېمەتلەرگە جاۋابەن بولىدۇ، يەنى «مەن ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ياكى يېگىتلىكىگە شۇكۇر قىلدىم» دېيىلمەيدۇ. ھەمد بولسا ئومۇمىيدۇر.

پەسىل. بىر ئادەم جامائەتكە ئىمامىلىق قىلمۇقچى بولۇپ «ئەئرابىيلەر كۇپۇر ۋە ئىتتىپاقسىزلىقتا قاتتىقراق» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ئۇ يەردە ئەرەبلەرنىڭ يولباشچىلىرىدىن بىرى بار ئىدى. ئۇ ئىمامغا ياخشىلاپ بىر تەستەك سالدى. نۆۋەتتىكى رەكئەتتە «ئەئرابىيلار ئارىسىدا ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان زاتلارمۇ بار» ئايىتىنى ئوقۇدى. جاۋابەن ئەرەب: «شاپىلاق ئەقلىڭنى كىرگۈزدى» دېدى. ئەسلىدە بىز غەيب ئالىمىدىن ھەر كۈنى بىر شاپىلاق يەيمىز. بۇ قىلغان يامانلىقلىرىمىزدىن بىزنى ئۇزاقلاشتۇرىدۇ.





بىراق بىز يەنە بىر ئۆزگە نەرسىگە قىزىقىمىز ۋە ئەھۋال بايىقى ھالىغا قايتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «بىز دە تەستەك يوقتۇر» دەپ بۇيرۇلغان. بۇ خەسىق ۋە كەزىق دېمەكتۇر. مەسىلىلەرنى تۇختىتىماق دوستتىن ئايرىلماقتىن ئاسانراقتۇر. خەسىقدىن مەقسەت ـ دۇنياغا بېرىلىش، ئۇنىڭ ئەھلىگە ئايلىنىش. مەسىلەن: بىر ئادەم تاماق يېسە ۋە يېگەن تامىقى ئاشقازاندا ھەزىم بولمىسا ـ چىقىرىدۇ (قۇسۇۋېتىدۇ.) ھەزىم بولغان تاماق بولسا ئىنساننىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنىدۇ. شەيخى قەلبىدىن ئورۇن ئالماق ئۈچۈن خۇشامەت قىلغان مۇرىتنىڭ ئىشى ئارقىغا كېتىشى ھېچ گەپ ئەمەس. بۇ يېيىلگەن تاماقنى قەي قىلىشقا ئوخشايدۇ. ئەگەر تاماق ياندۇرۇلمىغىنىدا مۇتلەق ھالدا كىشىنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىناتتى. ھالبۇكى، ھەزىم بولمىقى ۋە ئېچىغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىلدى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ۋاقتى كېلىپ شەيخ بولۇشنى ئارزۇ قىلغان مۇرىت ئۆزىنىڭ نالايىق ھەرىكەتلىرى تۈپەيلى شەيخ كۆڭلىدىن ئورۇن ئېلىش ئورنىغا ئۇنىڭ قەلبىدىن قوغلاندى.

رۇبائىي: (سىنىڭ ئىشقىڭ ئالەمگە دەللال چاقىرتقۇزدى ۋە قەلبلەرنى ھاياجانغا سالدى. بارچىسىنى كۆيدۈردى، كۈلگە ئايلاندۇردى. نىھايەت، (كۆيگەن دىللارنى ـ تەر.) كەلتۈردى ـ دە، ئىستىغنا (ئېتىبارسىزلىق، بىپەرۋالىق ـ تەر.) يېلىگە بەردى.

ئىستىغنا ھاۋاسىدا قەلبىنىڭ كۈل زەررىلىرى سۈيۈنۈپ ـ سۆيۈنۈپ ئوينايدۇ، ۋارقىراپ ـ جارقىرايدۇ. ئەگەر بۇ بولمىسا، ئۇلارغا خەۋەرنى كىم كەلتۈرىدۇ ۋە كىم (ئۇلارنى) تازىلايدۇ. ئەگەر كۆڭۈللەر ئۆز ھاياتلىرىنى ئويۇن ۋە ھاۋاغا ئۈچۈش ئىچرە كۆرمىسە، ئۇ ھالدا نېچۈن ھېلىھەم يېنىشقا رىغبەت كۆرسەتمەكتە؟

شۇنداق بولغان تۇرۇقلۇق دۇنيا شەھۋەتلىرىنىڭ يالقۇنىدا كۆيگەن ۋە كۈلگە ئايلانغان كۆڭۈللەرنىڭ سادالىرىنى ئاڭلاۋاتام-

www.uyghurkitap.com





سەن؟ گۈزەللىكنى كۆرۈۋاتامسەن؟

شېئىر: (ئىسراپ مېنىڭ تەبىئىتىمدە يوقتۇر. ماڭا بېرىلگەن رىزىقنىڭ بىر كۈن چوقۇم كېلىشىنى بىلدىم. (ئەمما) رىزىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەش ماڭا جاپا كەلتۈرۈۋاتىدۇ. ھالبۇكى، ئولتۇرۇشىم بىلەن جاپا چېكىشىمدىن ئاۋۋال ئۇ پۇتۇمغا كېلىۋاتىدۇ.)

مەن رىزىق توغرىسىدا بىر ياخشى تەجرىبىگە ئىگىدەك تۇردۇمەن. يەنى ئېھتىياج بولمىسا، ئۇ ياقتىن بۇياققا چېپىپ قىينىلىش - ئادىتىم ئەمەس. ئالتۇن، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك ۋە شەھۋەت ئوتىدىن بولغان رىزقىم ئولتۇرغان ھالىمدا ھۇزۇرۇمغا تەشرىپ بۇيرۇدى. ئەگەر ئۇلارنى ئارقىسىدىن قوغلىسام، بۇ ئىش مېنى چارچىتىدۇ، ئازابلايدۇ، قىممىتىمنى چۈشۈرىدۇ. ئەگەر سەۋر بىلەن ئورنۇمدا ئولتۇرسام، رىزقىمنىڭ ئۆزى مېنى تاپىدۇ. چۈنكى ئۇمۇ مېنى ئىزدىمەكتە. مەن رىزقىمنى ئۆزۈمگە تارتماستىن ئۇ تەرەپكە قانداق بارسام، رىزقىممۇ خۇددى شۇنداق - مېنى ئۆزىگە تارتماي مەن تەرەپكە كېلىدۇ.

خۇلاسە شۇ: دىن ئىشى بىلەن مەشغۇل بولكى، دۇنيا سېنىڭ ئارقاڭدىن چاپسۇن. ئولتۇرماقتىن مۇرادمۇ دىن ئىشلىرىنىڭ بېشىدا تۇرماقتۇر. بۇنىڭدىن ئىنسان ھەرقانچە ھاسىراپ - ھۆمىدەپ يۈگۈرسىمۇ، دىن ئۈچۈن بولغانلىقىدىن يەنىلا ئولتۇرغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر دۇنيا ئۈچۈن بولسا كىشى ئولتۇرغان ھالىدىمۇ يۈگۈرگەن ھېسابلىنىدۇ. «ئەگەر ئىنسان بارچە غەملىرىنى بىر غەم قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ قالغان قايغۇسىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ» (ھەدىس.) يەنى كىشىنىڭ ئون تۈرلۈك قايغۇسى بولسا ۋە ئۇ دىن قايغۇسىنى تاللىسا، قالغان توققۇزىنى ئاللاھنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ بېشىدىن ساقىت ئەيلەيدۇ. مەسىلەن: ئەنبىيالار ۋە ئەۋلىيالار نام ۋە نان قايغۇسىنى




قويۇپ، ئاللاھ رىزاسى يولىدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن ناننىمۇ، نامىنىمۇ تاپتى. كىمكى ئاللاھ رىزالىقىنى ئالماق نىيىتى بىلەن ياشىسا، ئىككىلا دۇنيادىمۇ ئاللاھ نېمەتلىرىگە نائىل بولغاي. «پەيغەمبەرلەر، ھەق راست ئىمان ئىگىلىرى، شېھىتلەر ۋە پەقەت ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئۆتكەن كىشىلەر بىلەن بىرگە بولىدۇ». بۇلارنىڭ يېرىمىمۇ ھەتتا ئاللاھ بىلەن بىللە بولىدۇ. «مەن مېنى زىكىر ئەتكەن بىلەن بىرگىمەن» (قۇدسى ھەدىس) دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، ئەگەر ئاللاھ بىرگە بولمىسا ئىدى، ئۇنىڭ قەلبىدە ئاللاھ شەۋقى ياشىماس ئىدى. گۈل بۇيى گۈلسىز، مۇشك ھىدى مۇشكسىز بولمايدۇ. بۇ پىكىرنىڭ ئاخىرى يوق بولسىمۇ باشقا سۆزلەرگە (پىكىرلەرگە) زادى ئوخشىمايدۇ.

مىسرا: (كېچە ئۆتۈپ كەتتى، بىراق بىزنىڭ سۆزىمىز تېخى تۈگىمىدى.)

بۇ دۇنيانىڭ زۇلمىتى ۋە تۈنى ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدا قالىدىغان نەرسە - سۆزنىڭ نۇرى. مەسىلەن: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆمۈرلىرى ئۆتتى، بىراق سۆزلىرىنىڭ نۇرى ھېلىمۇ ھايات ۋە مەڭگۈ تىرىكتۇر.

مەجنۇن توغرىسىدا: «ئەگەر مەجنۇن لەيلىنى سۆيسە بۇنىڭ ھېچ ھەيران بولىدىغان يېرى يوق. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ياش ۋە بىر مەكتەپتە تەھسىل كۆرەتتى» دېيىشتى. مەجنۇن: «بۇ ئادەملەر غىرت ئەخمەق! قايسىبىر گۈزەل سۆيۈلمەيدۇ؟» دېدى. گۈزەل ئايالغا مايىللىق بىلدۈرمىگەن ئەر كىشى بارمۇ ئۆزى؟ ئايالمۇ خۇددى شۇنداق. ئىشق شۇنداق نەرسىكى، ئاشىق ئۇنىڭ بىلەن تويىدۇ، ئاتا - ئانا، ئاكا - ئۇكا سۆيگۈسىنى، بالا - چاقا مۇھەببىتىنى، شەھۋەت زەۋقى ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك لەززەتنى ئۇنىڭدىن (ئىشقتىن) ئالىدۇ. زەيد بىلەن ئەمىر تىل ئىلمىدە قانداق بىر مىسال ئورنىدا كەلگەن بولسا، مەجنۇنمۇ ئاشىقلار ئۈچۈن شۇنداق مىسالدۇر.



رۇبائىي: (كاۋاپ ۋە باشقا ئىسسىقلىق بەرگۈچى نەرسىلەرنى يەپ، ئۈستىدىن تازا شاراب ئىچسەن، بۇ چۈشۈڭدە توختاۋسىز رەۋىشتە سۇ ئىچكىنىڭگە ئوخشايدۇ. (ئەمما) ئويغىنىشىڭ بىلەن چاڭقىغىنىڭنى سېزىسەن. چۈنكى چۈشتە ئىچكەن سۇنىڭ ساڭا پايدىسى يوق ـ دە)!

«دۇنيا ئۇيقۇدىكى كىشىنىڭ كۆرگەن چۈشىگە ئوخشايدۇ» (ھەدىس.) دۇنيا ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرى چۈشتە يېيىلگەن يېمەكلىككە ئوخشايدۇ. دېمەك، ئىنساننىڭ دۇنياۋى نەرسىلەرنى خالىشى ئۇيقۇدىكى كىشىنىڭ چۈشىدىكى ئىستىكى كەبى پايدىسىزدۇر. چۈنكى ئويغاندىن كېيىن كىشى ھېچ نەرسە يېمىگەنلىكىنى بىلىدۇ. لۇتپ ۋە ئېھسان ئىستىگەن دەرىجىدە بولىدۇ.

پەسىل. بىز ئىنساننىڭ بارچە ھاللىرىنى بىرمۇبىر ئەسلىدۇق. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ۋە مىجەز ـ خاراكتېرىدىن، قىزىققانلىقى ۋە سوغۇققانلىقىدىن تارتىپ قىلچىلىك نەرسە نەزىرىمىزدىن چەتتە قالمىدى. بىراق ئۇنىڭدىن باقىي قالىدىغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئوچۇق ـ ئايدىڭ بولمىدى، دېدىم. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: ئەگەر ئۇنى بىلمەك پەقەت سۆز بىلەنلا مۇمكىن بولسىدى، ئىنساننىڭ بۇنچىلىك ئىشلىشىگە ۋە تۈرلۈك ـ تۈمەن تالاش ـ تارتىشلارغا ئېھتىياج قالماس ئىدى. ھېچكىم ئۆزىنى قىينىماس ۋە پىدا ئەتمەس ئىدى. مەسىلەن: دېڭىزغا كەلگەن ئادەم تۈزلۈق سۇ، بېلىق ۋە تىمساھتىن باشقا نەرسە كۆرمىسە «دۇر قەيەردىدۇر ياكى مۇتلەق يوقمىدۇر؟» دەيدۇ. ھالبۇكى، دېڭىزنى كۆرۈش ئۈنچىنىڭ ھاسىل بولۇشى ئەمەسقۇ! ئەگەر دېڭىز سۈيىنى چېلەكلەپ يۈز مىڭ مەرتە ئۆلچىگەندىمۇ دۇرنى تاپالمايدۇ. ئۇنى تېپىش ۋە ئۇنىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن غەۋۋاس لازىم. لېكىن بۇ ھەممىلا غەۋۋاسنىڭمۇ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. ئۇ ئامەتلىك ۋە ماھارەتلىك بولۇشى لازىم. بۇ ھەقتە ئۆگەن-

نىلگەن بىلىملەر ۋە ھۈنەرلەر دېڭىز سۈيىنى چېلەك بىلەن ئۆل-
چەشكە ئوخشايدۇ. ئۈنچىنى تېپىش بولسا ـ تامامەن باشقا بىر نەر-
سە. يەتمىش خىل ھۈنەر، مال ـ دۇنيا ۋە گۈزەللىك ساھىبى بولغان
زاتتا بىز نەزەردە تۇتقان مەنە بولماسلىقى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن
بىرگە كۆرۈمسىز ۋە خۇنۇككىنە كىشىلەرمۇ باردۇركى، ئۇلار ئەنە
شۇ مەنە ئىگىلىرى بولۇشى ئېھتىمالدىن ئۇزاق ئەمەس. مەزكۇر
ئادەملەرنى قالغان بارچە ئىنسانلاردىن ئۈستۈن قىلغان نەرسە مەند-
دۇر. قاپلان، تىمساھ، ئارسلان ۋەھاكازا مەۋجۇداتلارنىڭ يۈز خىل
ھۈنەر ۋە پەزىلەتلىرى بولسىمۇ، ئۇلمەس مەنىدىن مەھرۇمدۇر.
ئەگەر ئىنسان شۇ مەنىگە يول تاپقان بولسا، ئۇ ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى
قولغا كەلتۈرگەن ھېسابلىنىدۇ. بولمىسا، ئۈستۈنلۈكتىنمۇ، پەزى-
لەتتىنمۇ نېسىۋىسى يوق بولىدۇ. بارچە ھۈنەرلەر ۋە بېزەكلەر ئۈن-
چىلەرنى كۆزگۈ ئارقىسىغا جايلاشتۇرماققا ئوخشايدۇ. ھالبۇكى
كۆزگۈنىڭ يۈزى بولسا بىخەۋەر. ئۇنىڭغا پاكىزلىق ۋە پارقىراقلىق
زۆرۈر. خۇنۇك يۈزلۈك ئادەم ئەينەكنىڭ ئارقىسىدىكىنى تەمە قىلى-
دۇ. گۈزەل يۈزلۈكلەر بولسا ئەينەككە جان دەپ قارىشىدۇ. چۈنكى
ئۇنىڭدا ئۆز گۈزەللىكىنى كۆرىشىدۇ. يۇسۇف مىسىردىن سەپەردىن
قايتقان دوستىغا: «ماڭا قانداق سوۋغا ئېلىپ كەلدىڭ؟» دېدى. دوس-
تى: «سەندە يوق نەرسە بارمۇ ئۆزى؟ ئاخىر، سېنىڭ ھېچنېمىگە
ئېھتىياجىڭ يوققۇ! شۇنىڭغا قارىماي سەندىن گۈزەلرەك زات بول-
مىغنى سەۋەبلىك ئۆز جامالىڭنى كۆرۈپ تۇرۇشۇڭ ئۈچۈن بىر
ئەينەك كەلتۈردۈم» دەپ جاۋاب بەردى. ئاللاھنىڭ نېمىسى يوق ۋە
ئۇنىڭ قانداق ئېھتىياجى بار؟ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئۆزىنى تاماشا
قىلىشى ئۈچۈن پارلاق بىر كۆزگۈ ئېلىپ كەلمەك زۆرۈر. «ئاللاھ
سىزنىڭ سۈرەتلىرىڭىز ۋە ئەمەللىرىڭىزگە ئەمەس، بەلكى قەلبلى-
رىڭىز ۋە نىيەتلىرىڭىزگە باقىدۇ» (ھەدىس.)



شېئىر: (ئۇ جايلار شۇنداق مەملىكەتلەردۇركى، نېمىنى خالىساڭ ـ تېپىلىدۇ. پەقەت كەرىم (ساخاۋەتلىك، مەرد) ئادەملەر تېپىلماس.)

ئۇ يەر شۇنداق بىر شەھەركى، گۈزەل يۈزلۈكلەر ۋە كۆڭلۈكنىڭ باشقا پارچە ئىستەكلىرى مۇھەييادۇر (تەييياردۇر.) بىراق بىر دانىمۇ ئەقىللىق ئادەم تاپالمايسەن. كاشكى، بۇنىڭ ئەكسى بولسا! بۇ شەھەر ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى. ئەگەر ئۇنىڭدا سان ـ ساناقسىز ھۈنەر قايناپ ياتسىمۇ، ئاشۇ مەنە بولمىسا بىھۇدە. بۇنىڭدىن كۆرە ئۇنىڭ يوق بولۇشى دۇرۇسىراقتۇر. ئەگەر مەنە بولسايۇ، زاھىرىي بېزەكلەر تېپىلمىسا ـ خەتەرلىك ئەمەس. مۇھىمى ـ روھ مەمۇرلۇقى (توقلۇقى.)

ھەممە ھالەتلەردىمۇ ئىنساننىڭ روھى ھەق بىلەن بەند. زاھىرىي (تاشقى) مەشغۇللۇق باتىنىي (ئىچكى) مەشغۇللۇقتا توسقۇن بولالمايدۇ. مەسىلەن: ھامىلىدار ئايال ئىش بىلەن ھەرقانچە بەند بولسىمۇ، باغرىدىكى بالىسى ئۆسۈپ ئۇلغىيىۋېرىدۇ. ھالبۇكى ئانىنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى يوق. ئىنسان روھىنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى. «ئىنسان ئۇنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى. دەرھەقىقەت ئۇ (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچى ۋە نادان ئىدى». (بىراق) ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنى زۇلمەت ۋە بىلىمسىزلىك پاتقىقىغا تاشلىمايدۇ. ئىنسان شەكلىدە يۈرگەن بىر ئايالغا دوستلار كەلمەكتە. ئاخىر، ئىنساننى يېتەكلەپ يۈرگۈچى روھتىن كېلىشۋاتقان يار ـ بۇرادەرلەرگە نېچۈن ھەيران بولۇشى كېرەك؟ ئۆلۈمدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدا ھەددى ـ ھېسابسىز نەرسىلەر مەمۇر ھالدا زۇھۇر ئېتىۋېرىدۇ. چۈنكى روھ دەرەخ يىلتىزىغا ئوخشايدۇ. گەرچە ئۇ تۇپراق ئىچىدە بولسىمۇ ئەسىرى ـ شاخلاردا نامايان. ئەگەر دەرەخنىڭ بىرەر شېخى سۇنسا، يىلتىزىدىن كۈچلۈك بولغىنى ئۈچۈن يېڭىدىن ئۆسۈپ چىقىۋېرىدۇ. ئەگەر يىلتىز چىرىگەن بولسىچۇ، ئۇنىڭدا شاخمۇ، ياپراقمۇ قالمايدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ «ئەي



www.uyghurkitap.com

پەيغەمبەر ساڭا ۋە سېنىڭ جىنسىڭدىن بولغانلارغا سالام بولسۇن! ئەگەر ئاللاھنىڭ مەقسىتى بۇنداق بولمىسا ئىدى، مۇستاپا: «سالام بىزگە ۋە سالىھ بەندىلەرگە بولسۇن» دېمەستى. سالام ئۇنىڭ ئۆزدىگىلا تېگىشلىك بولغىنىدا ئىدى، پەيغەمبەر سالىھ بەندىلەرنى ئىلاۋە قىلماستى. مەسىلەن: پەيغەمبەر تاھارەت ئېلىۋېتىپ: «نامازنىڭ ئۆزى سەھىھ ئەمەس، بەلكى تاھارەت بىلەن سەھىھدۇر» دېدى. بۇنىڭدىن مەقسەت مۇئەييەن بىر تاھارەت بولسىدى، ھېچكىمنىڭ نامىزى توغرا بولماس ئىدى. چۈنكى بۇ يەردە پەقەت مۇستاپانىڭ تاھارىتى ۋە نامىزىنىڭ سەھەتى ھەققىدە گەپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ ھالدا مەقسەت كىمنىڭ تاھارىتى شۇ ھالدا بولماس ئىكەن، ئۇنى نامىزىمۇ سەھىھ ئەمەس، دېمەكتۇر. مەسىلەن: «بۇ گويا ئانارگۈلگە ئوخشايدۇ» دېيىشىدۇ. بۇ نېمە دېگىنى؟ ئانارگۈل دېگىنىمۇ؟ ياق، ئەسلا! بەلكى بۇ ئانار گۈللىرى تۈرىدىن، دېمەكتۇر.

بىر يېزىلىق شەھەرلىك ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدى. ساھىبخان ئۇنىڭ ئالدىغا ھالۋا قويدى. ئىشتىھا بىلەن يەپ بولغاندىن كېيىن، يېزىلىق دېدى: «مەن سەۋزە يەپ ئۆگىنىپ قالغانىدىم. ھالۋىنى يېگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەمى نەزىرىمدىن قالدى. بىراق ھەر دائىم تاپالمايدىغانلىقىم ئۈچۈن ھالۋىدىنمۇ سوۋۇدۇم. ئەمدى مەن نېمە قىلاي، قايسى نىجاتكارغا باش ئۇراي؟» دېدى. شۇ تەرزدە قىشلاقلىق شەھەرنى ئارزۇلىدى. چۈنكى ئۇ ھالۋىدىن تېتىپ كۆردى، شەھەرلىك ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئوغرىلىدى. ئەمدى ئۇ چارىسىزدۇر، كۆڭلىنىڭ كەينىدىن كېتىۋېرىدۇ. ئادەم باركى سالىمىدىن ئىس ھىدى كېلىدۇ، ئادەم باركى سالىمىدىن مۇشك بۇيى تارىلىدۇ. بۇنى ھىد بىلىش خۇسۇسىيىتى بولغان كىشىلەر چۈشىنىدۇ. كېيىن پۇشايمان قىلماسلىق ئۈچۈن دوستلۇقتىن ئاۋۋال كىشىنى سىناپ بىلمەك لازىم. بۇ ــ ھەقنىڭ سۈننىتى. «نەپسىڭدىن باشلا»

www.uyghurkitap.com

(ھەدىس) دەپ بۇيرۇلغان. ئەگەر نەپس قۇللۇق داۋاسىدا بولسا، ئۇنى سىنىماستىن قوبۇل ئەتمە. ئاخىر، تاھارەت ئېلىشتىن ئاۋۋال سۇنى كۆرۈش بىلەن قانائەتلەنمەي، ھىدلاپ، تېتىپمۇ تەكشۈرىدۇ. پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا يۇزلىرىنى يۇيىدۇ. قەلبىڭدىكى ياخشى ياكى يامان نىيەتنى ئاللاھۇ ئەكبەر سەنسىزمۇ نامايان قىلىۋېرىدۇ. دەرەخ يىلتىزىنىڭ تۇپراق ئاستىدا يوشۇرۇن ساقلىقىنى شاخ ۋە بەرگلەر زۇھۇر (ئاشكارا) ئېتىدۇ. «ئۇلارنىڭ يۇزلىرىدە سەجدە ئىزلىرىدىن (قالغان) بەلگە ئالامەتلىرى باردۇر» دەپ ئەمىر قىلىنغىنىدەك، كىشى سېنىڭ ئىچىڭدىكىنى بىلمىگىنى بىلەن رەڭگىرويىڭ ئاشكارا قىلمامدۇ؟

پەسىل. ئىزدىمىگىچە ھېچ نەرسىنى تاپالمايسەن. بىراق دوست بۇنىڭدىن مۇستەسنا! چۈنكى ئۇنى تاپمىغىچە ئىزدىمەيسەن. ئىنساننىڭ تەلىپى تاپالمىغان نەرسىنى كېچەيۇ كۈندۈز ئىزدىمەك بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزمەكتۇر. تېپىلغانىنىڭ، ھاسىل بولغانىنىڭ تەلىپى بولسا ئەجەبلىنەرلىك ھال. بەزى ئادەم بۇنى تەسەۋۋۇر ئېتەلمەيدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ تەلىپى تېخى تاپمىغان يېڭى نەرسىگە كۆرە بولىدۇ. تېپىلغاندىن كېيىنمۇ ئىستىمەك بولسا ھەقنىڭ تەلىپىدۇر. چۈنكى ئۇلۇغ ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تاپقاندۇر ۋە ھەممە نەرسە ئۇنىڭ قۇدرىتىدە مەۋجۇتتۇر. «ئۇنىڭ ئىشى پەقەت «بول» دېيىشتۇر. بەس، ئۇ (نەرسە) بولۇر ـ ۋۇجۇدقا كېلۇر». ئۇ شەرەپلىك تاپقۇچىدۇر. ۋاجىد (ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ـ تەر.) ھەممە نەرسە تاپقان زات. چۈنكى ئۇ «تالىب ۋە غالىبدۇر» دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، ئۇلۇغ ئاللاھ تالىبدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «ئەي ئىنسان! سەن شۇقەدەر ھادىس ۋە ئادەمنىڭ سۈپىتى مەۋجۇت بولغان تەلەپتە قانچە قەتئىي بولساڭ، مەقسىتىڭدىن شۇنچە ئۇزاقلىشىسەن. سېنىڭ ئىستىكىڭ ھەقنىڭ ئىستىكىدە يوق بولغۇسى. ھەقنىڭ تەلىپى بىلەن تالىپ بولۇرسەن.





ھەقنىڭ ئەۋلىياسى قايسىبىرى؟ ھەققە ۋاسىل بولغان قايسىسى؟ بىلەلمەيۋاتىمىز. بىلىش ئۈچۈن تۈزۈكراق دەلىلىمىزمۇ يوق. سۆزمۇ، ئىشمۇ، ھەتتا كارامەتمۇ ئېغىر بىزنى يەڭگىل قىلمايۋاتىدۇ. چۈنكى سۆز ئۆگىنىلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىش ۋە كارامەت بولسا نەسرانىيلاردىمۇ بار. چۈنكى ئۇلارمۇ ئىنساننىڭ قەلبىدىن كەچكەن ئەسرارنى بىلىدۇ ۋە سېھىر ياردىمىدە كۆپ نەرسىلەرنى كۆرسىتەلەيدۇ« دېدى. مەۋلانا: سېنىڭ بىرەر كىشىگە ئىمان ـ ئىشەنچىڭ بارمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇ: «ئەلۋەتتە ئىشىنىمەن، ئاشىقمەن» دەپ جاۋاب بەردى. مەۋلانا يەنە: سېنىڭ ئۇ كىشىگە بولغان ئىمان ـ ئىشەنچىڭ بىر دەلىل ۋە ئالامەتكە ئاساسلانغانمۇ، ياكى بولارسىزمۇ (ئۇنى) سۆيۈۋېرەمسەن؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ: «خۇدا ساقلىسۇن! مەن ئۇنى دەلىل ۋە ئالامەتسىز سۆيىمەن» دېدى. مەۋلانا بۇيرۇدى: ئۇنداق بولسا نېمىشقا سەن بىر ـ بىرىگە زىت گەپلەرنى ئېيتىسەن؟

ھەربىر ئەۋلىيا ۋە ئۇلۇغ زاتلار: ھېچكىم مەنچىلىك ھەققە يېقىن ئەمەس ۋە ھەقنىڭ ھېچكىمگە ماڭا بولغانچىلىك ئىنايىتى يوق دەپ ئويلايدۇ. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: بۇ گەپنى كىم ئېيتتى: ۋەلىيمۇ، بولمىسا ۋەلىي بولمىغان باشقا كىشىمۇ؟ ئەگەر ۋەلىي سۆزلىگەن بولسا، دېمەك، ئۇ ھەربىر ئەۋلىيانىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى ئىشەنچىنى بىلگىنىگە كۆرە ئىنايەتكە مۇيەسسەر بولمىغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ۋەلىي بولمىغان زات ئېيتقان بولسا، ھەقىقەتەنمۇ ئۇ ھەقنىڭ ئەۋلىياسى ۋە خاس قۇلىدۇر. چۈنكى ئۇلۇغ ئاللا ئۇشبۇ سىرنى بارچە ئەۋلىيالاردىن پىنھان تۇتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن يوشۇرمىغان. ئۇ زات ماڭا شۇ مىسالنى بەردى: پادىشاھنىڭ ئون كېنىزىكى بار ئىدى، ئۇلار شاھ ھۇزۇرىدا «قايسىبىرىمىز ئەڭ ئەزىز ئىكەنلىكىمىزنى بىلمەكچىمىز» دېدى. شاھ «بۇ ئۈزۈك ئەتە كىمنىڭ ئۆيىدە بولسا، شۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ ئەزىزدۇر» دېدى. ئەتىسى ئاشۇ ئۈزۈك-

تىن ئون دانە تەييارلاتتى ۋە كېنىزەكلەرنىڭ ھەربىرىگە بىردىن بەردى. بۇيرۇدىكى، مەسىلە ھەل بولمىدى، ئېيتقىنىڭىز جاۋاب ئەمەس، باشقا نەرسىدۇر. بۇ گەپنى ئون كېنىزەكتىن بىرى ئېيتتىمۇ ياكى باشقا بىراۋمۇ؟ ئەگەر ئون كېنىزەكتىن بىرى ئېيتقان بولسا، دېمەك، قولدىكى ئۈزۈكتىن باشقا كېنىزەكلەرنىڭ قولىدىمۇ بارلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ ھالدا بۇ كېنىزەكنىڭ باشقىلاردىن ئەۋزەللىكى يوق، يەنى شاھ تەرىپىدىن كۆپرەك سۆيۈلگەن ئەمەس. ئەگەر بۇ گەپنى ئون كېنىزەكتىن باشقا بىراۋ ئېيتقان بولسا، دېمەك، ئۇ پادىشاھنىڭ سۆيگىنى ۋە كۆڭلىدىكىسىدۇر.

بىرسى: «ئاشىق چۈشكۈن، قىممەتسىز ۋە سەۋرلىك بولۇشى كېرەك» دېدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: توغرا، ئەمما قاچانكى بۇنى سۆيۈلگەن (يار، مەشۇق) خالىسا، ئەگەر بۇنى يار خالىمىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ ئاشىق ئەمەس. چۈنكى «ئاشىق» ئۆز ئىستىكى ۋە ئۆز مەقسىتى تەرەپكە قاراپ كەتمەكتە، دېمەكتۇر. ئەگەر ئۇ يارنىڭ ئىستىكىگە رىئايە قىلسا ۋە يار ئاشىقنىڭ چۈشكۈن، قىممەتسىز بولۇشىنى خالىمىسا، ئۇنداقتا بۇ قانداق قىلىپ چۈشكۈن ۋە قىممەتسىز بولالايدۇ؟ مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، ئاشىقنىڭ ھالى مەلۇم ئەمەس، يەنى مەشۇقنىڭ ئىستىكى قانداق بولسا، ئۇ شۇنداق بولۇشقا مەھكۇم.

ئەيسا بۇيرۇغان ئىدى: «قانداق قىلىپ ھايۋاننىڭ ھايۋان يېيىشىگە ھەيران بولاي؟» زاھىرنى كۆرگەنلەر دېيىشىدۇكى: ئەگەر ئىنسانمۇ ھايۋان گۆشىنى يەر ئىكەن، دېمەك ئۇ ھايۋاندۇر. بۇ خاتا. سەۋەب؟ چۈنكى ئىنسان ھايۋاننى ئەمەس، جەمادنى (جىسىمنى ـ تەر.) يەيدۇ. يەنى جانسىز نەرسە جىسىمدۇر. ھايۋان ئۆلۈشى بىلەن ئۇنىڭ ھايۋانلىقى قالمايدۇ. مەقسەت شۇكى شەيخ مۇرىتنى تەڭداشسىز تەرزدە يۇتماقتا. مەن ئەسلىي ۋە نادىر بولغان شۇ ئىشقا



www.uyghurkitap.com

ھەيرانمەن.

بىرسى سورىدى: ئىبراھىم نەمرۇدقا: «مېنىڭ ئاللاھىم ئۆلۈك-نى تىرىلدۈرىدۇ ۋە تىرىكنى ئۆلتۈرىدۇ» دېدى. نەمرۇد: «مەنمۇ بىراۋنى ئىشتىن ھەيدىسەم، ئۇنى ئۆلتۈرگەن، بىراۋغا ئىش بەرسەم ئۇنى تىرىلدۈرگەن بولىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم گېپىدىن قايتتى ۋە باشقا دەلىل كەلتۈردى: «مېنىڭ ئاللاھىم قۇياشنى مەشرىقتىن چىقىرىپ مەغرىبتە پاتۇرىدۇ. سەن بۇنىڭ ئەكسىنى قىل» دېدى. كۆرۈنۈشتە بۇ پىكىر ئىبراھىمغا زىتتۇر. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: خۇدا ساقلىسۇن! ئىبراھىمنىڭ نەمرۇد-قا جاۋاب تاپالماي گاڭگىراپ تۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىبراھىم ئۆز پىكرى بىلەن ئۇلۇغ ئاللاھ بالىنى رەھىم (ئانىنىڭ قورسىقى - تەر.) مەشرىقىدىن چىقىرىپ، قەبرىستان مەغرىبىدە كۆمىدۇ دېمەكچى. دېمەك، ئىبراھىمنىڭ ھەر ئىككى دەلىلىمۇ بىر-دۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ ئىنسانىنى ھەر لەھزە يېڭىدىن يارىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە يېڭى - يېڭى نەرسىلەرنى يوللايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىن-چىسىگە، ئىككىنچىسى ئۈچىنچىسىگە قىلچە ئوخشىمايدۇ. پەقەت ئىنسان بۇنىڭدىن - ئۆزىدىن غاپىلدۇر(يەنى ئۆزىنى تونۇمايدۇ.)

سۇلتان مەھمۇدقا ناھايىتىمۇ چىرايلىق بىر ئات كەلتۈردى. بايرام كۈنى ئۇ ئاتنى مىنىپ يۇرت ئايلاندى. خەلق ئۆگزىلىرىگە چىد-قىپ ئۇنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى. پەقەت بىر سەرخۇش ئادەملا ھەممە نەرسىدىن بىخەۋەر قالغانىدى. ئاخىر ئۇنىمۇ سۆرەپ مېڭىش-تى، بىراق سەرخۇش: «مەن ئۆزۈم بىلەن مەشغۇلمەن، ئۇنى كۆرۈش-نى، ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىشنى خالىمايمەن» دېدى. شۇنىڭغا قارد-ماستىن، سۇلتان كوچىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، ئۇنىڭغا بىر كۆز تاشلاپ: «مېنىڭ ئالدىمدا ئۇ ئاتنىڭ نېمە قىممىتى بار؟ ئەگەر ئات مېنىڭكى بولسىدى، ئۇنى بىر قوشاق ئېيتىپ بەرگەن ئادەمگە ھەدىيە ئورنىدا

www.uyghurkitap.com

بىر نۆۋەتتىم» دېدى. سۇلتان بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگىنىدىن، سەرخۇشنى زىندانغا تاشلاتقۇزدى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن مەھبۇس ئۆزىنىڭ نېمە گۇناھى بارلىقىنى سوراتقۇزدى. سۇلتان ئۇنى ئالدىغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. كەلگەندىن كېيىن: «ئەي ئەدەپسىز قاپ يورەك! ئۇ گەپنى ئېيتىشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟» دەپ سورىدى. مەھبۇس: «ئەي ئالەمنىڭ شاھى! ئۇ گەپنى مەن ئېيتمىدىم، بەلكى باشقا بىر ئادەم ئېيتتى. ئەمدى مەن ئۇ ئەمەسمەن. مەن ئەقىللىق ۋە زەكىي ئادەممەن». سۇلتان ئۇنىڭ پىكىرلىرىدىن مەمنۇن بولدى ۋە زەرباب تون بېرىپ ئازاد قىلدى. كىمدە كىم بىز بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، بۇ شارابتىن ئىچسە ۋە ئۇ كېيىن قەيەرگە بېرىپ كىم بىلەن بىرگە بولسىمۇ ، ھەقىقەتتە بىزدىن ئايرىلماستۇر. چۈنكى ياتلارنىڭ پارىڭى دوستلار سۆھبىتىنىڭ ئەينىكىدۇر. ئەينەك زىتى بىلەن مەلۇم بولىدۇ.

ئەبۇ بەكىر سىددىق شېكەرنى ئۇمۇمىي دېگەنىدى. بۇ ئانىدىن تۇغما شېرىن دېگەنلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قالغان مېۋىلەر: «بىز ئاچچىقلىقنى تېتا ـ تېتا شېرىنلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشتۇق. سەن شېرىنلىك لەززىتىنى قەيەردىن بىلەتتىڭ؟ چۈنكى سەن ئاچچىقنى، ئۇنىڭ ئازابىنى تېتىپ كۆرمىدىڭ ـ دە» دەپ شېكەرنىڭ ئالدىدا ماختىنىدۇ.

پەسىل. (ئىنسان مەيلى ئۆز چېگراسىدىن چىققاندا دوستلۇق دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ.)

بېيىتنىڭ مەنىسىنى سوراشتى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: دۈشمەنلىك ئالىمى دوستلۇق ئالىمىگە نىسبەتەن تار. چۈنكى ئادەملەر دوستلۇق ئالىمىگە يەتمەك ئۈچۈن دۈشمەنلىك ئالىمىدىن قاچىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە دوستلۇق ئالىمىمۇ دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىكنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئالەمگە قىياسەن تار. دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك، ئىنكار ۋە

ئىمان ئىككىلىككە سەۋەبتۇر. چۈنكى كۇپۇر — ئىنكار. ئىنكارچى-
غا ئۇنى ئىنكار قىلىشى كېرەك بولغان كىشى لازىم بولغىنىدەك،
قوبۇل قىلغۇچىنىمۇ قوبۇل قىلىشى شەرت بولغان بىر زات زۆرۈر.
شۇنىڭدىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بىرلىك ۋە ياتلىق ئىككىلىكى
مەۋجۇت. ئۇ ئالەم بولسا كۇپۇر بىلەن ئىماننىڭ، دوستلۇق ۋە دۈش-
مەنلىكنىڭ تاشقىرىسىدۇر. ئەگەر دوستلۇق ئىككىلىكنى پەيدا
قىلار ئىكەن، دېمەك، ئىككىلىكسىز، پەقەت بىرلىكتىن ئىبارەت
بولغان ئالەم باردۇر. ئىنسان ئۇنىڭغا ئېرىشىشى بىلەن دوستلۇق ۋە
دۈشمەنلىكتىن چىقىدۇ. چۈنكى بۇ سۈپەتلەر ئۇ ئالەمگە سىغمايدۇ.
دېمەك، ئۇ يەرگە يېتىشكەن ئىنسان ئىككىلىكتىن خالاس بولغان
زاتتۇر. ئىككىلىك، ئىشق ۋە دوستلۇق بولغان دەسلەپكى ئالەم مەز-
كۇر ئالەمنىڭ ئالدىدا غېرىب ۋە بىچارىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەمدى
(ئىككىلا ئالەم – تەر.) ئىستەلمەيدۇ. ئەمدى كىشى قىممەتسىز
ئالەمنى ئۆزىگە دۈشمەن ھېسابلايدۇ. مەسىلەن: مەنسۇر ئۆز – ئۆزىد-
گە دۈشمەن بولدى ۋە ئۆزىنى يوق قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭدا ھەقنىڭ
دوستلۇقى ھەددىدىن ئاشقانىدى. مەنسۇر «ئەنەل ھەق» دېدى، يەنى
مەن فەنا تاپتىم، يوق بولدىم. يالغۇز قالغان زات ھەقدۇر، دېمەكچى
بولدى. بۇ كەمتەرىنلىكتۇر. بەندىلىكنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىدۇر.
ھالبۇكى، كىمدە كىم: «سەن يالغۇز ئاللاھسەن ۋە مەن سېنىڭ قۇ-
لۇڭمەن» دېسە، بۇ بۈيۈك داۋا ۋە مەنمەنلىكتۇر. چۈنكى بۇنداق قىل-
غان كىشى ئۆز بارلىقىنىمۇ ئىسپاتلىماقچى بولغان ھېسابلىنىدۇ.
شۇ تەرزدە ئىككىلىك يۈزگە كەلمەكتە. ھەتتا «ئۇ ئاللاھتۇر» دې-
يىشمۇ ئىككىلىكتۇر. چۈنكى «مەن» بولمىغىچە، «ئۇ»مۇ بولمايدۇ.
دېمەك، «ئەنەل ھەق»نى ھەق سۆزلىگەندۇر. چۈنكى ئۇنىڭدىن غەيرىي
بىر بارلىق مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدەك مەنسۇرمۇ يوق بولغا-
نىدى ۋە ئېيتقان سۆزى ھەقنىڭ سۆزى ئىدى. خىيال ئالىمى تە-

www.uyghurkitap.com

سەۋۋۇرلار ئالىمگە قارىغاندا يەنىمۇ كەڭدۇر. چۈنكى پۈتۈن تەسەۋ-ۋۇرلار خىيالدىن تۇغۇلىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە خىيال ئالىممۇ ئۇنى بار-لىققا كەلتۈرگەن ئالەمنىڭ ئالدىدا يوقسۇلدۇر. سۆز بىلەن پەقەت مۇشۇنچىلىكلا چۈشىنىلىدۇ، خالاس. ھەقىقىي مەنىنىڭ كەلىمە ۋە جۈملىلەردە ئاشكارا بولمىقى ئىمكانسىزدۇر. بىرسى: «ئۇ ھالدا جۈملە ۋە سۆزنىڭ پايدىسى نىمە؟» دەپ سورىدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: سۆزنىڭ پايدىسى شۇكى، سىنى ئىستىمەككە (خالاشقا) يوللايدۇ، ئىلھام بېرىدۇ. بولمىسا، ئىستەلگەن (تەلەپ قىلىنغان) سۆز بىلەن ھاسىل بولمايدۇ. ئەگەر ھاسىل بولسىدى، جەڭ قىلىش ۋە پىداكار-لىقنىڭ نىمە ھاجىتى بار ئىدى؟ مەسىلەن: ئۇزاقتىن قىمىرلىغان بىرەر نەرسىنى بايقىغان كىشى ئۇنى ياخشىراق كۆرمەك ئۈچۈن ئار-قىسىدىن چاپىدۇ. ھېچقاچان قىمىرلىمىغان نەرسىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق (ئۇنى) كۆرمەكچى بولمايدۇ.

ئىنساننىڭ نۇتۇق قابىلىيىتىمۇ ئۇنىڭ ئىچىدە خۇددى شۇنداقتۇر. سەن ئۇنى كۆرمەيسەن، ئۇ بولسا مەنە تەلىپى يولىدا (سىنى) گىز - گىزگە سالىدۇ. بىرسى: «مەن ناھايىتى كۆپ ئىلىم-لەر ئۆگەندىم ۋە نۇرغۇن مەنىلەرگە ئىگە بولدۇم. بىراق ئىنساندا با-قىي قالىدىغان مەنىنى ئۇچۇق - ئايدىڭ بىلەلمىدىم، ئۇنىڭغا يول تاپالمىدىم» دېدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: ئەگەر ئۇ پەقەت سۆز بىلەنلا مەلۇم بولسىدى، ۋۇجۇدنىڭ ئۆلۈشىگە ۋە بۇ قەدەر زەھمەتلەرگە ھا-جەت قالماس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچىلىك ئىشلىمەك كېرەك-كى، يوق بولۇپ تۈگىگىچە ھەرىكەت قىلماق شەرت. بىرسى: «مەن كەئبە ھەققىدە ئاڭلىغان ئىدىم. لېكىن قانچە تىكىلمەيلى، كەئبە كۆرۈنمەيۋاتىدۇ. ئەمدى ئۆگزىگە چىقىپ قاراي» دەيدۇ ۋە يەنە كۆ-رەلمىگەندىن كېيىن تاقىتى تاق بولىدۇ - دە: «كەئبە يوق!» دەپ ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ. كەئبەنى بۇ تەرزدە كۆرۈپ بولمايدۇ. ئەگەر موھتاج

بولمىساڭ، كەئبىنىڭ يېنىدا تۇرۇپمۇ ئۇنى كۆرەلمەيسەن. مەسىلەن: قىشتا جۇۋىنى جان دەپ كىيىسەن. چۈنكى سەن سوغۇقتا ئىسسىققا تەلپۈنىسەن. ھالبۇكى ياز كېلىشى بىلەن ئۇنى چۆرۈپ تاشلايسەن. جۇۋىنى خالىماق ئىسسىنىش ئۈچۈندۇر. ئوتتۇرىدىكى توسقۇنلۇق(ئېھتىياج) كۆتۈرۈلۈشى ھامان سەن ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىسەن.

«ئاسمان يېرىلغان»ى ۋە «يەر يۈزىنى ئەڭ دەھشەتلىك تەۋرەش بىلەن لەرزىگە كەلگىنى» ساڭا ئىشارىدۇر. يەنى سەن بىرلىشىش تەمىنى تېتىپ كۆردۈڭ. ئەمدى شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، ئۇنىڭدا سەن پارچىلارنىڭ ئايرىلىش تەمىنى تېتىيسەن، ئۇ ئالەمنىڭ كەڭلىكىنى مۇشاھەدە ئېتىسەن ۋە بۇ تارلىقتىن قۇتۇلىسەن. مەسىلەن: كىرىستقا مىخلانغان ئادەم شۇ يەرنى ياخشى دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش زوقىنى يوقىتىدۇ. كىرىستتىن خالاس قىلىنىشى بىلەن بولسا دەھشەت ئازاب ئىچرە تۇرغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بۆشۈكتە قول - پۇتى باغلانغان بالىمۇ راھەتلىنىپ ياتىدۇ، ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ. ئەگەر چوپچوڭ ئادەمنى بۆشۈككە بۆلىسە، بۇ يەر ئۇنىڭ ئۈچۈن زىندان ۋە ئازابقا ئايلىنىدۇ. بەزىلەر غۇنچىنى سۆيسە، بەزىلەر تولۇق ئېچىلىپ، يايراپ تۇرغان، يەنى ۋايىغا يەتكەن گۈلنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانلار باركى، ھېچقانداق دوست - دۈشمەنلىك، ئىشق، كۇپۇر ۋە ئىمان بولماي، كامالەتكە يېتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. چۈنكى ئېيتىلغانلارنىڭ بارچىسى مىسالى تام. ئۇلار تارلىققا، ئازاب - ئوقۇبەت ۋە ئىككىلىككە سەۋەب بولىدۇ. ئۇ ئالەم بولسا كەڭ ۋە راھەتتۇر، ئىككىلىكسىزدۇر. سۆز ئۈنچىلىك يۈكسەك نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتى چەكلىك. قانداقمۇ يۈكسەك بولسۇن، ئاخىر، ئۇنىڭ بار - يوقى سۆزغۇ! تەسىر قىلغۇچى ۋە ئىلھام بەرگۈچى ھەقتۇر. ئۇ

(سۆز) بولسا ئوتتۇرىدىكى پەردە، ئەجەب ئىككى ـ ئۈچ ھەرپنىڭ تولىمى قانداق قىلىپ ھايات ۋە ھاياجانغا سەۋەب بولىدۇ؟ مەسلەن: بىراۋغا چىن دىلدىن ياخشى سۆزلەر ئېيتساڭ، ئۇ سۆيىنىدۇ. ئەگەر قۇرۇق گەپ قىلساڭ خاپا بولىدۇ، ئاچچىقلىنىدۇ. ئەسلىدە ئىككى ـ ئۈچ كەلىمىنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرەت بىلەن قانداق ئالاقىسى بار؟ ھەممە گەپ شۇ يەردىكى، ئىنساننىڭ كۆزى ئاللاھ جامالى ۋە كامالىنى كۆرەلەيدىغان بولمىغانلىقى تۈپەيلى ياراتقاننىڭ ئۆزى سۆزنى سەۋەب ۋە پەردە ئەيلەيدۇ. نازۇك پەردىلەر سەزگۈر كۆزلەر ئۈچۈندۇر. پەردىلەر ئارقىسىدىن ھۆكۈملەر بېرىلىدۇ، سەۋەبلەر يارىتىلىدۇ. ھاياتنىڭ سەۋەبى ـ نان ئەمەس. ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنى بار ـ يوقى ھايات ۋە قۇۋۋەتنىڭ ۋاسىتىسى سۈپىتىدە بار ئەتتى. نىھايەت، ئۇ (نان) جانسىز بىر جىسىمدۇر ۋە ئىنسان ھاياتىغا ئىگە ئەمەس. (چۈنكى) ئۇنىڭدا بىر تىرىكلىك بولسىدى، ھەممە نەرسىدىن ئاۋۋال ئۆزىگە ھايات بېغىشلار ئىدى.

پەسىل. («ئەي قېرىنداش! سەن چۈشەنچىسەن. سەندە بۇنىڭدىن باشقا نېمە بولسا، سۆڭەك ۋە ئەسەبدۇر») مەزكۇر بېيىتنىڭ مەنىسىنى سوراشتى. بۇيرۇدىكى: سەن مەنىگە ئېتىبار بەر، ئۇ ـ شەخسىي بىر چۈشەنچىگە ئىشارە. بىز ئۇنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە چۈشەنچە (ئەندىشە ـ پىكىر) دەپ ئاتىدۇق. (بىراق) بۇ ئادەملەر نەزىرىدىكى چۈشەنچە ئەمەس. بىزنىڭ «ئەندىشە» سۆزىدىن چۈشەنگىنىمىزمۇ شۇدۇر. ئۇشبۇ مەنىنى يەنىمۇ ساددا ۋە ئومۇمىي تەرزدە چۈشەندۇرمەكچى بولساق، «ئىنسان سۆزلىگۈچى ھايۋاندۇر» دەيمىز. بۇ يەردە نۇتۇق (سۆز) خاھ يوشۇرۇن، خاھ ئاشكارا بولسۇن، چۈشەنچە دېمەكتۇر ۋە ئۇنىڭدىن تاشقىرىسى ھايۋاندۇر. دېمەك، ئىنسان پىكىر ۋە چۈشەنچىدىن تەشكىل تاپقان. قالغىنى سۆڭەك ۋە ئەسەبدۇر. بۇ سۆز توغرا ۋە ئۇ قۇياشقا ئوخشايدۇ. قۇياش ھەمىشە ھاياتتۇر ۋە

ھەممە نەرسە ئۇنىڭ شارابىتى بىلەن ئۆسۈپ ئۇلغىيىدۇ. بىراق قۇ-
ياش كۆزگە سىغمايدۇ ۋە ئادەملەر ئۇ تۇپەيلى تىرىك ئىكەنلىكلىرى،
ئىسسىنىۋاتقانلىقلىرىنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭغا قارىماستىن خاھ شۇ-
كۇر، خاھ كۇپۇر بىلەن ئېيتىلىشىدىن قەتئىينەزەر، قۇياش كۆزگە
كۆرۈنىدۇ. بۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ: قۇياش ھەر ۋاقىت كۆكتە پارلاپ
تۇرسىمۇ، نۇرى تامنى يورۇتمىغىچە كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. خۇددى شۇ-
نىڭغا ئوخشاش ھەرپ ۋە ئاۋاز ۋاستىسى بولمىغىچە سۆز قۇياشى-
نىڭ پارلىشىمۇ ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. ھەر دائىم مەۋجۇت بولسىمۇ
«لەتىپ ۋە كۆرۈنمەس» (قۇرئان) دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، ئۇنىڭ كۆرۈ-
نۇشى ئۇچۇن قويۇقلۇق زۆرۈر. بىرسى: «ئاللاھنىڭ ھېچبىر مەن-
سى ئۇنىڭغا كۆرۈنمىدى ۋە ئىلاھىي كالامىمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن ھېچ-
قانداق مەنە ئىپادە قىلمىدى. ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇنىڭدىن ئەجەب-
لىنەتتى. قاچانكى ئۇنىڭغا ئاللاھ بۇنداق قىلدى، ئۇنى ئەمىر ئەتتى
ۋە بۇنى مەنئى قىلدى» دېيىشكىنىدىن كېيىن ئاندىن ئۆزىگە كەلدى
ۋە ئاللاھ كالامىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى. دېمەك، ئاللاھنىڭ لاتاپە-
تى قانچىلىك مەۋجۇت بولۇپ ئىنسان ئۇستىدە ئۆز نۇرىنى چاچسى-
مۇ، ئۇنىڭ ئەمىر ۋە تەقىقلەر يارىتىش قۇدرىتىنى شەرھى قىلمى-
سا، كۆرۈش - چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەستۇر. مەسىلەن: ھەسەلنىڭ
ئۆزىنى يېيەلمىگەن كىشىلەر ئۇنى باشقا يېمەكلىكلەرگە ئارىلاشتۇ-
رۇپ يەيدۇ. بارا - بارا كۆنۈپ، ئۇلارنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى ئارتقاندىن
كېيىن، ھەسەلنى ھېچقانداق ۋاستىسىز يېيىشكە باشلايدۇ. بىز
ئۇنىڭدىن نۇتۇقنىڭ ھەمىشە پارلىغۇچى، لەتىپ ۋە ھېچقاچان سۇن-
مىغۇچى بىر قۇياش ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئالدۇق. پەقەت سەن قۇياش
نۇرىنى كۆرۈشۈڭ ۋە ئۇنىڭدىن زوق ئېلىشىڭ ئۇچۇن ماددىي ۋە قو-
يۇق (يەنى كۆز كۆرەلەيدىغان دەرىجىدە ئېنىق - روشەن تەر.) بىر
ۋاستىغا موھتاجسەن. نىھايەت، شۇنداق بىر ئورۇنغا (مەقامغا -

www.uyghurkitap.com

تەر.) ئىبرىشىسىنى، ئۇ يەردە سەن ھېچقانداق ۋاستىسىز ئۇ نۇر ۋە لاتاپەتنى كۆرۈرسەن ھەمدە ئۇنىڭغا كۆنۈپ، ھېچ تارتىنماستىن تاماشا قىلىشنى باشلايسەن. قۇۋۋەت ئالىسەن ۋە لاتاپەت دېڭىزىدا ئاجايىپ خىلمۇخىل رەڭلەر ۋە غارايىپ مۇناسىۋەتلەرگە كىرىشىسەن. خاھ گەپ قىل، خاھ گەپ قىلما، بۇ ئاجايىپ نۇتۇق ھەممە ۋاقىت سەن بىلەن بىرگە بولىدۇ. ھەتتا ئۆيلىغان پەيتىڭدىمۇ سېنى تەرك ئەتمەيدۇ. چۈشەنچەڭدە جان يوقلۇقىغا قارىماي، نۇتۇق مەۋجۇت ۋە «ئىنسان سۆزلىگۈچى ھايۋاندۇر». ھايۋانلىق سەندىمۇ بار. جۇملىدىن قانچە ياشىساڭ، نۇتۇقمۇ سەن بىلەن بىللىدۇر. مەسلەن: ھايۋاننىڭ كۆشىشى ئۇنىڭ ھايۋانلىقى نامايان بولۇشىغا بىر سەۋەب. بىراق دائىم كۆشەشكە ھاجەت يوق. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش نۇتۇقنىڭمۇ سۆز ئېيتىشى ۋە گەپ قىلىشى لازىم بولسىمۇ، بۇ ھەمىشە ھەم شەرت ئەمەس.

ئىنساننىڭ ئۈچ ھالى مەۋجۇت: بىرىنچىسى، ئۇ ئاللاھنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولمايدۇ. خوتۇن، ئەر، بالا ــ چاقا، مال ــ دۇنياغا ۋە تاش ــ تۇپراقتىن بولغان نەرسىلەرگە خىزمەت قىلىدۇ، ئۇلارغا چوقۇنىدۇ؛ ئىككىنچىسى، ئىنساندا بىلىم ۋە مەرىپەت ھاسىل بولىدۇ ــ دە، ئاللاھتىن باشقىغا سېغىنمايدۇ؛ ئۈچىنچىسى، ئىنسان ئىككىنچى ھالەتتە يەنىمۇ ئىلگىرىلەيدۇ ۋە سۈكۈت ساقلايدۇ. ئاللاھ خىزمىتىنى قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ ۋە قىلمايۋاتقانلىقىنىمۇ تەستىقلىمايدۇ. ئۇ ھەر ئىككى مەرتىۋىنىڭمۇ تاشقىرىسىغا چىققان ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن بىرەر ئاۋاز ئاڭلاش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ھازىرمۇ ئەمەس، غايىبمۇ ئەمەس، بەلكى بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىمۇ ياراتقاندۇر. دېمەك، ئاللاھ ھۇزۇر (كۆرۈنۈش، مەۋجۇتلۇق ــ تەر.) ۋە غەيبىدىن مۇنەززەھدۇر (خالىي، پاكتۇر.) چۈنكى ئەگەر ھۇزۇر بولسا، غەيىب بولماسلىقى، غەيىب بولسا ھۇزۇر بولماسلىقى

لازىم. ھۆزۈرنىڭ يېنىدا غەيىب باردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھۆزۈر ۋە غەيىب بىلەن سۈپەتلەنمەيدۇ. بىراق زەئىددىن زىد مەيدانغا كېلىدۇ. زىد زىدنى تۇغۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇ غەيىب ھالدا ھۆزۈرنى يارىتقان بولۇشى كېرەك ۋە ھۆزۈر غەيىبنىڭ زىددىدۇر. غەيىب ئۈچۈنمۇ ئىزاھ شۇنداق. ئۇ ھالدا زىددىن زىدنىڭ پەيدا بولۇشى توغرا ئەمەس ۋە ئاللاھنىڭ ئۆزگە ئوخشىغاننى يارىتىشى نامۇۋاپىقلىقتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ جۈپتى يوق دېيىلگەن. ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئوخشاشلىق ئوخشىشىنى يارىتىدۇ. ئۇ چاغدا ئەۋزەللىك ئەۋزەلسىزلىك بولىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە ھەربىر نەرسە ئۆز نەپسىنى يارىتىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ھالبۇكى بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر شۇ يەرگىچە كەلدىڭ، توختا ۋە تەسەررۇپ ئەتمە، ئەقلىڭ تەسەررۇپى شۇ يەردە تۈگەيدۇ. دېڭىز ساھىلىغا ئۆرۈلۈپ توختايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدىن كېيىن توختىماقمۇ قالمايدۇ.

بارچە سۆزلەر، بىلىملەر، ھۈنەرلەر ۋە سەنئەتلەر بۇ سۆزدىن لەززەت ئالىدۇ. ئۇنىڭسىز ئىشتىمۇ، سەنئەتتىمۇ ھۆزۈر بولمايدۇ. ئەمما بۇنىڭدىن غايە نېمە؟ بىلىشمەيدۇ ۋە بىلىشى شەرتمۇ ئەمەس. مەسىلەن: بىر ئادەم باي ـ بەدۆلەت، توپ ـ توپ ئات ـ قويلارغا، يەر ـ سۇلارغا ئىگە ئايالغا ئۆيلەنمەك نىيىتىدە ئۇنىڭ پادىسىنى بېقىپ، يېرىنى پەرۋىش قىلىشىمۇ، زوقىنى ئايالنىڭ بارلىقىدىن ئالىدۇ. چۈنكى ئايالسىز ئۇ بۇلارنىڭ بارچىسىدىن سوۋۇيدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش دۇنيانىڭ پۈتۈن ھۈنەرلىرى، ئىلىملىرى ۋەھاكازا ھەممە نەرسىلىرى ھاياتنى، زەۋقنى ھەمدە ھارارەتنى ئارىپنىڭ نۇرىدىن ئالىدۇ. زەۋقسىز ئۇلار ئۈچۈن ھەممە ياق ئۆلۈككە ئايلىنىدۇ.

پەسىل. بۇيرۇدىكى: بۇرۇنلاردا شېئىر ئېيتقان پەيتىمىزدە بىزنى بۇنىڭغا تەشۋىق ۋە تەرغىب ئېتىپ تۇرغان بىر ئىچكى تۈيغۇنى ھېس قىلاتتۇق. ئەمدى بۇ تۈيغۇلارنىڭ تەسىرى سۇسلىدى، شۇ-

نىڭغا قارىماي، ئۇنىڭ ئىزلىرى ھېلىمۇ مەۋجۇت. ئاللاھنىڭ ئادىتى شۇنداقتۇر. ھەرنېمىكى تۇغۇلدى، ئۇنى تەربىيە قىلىدۇ ۋە بۇنىڭدىن ئۇلۇغ ئەسەرلەر، ھېكمەتلەر مەيدانغا چىقىدۇ. پېتىش ۋاقتىدىمۇ شۇ تەربىيە شۇدۇر، ھازىردۇر. «ئۇ مەشرىق ۋە مەغرىبنىڭ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بار نەرسىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر». مەنىسى: ئاللاھ تۇغۇلغان ۋە پاتقان ئامىللارنى تەربىيە ئېتىدۇ، دېمەكتۇر.

مۇتەزىلە دەيدۇكى: ئەمەلنى ياراتقان قۇل بولغىنىدەك، ئۇنىڭدىن بارلىققا كەلگەن ھەربىر ئىشنىڭ ياراتقۇچىسىمۇ يەنە قۇلدۇر. ھالبۇكى، بۇنداق بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭدىن بارلىققا كەلگەن ھەربىر ئەمەل ياكى غالىب ئەقىل، قۇۋۋەت، جىسىم كەبى قوراللار ۋاستىسى بىلەندۇر، ياكى ۋاستىسىز رەۋىشتە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئۇنىڭ ۋاستىلەر بىلەن ئەمەللەرنىڭ ياراتقۇچىسى بولۇشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ زەئىپتۇر. دېمەك، قورال (ۋاستە) ياردىمىدە ئەمەللەر ياراتقۇچىسىمۇ بولالمايدۇ. سەۋەب ـ ۋاستە ئۇنىڭ ھۆكمى ئاستىدا ئەمەس ۋە ئۇنىڭسىز ئەمەللەر ياراتقانىنىڭ بولۇشى ئىمكانسىزدۇر.

ۋاستە يوق ئىكەن ئۇنىڭدىن بىر ئىش ھاسىل بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. نىھايەت، ئوچۇق ـ ئاشكارا مەلۇم بولۇۋاتىدۇكى، ئەمەللەر ياراتقۇچىسى ھەقتۇر، قۇل ئەمەستۇر. ئۆزىدىن مەيدانغا كەلگەن ياخشى ياكى يامان ئىشنى قۇل مۇئەييەن نىيەتتە ۋە پىلان ئاساسىدا ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بىراق ئىشنىڭ ھېكمىتى قۇل ئويلىغاندەك ئەمەس. بەلكى مۇنداقتۇر: ئىشتا ھاسىل بولغان مەنە، ھېكمەت ۋە پايدىنىڭ نېپى بار ـ يوقلۇقى ئۇنىڭدىن مەيدانغا كەلگەن ئىش دەرىجىسىدە بولىدۇ. ئومۇمىي پايدىلىرىنى يالغۇز ئاللاھ بىلىدۇ. مەسىلەن: سەن ئاخىرەت ۋە دۇنيادا ياخشى نام قازانماق ھەمدە تىنچ بولماق نىيىتى بىلەن ناماز ئوقۇيسەن. بىراق نامازنىڭ پايدىسى سەن

ئويلىغانچىلىكلا، يەنى شۇنچىلىك دەرىجىدىلا ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ ھەددى- ھېسابسىز پايدىلىرىمۇ باركى، بۇلار سىنىڭ تەسەۋۋۇرىڭ- غىمۇ سىغمايدۇ. ئۇلاردىن پەقەت ئاللاھلا خەۋەرداردۇر. قولنى ئىشقا يوللىغانمۇ ئۇدۇر. كۆرۈنىدۇكى، ئىنسان ئاللاھنىڭ قۇدرەت قولىدا خۇددى بىر يايغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ ئۇنى خالىسا ئىشىدا قوللايدۇ. شۇنىڭغا كۆرە ئىشلارنىڭ مۇئەللىپى ياي ئەمەس، بەلكى ھەقتۇر. ياي بولسا بار - يوقى قورال - ۋاستىدۇر. لېكىن دۇنيانىڭ ئۆزى قارار بىرىشتە ھەقتىن غاپىلدۇر. «مەن كىمنىڭ قولىدىمەن؟» دەپ ئۆزد- ىدىن خەۋەر ئالغان ياي نەقەدەر بۈيۈك ۋە مۇقەددەستۇر. قارارى ۋە تۇۋرۇكى غەپلەت بولغان بۇ دۇنياغا نېمە دەي؟

بىرەرسىنى ئۇيقۇدىن ئويغاتقاندا ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن دۇن- يادىن زېرىكىپ سوۋۇغىنى سېزىلىدۇ. سەن بۇنى بايقىمايۋاتامسەن؟ ئىنسانىنىڭ باللىقىدىن شۇ ۋاقىتقىچە ئۆسۈپ ئۇلغىيىشىنىڭ سە- ۋەبى غەپلەتقۇ! بولمىسا، ھېچكىم ھېچبىر ۋاقىت ئۆسمەستى. غەپ- لەت سايىسىدا ئۆسۈپ - ئۇلغايغاندىن كېيىن بولسا ئۇلۇغ ئاللاھ خالاپ - خالىماي ئۇنى زەھمەت ۋە كۈرەشلەر باغرىغا تاشلايدۇ. مەق- سەت ئىنسانىنى غەپلەتتىن يۇيۇپ تازىلىماق. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئادەم ئۇ ئالەمگە دوست بولۇپ بارىدۇ. ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدى قىغ توپلاشقا ئوخشايدۇ. بىراق بۇ قىغ توپلاش ئەزىزدۇر. چۈنكى ئۇنىڭدا پادىشاھنىڭ ئۈزۈكى بار. ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدى گويا - بۇغداي تاغد- ىرى. شاھ ئۇنىڭغا: «بۇغداينى قەيەرگە ئەكېتىۋاتىسەن؟ ئاخىر ئۇنىڭدا مېنىڭ ھەسسەم بار؟» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئادەم بولسا ھەس- سىسىدىن غاپىل ۋە بۇغدايغا غەرق بولغان. ئەگەر ئۇنىڭدىن خە- ۋەردار بولسا، قانداق قىلىپ بۇغدايغا ئىلتىپات كۆرسىتىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىنى سۇفلى ئالەمدىن (تۆۋەن ئالەم، يەنى بىز تۇرۇۋاتقان ماددىي ئالەم - تەر.) ئۇلۋىي ئالەمگە (يۈكسەك ئالەم، روھلار ئالىمى -



تەر.) تارتقان ھەربىر پىكىر ئاشۇ ھەسسىنىڭ تاشقىرىغا ئۇرغان ئەكسىدۇر. ئەگەر ئىنسان سۇفلى ئالەمگە مەيل بىلدۇرسە، دىمەك ئۇنىڭدىكى ھەسسە پەردىلىكتۇر.

پەسىل. بىرسى «قازى ئىززەددىن سىزگە سالام يوللىدى ۋە ھەر دائىم سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىز، خەيرىڭىز توغرىسىدا سۆزلەيدۇ، سىزنى ماختايدۇ» دېدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: كىمىكى بىزنى خەير بىلەن ياد ئەتسە، ئۇنىڭمۇ يادى دۇنيادا خەيرلىك بولسۇن! كىمكى باشقا بىراۋ ھەققىدە ياخشى گەپ قىلسا، بۇ ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك ۋە ئۇ ئۆزىنى مەدھىيىلىگەن بولىدۇ. مەسىلەن: ئۆيى ئەتراپىنى بوستانغا ئايلاندۇرغان زات گۈللەرگە ھەر باققاندا، ئۆزىنى رىزۋاندىكىدەك (جەننەتتىكىدەك) ھېس قىلىدۇ. ياخشىلىقنى سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن كىشىلەر ياخشى ئىشلار قىلغۇچىلارنى ھەر ياد ئەتكەندە گويا يارىنى ئەسكە ئالغاندەك سۆيۈنىدۇ. بىراۋنىڭ يامانلىقىدىن گەپ ئېچىلىشى بىلەن ئۇلانىڭ كۆز ئالدىدا گويا يىلان ۋە چايان پەيدا بولىدۇ. ئەجەبا سەنمۇ كېچەيۇ كۈندۈز گۈل ۋە بوستاننى، ئېرەم باغلىرىنى كۆرەلەر ئىكەنسەن، نېچۈن تىكەن ۋە يىلانلار ماكانىدا يورغىلاپ يۈرىسەن؟ بارچە ئادەملەرنى سۆيىكى، گۈل ۋە گۈلزار ئارا بولغايسەن. ئەگەر ئۇلارغا دۈشمەن كۆزى بىلەن قارىساڭ، ئۆزۈڭنى يىلانۇ تىكەنلەر قارارگاھىغا تاشلىغان بولۇرسەن. ھەركىمنى سۆيگەن ۋە ھەر نېمىنى خۇش قوبۇل قىلغان ئەۋلىيا بۇنى ئۆزگىلەر ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز كۆزلىرىگە چىركىن، يېقىمسىز ۋە يىرگىنچلىك خىياللار (خۇدا ساقلىسۇن) كەلمىسۇن، دەپ قىلىدۇ. ئەگەر بۇ دۇنيادا ئادەملەرنى سەۋر ۋە ياد ئەتمەك مۇتلەق زۆرۈرى ۋە قېچىپ بولۇنماس ئىكەن، ئۇ ھالدا يىرگىنچلىك، چىركىن خىياللاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىنسانلارنى ياخشى سۈپەتلەر بىلەن ئەسلە. چۈنكى خەلق توغرىسىدا قىلغان ھەربىر ئىشنىڭ، ئۇنى ياخشى-

لىق ۋە يامانلىق بىلەن ياد ئېتىشنىڭ ساڭا باغلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ ئاللاھ بۇيرۇدىكى: «كىم بىرەر ياخشى ئەمەل قىلسا، ئۆزى ئۈچۈندۇر. كىم يامانلىق قىلسا ئۆزىنىڭ زىيىنىغا قىلىدۇ». «بەس، كىم (بۇ دۇنيادىكى ۋاقتىدا زەررە مىسقالچىلىك ياخشىلىق قىلسا) قىيامەت كۈنىدە شۇنى كۆرىدۇ. كىم زەررە مىسقالچىلىك يامانلىق قىلسا، ئۇنىمۇ كۆرىدۇ».

بىرسى: ئۇلۇغ ئاللاھ «مەن يەردە (ئادەمنى) خەلىپە (ياردەمچى) قىلماقچىمەن» دەپ ئەمىر قىلىدۇ. پەرىشتىلەر: «يەردە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، قانلار تۆكىدىغان كىشىنى (خەلىپە) قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز ھەمدۇ سانا ئېيتىش بىلەن سېنى ئۇلۇغلايمىز ۋە سېنىڭ نامىڭنى دائىم پاك تۇتىمىز» دېيىشتى. (ئۇلار) ئادەم تېخى كەلمەستىن (يارىتىلماستىن) ئالدىن ئۇنىڭ پاساتچى ۋە قان تۆككۈچى ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدى؟ دەپ سورىدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: بۇ يەردە ئىككى نەرسە بار. بىرى، نەقلىي؛ ئىككىنچىسى، ئەقلىي. نەقلىيدە: پەرىشتىلەر لەۋھى مەھفۇزدا بىر قەۋم مەيدانغا چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇنداق سۈپەتلىرى بار، دەپ ئوقۇدى ھەمدە خەۋەردار بولدى. ئەقلىي: پەرىشتىلەر ئەقىللىرى ئارقىلىق (يارىتىلىۋاتقان) قەۋمنىڭ يەردىن (تۇپراقتىن) بولۇشىنى چۈشەندى. دېمەك، ئۇلار (ئادەملەر) شۈبھىسىز ھايۋان بولىدۇ ۋە چوقۇم ھايۋانغا ئوخشاش ئىش قىلىدۇ. ھەتتا ئۇلاردىكى مەنە ۋە نۇتۇقتىن قەتئىينەزەر، ھايۋانلىقى تۈپەيلى خالاپ - خالىماي پىتنە - پاسات چىقىرىدۇ، قان تۆكىدۇ. چۈنكى بۇ ئىنساننىڭ زۆرۈرىدۇر. ئۆزگە بىر قەۋممۇ بۇ ھەقتە دەيدۇكى: مەلەكلەر ساپ ئەقىل ۋە ياخشىلىقتۇر. ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئىشتا ئىختىيارلىرى يوق. خۇددى ئىنسان ئۇيقۇدىكى ۋاقتىدا كۆپۈر ياكى تەۋھىدكە مۇناسىۋەت بىلدۈرەلمىگىنىدەك، پەرىشتىلەر ئويغاقلىقىدا شۇنداقتۇر. ئىنسانلارنىڭ بولسا ئىختىيار-

لىرى بار. ئۇلار نەرسىلەرنى خالىيالايدۇ ۋە ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ بولۇشى ئۈچۈن قان تۆكىدۇ. بۇ ھايۋانىنىڭ سۈپىتىدۇر. شۇڭغا كۆرە ئۇلارنىڭ (مەلەكلەرنىڭ ـ تەر) ھالى ئىنسان ھالىغا زىتتۇر. دېمەك، ئوتتۇرىدا تىل بولمىسىمۇ، «ئۇلار شۇنداق دېدى» دەپ خەۋەر بېرىدۇ. چۈنكى شائىر يازىدۇكى: «ھاۋۇز مەن تولدۇم، دېدى». ئەسلىدە ھاۋۇز گەپ قىلمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تىلى بولسىدى، شۇ ھالدا ئىكەن (سۇ تولغاندا) «مەن تولدۇم» دەيتتى.

ھەر مەسىلەكتە بىر لەۋھە باردۇر. پەرىشتە دۇنيانىڭ ھالىنى ۋە نېمە بولىدىغانلىقىنى ئاشۇ لەۋھەدىن ئوقۇپ ئىمكان دەرىجىسىدە بىلىدۇ. ئوقۇغىنى ئەمەلگە ئېشىشى بىلەن ئۇلۇغ ئاللاھقا بولغان ئىشەنچى، ئىشقى ۋە ئۇنىڭدىن كىچىشى (مەستلىكى) يەنىمۇ ئارتىدۇ. ئاللاھنىڭ غايىبنى بىلگۈچىلىكى ۋە بۈيۈكلۈكىگە ھەيرەتلىنىدۇ. ھەيرەت بولسا سۆزسىز ۋە جۈملىسىز رەۋىشتە ئۇنىڭ زىكرى، تەسبىھى بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ياغاچچى شاگىرتىغا: «ئۇشبۇ ئىمارەت ئۈچۈن مۇنچە كېسەك، مۇنچە ياغاچ ۋە شۇ مىقداردا تاش، سامان كېتىدۇ» دەيدۇ. ئىمارەت پۈتكەندىن كېيىن شاگىرت ئۇستازىنىڭ نەقەدەر توغرا ئېيتقانلىقىنى كۆرىدۇ ـ بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچى يەنىمۇ كۈچىيىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇلارمۇ مۇ ـ شۇ دەرىجىدىدۇر.

بىرسى شەيختىن: «مۇستاپا شۇنچىلىك بۈيۈك بولغىنىغا ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە «سەن بولمىساڭدىڭ، پەلەكلەرنى ياراتماستىم» (ھەدىس) دېيىلگىنىگە قارىماي، ئاللاھقا: «ئەي مۇھەممەدنىڭ رەببى! كاشكى، مۇھەممەد بولمىسىدى!» دېدى. بۇ ـ قانداق گەپ؟» دەپ سورىدى. شەيخ بۇيرۇدى: «سۆز (پىكىر) مىسال بىلەن ئايانلىشىدۇ. مەنمۇ بىر مىسال كەلتۈرەي ـ دە، سەن چۈشەنگىن. ئاڭلا: پالانى قىشلاقتا بىر كىشى بىر ئايالغا ئاشىق بولدى. ئۇلارنىڭ چېدىرلىرى




بىر - بىرىگە ناھايىتىمۇ يېقىن ئىدى ۋە ھەر دائىم ۋاقىتنى بىللە ئۆتكۈزەتتى، بىر - بىرىدىن كۆپ ئىلىم ياشايتتى. ئۇزاق يىللاردىن كېيىن ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇلارنى بېيىتتى. كالا - قوي، ئۆكۈز، ئات، ئالتۇن، تۇرلۇك - تۈمەن ئەشيالار، خىزمەتچى ۋە قۇللارنى بېغىشلىدى. بايلىقلىرى چەكتىن ئېشىپ قىشلاقتا سىغماي شەھەرگە باردى ۋە ھەربىرى بىردىن ھەشەمەتلىك ساراي سېتىۋېلىپ ياشاشقا باشلىدى. بىراق ھەرقانچە ھەريكەت قىلمىسۇن، ئىلگىرىكى بىرلىكىنى، شېرىن دەملىرىنى قايتا تاپالمىدى. بىر- بىرىنىڭ ئىشقىدا يوشۇرۇن ئاھ چېكىشەتتى. ئاخىر، بۇ ئازابمۇ ھەددىدىن ئاشقاندا پەريادلىرى ئاللاھقا يېتىپ باردى ۋە ئاستا - ئاستا بايلىقلىرى ئازدىيىشقا باشلىدى. كۆنلەردىن بىر كۈن تامامەن ئەسلىدىكى ھالىغا قايتتى. شۇندىن كېيىن قىشلاققا قايتىشىپ، يەنە شۇ بىرلىك ۋە زوق ئىچرە ياشاپ ئۆتتى. خوش، پەيغەمبىرىمىز نېچۈن «ئەي مۇھەممەدنىڭ رەببى! كاشكى، مۇھەممەد يارىتىلمىسىدى!» دېدى؟ چۈنكى ئۇ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ۋۇسلىتى ئىچرە ياشاۋاتقان ئىدى. خۇدى بېلىقتەك رەھمەت دېڭىزىغا كىرىپ چىقىۋاتقاندى. بۇ دۇنيادا ھەرقانچە شۆھرەتكە، بۈيۈكلۈككە، شاھلىققا، پەيغەمبەرلىك مەقامىغا ئېرىشكەن ۋە شۇنچە ساھابىلەرگە باش بولغىنىغا قارىماي، بۇرۇنقى ھالىنى ئەسلەش بىلەن دەيدۇكى: كاشكى پەيغەمبەر بولمىسامدىم، بۇ ئالەمگە كەلمىسەمدىم! چۈنكى بۇ دۇنيا - ئۇ مۇتلەق ۋىسالنىڭ قارشىسىدا باشتىن - ئاياغ يۈك، ئازاب ۋە زەھمەتتۇر. بارچە بىلىملەر، مېھنەتلەر ۋە قۇللۇقلار ئاللاھنىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە ئىنايىتى ئالدىدا گويا باش ئېگىپ ھۆرمەت بىلەن كېتىۋاتقان (ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئاللاھقا ھۆرمەت كۆرسىتىشتە بېشىڭنى يەرگە قويماقچى بولساڭ، ئۇنى ناھايىتى بىر مەرتىلا قويىسەن. ئاللاھنىڭ ھەققى ۋە لۇتپى سېنىڭ بارلىقىڭدىن ۋە ھۆرمىتىڭدىن مۇقەددەمدۇر (ئاۋۋال-

www.uyghurkitap.com

دۇر.) چۈنكى ئۇ سېنى ياراتتى، بار قىلدى ۋە بەندىلىككە، ھۆرمەت
كۆرسىتىشكە ئىستىبداتلىق قىلدى. جۈملىدىن سەنمۇ ئۇنىڭغا قۇل-
لۇق قىلىشتىن گەپ ئېچىۋاتىسەن، لاپ ئۇرۇۋاتىسەن. قۇللۇق ياكى
خىزمەت گويا ياغاچ ياكى ماتادىن قوچاق ياساپ، ئاللاھتىن: «بۇ قو-
چاقلار ماڭا ياقتى، پەقەت ئۇلارغا جان بېغىشلىماق ـ سېنىڭ
ئىشىڭ. ئەگەر بېغىشلىساڭ تىرىلدۈرگەن بولىسەن، بېغىشلىمىساڭ ـ
پەرمان سېنىڭدۇر!» دېيىشكە ئوخشايدۇ.

ئىبراھىم بۇيرۇدىكى: «پەرۋەردىگارىم تىرىلدۈرۈپ ئۆلتۈرىدى-
غان زاتتۇر». نەمرۇدمۇ دېدى: «مەن (مۇ) تىرىلدۈرىمەن ۋە ئۆلتۈرى-
مەن». ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنىڭغا مال ـ مۈلۈك بەرگىنى ئۈچۈن ئۆزىنى
قۇدرەتلىك ھېسابلاپ، ئىشنى ھەققە ھاۋالە ئەتمىدى. بەلكى: «مەن
(مۇ) تىرىلدۈرىمەن ۋە ئۆلتۈرىمەن» دېدى. مۈلۈكتىن مەقسەت ـ
بىلىم. ئۇلۇغ ئاللاھ ئىنسانغا مەن ئىش ۋە ئەمەل بىلەن ھايات بې-
غىشلايمەن، زوق پەيدا قىلىمەن، دەپ ئىشلىرىنى ئۆزىگە باغلاش
ئۈچۈن ئەقىل ۋە نازاكەت بەردى. بۇ ـ ئۇ تىرىلدۈردۇ ۋە ئۆلتۈرۈ-
دۇ، دېگىنى ئەمەس.

بىرسى بۈيۈك مەۋلانادىن سورىدى: «ئىبراھىم نەمرۇدقا: ‹ئەل-
ۋەتتە ئاللاھ قۇياشنى مەشرىقتىن چىقىرىدۇ›. ئەگەر سەن خۇدالىق
دەۋاسىدا بولساڭ، بۇنىڭ ئەكسىنى كۆرسەت، دېدى. بۇ نە ھالكى،
نەمرۇد ئىبراھىمنى گەپ بىلەن مات قىلدى. چۈنكى ئۇ (ئىبراھىم)
ئاۋۋال ئېيتقان سۆزىنى قويۇپ، باشقا بىر دەلىل كەلتۈردى؟»

بۈيۈك مەۋلانا بۇيرۇدىكى: ئاۋۋالارغا ئوخشاپ سەنمۇ بىلجىرلاۋا-
تىسەن. ئاخىر، ھەر ئىككى مەسىلمۇ بىرغۇ! ئۇلارنىڭ بىرقانچە مە-
نىسى بار. بىرى: ئۇلۇغ ئاللاھ سېنى يوقلۇقتىن ئانا قورسىقىدا بار
ئەتتى. سېنىڭ مەشرىقىڭ ـ ئاناڭ قورسىقى. ئۇ يەردە تۇغۇلدۇڭ ـ
چىقتىڭ، يوكسەلدىڭ ۋە مازار مەغرىبىدە پاتتىڭ. بۇ دېگىنى «تى-

رىلدۇرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ» دېمەكتۇر. ئەگەر سەن قۇدرەت ساھىبى بولساڭ، بالىنى مازار مەغرىبىدىن چىقاردە، رەھىم مەغرىبىگە يەتكۈز، كۆرىمىز! باشقا مەنىسى شۇ: تائەت، مۇجاھەدە ۋە يۈكسەك ئىلىملەر ۋاستىسىدە ئارىپتا ئايدىڭلىق (نۇرلىنىش، پارلاش)، ئۆزىدىن كېچىش، زەۋق ۋە ھۇزۇر ھاسىل بولىدۇ. بۇلارنى تەرك ئەتسىچۇ، زەۋقمۇ يوقىلىدۇ. دېمەك، تائەت ھالى بىلەن تەرك ئېتىش ھالى ئۇنىڭ مەشرىق ۋە مەغرىبى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر سەن ياردتىشقا قادىر بولساڭ، گۇناھ مەغرىبىدە پەيدا بولغان پىتنە ـ پاسات ۋە يامانلىقنى ھەمدە تائەتتىن تۇغۇلغان ئايدىڭلىقى (نۇرلىنىش) ۋە راھەتنى ھازىر، شۇ ئاندا كۆرسەت. كۆرستەلمەيسەن! چۈنكى بۇ قۇلنىڭ ئىشى ئەمەس ۋە ھېچقاچان، ھېچبىر قۇل بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان ۋە چىقالمايدۇ. سەۋەب: بۇ ئاللاھنىڭ ئىشى ۋە ئۇ قۇياشنى خالىسا غەربتىن، خالىسا شەرقتىن چىقىرىدۇ. «ئۇ تىرىلدۇرىدىغان ۋە ئۆلتۈرىدىغان زاتتۇر».

كاپىرمۇ، مۆمىنمۇ ئۇنى تەسبىھ ئېتىدۇ. چۈنكى ئۇلۇغ ئاللاھ كىمدەكىم توغرا يولدىن يۈرسە، توغرا ياشىسا، شەرىئەت ۋە ۋەلىي ھەم نەبىيلەرنىڭ تەرىقەتلىرى (يوللىرى) بويىچە ھەرىكەت قىلسا، ئۇنىڭدا ئايدىڭلىق، ھايات ۋە زەۋق ھاسىل بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ئەگەر كىشى ئەكسىچە ياشىسا ھەر تۈرلۈك بالالارغا گىرىپتار بولۇشىمۇ بىلدۈرۈلگەن. كىمدۇر يوللارنىڭ بۇنىسىدىن يۈرسە، كىمدۇر ئۇنىسىنى تاللايدۇ ۋە شۇ تەرزدە ئاللاھنىڭ ۋەدىسى قانداق بولسا، شۇنداق يۈزگە چىقىدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىمۇ ئاللاھنى تەسبىھ ئەتكەن ھېسابلىنىدۇ. پەقەت ئىككىسى ئىككى خىل تىل بىلەن. ئۇلار ئارىسىدىكى پەرق نېمىدىن ئىبارەت؟ مەسىلەن: ئوغرىلىق ئۈچۈن ئوغرىنى دارغا ئېسىشسا، ئۇ (ئوغرى) مۇسۇلمانلارغا ۋائىزدۇر. يەنى، بۇ شۇنداق دېگەنلىكتۇركى، كىمدە كىم

www.uyghurkitap.com

ئوغرىلىق قىلسا، ئۇنىڭ ھالى شۇدۇر. توغرا ۋە ئىشەنچلىك بولغانى ئۈچۈن پادىشاھ باشقا بىر ئادەمگە زەرباب تون ھەدىيە قىلدى. ئۇ ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ۋائىزىدۇر. پەقەت ئوغرى ۋە زەرباب تون ساھىبى ئۆز تىللىرى بىلەن ۋەئىز ئېيتىدۇ. سەن ئۇلار ئارىسىدىكى پەرققە باق!

پەسىل. بۇيرۇدىكى: قانداقسەن، خاتىرەڭ جەممۇ؟ چۈنكى خاتىرە ناھايىتىمۇ ئەزىز نەرسىدۇر. ئۇ تۇزاققا ئوخشايدۇ. تۇتۇش ئۈچۈن تۇزاق مۇستەھكەم بولۇشى كېرەك. بولمىسا، ھېچ ئىشقا يارىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئادەملەرگە قارىتىلغان دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك ھەددىدىن ئاشماسلىقى لازىم. چۈنكى ئۇلارنىڭمۇ تۇزىقى سۇنۇشى مۇقەررەر. مۆتىدىللىك لازىم. دوستلۇقمۇ چەكتىن ئاشمىسا ــ دۇرۇس دېگەندە، ئەلۋەتتە ھەقتىن باشقىغا بولغان دوستلۇق نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ توغرىسىدا ھېچقانداق ئىفرات (چوڭقۇرلاپ كېتىش، چەكتىن ئېشىش ــ تەر.) تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ. سۆيگۈ قانچە كۈچلۈك بولسا شۇنچە ياخشىدۇر. ئەمما ئىفرات نىمە ئۈچۈن ھەقتىن باشقىسى (يەنى خەلق ــ تەر.) ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى خەلق كۆك قۇببەسىنىڭ ئەسىرىدۇر. كۆك قۇببىسى ئايلىنىدۇ. جۈملىدىن خەلقنىڭ ئەھۋالىمۇ ئايلىنىدۇ، ئۆزگىرىدۇ. دوستلۇق ئىفراتقا بارغاندا (چەكتىن ئاشقاندا ــ تەر.) ھەمىشە بۇيۈكلۈك ۋە سائادەتنى خالايدۇ. بۇ مۇمكىن ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خاتىرە پەرىشان بولىدۇ. دۈشمەنلىكمۇ ئىفراتقا بارغاندا، دائىم ياماللىق ۋە بەختسىزلىكنى خالايدۇ. كۆك قۇببىسى ئايلانماقتا. شۇنىڭغا كۆرە ئۇنىڭ (ئادەمنىڭ ــ تەر.) ھالىمۇ ئۆزگىرىدۇ ۋە ئۇ بەزى كۈلسە، بەزى يىغلايدۇ. ئىنسانىنىڭ ھەممە ۋاقىت بەختسىز بولۇشى مۇمكىن بولمىغىنى ئۈچۈن ئۇنى خۇش كۆرمىگەن كىشىنىڭ ئارامى بۇزۇلىدۇ. پەقەت ئاللاھ سۆيگۈسى ئادەملەرنىڭ بارچىسىدا، (ھەتتا

كاپىر، يەھۇدىيۇ بۇتپەرەستمۇ يوشۇرۇندۇر. ئاخىر ئىنسان ئۆزىنى ياراتقاننى قانداق قىلىپ سۆيمىسۇن؟ (ئۇ سۆيىدۇ) پەقەت سۆيگۈسى ئۇنىڭدا يوشۇرۇندۇر. چۈنكى ئايرىم توسۇقلار باركى، ئىشقىنىڭ ئاشكارا بولۇشى ئىمانسىزدۇر. قاچانكى توسۇقلار ئوتتۇرىنى بوشىدىتىدۇ، سۆيگۈ ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. پەقەت بارلىقلار ئەمەس، ھەتتا يوقلۇقلارمۇ ئۆزلىرىنى بار ئېتىشنى ئۈمىد قىلىپ ياشايدۇ. يوقلۇق پادشاھ قارشىسىدا سەپ تارتقان تۆت ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى شاھ ماڭا بىر ئورۇن بېرىدۇ دەپ كۈتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئۇيىلىدۇ. چۈنكى بىرىنىڭ ئۈمىدى باشقىسىنىڭكىگە مۇۋاپىق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن يوقلۇق ئاللاھ ھۇزۇرىدا تىزىلىپ تۇرۇپ «مېنى بار ئەت!» دەپ، قالغانلىرىدىن ئاۋۋالراق يارىتىلىشنى ئىستەيدۇ. يوقلۇقلار شۇنداق ئىكەن، بارلىقلار قانداق بولۇشى كېرەك؟ «مەۋجۇت بولغان بارچە نەرسە ھەمدۇ سانا ئېيتىش بىلەن ئۇ زاتنى پاكلايدۇ. لېكىن سىزلەر (ئەي ئىنسانلار)، ئۇلارنىڭ تەسبىھ ئېيتىشلىرىنى ـ پاكلاشلىرىنى چۈشەنمەيسىزلەر». بۇ سۆزگە ھەيرەت ئېيتىلمەيدۇ. (چۈنكى) يوق بولمىغان ھېچ نەرسە يوقتۇركى، ئۇنىڭ ھەمدىنى تەسبىھ ئەتمەيدىغان، غېرىب بولغان نەرسە شۇدۇر.

شېئىر: (كۆپۈرمۇ، ئىمانمۇ سېنىڭ يولۇڭدا: «ئۇ بىردۇر. ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر» دەپ يۈگۈرۈپ يۈرۈشىدۇ.)

بۇ ئۆيىنىڭ ئۇلى غەپلەتتۇر. چۈنكى ئالەمدىكى بارچە جىسىملارنىڭ ئۆسۈشى ـ غەپلەت مېۋىسى. جۈملىدىن سېنىڭ ۋايىغا يەتكەن شۇ گەۋدەڭمۇ ئۇنىڭدىن. غەپلەت ـ كۆپۈر. كۆپۈر بولمىسا، دىن بولمايدۇ. چۈنكى، دىن كۆپۈرنى تەرك ئەتمەكتۇر. دېمەك، كۆپۈر بولسۇنكى، ئىنسان ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلىسۇن. شۇنىڭغا كۆرە بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىمۇ بىر نەرسە. چۈنكى ئۇلار بىر ـ بىرىسىز يوق-



www.uyghurkitap.com

تۇر. ئۇلار قىسىملارغا ئايرىلمايدۇ. ياراتقانلىرى (خالىقلىرى) مۇ بىردۇر. ئەگەر خالىقلىرى بىر بولمىسا ئىدى، ئايرىلاتتى، پارچىلىناتتى. چۈنكى ھەربىرى بىر بۆلەكنى ياراتقان ھېسابلىناتتى. شۇنىڭغا كۆرە، ياراتقان بىر بولغىنى ئۈچۈن ئاللاھ بىردۇر. ئۇنىڭ ھەمراھى بولمايدۇ.

دېدىلەركى: «سەييىد بۇرھانىددىننىڭ گۈزەل بىر نۇتقى بار، لېكىن گەپ ئارىسىدا سەنائىي شېئىرىنى كۆپ تەكرارلايدۇ». سەيىيد بۇيرۇدىكى: بۇ ئېتىراز «قۇياش ياخشى، ئەمما بىر ئەيىبى ــ نۇرى بار» دېيىشكە ئوخشايدۇ. سەنائىي شېئىرىدىن مىسال سۆپىتىدە پايدىلىنىشتىن مەقسەت ــ پىكىرنى يېشىش، كۆرسىتىش. ھەممە نەرسىنى كۆرسەتكەن قۇياشتۇر ۋە ھەممە نەرسە ئۇنىڭ زىياسى تۇپەيلى كۆرۈنىدۇ. قۇياش نۇرىدىن مۇراد ــ نەرسىلەرنى كۆرسىتىش. (ئەمما) ئۇ قۇياش ئىشقا يارىمايدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتەمەكتە. ئىشقا يارايدىغان نەرسىلەرنى كۆرسەتكەن قۇياش ھەقىقىيدۇر. سىزمۇ جۈزئى ئەقلىڭىز نىسبىتىدە كۆڭۈل قۇياشىدىن بىلىم زىياسى ئېلىڭ. چۈنكى بۇ ھەقىقەت قۇياشىنىڭ نۇرى ۋە مەجازىدۇر. سىزگە ئاشكارا نەرسىلەردىن باشقا بىرى يۈز ئاچسا، بىلىمىڭىز ئارتىدۇ. ھەربىر ئۇستازدىن ۋە دوستتىن بىرەر نەرسە ئېلىشقا ئىنتىلىڭ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ھەقىقىي قۇياشتىن باشقا يەنە بىر قۇياش بار. ئۇنىڭ ياردىمىدە ھەقىقەتلەر ۋە مەنىلەر كەشپ ئېتىلىدۇ. سەن مەمنۇن بولغان جۈزئى بىلىم بۈيۈك بىلىمنىڭ نۇرىدۇر. «ئۇلار (گويا) ئۇزاق بىر جايدىن چاقىرىلىۋاتقان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ» دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، ئۇ نۇر سېنى ئاشۇ بۈيۈك بىلىم ۋە ئاساس قۇياشى تەرەپكە چاقىرىدۇ.

سەن ئۇ ئىلىمنى ئۆزۈڭ تەرەپكە تارتىۋاتىسەن. ئۇ دەيدۇكى: مەن بۇ يەرگە سىغمايمەن، ياخشىسى سەن ئۇ يەرگە كەل. مېنىڭ بۇ

يەرگە سىغىشىم ئىمكانسىز، سېنىڭ ئۇ يەرگە كېلىشىڭ ـ مۇش ـ كۈل. ئىمكانسىزنى ياراتماق ـ ئىمكانسىز (مۇمكىن ئەمەس.) بىراق مۇشكۈلنى ياراتماق ئىمكانسىز ئەمەس. دېمەك، يالغۇز چارە ـ سې ـ نىڭ غەيرىتىڭ ۋە مېھنىتىڭ ئارقىلىق بۈيۈك ئىلىمگە قوشۇلۇش. ئۇنىڭ بۇ يەرگە سىغىشىنى بولسا مۇتلەق ئۇمىد قىلما. ئېيتايلى، بايلار ئاللاھنىڭ دۆلىتىنى مىسقاللاپ، تېيىنلاپ توپلايدۇ. بۇنى ئۇلار بايلىق نۇرىدىن بايلىق سۈپىتىنى قازانماق ئۈچۈن قىلىدۇ. بايلىق نۇرى دەيدۇكى مەن ئۇ بۈيۈك بايلىق تەرىپىدىن سىزنى چا ـ قىرىۋاتىمەن. سىز بولسىڭىز مېنى نېمىشقا بۇيەرگە تارتىسىز؟ ئاخىر، مەن سىغمايمەنغۇ! ياخشىسى سىز كېلىڭ. خۇلاسە: ئەسلىي بولغان نەرسە نەتىجىدۇر. نەتىجە ماختالسۇن! بۇنىڭدىن نەتىجە يىل ـ تىزى روھاني باغدا، گەۋدىسى، شاخلىرى ۋە مېۋىلىرى (يەنى نۇ ـ رى) باشقا جايدا بولغان مول ھوسۇللۇق دەرەخكە ئوخشايدۇ. مېۋىـ ـ لىرىنى يىلتىزى جايلاشقان باغقا يەتكۈزىدۇ. چۈنكى كۆۋرۈك شۇ يەردىدۇر. ئەگەر ئەكسىچە بولسىچۇ؟ ئۇندا تاشقى كۆرۈنۈشتە «سۇب ـ ھانالللاھ!» ۋە «لائىلەھە ئىلللەللاھ!» دېيىلسىمۇ، يىلتىزى بۇ دۇنيادا بولغىنى ئۈچۈن مېۋىلىرىنىمۇ شۇ ياققا ئېلىپ كېلىشىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككىسىلا ئۇ باغدا بولسا، نۇر ئۈستىگە نۇر بولىدۇ.

پەسىل. ئەكمەلىددىن: «مەۋلاناگە ئاشىقمەن. ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرۈشنى شۇ قەدەر ئىستەيمەنكى، ھەتتا ئاخىرەتمۇ خىيالىمغا كەل ـ مەيدۇ. مەۋلانانىڭ نەپسىنى بۇ چۈشەنچىلەر ۋە تەدبىرلەردىن ئازادە، مۇنىس (ئۈلپەت، يېقىن) كۆرىمەن. ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن ھالاۋەت تاپىمەن. سۈرەت ۋە خىيالىدىن بولسا مەندە لەززەتلەر ھاسىل بولى ـ دۇ» دېدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: ئاخىرەت ۋە ھەق ئۇنىڭ خىيالىغا كەلمىسىمۇ، بۇلار دوستلۇقتا پىنھاندۇر. خەلپە ھۇزۇرىدا بىر ئۈسسۈلچى ساز چالاتتى. خەلپە دېدىكى: «سەنئىتىڭ قولىڭدىمۇ؟»

ئۇسسۇلچى: «پۇتلىرىمىزدىمۇ بار» دەپ جاۋاب بەردى. چۈنكى ئۇنىڭ قوللىرىدىكى زەۋق پۇتلىرىدىكى بارماقلىرىدا يوشۇرۇن بولغانلىقىدىندۇر. شۇنىڭغا كۆرە، مۇرت ھەرقانچە ئاخىرەتنى ئويلىمىسىمۇ، شەيخنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ھېسسىنى تۇيۇشنىڭ تېگىدە شۇ زەۋق بار. پەقەت يوشۇرۇندۇر، كۆزدىن پىنھاندۇر. مەسىلەن: بىر كىشى ئوغلىنى سۆيۈپ ئەركىلەتكەندە ئاتىلىق، مېھرىبانلىق، ۋاپا، مەرھەمەت، شەپقەت كەبى تۇيغۇلارنى خىيالىغا كەلتۈرمىسىمۇ، بۇلارنىڭ بارچىسى ئۇنىڭ مېھرىدە يوشۇرۇندۇر. خۇددى شامالنىڭ دەرەختە يوشۇرۇن بولغىنىدەك. خاھ يەردە، خاھ سۇدا بولسۇن، ئەگەر ئۇنىڭدا شامال بولمىسىدى، ئوت (ئۇنىڭغا) تەسىر قىلماستى. چۈنكى شامال ـ ئوتنىڭ يېمى، ھاياتى. ئاخىر، كۆرمەيۋاتامسەن، پۇۋلىمەك ئوتنى جانلاندۇرىدىغۇ؟ دەرەخ سۇدىمۇ، تۇپراقتىمۇ قەيەردە بولمىسۇن، ئوت ئۇنىڭدا يوشۇرۇندۇر. بولمىسا، ئۇ (دەرەخ، ياغاچ ـ تەر.) سۇنىڭ يۈزىگە لەيلەپ چىقماس ئىدى. ئالايلى، سەن گەپ قىلىۋاتقان بولساڭ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىز، تاماق، تىل، ئەقىل، بۇرۇن ۋە لەۋلەر كېرەك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ۋۇجۇدنىڭ قالغان ئەزالىرى، ئۇنىڭدىن تاشقىرى تەبىئەتلەر، پەلەكلەر ۋە ئەركانلار، ئالەمنى تۇتۇپ تۇرغان ھەددى ـ ھېسابسىز سەۋەبلەرمۇ زۆرۈردۇر. كېيىن سەن ئاللاھنىڭ سۈپەت ۋە زات ئالىمىگە ئېرىشىسەن. بۇلاردىن قەتئىينەزەر مەنە سۆزدە كۆرۈنمەيدۇ ۋە مەيدانغا چىقمايدۇ. پەقەت ئۇلار سۆزدە يوشۇرۇندۇر. ئىنسان بىئىختىيار كۈندە بەش ـ ئالتە مەرتە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە دۇچ كېلىدۇ. بۇ ئىنساننىڭ ئەمەس، بەلكى باشقىنىڭ (ئاللاھنىڭ) ئىختىيارىدىكى ئىش بولۇپ، ئۇ ئىنساننى نازارەت قىلىدۇ. چۈنكى يامان بىر قىلغۇلۇقنىڭ نەتىجىسى ئازابتۇر. ئەگەر نازارەت بولمىسا، بۇنىڭ جازاسىنى كىم بېرىدۇ؟ ئىنسان ئاجىز بولۇشقا قارىماي، ئۇنىڭ تەبى-

ئىتى «مەن باشقا زاتنىڭ ھۆكمى ئاستىدىمەن!» دەپ ئېتىراپ قى-
لىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ۋە ئىنسان بۇنىڭغا قانائەتلەنمەيدۇ.
«ئادەمنى ئۆزىگە ئوخشىتىپ ياراتتى» (ھەدىس.) ئاللاھ ئۇنىڭغا بەن-
دىلىك سۈپىتىدە زىت بولغان ئۇلۇھىييەت (ئىلاھىلىق) ۋەسپىنى
(سۈپىتىنى) قەرز سۈپىتىدە قويغاندۇر. ئىنسان بېشىغا قانچە
مۈشتۈلسىمۇ، ئارىيەتكە ئايلانغان بويۇنتاۋلىقتىن ۋاز كەچمەيۋاتى-
دۇ ۋە بارچە ئوغۇشسىزلىقلىرىنى تېزلا ئۇنتۇۋاتىدۇ. بەربىر، بۇ
پايدىسىز. قەرزگە بېرىلگەن ئۇلۇھىييەتنى قايتۇرۇپ بەرمەستىن،
ئارقىمۇئارقىدىن چۈشۈۋاتقان تەستەكتىن قۇتۇلۇش مۇمكىن
ئەمەس.

پەسىل. بىر ئارىپ دېدىكى: بىر ئاز ئارام ئالاي دەپ ھاممامنىڭ
ئوت ياقىدىغان يېرىگە باردىم. ئۇ يەردە باش ئوت ياققۇچى يېڭى
خىزمەتكارنى ماختايتتى، خىزمەتكار بولسا جان - جەھلى بىلەن
ئىشلەيتتى. ئارىپ باش ئوت ياققۇچىنىڭ شۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى:
«ئەگەر ھەر دائىم شۇنداق چاققان ئىشلىسەڭ، بىر كۈن ئورنۇمنى
ساڭا بېرىمەن. ئارىپنىڭ كۈلكىسى قىستىدى ۋە ئىچىدىكى بىر
مەسىلە ھەل بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. (چۈنكى) دۇنيادىكى بارچە
غوجايىنلار قۇللىرىغا نىسبەتەن شۇنداقتۇر».

پەسىل. بىرسى: «مۇنەججىملەردىن بىرى: سىلەر كۆرۈپ تۇرغان
پەلەكلەر ۋە يەرشارىدىن باشقا يەنە نېمىدۇر بار دەپ داۋا قىلىشىۋاتى-
سىلەر. مېنىڭ كۆز ئالدىمدا بولسا ھېچ نەرسە يوق. ئەگەر بولسا
كۆرسىتىڭلار، دەۋاتىدۇ» دېدى. مەۋلانا بۇيرۇدىكى: بۇ سوئالنىڭ
ئۆزى خاتا. چۈنكى «قەيەردىلىكىنى كۆرسىتىڭ، ئۇنىڭ جايى يوق-
تۇر» دەۋاتىسىز. خوش، ئېيتىڭچۇ، سىزنىڭ ئېتىرازىڭىز قەيەردە
ۋە قانداق جايدا؟ تىلدا ئەمەس، ئېغىزدا، كۆكرەكتە ئەمەس. جۇملى-
دىن تەھلىل قىل، ئۇنى قىسىملارغا، زەررىلەرگە ئاجرىتىپ باقچۇ،

ئۇلاردا ئىتىراز ۋە چۈشەنچىنى تاپالامدىكەنسەن؟ دېمەك، چۈشەنـ-
چەڭنىڭ تۇرار جايى يوقلۇقىنى چۈشەندىڭ. ئەجەبا ئۆز چۈشەنچەڭ-
نىڭ ئورنىنى بىلەلمىدىڭ، ياراتقانىنىڭ قارارگاھىنى قانداق بىلە-
سەن؟ سەندە مىڭلاپ چۈشەنچىلەر ۋە ھاللار نامايان بولماقتا، بىراق
بۇلارنىڭ ھېچبىرى سېنىڭ قول ۋە ھۆكمىڭ ئاستىدا ئەمەس.
ئەگەر ئۇلار ھاسىل بولغان يەرنى بىلسەڭ، سەنمۇ ئىلاۋە قىلالىغان
بولاتتىڭ. سەندە ئۆتۈش يولى بولغان تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ قەيەردىن
كېلىپ قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىزسەن. ئۆز ئەھۋالىڭنى
بىلىشتىن ئاجىز بولغان تۇرۇقلۇق، خالىقىڭنى (ياراتقىنىڭنى)
قانداق بىلىسەن؟ ئەخلاقسىز قېيىنسىڭلىسى بار بىر ئادەم: «(ئۇ)
كۆكتە ئەمەس» دېدى. ئەي ئىت، كۆكتە ئەمەسلىكىنى قەيەردىن بى-
لىسەن؟ توغرا سەن ئاسماننى غىرىچلاپ ئۆلچىدىڭ، كەزدىڭ، تەك-
شۈردۈڭ. بىراق ئۆيىڭدىكى نومۇسسىز خوتۇننى بىلمىگەن تۇرۇپ،
كۆكنى قانداق بىلىسەن؟! ئاسمان، يۇلتۇزلار ۋە پەلەكلەر توغرىسىدا
بىر ـ ئىككى گەپ ئاڭلاپلا سەنمۇ ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈۋېتىپ-
سەن. ئەگەر ھەقىقەتەن سېنىڭ بىلىمىڭ بولسىدى ياكى كۆككە
قاراپ بىر غىرىچ كۆتۈرۈلسەڭ ئىدىڭ، بۇ لاپلارنى ئېيتماستىڭ. بۇ
«تەڭرى ئاسماننىڭ ئۈستىدە ئىكەن» دېگەن خۇلاسىگە ئېلىپ كەل-
مەسلىكى كېرەك. چۈنكى ئۇ ئاسمان ۋە كائىناتنىڭ تاشقىرىسىدا
بولمىغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئەمەستۇر. يەنى ئاسمان ۋە كا-
ئىنات ئۇنى ئىگىلىگەن بولماي، ئۇ بۇلارنى قامرىغاندۇر.

بىرسى: «ئاسمان، يەر، ئەرش ۋە كۇرس بولماستىن ئەۋۋەل ئۇ
قەيەردە ئىدى؟» دەپ سورىدى. بىز دېدۇقكى: بۇ سوئالمۇ توغرا
ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ ئۇدۇر ۋە ئۇنىڭ ماكانى يوقتۇر. سەن ئۆزۈڭ-
دىكى نەرسىلەرنىڭ جايىنى بىلدىڭمۇ، ئۇنى سوراقلىغىدەك؟ ئەگەر
ئۇنىڭ ماكانى يوق ئىكەن، ئۇ ھالدا سېنىڭ چۈشەنچىلىرىڭ ۋە





ئەھۋالىڭنىڭ جايى قانداق قىلىپ تەسەۋۋۇر ئېتىلىسۇن؟ چۈنكى چۈشەنچىنى ياراتقان چۈشەنچىنىڭ ئۆزىدىن يەنىمۇ لەتىپراق بولىدۇ. مەسىلەن: مېمار ئۆزى سالغان ئىمارەتتىن لەتىپتۇر. چۈنكى ئۇ بۇنىڭغا ئوخشاش ۋە ئوخشىمىغان مىڭلارچە ئۆينىڭ خەرىتىسىنى سىزالايدۇ. دېمەك، ئۇلارنى قۇرۇشقىمۇ قادىر. شۇنىڭغا كۆرە مېمار بىنادىن ئەزىز ۋە لەتىپتۇر. پەقەت لۇتىپ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ گۈزەللىك ئالىمىدە مەيدانغا كېلىدىغان ئويلار ۋە ئىشلار ئارقىلىق يۈز كۆرسىتىدۇ. نەپەسمۇ يازدا ئەمەس، قىشتا كۆرۈنىدۇ. چۈنكى يازمۇ نەپەسكە ئوخشاش لەتىپ بولغىنى ئۈچۈن (نەپەسنى) كۆز ئىلغىمايدۇ. بولمىسا، يازدا نەپەس ئېلىنمامدۇ؟ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش سېنىڭمۇ بارچە مەنە ۋە سۈپەتلىرىڭ لەتىپتۇر، كۆزگە كۆرۈنمەستۇر. پەقەت قانداقتۇر ئىش ۋاسىتىسىدە يۈزگە چىقىدۇ. مەسىلەن: سەندىكى شەپقەت بىر ئادەمنىڭ گۇناھىنى كەچۈرمىگىنىڭچە يوشۇرۇندۇر. شۇنىڭدەك ئىنساندىكى قەھرىمۇ قانداقتۇر بىر ئەيىبدارنى تۇتۇۋېلىپ كالتەكلىگەندە ئۆزىنى تونۇتىدۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھمۇ پەۋقۇلئاددە لۇتىپكار بولغانلىقى ئۈچۈن كۆزگە كۆرۈنمەستۇر. شۇڭا ئۇ يەر ۋە كۆكنى ئۆز قۇدرىتىنى ۋە سەنئىتىنى نامايان قىلىش بىلەن ياراتتى. «ئاخىر ئۇلار ئۈستىلىرىدىكى ئاسماننى ـ بىز ئۇنى قانداق بىنا قىلىپ، (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزەپ قويغىنىمىزنى ۋە ئۇنىڭ تۆشۈك ـ يورۇقلىرىمۇ يوق ئىكەنلىكىنى كۆرمىدىمۇ؟».

مېنىڭ سۆزۈم مېنىڭ قولۇمدا (ئىختىيارىمدا) ئەمەس. شۇنىڭدىن خاپىمەن. چۈنكى دوستلىرىمغا ۋەز ئېيتقۇم كېلىدۇ يۇ، سۆزلىرىم ماڭا بويسۇنمايدۇ. خۇرسەن بولغان تەرىپىم شۇكى، سۆزۈم مەندىن يۈكسەكتە ۋە مەن ئۇنىڭغا مەھكۇممەن. چۈنكى سۆزنى ئاللاھ ئېيتسا، ئۇ بارغان جايىدا ھاياتبەخش ئاتا قىلىدۇ. «ئۇنى ئاتقان

سەن ئەمەسسەن. ئۇنى ئاللاھ ئاتتى» (قۇرئاندىن) بۇيرۇلغىنىدەك، ئاللاھ كاماندىن ئېتىلغان ئوقتا ھېچقانداق قالقان بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. سۆيۈنۈشىم شۇنىڭدىن.

ئەگەر ئىنساننى بىلىمسىزلىك تەرك ئەتسىدى، ئۇ كۆيۈپ تۈگىگەن بولاتتى. شۇنىڭغا كۆرە، بارلىقنىڭ باھاسى بىلىمسىزلىك بىلەن مۇمكىن بولغىنى ئۈچۈن بىلىمسىزلىك مەتلۇبدۇر (تەلەپ قىلىنغۇچى.) بىلىمۇ ئاللاھنى بىلىشكە سەۋەب بولغانلىقتىن ئىستىلىدۇ. دېمەك، ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىنىڭ ياردەمچىسىدۇر ۋە بارچە زىت نەرسىلەر شۇنداقتۇر. كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ھەم ياردەمچىسى ھەم زىتى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى كېچە دائىمىي بولسىدى، ھېچقانداق ئىش مەيدانغا كەلمەس ئىدى. ھەمىشە كۈندۈز بولۇشىمۇ ئىنسان ئەزالىرىنى كاردىن چىقىرىدۇ. چۈنكى كېچىسى ئارام ئالماستىن كۈندۈزى سەرپلەش (ئىشلەش) مۇمكىن ئەمەس. بىراق بۇلارنىڭ بارچىسى باشقۇرغۇچىغا نىسبەتەن بىرلا ئىشنى بىجىرىۋاتىدۇ ۋە بىر ـ بىرلىرىگە زىت ئەمەستۇر. بولمىسا، قېنى كۆرسىتىڭ، دۇنيادا قايسىبىر نەرسە نوقۇل ياماندۇركى، ئۇنىڭدا ياخشىلىق بولمىسۇن، قايسى بىر نەرسە نوقۇل ياخشىدۇركى ئۇنىڭدا يامانلىق بولمىسۇن؟ مەسىلەن: بىر ئادەم قان تۆكمەكچى بولدى ۋە خېلى يامان ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بىراق خۇددى ئەنە شۇ يامان ئىشلار ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلسا، خۇلاسە شۇكى، ئۇلار ياخشىدۇر. چۈنكى ئۆلۈمنىڭ ئالدىنى ئالدى. شۇنداق ئىكەن، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاجرالماستۇر، بىر نەرسىدۇر. بىز مەجۇسىيلەر بىلەن مۇنازىرە قىلغىنىمىزدا، ئۇلار: «ئىككى تەڭرى بار: بىرى ياخشىلىقنى، ئىككىنچىسى بولسا يامانلىقنى يارىتىدۇ» دېدى. بىز جاۋاب بەردۇق: سەن يامانلىقسىز بىر ياخشىلىقنى كۆرسەتكىنكى، بىز يامانلىق ۋە ياخشىلىقنى ياراتقان ئىككى خۇدانى ئېتىراپ قىلايـ

لى. بۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ياخشىلىق يامانلىقتىن ئايرىم ئەمەس. ئەگەر بۇ شۇنداق ئىكەن، دېمەك ئۇلار ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئىككى ياراتقۇچى ھەققىدىكى گەپ لاپتۇر. بىز سېنى «بۇنىڭغا ئىشىنىشىڭ شەرت!» دەپ مەجبۇرلىماي-مىز. پەقەت: «ئەھۋالىڭ بۇنداق ئەمەسلىكىگە قانداق ئەمىن بول-دۇڭ؟» دەيمىز. ئەي نائەھلى، ئاللاھ بۇيرۇدىكى، «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ بىر كۈندە - بارچە ئالەملەر، پۈتۈن ئالەملەر پەرۋەردىگارى ھۇزۇرىدا تىك تۇرۇپ (ھېساب - كىتاب بېرىدىغان قىيامەت) كۈند-دە قايتا تىرىلگۈچى ئىكەنلىكلىرىنى ئويلىمامدۇ؟». شۇنىڭدىن كې-يىنمۇ سەندە بىز ئېيتقانلارنى ئويلاپ كۆرۈش پىكرى تۇغۇلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ كاپىرلارنى: «سەندە بىرەرمۇ ئىستەك مەيدانغا كەل-مىدىمۇ؟ نېچۈن ئېھتىيات قىلمىدىڭ ۋە بىزنى ئىستىمىدىڭ؟» دەپ ئەيىبلەيدۇ.

پەيسل. «ئەبۇ بەكرى نامىزى، روزىسى ۋە سەدىقىسى بىلەن قالغان ئەسھابتىن ئەۋزەل كۆرۈنگىنى يوق، بەلكى قەلبىدىكى ئىما-نى تۈپەيلى مۇكەررەم بولدى» (ھەدىس.)

يەنى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا نىسبەتەن كۆپ ناماز ئوقۇغىنى ياكى روزا تۇتقىنىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتى ۋە ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىنايىتى-دىندۇر. قىيامەتتە نامازنى، روزىنى، سەدىقىنى، ھەممە - ھەممىسى-نى تارازىغا قويىدۇ، پەقەت مۇھەببەت تارازىغا سىغمايدۇ. مەلۇم بول-دىكى، ئەسلى بولغان نەرسە - مۇھەببەت. ئۆزۈڭدە مۇھەببەت ھېس قىلغان ھامان، ئۇنىڭ كۈچىيىشىنىڭ پېيىدە بول. چۈنكى ھەرد-كەتتە بەرىكەت بار. بولمىسا، سەرمايىدىن ئايرىلىسەن. يەر ئۇتىغۇچ بىلەن ئاغدۇرۇلىدۇ ۋە ئۆز باغرىدا ئۆسۈملۈك ئۆسۈشكە تەييار ھالغا كېلىدۇ. بولمىسا ئۇ قاتىدۇ، ياراقسىز قاتارغا چىقىدۇ. سەن تۇپراق-

تىن تۆۋەن، ئۇنىڭدىن قىممەتسىز ئەمەسسەن. ئەگەر ئۆزىدە پەيدا بولغان بىرەر ئىستەكنى ھېس قىلساڭ: «بۇ كېلىپ كېتىشنىڭ ھېچبىر پايدىسى يوق» دېمە. سەن ھەرىكەت قىل، پايدا بولسا ئۆزىدىن ھاسىل بولغۇسى. ئادەمنىڭ دۇكانغا بېرىشىنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتۇر. ئاللاھ رىزىق بېرىدۇ. بىراق ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۇنى كۈتكەن كىشى ئۇنىڭدىن نېسىۋىسىز قالغۇسى. بالا يىغلايدۇ، ئانا سۈت بېرىدۇ. ئەگەر «يىغلاشنىڭ پايدىسى يوق» دەپ ئۈندىمىسە، بالىنىڭ ئاچ قېلىشى مۇقەررەر. «رۇكۇ ۋە سەجدىنىڭ قانداق پايدىسى بار؟» دېيىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئەگەر سەن ئەمىرنىڭ ئالدىدا تىز چۆكۈپ تەزىم بەجا كەلتۈرسەڭ، ئۇمۇ ساڭا مەرھەمەت قىلىدۇ. بىراق ئۇشبۇ مەرھەمەت ئەمىرنىڭ گۆشى ياكى تېرىسىدە ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ گۆش ۋە تېرە ئۆز ئورنىدا قالىدۇ. دېمەك، ئەمىردىكى مەزكۇر تۇيغۇ كۆرۈنمەستۇر. گۆشسىز ۋە تېرىسىز قىلىنغان خىزمەتنىڭ كۆرۈنمەسلىكى ناھايىتىمۇ تەبىئىيدۇر. ئەگەر ئۇ نەرسە گۆش ياكى تېرىدە پىنھان بولمىسىدى، ئەبۇ جەھل بىلەن مۇستاپانىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق قالماس ئىدى. تاشقى كۆرۈنۈشتە بوۋاق بىلەن چوڭ ئادەمنىڭ قۇلىقى بىر خىل. ئەمما بىرى ئاڭلىماس، ئىككىنچىسى ئاڭلايدۇ. ئاڭلاش قابىلىيىتى چوڭ ئادەمدە يوشۇرۇندۇر. دېمەك ئەسلىي بولغان نەرسە ـ ئىنايەت. سەن بىر ئەمىرسەن. سېنىڭ ئىككى خىزمەتكارىڭ بار. بىرى سەن ئۈچۈن تىنىماي مېھنەت قىلسا، ئىككىنچىسى ھۇرۇنلۇق قىلىدۇ. بىراق مېھنەتكەشتىن كۆرە، ئىش خۇشياقماس خىزمەتكارغا مۇھەببەتىڭ كۆپرەك ئىكەنلىكىنى كۆرمەكتىمىز. چۈنكى ئىنايەتكە ھۆكۈم ئېتىلمەيدۇ. مەسىلەن: جۈمە كۈنىنى قالغان كۈنلەردىن ئۈستۈن قىلدى. چۈنكى «ئاللاھنىڭ شۇنداق رىزىقلىرى باردۇركى، ئۇلار لەۋھى مەھفۇزدا يېزىلغان روھلاردىن باشقىدۇر.



www.uyghurkitap.com

قۇل ئۇنى جۇمە كۈنى ئىستىسۇن» (ھەدىس.) ئەجەب جۇمە كۈنى نې-
مە خىزمەتلەر قىلدىكى، قالغان كۈنلەر بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقال-
مىغۇدەك؟ گەپ شۇ يەردىكى، ئۇنىڭغا ئىنايەت نېسىپ بولغاندۇر.
ئەگەر بىر كور: «مېنى كور ياراتتى. بۇنىڭدا مېنىڭ ئەيىبىم يوق»
دېگىنى بىلەن جاپاسى يەڭگىللەپ قالمايدۇ. كاپىرلار كۆپۈر ئازابى
ئىچرەدۇر، بىراق چوڭقۇرراق ئويلاپ قارىساق، بۇ ئازابمۇ ئەينى ئى-
نايەتتۇر. چۈنكى ئۇ راھەت ئىچىگە كۆمۈلگەن پەيتىدە ئاللاھنى ئۇن-
تۇيدۇ. ئازابلىنىۋاتقاندا بولسا ياد ئېتىدۇ. جەھەننەم كاپىرلارنىڭ
مەسچىتىدۇر. چۈنكى ئۇلار شۇ يەردە ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ. ئۇلارنىڭ
بىلمىسىزلىك پەردىلىرى يىرتىلىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ بارلىقىنى تەس-
تىقلاپ: «يا رەب! يا رەھمان! يا ھەق!» دەپ يىغلاپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا
قارىماستىن تۈزۈلۈشى بىلەن يەنە غەپلەت پەردىلىرى ھاسىل بول-
دۇ. ئاللاھنى بولسا يوقىتىدۇ. ھالبۇكى، غەم - غۇسسە پەيدا بولغان
ھامان، ئاللاھنى زىكىر ئېتىدۇ. ئەمدى بولسا، قاچانكى ھۇزۇر -
ھالاۋەتتە تۇرغاندا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەسلىرىدىن چىقتى. شۇنىڭ
ئۈچۈنمۇ ئاللاھ ئۆزىنى دائىم ياد ئېتىپ تۇرۇشلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا
ئازاب - ئوقۇبەتنى راۋا كۆرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئالەمنى، ئاسماننى،
يەرنى، قۇياشنى ۋە ئاينى، سەييارىلەرنى، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى،
ئۆزىنى ياد ئېتىشلىرىنى، ئۆزىگە بەندىلىك قىلىشلىرىنى كۆزلەپ
ئىنسانىنى ياراتقان. كاپىرلار ھۇزۇر - ھالاۋەتكە بېرىلىشلىرى بىلەن
ئۆز ۋەزىپىلىرىدىن غاپىل قالىدۇ. شۇڭا جەھەننەم ئۇلار ئۈچۈن
دائىمىي يادنامىدۇر. مۆمىنلەرنىڭ مۇشەققەت چېكىشلىرىگە بولسا
ھاجەت يوق. چۈنكى ئۇلار راھەت ئىچىدە بولغاندىمۇ ئازابنى ئۇنتۇ-
مايدۇ. مەسىلەن: ئەقىللىق بالا تاپىنىغا تەگكەن بىر كالتەكنى
ھېچقاچان ئۇنتۇمايدۇ. پەقەت ئەخمەقلەرلا جازانى ئەستىن چىقىرى-
دۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئەقىللىق ئات ئۈچۈن بىر قامچە كۇپا-

www.uyghurkitap.com

يە. ئەخمەق ئاتقا بولسا ئارقىمۇئارقا ۋە تىنىمسىز قامچا ئۇرۇش كېرەك. ھەتتا بۇنداق ئات ئىنساننى تۇشۇشقا لايىق ئەمەس، ئۇنىڭغا قىغ يۈكلەش لازىم.

پەسىل. قۇلاقنىڭ بىر نەرسىنى تەكرار ـ تەكرار ئاڭلىشى، كۆرۈش ھۆكمىگە ئۆتىدۇ. مەسىلەن: كىشىگە ئۇنى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدىن تۇغۇلغانلىقىنى دائىم ئېيتىپ، ئەسلىتىپ كېلىشكەن ۋە ئۇ بۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. يەنى ئاڭلىغىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەت ھۆكمىنى ئالغاندۇر. ئەمدى ئۇلارغا «سەن ئۇلاردىن تۇغۇلمىدىڭ» دېيىشسە ئىشەنمەيدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش سەنمۇ مەككە ۋە باغداد توغرىسىدا كۆپ ئاڭلىغانسەن. ئەگەر بىرەرسى چىقىپ: «بۇ شەھەرلەر يوق» دەپ قەسەم ئىچسىمۇ، ئەمدى ئىشەنمەيسەن. چۈنكى سېنىڭ تەكرار ـ تەكرار ئاڭلىغىنىڭ كۆرۈش ھۆكمىگە تەڭ بولغاندۇر. بىر ئىنساننىڭ سۆزى ھەممىنىڭ ئاغزىدا بولسا، ئۇ بىر شەخس ئەمەس، بەلكى يۈز شەخستۇر. ئۇ بەرگەن بىر خەۋەرمۇ يۈزمىڭ خەۋەر ئورنىدا ئۆتىدۇ. سەن بۇنىڭغا ھەيرانسەن. زاھىر (دۇنيا) شاھى ھەرقانچە بىر كىشى بولسىمۇ يۈزمىڭ ئادەمگە باراۋەردۇر. ئەگەر يۈزمىڭ ئادەم بىرەر نەرسىگە بىر خىل قىممەت بەرسە، ئەرزىمەستۇر، ئۇنىڭ بىر سۆزى مىڭنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. زاھىردا (دۇنيادا) شۇنداق بولغاندىن كېيىن روھلار ئالەمىدىمۇ شۇنداقتۇر. سەن ئالەمنى ھەرقانچە ئايلانغان بولساڭمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بولمىغىنى تۇپەيلى زىممەڭگە يەنە بىر مەرتە ئايلانماق يۈكى چۈشتى. چۈنكى «يەرنى ئايلىنىپ سەيرۇ ساياھەت قىلىڭلار، ئاندىن (پەيغەمبەرلەرنى) يالغانچى قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغانلىقىنى كۆرۈڭلار». سېنىڭ سەيرىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پىياز بىلەن سامساق ئۈچۈن ئىدى. بۇلار مەقسەتكە ئايلىنىپ سېنىڭ ئالدىڭدا پەردىگە ئوخشاش تارتىلغانىدى. مەسىلەن: بازاردا بىرەرسىنى ئەستايىدىل

ئىز دەۋاتقان بولساڭ، ئۆزگىلەرنى كۆرمەيسەن. كۆرسەڭمۇ ئۇلار سا-ڭا خىيال بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ياكى كېرەكلىك نەرسىنى ئىز دەۋاتقىنىڭدا، قالغان مەسىلىلەرگە مۇتلەق ئېتىبار بەرمەي ئۆتىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا بىر مەقسىتىڭ (نىيىتىڭ) بولۇشى ھەمدە ئۇنىڭ يادى بىلەن ياشاپ، قالغان نەرسىلەرنى كۆرمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى.

ئۆمەرنىڭ زامانىدا ناھايىتىمۇ قېرىپ كەتكەن بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك قېرىپ، كۈچتىن قالغان ئىدىكى قىزى ئۇنى سۈت بىلەن باقاتتى. ئۆمەر قىزغا: «بۇ زاماندا ساڭا ئوخشاش ئۆز ئاتىسىغا ھەققى ئۆتكەن بالا يوقتۇر» دېدى. قىز: «توغرا، مەن بىلەن ئاتامنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. ئۇ مېنى بېقىپ ۋايىغا يەتكۈزگەن، بالامغا بىر ئىش بولۇپ قالمىسۇن، دەپ كېچىلىرى يېنىمدا تىترەپ ئولتۇرۇپ چىققان. ئۆز نۆۋىتىدە مەنمۇ ئاتامغا خىزمەت قىلىۋاتىمەن. بىراق قىينىلىشلاردىن قۇتۇلۇشنى ئىستەپ، ئاللاھتىن ئۇنىڭغا ئۆلۈم تىلەۋاتىمەن. ئاتامنى مەن ئۈچۈن باسقان تىترىكى مەندە يوق. نېمە قىلايكى، مەن ئاتام ئۈچۈن تىترىيەلمەيۋاتىمەن؟» دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر: «بۇ ئايال ئۆمەردىن زىيادە فاقىھدۇر (فىقھ بىلىمدانى ـ تەر.)» (ھەدىس) دەپ بۇيرۇدى. يەنى مەن كۆرۈنۈشكە قاراپ ھۆكۈم چىقاردىم، سەن بولساڭ ئۆزنى (ماھىيەتنى) سۆزلىدىڭ. نەرسىنىڭ ئاساسىنى بىلگەن كىشى فاقىھدۇر. ئۇ ھەقىقەتنى ئېنىق ۋە روشەن بىلىدۇ. ئەجەبا ئۆمەرنىڭ ئۆزى ئىشلار ۋە سىرلار ھەقىقىتىنى بىلمەمدۇ؟ (بىلىدۇ.) بىراق ئەسھابىنىڭ تەبىئىتى شۇنداقكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى كىچىك ھېسابلاپ، باشقىلارنى ئۇلۇغلايدۇ. تالاي ئادەملەر باركى، ئۇلارنىڭ ھۇزۇرغا تەھەممۇللىرى (سەۋر ـ تاقەتلىرى) يوق، ئەكسىچە، ھاللىرى غەيبدە ياخشى بولىدۇ. كۈننىڭ پۈتۈن يورۇقلۇقى قۇياشتىن. لېكىن كىشى كۈنبويى



قۇياشقا قاراپ ئولتۇرسا، كۆزى قامىشىدۇ، ھېچبىر ئىش قىلالمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ باشقا بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشى دۇرۇستۇر. كۆز قۇياشقا باقماسلىق جەھەتتە غەيۋەتتە ھېسابلىنىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بىتاپنىڭ ئالدىدا شېرىن تائاملاردىن گەپ ئېچىش ئۇنىڭ قۇۋۋەت ۋە ئىشتىھاسىنى ئارتتۇرىدۇ. ئەمما تائاملارنىڭ ئالدىدا بولۇشى ئۇنىڭغا زەرەر كەلتۈرىدۇ. كۆرۈنىدۇكى، ھەقنى تەلەپ قىلىشتا ئىشق ۋە تىترەك لازىمدۇر. كىمدە كىم تىترىمىسە، ئۇنىڭ تىترىگەنلەرگە خىزمەت قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ. دەرەخ غولىدىن مېۋە چىقامدۇ؟ چۈنكى تىترەك شاخلارنىڭ ئۈچىدىدۇر. ئەمما غول شاخلارغا قۇۋۋەت بېرىدۇ ۋە مېۋە ۋاستىسىدە پالتا زەھرىدىن ساقلىنىدۇ. دەرەخ غولىنىڭ تىترىشى پەقەت پالتا ئارقىلىق بولۇشى مۇمكىنلىكىدىن ئۇنىڭ تىترىمىگىنى تۈزۈكرەكتۇر. شۇنىڭغا كۆرە ئۇ تىترىگەنلەر خىزمىتىنى ئادا ئەتكەن بولىدۇ.

چۈنكى ئۇ مۇئىنۇددىندۇر (دىن يارەمچىسى.) ئەين ئۈستىگە بىر مىم ئىلاۋىسى بىلەن ئەينۇددىن مۇئىنۇددىنگە ئايلانغاندۇر. يەنى تولۇق بىر ئىلاۋە بىلەن نۇقسانغا قايتقاندۇر ۋە بىرلا مىم ھەرپىنىڭ ئارتۇقلىقى قۇسۇرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەسىلەن: بەش بارماققا بىر بارماق قوشۇلۇپ ئاز ـ كۆپكە ئايلانغىنىغا قارىماي، بۇ ھال قول ئۈچۈن نۇقساندۇر. ئەھەد كامال، ئەھمەد بولسا تېخى كامال مەقامىدا ئەمەس. ئۇنىڭدىنمۇ مىم ھەرپى چىقىشى بىلەن ئەھمەدمۇ كامال (ئەھەد) تاپقۇسى. يەنى ھەق ھەممە نەرسىنى ئۆلچەمدە ياراتقاندۇر. ئۇلارغا بىرەر نەرسە ئىلاۋە قىلىدىكمۇ، بولدى، كامال قۇسۇرغا ئايلىنىدۇ. بىر سانى ھەممە سانلاردا مەۋجۇتتۇر ۋە ئۇنىڭسىز ھېچقايسى سان يوقتۇر.

سەييىد بۇرھانىددىن پايدىلىق نەرسىلەرنى بۇيراتتى. بىر ئەخمەق ئادەم ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ: «بىزگە تەڭدىشى ئاڭلانمىغان بىر





سۆز ئېيت» دېدى. سەييىد بۇرھانىددىن دېدىكى: ئەگەر سەن تەڭداشسىزسەن، كەل ساڭا تەڭدىشى يوق بىر سۆز سۆزلەي. سەن ئۆزۈڭدىن بىر مىسالسەن ۋە بۇ ـ سەن ئەمەسسەن. شۇ تۇرغىنى سېنىڭ سايەڭدۇر. چۈنكى بىراۋ ئۆلگەندە «پالانچى كەتتى» دېيىشىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇ بولسا، ئۇ قاياققا كەتتى؟ دېمەك، سېنىڭ تېشىڭ ئىچىڭنىڭ مىسالى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. سېنىڭ تېشىڭغا قاراپ ئىچىڭ توغرىسىدا خۇلاسە چىقىرىدۇ. كۆزگە كۆرۈنگەن ھەممە نەرسە قويۇقتۇر (قېلىندۇر.) مەسىلەن: يازدا كۆرۈنمىگەن نەپەس قىشتا كۆرۈنىدۇ. چۈنكى سوغۇق قېلىندۇر.

نەبىي ئاللاھ قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ۋە دەۋەت بىلەن خەلقنى ئويغىتىشى كېرەك بولىدۇ. بىراق ئۇنىڭ بىر كىشىنى ئىستىبدات مەقامىغا ئېرىشتۈرۈشى شەرت ئەمەس. چۈنكى بۇ ئاللاھنىڭ ئىشى. ھەقنىڭ ئىككى سۈپىتى بار: قەھر ۋە مېھىر (لۇتىپ.) پەيغەمبەرلەر بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە مۇيەسسەر بولغاندۇر. مۆمىنلەر مېھرىگە، كاپىرلار بولسا قەھرىگە سازاۋەر بولغان. ئىمان ۋە كۇپۇر ساھىبلىرى ئۆزلىرىنى نەبىيلەردە كۆرىدۇ ۋە ئۆز ئاۋازلىرىنى ئۇلاردىن ئاڭلىۋالىدۇ. كىشى ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ نەبىيلەر ئۈممىتىگە: «بىز سىزمىز، سىز بولسىڭىز بىزسىز، ئوتتۇرىمىزدا ياتلىق يوق» دېيىشىدۇ. «بۇ مېنىڭ قولۇم» دېگەن ئادەمدىن دەلىل تەلەپ قىلىنمايدۇ. چۈنكى قول ئۇنىڭغا باغلىق بولغان پارچىدۇر. ھالبۇكى، «پالانچى مېنىڭ ئوغلۇم» دېگەندىن بولسا شاھىد تەلەپ قىلىنىشىدۇ. چۈنكى پەرزەنت ئۇنىڭدىن ئايرىلغان پارچىدۇر.

پەسىل. بەزىلەر: «سۆيگۈ ھۆرمەت ۋە خىزمەتنى تەلەپ قىلىدۇ» دېيىشكەن. بۇ ـ خاتا.

توغرىسى سۆيۈلگەننىڭ ئارزۇسى ھۆرمىتى ۋە خىزمىتىنى ئىستەيدۇ. ئەگەر مەشۇق ئاشىقنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى خالىسا،





www.uyghurkitap.com

تەبئىيكى، خىزمەت قىلىنىدۇ. ئەگەر خالىمىسا، خىزمەت بولمايدۇ، (لېكىن) خىزمەتنى ئادا ئەتمەسلىك سۆيگۈگە زىت نەرسە ئەمەس. چۈنكى ئاشىقنىڭ ئۆزى خىزمەت قىلمىسىمۇ، ئۇنىڭ سۆيگۈسى خىزمەتتىدۇر ۋە ئەسلىي بولغىنىمۇ سۆيگىدۇر. ئەگەر يەڭ ئېچىلىپ قالسا، بۇ قول ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. (ئەمما) قول قىمىرلىغاندا يەڭنىڭمۇ ھەرىكەتلىنىشى ھەرگىز شەرت ئەمەس. مەسىلەن: بىر كىشى كەڭ جۇۋا ئىچىدە ھەرىكەتلەنگەندە، جۇۋىنىڭمۇ ھەرىكەتلىنىشى زۆرۈر بولمايدۇ. لېكىن جۇۋا مىدىرلىغاندا ئىچىدىكى ئادەمنىڭ ھەرىكەتسىز قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بەزىلەر جۇۋىنى ئۇنى كىيگەن كىشى، يېڭىنى قولى دەپ ئويلايدۇ. ئىشتاننىڭ پاچىقىنى بولسا پۇتقا جورۇيدۇ. ئەسلىدە بولسا، بۇ «قول» ۋە «پۇت» باشقا بىر قول ۋە پۇتنىڭ يېڭى ۋە پاچىقىدۇر.

ئەمىر كەلدى، بىزنى تويلىدى ۋە كەتتى. بۇ ھەسەل ھەرىنىڭ بال ۋە شىرىنىنى يىغىپ قويۇپ، ئۆزى ئۇچۇپ كېتىشىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى ھەرىنىڭ ۋۇجۇدى ئۇنىڭ مەڭگۈلۈكى ئۈچۈن شەرت ئەمەس. ئاتا ـ ئانىلىرىمىزمۇ خۇددى ئەنە شۇ ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشايدۇ. ئۇلارمۇ ئىستىگەننى (ئاشىقنى) ئىستەلگەن (مەشۇق) بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ ۋە ئۆزلىرى ئۇچۇپ كېتىدۇ، ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇلارنى ھەسەل ۋە شىرنە توپلىماققا ۋاستە قىلغاندۇر. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن شىرنە، بال ۋە باغۋەن قالىدۇ. بۇلارنىڭ ئۆزلىرى بوستاندىن تاشقىرى چىقالمايدۇ. چۈنكى تاشقىرى ـ چىقسا بولىدىغان بىر جاي ئەمەس. ئۇلار بوستاننىڭ بىر بۇرجىكىدىن يەنە بىر بۇرجىكىگە ئاران بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىز ھەسەل ھەرىسىنىڭ ساندۇقىغا ئوخشايدۇ. ساندۇقتىكى شىرنە ۋە بال ئاللاھنىڭ ئىشقىدۇر. ئاتا ـ ئانىلار ھەسەل ھەرىسى. ئۇلار ۋاستە سۈپىتىدە باغۋەندىن تەربىيە ئالىدۇ. (چۈنكى) ساندۇقنى ياسىغان باغۋەندۇر.

ئۇلۇغ ئاللاھ ھەسەل ھەرىلىرىگە باشقا بىر شەكىل بەرگەن. ئۇلار ئۆز ئىشلىرىغا مۇۋاپىق كېيىنگەندۇر ۋە ئۇ ئالەمگە كەتكەندە ئۇستىباشلىرىنى يەنە ئۆزگەرتىدۇ. چۈنكى ئۇ يەردە ھەسەل ھەرىلىرى-دىن پۈتۈنلەي باشقا ئىش ھاسىل بولىدۇ. پەقەت شەخس ئاشۇ شەخستۇر. بۇرۇن كىم بولسا ھازىرمۇ شۇدۇر. بۇ شۇنىڭغا ئوخشاي-دۇ: جەڭگە كېتىۋاتقاندا كىشى ھەربىي كىيىملەرنى كىيىدۇ ۋە قو-لىغا قورال ئالىدۇ. ئۇرۇش توگىشى ۋە تىنچ كۈنلەر باشلىنىشى بى-لەن ئۇ پۈتۈنلەي باشقا كىيىملەرگە ئېھتىياج سېزىدۇ. چۈنكى ئۇ باشقا بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئەسلىي بۇرۇن-قى شۇدۇر، ئۆزگەرمىگەندۇر. پەقەت سەن ئۇنى بۇرۇنقى كىيىمدە كۆرگىنىڭ ئۈچۈن ھەر قېتىم خاتىرىلىگىنىڭدە ئاشۇ شەكىلدە تە-سەۋۋۇر قىلىسەن. ئەگەر ئۇ يۈز مەرتە كىيىم ئالماشتۇرسىمۇ، ھال ئاشۇدۇر. بىرسى ئۈزۈكىنى يوقاتتى. بۇ ئارىدا ئۈزۈكنى ئېلىپ كەتكەن بولۇشىغا قارىماي، ئۇ ئادەم شۇ جايدا ئايلىنىۋەردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ «مەن شۇ يەردە ئۈزۈكىمنى يوقاتتىم» دېمەكچى بولىدۇ. ئۆلۈپ كەتكەن بىر يېقىنى قەبرە ئەتراپىدا ئايلىنىپ، ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز بولغان تۇپراقنى سۆيۈپ تاۋاپ قىلىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخ-شايدۇ. يەنى بۇ «مەن ئۈزۈكنى شۇ يەردە يوقاتتىم، ئۇنى قاچان جايى-غا ئەكېلىپ قويىشىدۇ؟» دېمەكتۇر.

ئۇلۇغ ئاللاھ شۇنچىلىك سەنئەت كۆرسىتىپ، قۇدرىتىنى ئىزھار ئەتتى ۋە ھېكمىتى ئىلاھىي ئۈچۈن ئىككى روھنى بىر جە-سەتتە بىرلەشتۈردى. ئەگەر ئىنسان جەسەت بىلەن بىر لەھزە بىللە قالسا قورقىدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ قەلبىنى قورقۇتماق ۋە قورقۇشتىن تا-زىلىماق ئۈچۈن ئۇنى بىر نىشان قىلغان. شۇ تەرزدە مازار دەھشى-تىدىن ۋە قارا تۇپراقتىن ئادەملەر قەلبىدە قورقۇنچ پەيدا بولۇشنى ئىستەيدۇ. مەسىلەن: كارۋان بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىغان جايغا بەلگە

سۇپىتىدە ئىككى ـ ئۈچ تاشنى يىغىپ تىك قويۇپ قويىدۇ. بۇ دېمەكتۇركى: «بۇ يەر قورقۇنچلۇق!» مازارلارمۇ قورقۇنچلۇق جايىنى كۆرسەتكۈچى ئالامەتلەردۇر. قورقۇنچ ئادەملەر قەلبلىرىگە تەسىر قىلىدۇ. بىراق ئۇنىڭ ھەرىكەت شەكلىدە كۆرۈنۈشىگە ھاجەت يوق. مەسىلەن: «پالانچى سەندىن قورقىدۇ» دېسە، ئۇ كىشىدىن بىرەر ھەرىكەت سادىر بولماستىنلا كۆڭلىڭدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر ئىللىقلىق ئويغىنىدۇ. ئەگەر: «پالانچى سەندىن قىلچىلىكمۇ ھېيىقمايدۇ» دېسىچۇ، سەن ئۇنى يامان كۆرۈشكە باشلايسەن. بۇ چېپىشتۇر ۋە ئۇ قورقۇنچنىڭ ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن دۇنيا چاپماقتا. بىراق ھەركىمنىڭ چېپىشى ئۆزىگە يارىشا بولىدۇ. يەنى ئىنساننىڭكى باشقىچە، روھنىڭكى باشقىچە، ئۆسۈملۈكنىڭ باشقىچىدۇر. روھنىڭ چېپىشى قەدەمسىز ۋە ئالامەتسىز بولىدۇ. ئۈزۈممۇ رەڭ ئېلىپ پىشقىچە، قانچىلىغان يوللارنى باسىدۇ. پەقەت چېپىشلىرى كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ، ھېس بىلەن تېپىلمايدۇ. بىراق چاپقانلىقى تۈپەيلى بىر مەقامغا ئېرىشكىنى مەلۇم بولىدۇ، خالاس. مەسىلەن: سۇغا شۇڭغۇپ، سۇ يۈزىگە چىقماي ئۈزگەن ئادەم كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. پەقەت توساتتىن بىرەر جايدىن بېشىنى چىقارسا، بۇ يەرگە كەلگەنگە قەدەر سۇ ئاستىدا قانچىلىك يۈرگەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ.

پەسىل. دوستلارنىڭ قەلبىدە شۇنداق ئەلەملەر باركى، ئۇلار ھېچبىر دارى ـ دەرمان بىلەن كەتمەيدۇ. ئۆي، تائام، ساياھەت ـ بۇلارنىڭ ھېچبىرى ئۇلارنىڭ جانلىرىغا ئارا بولالمايدۇ. بىراق «دوستنىڭ يۈزى خەستىنىڭ شىپاسىدۇر» دېگەنلىرىدەك، دوستنىڭ يۈزىنى كۆرۈش بىتاپقا دەرمان بولىدۇ. بۇنىڭ قۇۋۋىتى شۇ دەرىجىدىكى، ھەتتا مۇناپىقمۇ مۆمىنلەر ئارىسىدا ئولتۇرسا، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى تەسىرىدە مۇسۇلمان بولىدۇ. ئىمان كەلتۈرگەن زاتلارغا يولۇققانلىرىدا: «بىزمۇ ئىمان كەلتۈردۇق» دېدى. ئەقىللىق ئادەم-

نىڭ قولىدا ھەتتا تۇپراق كەبى جىسىملارمۇ گۈزەللىشىدۇ. شۇنداق ئىكەن، مۆمىن بىلەن مۆمىنىنىڭ سۆھبىتىگە ئېتىبار بەرچۇ، ئۇلار قانداق ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ؟ جۇزئى نەپس ۋە مۇختەسەر (قىسقا) ئەقىلنىڭ سۆھبىتىدىن جەماداد (جىسىملار، مىنېراللار) مۇ شۇنداق مەرتىۋىگە ئېرىشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇزئى ئەقىل-نىڭ كۆلەڭگىسىدۇر. ئىنساننىڭ كۆلەڭگىسىدىن ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكى قىياس قىلىنىدۇ. ئەمدى، سەن ئاسمانلار، ئاي ۋە قۇياش ھەمدە يەرنىڭ يەتتە قەۋىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن قانداق ئەقىل ۋە بىلىم لازىم بولغانلىقىنى قىياسلا. يەر ۋە ئاسمان ئارىسى-دىكى بارچە نەرسىلەر ھەمدە پۈتۈن بارلىقلار كۈللى ئەقىلنىڭ سا-يىسىدۇر. ئەقلى جۇزئىنىڭ سايىسى ئىنسانغا مۇناسىپ شەكىلدە بولغىنى كەبى بارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان ئەقلى كۈللىنىڭ سا-يىسىمۇ شۇنىڭغا مۇۋاپىقتۇر. ئاللاھ ئەۋلىيالىرى بۇ ئاسمانلاردىن باشقا ئاسمانلارنىمۇ مۇشاھەدە ئەتكەن. پەقەت ئۇلارنى كۆز بىلەن كۆرۈپ بولمايدۇ ھەمدە ئەۋلىيالار نەزىرىدە ئۇلار ئۇششاق ۋە ھەقىر-دۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەۋلىيالار ئۇلارغا ئاياغ بېسىپ ئۆتۈپ كەت-كەندۇر.

جان ۋىلايەتلىرىدە قانداق ئاسمانلار باردۇركى، ئۇلار بۇ دۇنيا ئاسمانلىرىغا ھاكىمدۇر.

كۆپچىلىك ئارىسىدا بىر كىشىنىڭ مەزكۇر خۇسۇسىيەتنى قا-زىنىشى ۋە پۈتىنى زۇھەل يۇلتۇزىغا قويۇشى نەقەدەر ئەجەبلىنەرلىك بىر ھالدۇر.

بىزنى ھەممىمىز تۇپراق جىنسىدىن بولمىغانمىزمۇ؟ پەقەت ئاللاھ بىزدە بىر قۇۋۋەت پەيدا قىلغان ۋە ئۇنىڭ شاراپىتى بىلەن ئۆز جىنسىمىز ئارىسىدا ئەۋزەل بولغانتۇق. ئۇنى ئۆز تەسەررۇپى-مىزغا ئالدۇق ۋە ئۇمۇ بىزدە تەسەررۇپ ئەتتى. شۇ ۋاقىتتا ئۇنى خا-

لىغان تەرىپىمىزگە ئېلىپ بارىمىز. بەزەن ساراي قۇرىمىز، بەزىدە بولسا قاچا ياسايمىز. ئۇنى گاھ قىسقارتساق، گاھ ئۇزارتىمىز. ئەسلىدە بىزمۇ ئاشۇ تۇپراق جىنسىدىن ئىدۇق، پەقەت ئۇلۇغ ئاللاھ بەرگەن قۇۋۋەت سايىسىدە باشقىلاردىن ئۇستۇن بولدۇق. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بىزنىڭ ئارىمىزدىنمۇ كىمنىدۇر ئاللاھ يۇكسەلدۇرىدۇ ۋە بىز ئۇنىڭ قارشىسىدا جەمادقا (جىسىمغا) ئايلىنىمىز. ئۇ بىزدە تەسەررۇپ ئېتىدۇ، ئەمما بىزنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرىمىز بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ خەۋىرى باردۇر. بۇنىڭغا نېچۈن ئەجەبلىنىش كېرەك؟ خەۋەرسىزلىك دېگەندە، بىز پۈتۈنلەي غاپىللىقنى نەزەردە تۇتۇۋاتقىنىمىز يوق. ھەتتا بىر نەرسە ھەققىدىكى ھەر خىل خەۋەرلەرمۇ ئۆزگە بىر نەرسىدىن خەۋەرسىزلىك، دېمەكتۇر. تۇپراقمۇ جەماد بولۇشقا قارىماي، ئۆزگە ئۇلۇغ ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن ھەممە نەرسىدىن ۋاقىپتۇر. بولمىسا، قانداق قىلىپ سۇنى قوبۇل قىلالاتتى، ئۆسۈملۈكلەرنى بېقىپ ئۆستۈرەتتى؟ ئەگەر ئىنسان بىرەر ئىشقا جىددىي كىرىشىپ، دائىم ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولسا، ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى بىلىمدانلىقى قالغان ساھەلەردىن غاپىللىقى دېمەكتۇر. ئەمما بىزنىڭ ئۇشبۇ غاپىللىقتىن قەستىمىز تامامىي غەپلەت ئەمەس.

مۈشۈكنى تۇتماقچى بولۇشتىيۇ، ئەمما ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى. كۈنلەردىن بىر كۈن مۈشۈك قۇش ئوۋلاش بىلەن مەشغۇل ئىدى، ئۇنى تۇتۇۋېلىشتى. دېمەك، دۇنيا ئىشلىرىغا پۈتۈنلەي غەرق بولماسلىق، بىر نەرسىگە باغلانماسلىق ۋە بىرئاز مۆتىدىل يول تۇتماق لازىم. ئەمما زىنھار ئۇ قېيىپ كېتىدۇ، بۇ سۇنۇپ كېتىدۇ، دەپ نەرسىگە مەيل قويماسلىق كېرەك. مۆھىمى — خەزىنە زەرەر كۆرمىسۇن. ئەگەر بۇلار سۇنسا، ئالماشتۇرۇش مۇمكىن. خۇدا كۆرسەتمىسۇن، ئۇ سۇنسىچۇ؟ ئۇنى كىم ئالماشتۇرىدۇ. مەسىلەن: سې-

نىڭ تۇرلۇك ـ تۈمەن ماتالىرىڭ بولسا، مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىڭدا ئۇلارنىڭ قايسىبىرىنى ئالىسەن؟ ئەلۋەتتە ماتالارنىڭ ھەممىسىمۇ كېرەكلىك، لېكىن سەن ۋەزىيەتنى چىقىش قىلغان ھالدا خەزىنىنىڭ ئەڭ نەپىسىنى تاللايسەن. چۈنكى بىر دانە ئۈنچە ۋە لەئىل پارچىسى بىلەن ھەر خىل قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى قولغا كىرگۈزۈش مۇمكىن. بىر دەرەخنىڭ مېۋىلىرى ئارىسىدا بىر دانە شېرىن مېۋە پىشتى. گەرچە ئۇ دەرەخنىڭ بىر بۆلىكى بولسىمۇ، ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنى شېرىن قىلماق ئۈچۈن پۈتۈنىدىن ئەۋزەل قىلغان بولۇشى كېرەك. چۈنكى قالغان مېۋىلەر ئۇ بەرگەن شېرىنىلىكتىن مەھرۇمدۇر. كۆرۈنىدۇكى، شېرىنلىك ۋاستىسىدە پارچە پۈتۈندىن ئۈستۈن بولدى ۋە دەرەخنىڭ مەنىسى، ماھىيىتى ھالىغا كەلدى.

بىر ئادەم: مېنىڭ شۇنداق بىر ھالىم باركى، ئۇنىڭغا مۇھەممەدمۇ، «ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولغان پەرىشتىمۇ سىغمايدۇ» دېدى. غەلىتە! قۇلنىڭ بىر ھالى بولىدى يۇ، ئۇنىڭغا مۇھەممەد سىغمىسا! مۇھەممەدنىڭمۇ ئەنە شۇنداق ھاللىرى ئازمىدى، سەن كەبى مىسكىنلىك ئۇلارغا سىغمىغۇدەك؟ مەسخىرىباز قايغۇلۇق پادىشاھنى خۇرسەن قىلماقچى ئىدى. شاھ بولسا سۇغا قاراپ ئولتۇرۇۋەردى. ئاخىر، مەسخىرىباز: «سۇدا نېمىنى كۆرۈپ قالدىڭكى، كۆزۈڭنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەيسەن؟» دەپ سورىدى. شاھ: «بىر نومۇسسىزنى كۆرۈۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەندى، مەسخىرىباز دېدى: «قۇلىڭىزمۇ كور ئەمەس، شاھىم!» خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، سەندە ھەتتا مۇھەممەدمۇ سىغمىغان ھال بولىدى يۇ، مۇھەممەددە بولمامدۇ؟ ئەسلىدە سەندىكى ھال ئۇنىڭ بەرىكىتىدىن ئەمەسمۇ؟ چۈنكى بارچە خەير ـ ئېھسانىنى دەسلەپتە ئۇنىڭ بېشىدىن چاچتى ۋە مۇھەممەددىن باشقىلارغا تارالدى. ئۇلۇغ ئاللاھ پۈتۈن چاچقۇلارنى سېنىڭ ئۈس-



تۇڭگە چاچتىم دەپ بۇيرۇغاندا، مۇھەممەد: «سالىھ قۇللار ئۇستىدىگە!» دېگەنىدى.

ئاللاھنىڭ يولى ناھايىتىمۇ قورقۇنچلۇق، توسۇقلۇق ۋە قارلىق ئىدى. بىرىنچى بولۇپ جېنىنى خەتەرگە قويۇپ ئات سۈرگەن ۋە يولنى يېرىپ ئۆتكەن ئۇ بولدى. ھەركىمنىڭ بۇ يولدىن يۈرەلىشى ئۇنىڭ رەھناملىقى ۋە ئىنايىتى سايىسىدە مۇمكىندۇر. يولنى دەسلەپ ئۇ تاپقان ۋە ھەر جايغا: «بۇ تەرەپكە كەتمەڭ، ئادىشىپ قالىسىز. ئاد ۋە سەمەد قەۋمىدەك يوقىلىسىز. بۇ تەرەپ بولسا مۆمىنلەرنىڭ قۇتۇلۇش يولىدۇر» دەپ ئالامەت ــ بەلگىلەر قويغانلىقى تۈپەيلى «ئوچۇق ئايەت ــ ئالامەتلەر باردۇر» دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، پۈتۈن قۇرئان شۇنىڭ بايانىدۇر. يەنى يوللاردا ئىشارەتلەر تىكلەنگەن. ئەگەر ئۇنى بىرەر كىم يىقىتماقچى بولسا قالغانلار قارشىلىق كۆرسىتىشلىرى شۈبھىسىزدۇر. سەن بولساڭ مۇھەممەدنىڭ يول باشچى ئىكەنلىكىنى نىھايەت (ئاخىر)، بىل! چۈنكى نېمىكى بولمىسۇن، ئۇنىڭغا ئۇچرىماستىن بىزگە كەلمەيدۇ. مەسىلەن، سەن بىر جايغا بارماقچى بولساڭ، دەسلەپ ئەقىل رەھبەرلىك قىلىدۇ.

ئىنسان ــ غايىل. پەقەت باشقىلار ئۇنىڭدىن غايىل ئەمەس. ئۇ ھالدا دۇنيا ئىشلىرىدا جىددىي ۋە قۇۋۋەتلىك بولۇش بىلەن بىرگە، ئىشنىڭ ھەقىقىتىدىن غاپىللىق لازىم. ھەمدە خەلقنىڭ ئەمەس، بەلكى ھەقنىڭ رىزاسىنى تەلەپ قىلىش زۆرۈر. چۈنكى رىزا، سۆيگۈ ۋە شەپقەت ئادەملەرگە قەرز سۈپىتىدە بېرىلگەندۇر.

ئاللاھ بۇيرۇدىكى: ئاللاھ خالىمىسا ھېچقانداق ھۇزۇر ھالاۋەت بولمايدۇ. بارچە سەۋەبلەر، نېمەتلەر، ئوزۇق ــ تۈلۈكلەر ۋەھاكازالار بولۇشىغا قارىماي، ئازاب ــ ئوقۇبەت ۋە قىيىنچىلىق ئىچىدە قېلىش مۇمكىن. شۇ نۇقتىئىنەزەردىن سەۋەبلەر ئاللاھ قولىدا بىر قەلەمدۇر، قەلەمنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ يازغان ئاللاھتۇر. ئۇ خالىمىد-

غىچە قەلەم قىمىرلىماس.

سەن قەلەمگە قاراپ: «بۇنىڭغا بىر قول لازىم» دەپ قولنى كۆرمەيۋاتىسەن. قەلەمدىن قولنى ئاجرىتىۋاتىسەن. كۆرگىنىڭ قايدايۇ، دېگىنىڭ قايدا! ئۇلار بولسا ھەمىشە قولنى كۆرىدۇ ۋە «بۇنىڭغا بىر قەلەم كېرەك» دەيدۇ. چۈنكى قولنىڭ گۈزەللىكىگە چۆمۈلۈپ، ئىنچىكىلىكىدىن زوق ئېلىپ، قەلەمنى كۆرۈشكە ئۇلارنىڭ تەھەممۇللىرى (تاقەتلىرى) بولمايدۇ. سەن بولساڭ قەلەمنى كۆرۈش شەۋقىگە بېرىلىپ، قولنى ئويلاشقا پۇرسەت تاپالمايسەن. يەنى سەن ئۈچۈن ئارپا نېنى تاتلىق بولغىنى ئۈچۈن بۇغداي نېنىغا ئەھمىيەت بەرمەيسەن. ئۇلار بولسا بۇغداي نېنى تۇرغاندا، ئارپا نېنىنى قانداقمۇ خالىسۇن؟ نىھايەت، ئاللاھ ساڭا يەردە بىر زەۋق بەرگىنى ئۈچۈن كۆكنى خالىمايسەن. ھالبۇكى، ھەقىقىي زەۋقنىڭ مەقامى كۆكتۇر. يەر ئۇنىڭدا تىرىك. شۇنداق ئىكەن، كۆكتىكىلەر يەرنى قانداق قىلىپ خىيالىغا كەلتۈرسۇن؟

شۇنىڭ ئۈچۈن سەنمۇ زەۋق ۋە لەززەتلەرنى سەۋەبلەردىن دەپ قارىما. چۈنكى مەنە سەۋەبتە قەرز سۈپىتىدە مەۋجۇتتۇر. زەرەر ۋە پايدا ئۇنىڭدىندۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۇ ھالدا نېمىشقا سەن سەۋەبلەرگە يېپىشىپ ئالدىڭ؟

سۆزنىڭ ياخشىسى دالالىتى كۆپ بولغىنىدۇر ۋە ئەڭ ياخشى سۆز كۆپ بولغىنى ئەمەس، بەلكى پايدىلىقىدۇر.

دېدىكى: «ئۇ ـ ئاللاھ بىردۇر!». كۆرۈنۈشىدىن گەرچە بۇ سۈرىنىڭ سۆزلىرى ئاز بولسىمۇ، بىراق ئۇزۇن بولغان «بەقەرە» سۈرىسىدىن ئىپادە ۋە بايان نۇقتىئىنەزەرىدىن ئۈستۈن.

نوھ (پەيغەمبەر) توپتوغرا مىڭ يىل دىنغا دەۋەت قىلدى ۋە بار ـ يوقى 40 كىشى ئۇنىڭغا بويسۇندى. مۇستاپانىڭ دەۋەت ۋاقتى ۋە قانچە ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغىنى ـ مەلۇم. ئۇنىڭدىن

مەيدانغا كەلگەن ئەۋلىيالارنىڭ سانىنى ساناپ بولۇشمۇ مۇشكۇل. شۇ ھالدا قىممەت ئاز ياكى كۆپلۈكتە ئەمەس، ئىپادە ۋە باياندىدۇر.

بەزىلەرگە ئاز سۆز كۆپتىن كۆرە كۆپرەك پايدىلىق بولىدۇ. مەسىلەن: ھەددىدىن زىيادە قىزىپ، چارسىلداپ تۇرغان تونۇرغا يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ، ئەمما زەئىپ بىر چىراغدىن مىڭلارچە پايدا ئېلىش مۇمكىن. دېمەك، مەقسەت ـ پايدىدۇر. شۇنداقلارمۇ باركى، ئۇلارغا كۆرۈشنىڭ ئۆزى كۇپايە. سۆز ئۇلار ئۈچۈن زەرەرلىكتۇر.

ھىندىستانلىق بىر شەيخ ئۇلۇغ بىر زاتنى كۆرمەك نىيىتىدە تەبرىزگە يول ئالدى. يېتىپ كېلىپ، خانىقاھ ئىشىكىگە يېقىنلاشقاندا، ئىچكىرىدىن ئاۋاز كەلدى: «ئارقىغا قايت! سەن ئۈچۈن خەيرلىك بولغىنى شۇ يەرگە قەدەر كېلىشىڭ ئىدى. ئەگەر شەيخنى كۆرسەڭ، بۇ ساڭا پەقەت زەرەر بولىدۇ».

ئاز لېكىن پايدىلىق بولغان سۆز يېنىپ تۇرغان چىراغنىڭ يادمىغان باشقا بىر چىراغنى سۆيۈپ قويۇپ كېتىشىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى بۇ ئۇنىڭغا يېتەرلىكتۇر، مۇددىئاسى شۇدۇر ۋە ھاسىل بولغاندۇر.

نەبىي ئۆزىنىڭ كۆرۈنۈشى ئەمەس. كۆرۈنۈش ئۇنىڭ ئىسمى. نەبىينىڭ ئۆزى بولسا ئىشق ۋە مۇھەببەتتۇر! باقىيدۇر! خۇددى سالىھنىڭ تۆگىسى كەبى. ئۇنىڭ پەقەت يۇزىلا تۆگىدۇر. نەبىي ئۆلمەس ئىشق ۋە سۆيگۈدىن ئىبارەتتۇر.

بىرسى سورىدىكى: «نېچۈن مۇنازىرىدە پەقەت ئاللاھقا سانا ئېيتماي، مۇھەممەدنىمۇ ئەسلىمەيدۇ؟» ئۇنىڭغا دېدىلەركى: «مۇھەممەدنىڭ ھەمدى ئاللاھنىڭ ساناسى ئەمەسمۇ؟» مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ: «ئاللاھ پادىشاھقا ۋە مېنىڭ پادىشاھقا يول تېپىشىمدا يارەمچى بولغانغا ئۇزۇن ئۆمۈر بەرسۇن!» دېيىشى ئەسلىدە شاھنىڭ مەدھىيىدۇر.

بۇ نەبىي: «ماڭا بىرەر نەرسىگىزنى ـ يا جۇۋىڭىزنى ياكى مىلدىڭىزنى بېرىڭ، ئېھتىياجىم بار» دېمەكتە. ئۇ سېنىڭ جۇۋاڭنى نېمە قىلىدۇ؟ گەپ شۇ يەردىكى، نەبىي كىيىمىڭنى قۇياش نۇرىنىڭ ساڭا تېگىشى ئۈچۈن خالىماقتا. «قۇرئان»دا: «ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بېرىڭلار!» دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، ئۇ سېنىڭ يوقىڭنى يەڭگىللەتمەكچىدۇر. لېكىن ئۇ پەقەت مال ۋە جۇۋا سورىغىنى يوق، چۈنكى ساڭا بۇلاردىن باشقا نەرسىلەرمۇ بېرىلگەندۇر. مەسىلەن: ئىلىم، پىكىر، نۇقتىئىنەزەر... بۇ بىلەن دېمەكچى بولىدۇكى: «كۆرۈنۈشۈڭنى، ئەقلىڭنى، پىكرىڭنى... ھەممە ـ ھەممىسىنى ماڭا سەرپ قىل. ئاخىر، مال ـ دۇنيايىڭنى مەن بەرگەن ئەسۋابلار بىلەن قولغا كەلتۈرمىدىڭمۇ؟» شۇ تەرزدە ئۇ ھەم قۇشلاردىن ھەم تۇزاقتىن سەدىقە ئىستىمەكتە.

قۇياشنىڭ ئالدىدا يېشىنەلىسەڭ، تېخى ياخشى. چۈنكى بۇ قۇياش ئادەمنى قارايتمايدۇ، قايتىدىن ئاقارتىدۇ. ھېچ بولمىسا كىيىمىڭنى يەڭگىللەتكى، قۇياش تەپتىنى سېزىسەن. ئاخىر سەن قىرتاقتا كۆنگەنسەن، ئەمدى شېرىنلىقمۇ تېتىپ كۆر.

پەسىل. دۇنيادا پېشانە تەرى بىلەن ئۆگىنىلگەن ھەربىر ئىلىم ۋە بەدەنلەر ئىلمىي ئۆلۈمدىن كېيىن ھاسىل بولسا دىنلار ئىلمىدۇر.

ئەنەل ھەق ئىلمىنى بىلمەك بەدەنلەر ئىلمى، ئەنەل ھەق بولماق بولسا دىنلار ئىلمىدۇر. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش چىراغ نۇرىنى ۋە تەپتىنى كۆرمەك بەدەنلەر ئىلمى، ئۇلاردا كۆيمەك بولسا دىنلار ئىلمىدۇر. كۆرۈلگەن ھەربىر نەرسە دىنلار ئىلمى بولسا، بىلىمنىڭ ئۆزى ئىلمى بەدەن ھېسابلىنىدۇ. سەن دەيسەنكى، مۇتلەق بولغان نەرسە نەزەر ۋە كۆرمەك، قالغىنى خىيال ئىلمىدۇر. مەسىلەن: بىر مىمار مەكتەپ قۇرۇش ھەققىدە ھەرقانچە پىكىر قىلسا ۋە بۇ ئىش



www.uyghurkitap.com

ساۋاب بولسىمۇ، ئۇنىڭدا بولغىنى پەقەت خىيالدۇر. قاچانكى مەكتەپ بىناسى قەد كۆتۈردى، خىيال ئەمەلىيەتكە ئايلاندى. خىيال بىلەن خىيالنىڭمۇ پەرقى بار. ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلىنىڭ خىيالى ساھەبىلەر خىيالىدىن ئۈستۈندۇر. ئالايلى، بىر مىمار بىلەن ئاددىي بىر ئادەمنىڭ ئىمارەت توغرىسىدىكى خىياللىرى بىر دەك ئەمەس. يەنى مىمارنىڭ خىيالى ھەقىقەتكە يېقىن. بىراق ھەقىقەتلەر ئالىمىدىمۇ نەزەر بىلەن نەزەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بار. زۇلمەت ۋە نۇردىن بولغان يەتتەيۈزدىن پەردە بار دېيىشىدۇ. خىيال ئالىمىگە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى زۇلمەت پەردىسى ۋە ھەقىقەتلەر ئالىمىدە بولغانلارنىڭ ھەممىسى نۇر پەردىسىدۇر. پەقەت خىيال بولغان زۇلمەت پەردىلىرى ناھايىتى لەتىپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئوتتۇرىدىكى پەرق كۆرۈنمەيدۇ. چوڭ ۋە چوڭقۇر ئىختىلاپىقا قارىماي، ھەقىقەتلەردىكى پەرقمۇ مەلۇم بولمايدۇ.

پەسىل. دوزىخىيلار جەھەننەمدە تۇرۇپ دۇنيادىكىدىن بەكىراق مەمنۇن بولىدۇ. چۈنكى دوزاختا ئۇلار ئاللاھتىن خەۋەرداردۇر. دۇنيادىكى ۋاقىتلىرىدا بولسا غاپىل ئىدى. ئاللاھتىن خەۋەردار بولۇشتىن تاتلىقراق نەرسە يوق. ئۇ ھالدا بىر ئىش ۋاسىتىسىدە ئاللاھلۇتپىغا مۇيەسسەر ۋە ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن دۇنيا ئىستىلىدۇ. ھەرگىزمۇ دۇنيا جەھەننەمدىن گۈزەلرەك بولغىنى ئۈچۈن ئەمەس. مۇناپىقلار دوزاق قەرىگە تاشلانغۇسى. ئۇلار ئىمانلىق بولۇش ئىمكانىغا ئىگە بولۇپ تۇرۇپ، كۇپۇرغا يېڭىلگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھتىن خەۋەردار بولغانغا قەدەر ئازاب چېكىدۇ. ھالبۇكى، كاپىرنىڭ ھوزۇرىغا ئىمان كەلمىگەن ۋە ئۇنىڭ كۇپۇرمۇ زەئىپ، شۇڭا يەڭگىل بىر ئازاب بىلەن ئاللاھنى تونۇيدۇ.

«دوزاخ ئىگىلىرى جەننەت ئىگىلىرىگە: ‹بىزلەرگىمۇ سۇدىن يا ئاللاھ سىزلەرنى بەھرىمەن قىلغان نەرسىلەردىن تۆكۈڭلار› دەپ

نىدا قىلىدۇ». ئۇلار شاراب ۋە يېمەك ــ ئىچمەك خالاۋاتىدۇ، دەپ ئويلىماڭ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىز ئېرىشكەن پەيزدىن بەھرىمەن بو-لۇشتۇر.

قۇرئان بىر كېلىنگە ئوخشايدۇ. روھىلىنى ئالغىنىڭ بىلەن ساڭا يۈزىنى كۆرسەتمەيدۇ. ياكى ئۇ ھەر خىل يۈزلەردە كۆرۈنۈش قۇدرىتىگە ئىگە. ئەگەر سەن پەردىنى ئاچماي، بىرىپ ئۇنىڭ دالىد-سىدا چىن دىلدىن خىزمەت قىلساڭ ۋە رىزاسىنى ئىستىسەڭ، مۇت-لەق ساڭا يۈزىنى كۆرسەتكۈسىدۇر.

ئاللاھ ئەھلىنى ئىزلىگىنىكى، «بەس، (سالىھ) بەندىلىرىم قاتا-رىغا كىرگىن ۋە مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن!» دەپ بۇيرۇلغىنى-دەك، مۇرادىڭغا يېتۇرسەن. ئۇلۇغ ئاللاھ ھەركىمگە سۆز ئېيتمايدۇ. دۇنيا شاھلىرى ھەر توقۇمىچى بىلەن گەپلەشمەيدۇ. بەلكى ۋەزىر ۋە نائىب تەيىن ئېتىدۇكى، بۇلار پادىشاھ تەرەپكە يول كۆرسىتىدۇ. ئاللاھمۇ بىر قۇلنى تاللايدۇ. كىمدە ــ كىم ئاللاھنى ئىزدىسە، ئۇنىڭ ھوزۇرىغا بارسۇن. بارچە پەيغەمبەرلەر شۇ ئىش ئۈچۈن كەلگەندۇر. ئۇلاردىن باشقىلار يول كۆرسەتمەس.

پەسىل. سىراجىددىن: «بىر مەسىلە سۆزلىدىم، ئۆزۈمگە دەرد بولدى» دېدى. بۇيرۇدىكى: سىنى سۆزلىگىلى قويمىغان مەلەكتۇر. ھەرقانچە سەن ئۇنى كۆرمىسەڭمۇ، شەۋق، نەپرەت ۋە ئەلەم ھېسسىنى تۈيغىنىڭدا بىلكى، ئۇ مۇۋەككىلدۇر (بىرسىنى ئۆزىگە ۋەكىل قى-لىپ ئالغان، ۋاكالىتەن ــ تەر.) مەسىلەن: سەن سۇدا يۈرگىنىڭدە بىر تەرەپتە گۈللەر، يەنە بىر تەرەپتە تىكەنلەر بارلىقىنى سېزىسەن. ئەسلىدە سەن ئۇلارنى كۆرمەيسەن، بىراق سۇ ئاستىدىكى گۈلزارنىڭ مەۋجۇتلۇقى راستتۇر. بۇنى ۋىجدانىي دېيىشىدۇ ۋە بۇ ھېسسىي بولغاندىن روشەنراقتۇر. ئالايلى، ئاچلىق، چاڭقاش، غەزەپ ۋە سۆيۈ-نۈش كەبى ھېسلار بەش تۈيغۇ بىلەن بايقالمايدۇ. بىراق كۆرۈنگەن-

لەردىن ياخشىراق مەلۇمدۇر. چۈنكى ئەگەر كۆزۈڭنى يۇمساڭ، مەخـ
سۇس نەرسىنى كۆرمەيسەن. لېكىن ھەرقاندىق ھىيلە بىلەنمۇ ئاچـ
لىقتىن قۇتۇلۇپ بولمايدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىسسىق ۋە
سوغۇق، شېرىن ۋە ئاچچىقمۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. پەقەت كۆرۈنگەنـ
دىنمۇ كۆپرەك ۋە خوپراق زاھىردۇر (ئاشكارىدۇر.) سەن نېمە ئۈچۈن
ۋۇجۇدقا بېقىۋاتىسەن؟ ئاخىر، سەن ئۇنىڭسىزمۇ مەۋجۇتسەن ۋە
ھەرۋاقىت ئۇنىڭسىزسەن. كېچىسى ئۇيقۇ بىلەن، كۈندۈزى ئىش
بىلەن مەشغۇلسەن. ئۇنىڭ بىلەن بولسا ئىشىڭ يوق. ئەگەر ئىش ـ
بۇنداق، يەنى بىر سائەتمۇ ۋۇجۇدقا ۋاقىت ئاجراتمايۋېتىپسەن، نېـ
مىشقا يەنە ئۇنىڭ ئۈچۈن تىترەپ ـ قاقشايسەن؟ سەن قەيەردىيۇ
ۋۇجۇد قەيەردە؟ «سەنمۇ ۋادىدا، مەنمۇ ۋادىدا». ۋۇجۇد بۈيۈك بىر
ئاداشتۇرغۇچىدۇر. سەن ئۇنى ئۆلدى دەپ ئويلىدىڭ ۋە ئۇ ئۆلدى
(شۇنداقمۇ؟) ھەي (ئاللاھىم...)! سېنىڭ ۋۇجۇد بىلەن قانداق ئالاقەڭ
بار؟ ئۇ بۈيۈك كۆز بويامچىدۇر. ھەتتا فىرئەۋنىنىڭ سېھىرگەرلىـ
رىمۇ ئازغىنە بىلىپ قالغانلىرى ئۈچۈن ۋۇجۇدلىرىنى پىدا قىلدى.
ئۇلار ۋۇجۇدسىزمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكلىرىنى كۆردى. ۋۇجۇدنىڭ
ئۇلار بىلەن ھېچبىر مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخـ
شاش، ئىبراھىم ئىسمائىل ۋە قالغان بارچە ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيالارمۇ
ۋاقىپ بولغان ھامان ۋۇجۇدنىڭ بارى ـ يوقىدىن كەچتى.

ھەججاج ئەپيۇن چېكىپ، بېشىنى ئىشىككە يۆلەپ: «قىمىرلاتـ
ماڭلار، بېشىم چۈشۈپ كېتىدۇ» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ شۇ ھالدا بېـ
شىنى گەۋدىسىدىن ئايرىم، ئىشىككە بولسا بىرلەشكەن دەپ
ئويلايتتى. بىزنىڭ ۋە خەلقنىڭ ھالىمىزمۇ شۇنداق، يەنى ۋۇجۇدقا
باغلىقمىز ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەۋجۇتمىز، دەپ بىلىمىز.

پەسىل. «ئاللاھ ئىنساننى ئۆز سۈرىتى ئاساسىدا ياراتتى (ھەـ
دىس.) ئىنسانلار دائىم مەزھەر (ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان نەرسە،



www.uyghurkitap.com

جاي) ئىزدەيدۇ. بەزى ئاياللار ئورانغاندۇر ۋە ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك
ئىزلەنگەنلىكىنى (خالانغانلىقىنى) سىنىماق ئۈچۈن يۈزلىرىنى
ئاچىدۇ. خۇددى ئۇستىرىنى سىنىغىنىڭ كەبى. ئاشىق سۆيگىنىگە:
«مەن ئۇخلىمىدىم، غىزا يېمىدىم، سەنسىز كۆيدۈم، پىشتىم» دەيدۇ.
بۇنىڭ مەنىسى شۇدۇر: سەن بىر مەزھەر ئىزلەۋاتىسەن ۋە ئۇ مەن-
مەن. سەن مەزھەردە مەشۇقلۇق سېتىۋاتىسەن. ئالىملار، سەنئەت-
كارلارمۇ ھەمىشە مەزھەر ئىزدەيدۇ. «مەن يوشۇرۇن خەزىنە ئىدىم،
بىلىنمەك ئىستىدىم» (ھەدىس) دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، «ئىنسانىنى
ئۆز سۈرىتى ئاساسىدا ياراتتى» (ھەدىس.) ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى بارچە
ئادەملەردە زۇھۇر ئەتتى (نامايان بولدى.) چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى
ئاللاھنىڭ سايىسىدۇر ۋە بۇ سايە ئىگىسىگە ئوخشايدۇ. ئەگەر بەش
بارماق ئېچىلسا، سايىسىمۇ ئېچىلىدۇ، ئېگىلسىچۇ، ئۇمۇ ئېگىلى-
دۇ. شۇنىڭغا كۆرە ھەقنى ئىزدىگەن بىر ئىستەلگەن ۋە سۆيۈلگەننى
خالايدۇكى، ھەممە ئۇنىڭ دوستى، سۆيگىنى ۋە ئىتائەتكارى بولۇش-
نى ئارزۇلايدۇ. ھەمدە دۈشمەنلىرىگە دۈشمەن، دوستلىرىغا دوست
بولۇشنىمۇ ئۇنتۇمايدۇ. نىھايەت، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ كۆر-
سەتكەن ھۆكۈملەرنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. سايىمىزنىڭ بىزدىن خەۋىرى
يوق بولۇشىغا قارىماي، بىز ئۇلاردىن ۋاقىپتۇرمىز. لېكىن ئاللاھ
بىلىمىنىڭ قارشىسىدا بىزنىڭ خەۋىرىمىز خەۋەرسىزلىك دېمەك-
تۇر. شەخسنىڭ ھەممە تەرەپلىرى ئۇنىڭ سايىسىدە ئەكس ئەتمەيدۇ.
خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئاللاھنىڭ بارچە سۈپەتلىرىمۇ بىزدە تو-
لۇق نامايان بولمايدۇ. پەقەت ئايرىملىرىلا كۆرۈنىدۇكى، «ئېيتىڭ:
روھ پەرۋەردىگارىم بىلىدىغان ئىشلاردىندۇر. سىزلەرگە ناھايىتى
ئاز ئىلىم بېرىلگەندۇر» دەپ بۇيرۇلغان.

پەسىل. ئەيسادىن سورالدىكى: ئەي ئاللاھنىڭ روھى! دۇنيا ۋە
ئاخىرەتتە قاي بىر نەرسە ئەڭ بۈيۈك ۋە ئەڭ مۈشكۈلدۇر. ئەيسا

جاۋاب سۇپىتىدە: «ئاللاھنىڭ غەزىپىدۇر» دېدى. يەنە سورىدى: «ئىنساننى بۇنىڭدىن نېمە قۇتۇلدۇرىدۇ؟» جاۋاب بەردى: «ئۆز غەزىپىنى يېڭىش ۋە شىددىتىنى يۇتۇشى» (قۇرئاندىن.) يول ـ شۇ بولۇشى كېرەك. نەپس شىكايەت ئەتمەكچى بولغاندا، ئىنسان ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلىدۇ، يەنى شۇكرانە ئېيتىدۇ ۋە شۇقەدەر مۇبالىغە قىلىدۇكى، نەتىجىدە، قەلبىدە سۆيگۈ مەيدانغا كېلىدۇ. چۈنكى يالغاندىن شۇكۇر قىلماق ئاللاھتىن مۇھەببەت ئىستىمەكتۇر.

بۈيۈك مەۋلانا شۇنداق بۇيرۇدى: «مەخلۇقتىن شىكايەت، خالىقتىن شىكايەتتۇر» (قۇرئاندىن.) ساڭا قارشى قىلىنغان دۈشمەنلىك ۋە ساقلانغان كىن يوشۇرۇندۇر، خۇددى ئوتقا ئوخشاش. مەسىلەن: چاچرىغان بىر ئۇچقۇننى دەرھال ئۆچۈركى، كەلگەن جايىغا ـ يوقلۇققا قايتسۇن. ئەگەر ئۇنىڭغا باشقا بىر جاۋاب تاپماقچى بولساڭ، ئۇچقۇن يالقۇنغا ئايلىنىدۇ، يوقلۇقتىن كېلىدۇ، قايتۇرماق بولسا ئازابتۇر. «يامانلىقنى ئەڭ گۈزەل سۆزلەر بىلەن يوق قىل!» كى، ئىككى تەرەپتىن دۈشمەننى يوق قىلغان بولىسەن. بىرى شۇدۇر: دۈشمەن سېنىڭ تىرەك ۋە گۆشىڭ ئەمەس، بەلكى يامان چۈشەنچەڭدۇر. ئۆزۈكسىز ئادا قىلىنغان دۇئا كۈچى بىلەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن؛ ئىككىنچىسى، قەلبىڭدە مەغپىرەت ئېيتىش سۈپىتى پەيدا بولۇشى بىلەن ساڭا قارشى قىلىنغان يامانلىقنىڭ يالغان ئىكەنلىكى ئاشكارا بولىدۇ. يەنى ئۇ خاتا كۆرگەندۇر. ئەگەر سېنى بولغىنىڭ كەبى كۆرمىدىمۇ، دېمەك، يامانلانغان ئۇنىڭ ئۆزىدۇر، ئەسلا سەن ئەمەس. دۈشمەن يالغانچىلىقىنىڭ ئاشكارىلىنىشىدىن بەتەررەك ھېچبىر نەرسە كىشىنى ئۇيالدۇرمايدۇ. كۆرىنىدۇكى، سەن شۇكۇر ۋە ماختاش بىلەن ئۇنىڭغا ئاغۇ بېرىۋاتىسەن. چۈنكى ئۇ سېنىڭ نۇقسانىڭنى كۆرسەتسە، سەن ئۇنىڭ كامالىنى نامايىش ئەتمەكتىسەن. چۈنكى سەن ئاللاھنىڭ سۆيگىنىسەن. «ئاللاھ ياخشىلىق قىل-

غۇچىلارنى سۆيىدۇ» (قۇرئاندىن) دەپ بۇيرۇلغىنىدەك، ئاللاھ تەرد-ىيدىن سۆيۈلگەن خار بولمايدۇ. ئۇنى شۇ قەدەر ماختىغىنىكى، دوستلىرى: «ئەجەب بىزگە دۈشمەن بولدىمىكىن، ئۇنىڭ بىلەن بۇنچىلىك يېقىنلىشىپتۇ؟» دەپ ساراسىمىگە چۈشسۇن.

شېئىر: (دۆلەت ئىگىسى بولسىمۇ ساقىلىنى نازاكەت بىلەن يۇل. ئەگەر ئاسىي بولسا، بويىنىغا ھۆكۈم بىلەن ئۇر.) ئاللاھ بىزنى بۇ يولدا مۇزەپپەر ئەيلىسۇن!

پەسىل. ئاللاھ ۋە قۇل ئوتتۇرىسىدىكى پەردە بار - يوقى ئەنە شۇ ئىككى نەرسىدىن ئىبارەتتۇر. قالغان پەردىلەر ئۇلاردىن ھاسىل بولىدۇ. بۇلار: ساقلىق ۋە مال. ساغلام ئىنسان: «قېنى ئاللاھ؟ مەن كۆرمەيۋاتىمەن!» دەيدۇ. ھالبۇكى بىرەر يېرى ئاغرىسا قالسا: «ئاھ، ئاللاھ! ۋاھ، ئاللاھ!» دېيىشكە باشلايدۇ. شۇندا ئۇنىڭ سىرى ۋە سۆزى ئاللاھ بىلەن بىرلىشىدۇ. چۈنكى ساقلىق - ئۇنىڭ پەردىسى. ئاللاھ بولسا ئاغرىقنىڭ ئاستىدا يوشۇرۇن ئىكەنلىكى كۆرۈنىدۇ. ئىنسان مال ۋە نېسىۋىسى بارىدا ئارزۇلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەييارلايدۇ. كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. پېقىرلىق كېلەر - كەلمەي ئۇنىڭ ئىرادىسى زەئىپلىشىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ قالىدۇ.

(ماڭا سېنى مەستلىك ۋە پېقىرلىق كەلتۈردى. مەن سېنىڭ مەستلىك ۋە پېقىرلىقىڭنىڭ قۇلىمەن)!

ئۇلۇغ ئاللاھ فىرئەۋنگە تۆت يۈز يىللىق ئۆمۈر، مال - مۈلۈك، شاھلىق ۋە ئۇنىڭ باشقا ھەر تۈرلۈك ئارزۇلىرىنىڭ ئاداسىنى نېسىپ ئەتتى. شۇنىڭغا قارىماستىن، بۇلار ئۇنى ئاللاھ ھوزۇرىدىن ئۇزاقلاشتۇرغان پەردىلەر ئىدى. ئەمما «ھەقنى ئەسلىمىسۇن» دېگەن نىيەتتە ئۇنىڭ ئىستەكلىرى روياپقا چىقىرىلغىنى يوق. فىرئەۋنگە ھەتتا بىر باش ئاغرىقىمۇ بېرىلمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



(نىھايەت)، بىر كۈن سەن ئۆز مۇرادىڭ بىلەن بەند بول ۋە بىزنى خاتىرىلىمە، كېچەڭ خەيرلىك بولسۇن! — دېدى.

سۇلايمان سېنىڭ مۈلكىڭدىن تويدى. ئەييۇب بالادىن تويمىدى.

پەسىل. بۇيرۇدىكى، ئىنسان نەپسىدە شۇنداق بىر نەرسە باركى، هايۋانلاردا يوقتۇر، دېيىشىدۇ. ئەمما بۇ ئىنسان ئۇلاردىن يامان دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى مۇنداقتۇر: ئىنساندىكى يامان پېئىل ـ خۇي، نەپس ۋە بەختسىزلىك مەۋجۇت بولغان يوشۇرۇن جەۋھەردىندۇر. پەقەت پېئىللار، بەختسىزلىكلەر ۋە يامانلىقلار جەۋھەرنى پەردىلىرىگە ئايلانغان. جەۋھەر قانچە گۈزەل ۋە بۈيۈك بولسا، پەردىمۇ شۇنىڭغا يارىشا بولىدۇ. بارچە يامانلىقلار جەۋھەر پەردىسىنىڭ ۋاستىسى ۋە پەردىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ـ ئىمكانسىز. شۇنىڭغا قارىماستىن زور مۇجاهەدىلەر (جەڭلەر) ئاخىرىدا مۇمكىندۇر. مۇجاهىدلار (جەڭ قىلغۇچىلار) هەر خىل، مۇجاهەدىنىڭ ئەڭ بۈيۈكى بۇ دۇنيادىن يۈز ئۆرۈپ، ئاللاهقا يۈزلەنگەن يارانغا قوشۇلماق ۋە ئارىلاشماقتۇر. مۇجاهەدە ياخشى ۋە توغرا بىر دوست بىلەن يۈزمۇ ـ يۈز ئولتۇرۇشتىن مۇشكۇلرەك ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنى كۆرمەك نەپسىنىڭ ئېرىپ يوق بولۇشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يىلان قىرىق يىل ئىنساننى كۆرمىسە، ئەجدىرهاغا ئايلىنىدۇ، دېيىشىدۇ. قەيەرگىكى چوڭ بىر قۇلۇپ ئېسىپ قويسا، بىلگىنكى، ئۇ يەردە نەپس ۋە قىممەتلىك نەرسە باردۇر. جۈملىدىن قەيەردىكى پەردە قېلىن ۋە مۇستەھكەم بولسا، ئاشۇ يەردىكى جەۋھەر ياخشىراقتۇر. بولۇپمۇ خەزىنە ئۈستىدە يىلان ياتىدۇ. بىراق سەن ئۇنىڭ خۇنۈكلۈكىگە ئەمەس، خەزىنىدىكى نەپس نەرسىلەرگە قارا.

پەسىل. سۆيگىنىم دېدىكى: پالانچى نىمە بىلەن ياشايدۇ؟ قۇشلار بىلەن قاناتلىرى ۋە ئەقىللىرى بىلەن ئۇلارنى ھىممەت قاناتلىرى ئارىسىدىكى پەرق نېمىدىن ئىبارەت؟ پەرق شۇدۇر:

قۇشلار قاناتلىرى ۋاستىسىدە ھەر تەرەپكە ئۇچىدۇ. ئەقىللىرى بولسا ھىممەت قاناتلىرى بىلەن ئۆز تەرەپلىرىدىن ئۇچىدۇ. ھەر ئاتنىڭ بىر باشپاناھى بار. ئاللاھ ھەممىدىن ياخشىراق بىلگۈچىدۇر!

بۇ ئەسرارى جەلىلىنىڭ تەھرىرى مۇقەددەس مەقبەرىدە، جۈمە كۈنى، مۇبارەك رامىزان ئېيىنىڭ تۆتىنچىسىدە، 751 ـ سەنەدە نىھايىسىگە يەتتى. غەنى بولغان مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ياخشى ئەيلىسۇن!

بەھائۇددىن مەۋدانىيلۇ ـ ئادىلىيىۇس سەرايى، ئاللاھ ئۇنىڭ سۆزىنى ياخشى ئەيلىسۇن!

ئامىن! ئەي ئالەمنىڭ رەببى!

(ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 2006 ـ يىل 7 ـ ماي كېچىدە تامام بولدى)



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر

تەرجىمە قىلغۇچى: هۆرمەتجان فىكرەت

---

پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
تەرجىمە قىلغۇچى: هۆرمەتجان فىكرەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: چولپان تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 ـ قورۇ
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2007 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2015 ـ يىل 1 ـ ئاي 3 ـ قېتىم بېسىلىشى
فورماتى: 1230 × 880 م م 32 /1 كەسلەم
باسما تاۋاق: 10.375
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5372-4256-1
تىراژى: 16000 — 11001
باھاسى: 36.00 يۈەن

---

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى: (0991) 2823055 پوچتا نومۇرى: 830001